

بېرنارد لېۋىس [ئەنگلىيە]

# تارىختىكى ئەرەبلەر

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ



www.uyghurkitap.com

بېرنارد لېۋىس [ئەنگلىيە]

# تارىختىكى ئەرەبلەر

تەرجىمە قىلغۇچى: ھاجى خوجا ئابدۇللا ئوسمان



مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىلارنىڭ كىرىش سۆزى ........ 1
ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى .................................... 1
مۇقەددىمە ................................................ 1
بىرىنچى باب ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرىكى ئەرەبلەر ...... 27
ئىككىنچى باب مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسلام دىنىنىڭ
كېلىپ چىقىشى ......................................... 55
ئۈچىنچى باب ئىستېلا قىلىش دەۋرى .................. 80
تۆتىنچى باب ئەرەب پادىشاھلىقى ..................... 112
بەشىنچى باب ئىسلام ئىمپېرىيىسى .................... 146
ئالتىنچى باب ئىسلام قوزغىلاڭلىرى ................... 180
يەتتىنچى باب ئەرەبلەر ياۋروپادا ..................... 213
سەككىزىنچى باب ئىسلام مەدەنىيىتى .................. 247
توققۇزىنچى باب ئەرەبلەرنىڭ ئاجىزلىشىشى.............. 273
ئونىنچى باب غەربنىڭ تەسىرى ........................ 312
چوڭ ئىشلار يىلنامىسى ................................ 339

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىلارنىڭ كىرىش سۆزى

«تارىختىكى ئەرەبلەر» ئەنگلىيىلىك شەرقشۇناس بېرنارد لېۋىسنىڭ[1] ئەسىرى بولۇپ، 1950 - يىلى تۇنجى قېتىم لوندوندا نەشر قىلىنغان، كېيىن كۆپ قېتىم قايتا بېسىلىپ، بىرقانچە تىلغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ كىتاب غەرب ۋە ئەرەب دۇنياسىدا، بولۇپمۇ تارىخچىلار ئارىسىدا ئومۇميۈزلۈك دىققەت - ئېتىبارغا ۋە مەدھىيىگە ئېرىشكەن. ياۋروپا - ئامېرىكا تارىخشۇناسلىرى بۇ كىتابقا باھا بەرگەندە مۇنداق دېگەن: "بۇ ئومۇمىي ئەھۋال قىسقا، ئىخچام ھەم ئەتراپلىق بايان قىلىنغان" كىتاب[2]، "پۈتۈن كىتابتا دىققەت - ئېتىبار ئىنچىكىلىك بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئىق-

---

[1] بېرنارد لېۋىس 1916 - يىلى تۇغۇلغان، ئۇ ئەنگلىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە خان جەمەتى تارىخ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ ئىسلام تارىخى ۋە ئوتتۇرا، يېقىن شەرق تارىخى پروفېسسورى بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا كۆپ قېتىم لېكسىيە ئوقۇغان. ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق تارىخى ھەم ئىسلام تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا ئالاقىدار خەلقئارا يىغىنلارغا قاتناشقان. ئۇ مۇشۇ جەھەتتە مۇناسىۋەتلىك مۇشۇ كىتابتىن باشقا، يەنە «بۈگۈنكى تۈركىيە»، «ئەنگلىيىنىڭ ئەرەب ئىلمىگە قوشقان تۆھپىسى»، «ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «شەرق ۋە غەرب»، «تارىختىكى ئىسلام دىنى» ۋە «ئىسلام دىنى — مۇھەممەد پەيغەمبەردىن كونستانتىنوپول قولدىن كەتكىچە قەدەر» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

[2] ئەنگلىيە تارىخشۇناسى ئالفرېد گۇئىللاۋمې يازغان «ئىسلام دىنى» دېگەن كىتابقا قارالسۇن.

تىسادىي ئاساسىغا قويۇلۇپ، كىتابخانىلارنى تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ نېمە
ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولى بويىچە يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئايدىڭ-
لاشتۇرۇۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان“ [1] ... بۇ كىتابنى ئەرەب
تىلىغا تەرجىمە قىلغۇچى بۇ كىتابقا يازغان ”مۇقەددىمە“سىدە: بۇ كى-
تابتا ”ئەرەبلەرنىڭ تارىخى ئۈستىدە ئىلمىي ۋە مېغىزلىق مۇها-
كىمە ئېلىپ بېرىلغان، بەزىبىر مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر چىڭ
تۇتۇلۇپ، قاتتىق ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن تەنقىد، تەھلىل قىلىنغان
ۋە شەرھلەنگەن، تارىختىكى شاخچە مەسىلىلەرگە بولسا ئېسىلد-
ۋالمىغان“ دېگەن. ئاپتور ئانچە كەڭ بولمىغان سەھىپە ئارقى-
لىق، بىزنى ئەرەبلەرنىڭ تارىختا ئوينىغان رولى ۋە ئىسلام
مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا مۇھىم تارىخىي يىپ ئۇچى
ۋە زۆرۈر ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتكەن، ئەرەبلەرنىڭ تارىخىنى
ۋە ئىسلام تارىخىنى تەتقىق قىلىشنى پايدىلىنىشقا ئەرزىگۈدەك بىر
كىتاب بىلەن تەمىن ئەتكەن.

ئاپتور بۇ كىتابىدا ئەرەب تارىخىنىڭ ھەرقايسى ئالاھىدىلىك-
لىرىنى قىسقىچە ۋە ئىخچام تەھلىل قىلىپ، كىتابخانىلارنى ئەرەب
تارىخىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچىگە ئىگە قىل-
غان؛ شۇنىڭ بىللە بىلەن نۇرغۇنلىغان مۇھىم مەسىلىلەردە ئۆزى-
نىڭ ئۆزگىچە قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مۇھەممەد ئەلەيھىس-
سالام ۋە ئىسلام دىنىنىڭ بارلىققا كېلىش مەنبەسى ئۈستىدە
توختالغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي ئىدىيىسىنىڭ
مەنبەسى ۋە دەسلەپكى چاغلاردىكى ئىسلامىيەت جەمئىيىتىنىڭ
(يەنى ئۇممەنىڭ) خاراكتېرى ئۈستىدە ئەينى چاغدىكى ئىجتىما-
ئىي، سىياسىي ئالاھىدىلىكلەر ۋە دىنىي ئىدىيە ئالاھىدىلىكلىرىگە
ئاساسەن بىرقەدەر چوڭقۇر ۋە ئىنچىكە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان.
«ئىسلام قوزغىلاڭلىرى» دېگەن بابتا ئاپتور خەلىپىلىك دۆلەتتە

---

[1] «ئامېرىكا تارىخىغا باھا» دېگەن كىتابقا قارالسۇن.

www.uyghurkitap.com

ئىمپېرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن ھەر خىل قوزغىلاڭلارنىڭ ئاساسىي مەنبەسىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئىكەنلىكىنى، ئۇ قوزغىلاڭلارنىڭ بەزىسىنىڭ مىللىي تۈسكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن، بۇ قوزغىلاڭلار ۋە ھەرى-كەتلەرنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدىكى سەۋەبلەر ۋە ئۇلارغا قاتناشقۇچىلار-نىڭ تەركىبى ھەر خىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىر ئورتاقلى-قى بار ئىدى، يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دىنىي شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىققانىدى. «ئىسلام دىنى مەدەنىيىتى» دېگەن باپتا ئاپتور ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى، ئالاھىدىلىكى ۋە تارىخىي رولى توغرىسىدا كونكرېت تەھلىل ئېلىپ بېرىپ، ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ يۇنان ۋە پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرى-غاندىن باشقا جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن. «ئىسلام ئىمپېرىيىسى» ۋە «ئىس-لام دىنىي مەدەنىيىتى» دېگەن بابلاردا ئاپتور كونكرېت مىساللار ئارقىلىق، جۇڭگونىڭ ئەرەبىستان بىلەن بولغان ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تارىخىي ئالاقىسىنى چۈشەندۈرگەن. ئۇ بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئەرەبلەرنىڭ، ئىسلام دى-نىنىڭ ۋە جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش تارىخىنى تەتقىق قىلى-دىغان كىشىلەرنى جانلىق ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتكەن. ئاپتور يەنە ئەرەبلەرنىڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشىنى ئىقتىسادىي بازىس ۋە سىنىپىي زىددىيەت نۇقتىسىدىن شەرھلەشكە ھەرىكەت قىلغان، بۇ ھال غەربنىڭ ۋە ئەرەب تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە بىرقەدەر قىممەتلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما، بۇ كىتابتىكى بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى تەھلىل ۋە قاراشلارنىڭ ئويلاپ كۆرۈشكە تېگىشلىك يەرلىرى بار، بولۇپ-مۇ ئاخىرقى بىر باپتا غەربنىڭ ئەرەب دۆلەتلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى ئۈستىدە

توختالغاندا، ئاپتور ئۆزىنىڭ بەزى بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۇرگەن، مۇستەملىكىچىلىكنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تاجاۋۇزچىلىق ماھىيىتىنى ياپقان. بۇ نۇقتىغا كىتابخانلارنىڭ دىققەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

بۇ كىتاب ئاپتورنىڭ 1958 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئىنگلىزچە نۇسخىسى بىلەن ئاپتور سىلىشتۇرۇپ چىققان ئەرەبچە تەرجىمە نۇسخىسىنى[1] ئۆزئارا سىلىشتۇرۇش ئاساسىدا تەرجىمە قىلىندى، بۇ ئارقىلىق، تەرجىمىنىڭ بولۇپمۇ ئەسەردە نەقىل ئېلىنغان ئەرەبچە تارىخي ماتېرىياللارنىڭ تەرجىمىسىنىڭ توغرا چىقىشىغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كاپالەتلىك قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنگلىزچە نۇسخىسىنىڭ ئايرىم جايلىرىغا قارىتا ئەرەبچە تەرجىمە نۇسخىسىغا قوشۇلغان بەزى تولۇقلىما ۋە ئىزاھات خاراكتېرىدىكى پىكىرلەرمۇ قوبۇل قىلىندى. تەرجىمىنىڭ مۇۋاپىق بولمىغان جايلىرىنى كىتابخانلارنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشىنى سورايمىز.

تەرجىمانلار

1979 ـ يىل 1 ـ يانۋار.

[1] بۇ كىتابنىڭ ئەرەبچە تەرجىمە نۇسخىسى لىۋان بېيرۇت ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەرەب تىلى تەتقىقات ئورنىنىڭ رەئىسى ن. ئە. فىلېس بىلەن بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىسلام تارىخى ئوقۇتقۇچىسى م. ي. زايىد تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان، 1956 ـ يىلى بېيرۇتتا 1ـ قېتىم نەشر قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى

بۇ كىتابچىنى ئەرەبلەرنىڭ تارىخى دېگەندىن ئىزاھات خاراك-
تېرىدىكى بىر پارچە ئىلمىي ماقالە دېگەن تۈزۈك. مەن كەڭ
دائىرىلىك بۇ مەسىلىلەرنى ئاددىيلا بىر چوڭ ئىشلار يىلنامىسى
قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈپ مەسىلە يەنى
ئەرەبلەرنىڭ ئىنسانلار تارىخىدىكى ئورنى، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلى-
كى، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى، شۇنىڭدەك ئۇلار تەرەققىي
تاپقان بىرقانچە مەزگىلنىڭ كۆرۈنەرلىك بەلگىسى دېگەن مەسىلى-
لەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارماقچى.

بۇنداق خاراكتېردىكى ئەسەردە ھەربىر تارىخىي پاكىت ۋە
ھەربىر تەشەببۇسنىڭ ئاساسىنى كۆرسىتىپ بېرىش مۇمكىن ئە-
مەس — ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق —.
شەرقشۇناسلار مېنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى ئىسلام دىنى تارىخشۇ-
ناسلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكىمنى بىر قاراپلا بىلىۋالالاي-
دۇ. بۇنىڭدىن باشقا، مەن پېشقەدەملىرىمىزگە، ئۇستازلىرىم،
خىزمەتداشلىرىم ۋە شاگىرتلىرىمغا بۇ يەردە مىننەتدارلىقىمنى
بىلدۈرىمەن، ئۇلار مېنىڭ بۇ كىتابتا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەرەب
تارىخى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمنىڭ شەكىللىنىشىگە ھەر خىل
ئۇسۇل بىلەن ياردەم قىلغانلاردۇر.

مەن بولۇپمۇ پروفېسسور R. A. H. گىب، دوكتور U.
خارت ۋە دوكتور S. D. رىسنىڭ كىتاب ئورىگىنالىنى كۆرۈپ

بەرگەنلىكى ۋە تەنقىدىي پىكىر بەرگەنلىكىگە، J . بىرىجىس خا-
نىمنىڭ بۇ كىتاب ئۈچۈن ئاچقۇچ ( ئىندېكس ) ئىشلەپ بەرگەنلى-
كىگە، شۇنىڭ بىلەن بىللە پروفېسسور T. A .ھاتتونىڭ نۇرغۇن-
لىغان قىممەتلىك ئەسكەرتمىلەرنى بەرگەنلىكىگە رەھمەت
ئېيتىمەن.

بېرنارد لېۋىس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇقەددىمە

ئەرەبلەر دېگەن كىملەر؟ ئىرقشۇناسلىقتىكى ئاتالغۇلارغا تەبىر بېرىش ئەزەلدىن تەس بولۇپ كەلدى، ”ئەرەبلەر“ دېگەن ئاتالغۇنى ئىزاھلاشمۇ ئۇنداق ئاسان ئەمەس. تەبىر ئېنىق بولمىسا، ئۇ ناھايىتى تېزلا تاشلىنىپ قالىدۇ. ئەرەبلەر بىر مىللەت بولۇشى مۇمكىن؛ قانۇن ئەھمىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ تېخى بىر دۆلەت تەۋەلىكى ھېسابلانمايدۇ. ئۆزىنى ”ئەرەب“ دەپ ئاتىغان ھەرقانداق بىر ئادەم پاسپورتىغا ئۆزىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىنى ئىراقلىق ياكى لىۋانلىق، ئېئوردانىيىلىك ياكى سەئۇدىي ئەرەبىستانلىق، لىۋىيىلىك ۋە ياكى سۇدانلىق، تۇنىسلىق ياكى ماراكەشلىك دەپ يازسا يازىدۇكى، ھەرگىز ئاددىي ھالدىلا ”ئەرەب“ دەپ يازمايدۇ. ھازىر ئەرەب دۆلەتلىرى كۆپ، يەنە تېخى ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىمۇ بار، لېكىن ھازىرغىچە ئەرەبلەرنىڭ ۋەتىنى بولالايدىغان بىرەر ئەرەب دۆلىتى تېخى يوق.

ئەمما ”ئەرەبىزىم“نىڭ قانۇنىي مەزمۇنى بولمىغان تەقدىردىمۇ، بۇ ئۇنىڭ ئەمەلىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا تەسىر قىلمايدۇ. ئەرەبلەرنىڭ ئەرەب مىللىتىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ھەمدە ئۆزلىرىنى قەدىمكى زاماندىكى ۋە ھازىرقى ئەرەبلەرگە باغلاش ئېڭى ھېلىمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك. ئەرەبلەرنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ئامىل تىلمۇ، — بىر ئەرەب پەقەتلا ئەرەب تىلىنى ۋەتەن تىلى قىلغان ئادەممۇ؟ بۇ ناھايىتى ئاددىي، يەنە كېلىپ مۇنداقلا

قاراشتا ئادەمنى قانائەتلەندۇرىدىغان بىر جاۋاب — لېكىن بۇنىڭدا يەنىلا بەزىبىر قىيىن مەسىلىلەر مەۋجۇت. ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان ئىراقلىق ياكى يەمەنلىك بىر يەھۇدىي، ياكى ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان مىسىرلىق ياكى لىۋانلىق بىر خرىستىئان ئەرەب ھېسابلىنامدۇ؟ بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئادەم مۇشۇ كىشىلەردىن ياكى ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان قوشنىلىرىدىن ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل جاۋابلارنى ئېلىشى مۇمكىن. ھەتتا ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان مىسىرلىق بىر مۇسۇلمان ئەرەب ھېسابلىنامدۇ؟ ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى (ھەممىسى ئەمەس) مۇشۇنداق قارايدۇ؛ "ئەرەب" دېگەن بۇ ئىسىم مىسىر بىلەن ئىراقتا تېخى چۆل دەريالارنىڭ ساھىلىدىكى يەرلىك دېھقانلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئادەتتە، تۆت ئەتراپى قۇملۇق بىلەن ئورالغان بەدەۋىيلەرنى كۆرسىتىدۇ. بەزى رايونلاردا ھەقىقىي ئەرەبلەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، پەقەت ئەرەب تىلىدىلا سۆزلەيدىغان ئەرەبلەر "ئەرەب تىلىنىڭ كانىيى" دەپ ئاتىلىدۇ.

بىرنەچچە يىل بۇرۇن، ئەرەب داھىيلىرى بىر قېتىملىق يىغىندا "ئەرەب" دېگەن سۆزگە مۇنداق دەپ تەبىر بەردى: "ئومۇمەن بىزنىڭ تۇپرىقىمىزدا ياشايدىغان، بىزنىڭ تىلىمىزدا سۆزلەيدىغان، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىدىغان ھەمدە بىزنىڭ شان - شەرىپىمىز بىلەن پەخىرلىنىدىغان كىشى بىزنىڭ بىر ئەزايىمىز بولىدۇ". بىز بۇنى غەربنىڭ بىر نوپۇزلۇق ئالىمى — خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى گىبنىڭ بەرگەن تەبىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقساق بولىدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن: "مۇھەممەدنىڭ دىنىي دەۋەت ئېلىپ بېرىش بۇرۇنقى ۋە ئەرەب پادىشاھلىقىنىڭ ئۇتۇقلىرىنى تارىخنىڭ مەركىزى

دەپ بىلىدىغان ھەممە ئەرەب تىلى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت مىراسىنى ئۆزىمىزنىڭ ئورتاق مۈلكى دەپ قارايدىغان كىشىنىڭ ھەممىسى ئەرەب ھېسابلىنىدۇ“. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ تەبىرلەرنىڭ ھەر ئىككىسى نوقۇل تىلشۇناسلىقتىكى مەسىلە ئەمەس. ھەر ئىككىسى مەدەنىيەت جەھەتتىكى شەرتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ بىرسى دىنىي جەھەتتىكى شەرتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ئىككى تەبىرنى تارىخىي يوسۇندا چۈشەندۈرۈش لازىم. چۈنكى، ”ئەرەب“ دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى ۋە ئىپتىدائىي ھالەتتىكى چەكلىك ئىشلىتىلىشىدىن تارتىپ بۈگۈنكى كۈنگىچە بولغان دائىرىسى كەڭ ئەمما ئېنىق بولمىغان مەنىسىنى ئەرەب دەپ ئاتالغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخى ئارقىلىقلا چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز. بىز شۇنى كۆرىمىزكى، ئۇزاق زامانلاردىن بېرى، ”ئەرەب“ دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ مەنىسى توختىماي ئۆزگىرىپ كەلدى؛ بىز يەنە شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز مۇمكىنكى، بۇ ئۆزگىرىش ئاستا، مۇرەككەپ ۋە كەڭ بولغانلىقتىن، بۇ ئىسىم بىر ۋاقىت ئىچىدە ئوخشاش بولمىغان بىرقانچە خىل مەنىگە ئىگە بولغاچقا، ئۇنىڭ مەزمۇنىغا قارىتا ئۆلچەملىك بىر تەبىر بېرىش ناھايىتى تەس بولدى.

يېزىقشۇناسلار گەرچە ”ئەرەب“ دېگەن بۇ ئىسىمغا ئىشەنچلىك دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل چۈشەندۈرۈشلەرنى بەرگەن بولسىمۇ، بۇ سۆزنىڭ كېلىش مەنبەسى مەسىلىسى يەنىلا ھەل بولماي كەلدى. بەزىلەر، بۇ سۆز ”غەرب“ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بىر سېمىتچە سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، مېسوپوتامىيىلىكلەر ئەڭ دەسلەپىدە بۇ سۆزنى فۇرات دەرياسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مىللەتلەرنى ئاتاشقا ئىشلەتكەن، دەپ قارىدى. نوقۇل

تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا بۇ مەنبەدە مەسىلە بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغايدۇ. چۈنكى بۇ نامنى ئەرەبلەرنىڭ ئۆزىمۇ قوللانغان، يەنە كېلىپ، بىر مىللەت ئادەتتە ئۆزىنى بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى خىل مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بىلەن ئاتىمايدۇ. بىرئاز ئاقىدىغىنى بۇ سۆزنى كۆچمەنلىك تۇرمۇشى نۇقتىئىينەزىرى بىلەن باغلاش يولىدىكى ئىزدىنىشتۇر. بۇ جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان مۇنداق بىرنەچچە خىل ئىزدىنىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان: بەزىلەر بۇ سۆزنى ئىبرىي تىلىدىكى "ئەرابھا" (قارا تۇپراق ياكى كەڭ دالا دېگەننى بىلدۈرى-دۇ) دېگەن سۆز بىلەن باغلىغان؛ بەزىلەر ئۇنى ئىبرىي تىلىدىكى "ئەرەبھ" (ئولتۇراقلاشقان خەلقنىڭ تەشكىللىك، تەرتىپلىك بولغان، ئەمما كۆچمەن خەلقلەر يىرگىنىدىغان ۋە بىزار بولغان تۇرمۇشى بىلەن قارىمۇقارشى بولغان شالغۇتلاشقان، يەنى تەش-كىللىسىز تۇرمۇشنى كۆرسىتىدۇ) دېگەن سۆز بىلەن باغلىغان؛ يەنە بەزىلەر ئۇنى "ئابھەر" (يۆتكىلىش ياكى ئۆتۈش مەنىسىدە) دېگەن سۆز يىلتىزى بىلەن باغلىغان، بىز ئىشلىتىۋاتقان "ئىبرىيچە" دېگەن سۆز مۇشۇ يىلتىزدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

كۆچمەنلىك تۇرمۇشى بىلەن بولغان باغلىنىشنى تۆۋەندىكى پاكىتتىن كۆرۈشكە بولىدۇ: دەسلەپكى چاغلاردىكى ئەرەبلەرنىڭ ئۆزى بەدەۋىيلەر بىلەن ئەرەب تىنىدا سۆزلەيدىغان يېزا ـ شەھەر ئاھالىلىرىنى گويا مۇشۇ ئاتالغۇ بىلەن پەرقلەندۇرگەندى، تاكى ھازىرمۇ مەلۇم دەرىجىدە مۇشۇنداق مەنىگە ئىگە. ئەنئەنىۋى ئە-رەب ئېتىمولوگىيىسىدە بۇ ئىسىم "ئىپادىلەش" ياكى "بايان قىلىش" مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بىر پېئىلدىن كېلىپ چىققان دەپ قارىلىدۇ، بۇ تارىخنىڭ تەرتىپىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلى-

ۋەتكەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، نېمىس تىلىدىكى Deuten («كىشىلەرگە بايان قىلىش») دېگەن سۆز بىلەن Deutsch («كىشىلەرنىڭ» ياكى «كىشىلەرگە خاس») دېگەن سۆزنىڭ مۇناسىۋىتىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەھۋالنى بايقايمىز.

ئەرەبىستان ۋە ئەرەبلەر توغرىسىدا هازىرغىچە تارقىلىپ كەلگەن ئەڭ بالدۇرقى «ئىنجىل. دۇنيانىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە» نىڭ ئونىنچى بابىدا ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى نۇرغۇن مىللەت ۋە رايوننىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. لېكىن «ئەرەبىستان» دېگەن ئىسىم تىلغا ئېلىنمىغان، بۇ ئىسىم تۇنجى قېتىم مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 853 ـ يىلى تىكلەنگەن ئەسسۇرىيلارغا خاس بىر ئابىدىدە ئۇچرىغان، ئۇ ئابىدىگە پادىشاھ شەلمە ناسىر III ئەسسۇرىي لەشكەرلىرىنىڭ بىر تۈركۈم توپىلاڭچى شاھزادىلەرنى مەغلۇپ قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى «ئەربى جىندىب» ئاتلىق بىر شاھزادىنىڭ توپىلاڭچى لەشكەرلەرگە مىڭ تۆگە ئىئانە قىلغانلىقىنى خاتىرىلەپ قويغانىكەن. شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىرگىچە ئەسسۇرىيلار ۋە بابىلۇنلارنىڭ ئابىدىلىرىدە «ئەربى»، «ئەرەبۇ» ۋە «ئۇربى» دېگەن ئىسىملار دائىم ئۇچراپ تۇرغان. بۇ ئابىدىلەرگە ئەربى ھۆكۈمرانلىرى تاپشۇرغان سېلىقنىڭ يىغىۋېلىنغانلىقى، بۇ سېلىقلار ئىچىدە تۆگە ۋە قومۇلقىتا بولىدىغان بەزى مەھسۇلاتلارنىڭ بارلىقى خاتىرىلەنگەن، بەزىدە ئەربىلەرنىڭ زېمىنىغا يۈرۈش قىلىنغانلىقىمۇ تىلغا ئېلىنغان. شۇنىڭدىن سەل كېيىنكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ ئابىدىلەرگە ئەربىلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ تۆگىسىنىڭ سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن. ئەربىلەرنى ئەدەپ-

لەپ قويىدىغان بۇ ئۇرۇشلارنىڭ بويسۇندۇرۇش خاراكتېرىدىكى ئۇرۇش بولماي، بەلكى ”جامائەتنى قوزغاپ ئەيىبلەش“تىن ئىبارەت بولغانلىقى، بۇنىڭدا گەپكە كىرمەيدىغان كۆچمەن قەبىلىلەرنى تاپقا سېلىپ ئەسسۇرىيىلارنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئاساسەن ئەسسۇرىيىلارنىڭ چېگرىسى ۋە قاتناش يوللىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش مەقسەت قىلىنغانلىقى ئېنىق. ئابىدىدە تىلغا ئېلىنغان ئەرىبلەر ئەرەبىستاننىڭ كەڭ كەتكەن چەت شىمالىي رايونىدا ياشايدىغان، ئېھتىمال سۇرىيە - ئەرەب قۇملۇقىدا ياشايدىغان كۆچمەن قەبىلىلەر بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ئەرەبىستاننىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدا ياشايدىغان ۋە بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان شەھەر - بازار مەدەنىيىتىگە ئىگە بولغان كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، بۇ ئەسسۇرىيىلارنىڭ خاتىرىلىرىدە ئايرىم - ئايرىم تىلغا ئېلىنغان. ئۇلار «كونا ئەھد» (تەۋرات) نىڭ ئاخىرقى بىرنەچچە بابىدا تىلغا ئېلىنغان ئەرەبلەردۇر. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 530 - يىللىرى ئەتراپىدا ”ئەرەبىيە“ دېگەن بۇ ئىسىم پارسلارنىڭ مىخ يېزىقى بىلەن يېزىلغان يادىكارلىقلاردا كۆرۈلۈشكە باشلىغان.

كلاسسىك ئەدەبىياتتا ”ئەرەبىيە“ دېگەن ئىسىم ئەڭ دەسلەپتە ئېسخىلۇسنىڭ داڭلىق ئەسىرى ”پرومېتىيۇس“تا تىلغا ئېلىنغاندى. بۇ كىتابتا ئەرەبىستان كەڭ كەتكەن بىر جاي، ئۇ يەر نەيزىۋاز باتۇرلارنىڭ ماكانى دەپ تەسۋىرلەنگەن. «پارسلار» دېگەن كىتابتا ”شېرشىس“ قوشۇنىدىكى ”ماگوس ئەرەبوس“ ناملىق بىر گېنېرال تىلغا ئېلىنغان، بۇ گېنېرال ئەرەب بولۇشى مۇمكىن. بىز ”ئەرەبىيە“ دېگەن بۇ يەر نامىنى يۇناننىڭ ئەسەرلىرىدە تۇنجى قېتىم ئۇچراتتۇق، بۇ ئىسىمنىڭ قۇرۇلمىسى

〞ئىتالىيە“ دېگەن ئىسمىنىڭ قوللىنىلىشى ئوخشاپ كېتەتتى. ھېرودوتنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن يۇنان ۋە رىم ئەسەرلىرىدە 〞ئەرەب“ (ئەرەبىيە) ۋە 〞ئەرەبلەر“ دېگەن ئىككى ئىسىم پۈتكۈل يېرىم ئارالدىكى (جەنۇبىي ئەرەبلەرنى ھەتتا نىل دەرياسى بىلەن قىزىل دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى مىسىرنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى قۇملۇق ئاھالىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) پۈتكۈل ئاھالىنى كۆرسىتەتتى. بۇ چاغدا، بۇ ئىسىم ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرقتىكى سېمىت تىلىدا سۆزلەيدىغان مىللەتلەر ياشايدىغان بار-لىق قۇملۇق جايلارنى كۆرسەتكەندەك قىلاتتى. شۇنىڭدەك، يۇنان ئەدەبىياتىدا ئەرەبلەرنى كۆرسىتىدىغان 〞ساراسېن“ دېگەن بۇ ئى-سىم ئالدى بىلەن ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغانىدى. بۇ ئىسىم ئەڭ دەسلەپتە قەدىمكى ئابىدىلەردە كۆرۈلگەن بولۇپ، گويا سىناي رايونىدىكى بىر قۇملۇق قەبىلىسىنى ئاتاشقا قوللىنىلغاندەك ئى-دى. بۇ ئىسىم يۇنان، لاتىن ۋە يەھۇدىي دىنى ئەسەرلىرىدە ئومۇمەن كۆچمەن خەلقلەرنى ئاتاشقا ئىشلىتىلگەنىدى؛ كېيىنچە ۋىزانتىيە ئەسەرلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەرب ئەسەرلى-رىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بارلىق مىللەتلەرنى ئاتاشقا ئىشلىتىلىدىغان بولدى.

ئەرەبلەرنىڭ 〞ئەرەب“ دېگەن ئىسمىنى تۇنجى قېتىم ئىشلەت-كەنلىكىنى جەنۇبىي ئەرەبىستاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئابىدىلەر-دىن كۆرۈشكە بولىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى بىلدۈرى-دىغان بۇ قەدىمكى ئىزلارنى ئەرەبىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى مىللەتلەر مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بىرنەچچە ئەسىر داۋامىدا يەمەندە بەرپا قىلغان. بۇ ئابىدىلەردە ئاتالغان ئەرەبلەر دائىم بۇلاڭچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بەدەۋىيلەر بولۇپ، ئۇ-

لار ئۇلتۇراقلاشقان خەلقلەردىن پەرقلىنىدىغان ئومۇمەن كۆچمەن خەلقلەرنى كۆرسىتەتتى. شىمالدا بولسا بۇ ئىسىم مىلادىيە 4 - ئەسىردە تۇنجى قېتىم نەمارە قەبرىسىنىڭ تەزكىرىسىدە ئۇچرىغان، بۇ شىمالىي ئەرەبلەرنىڭ يېزىقىدا يېزىلغان ۋە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمىي يازما يادىكارلىقلارنىڭ بىرىدۇر، بۇ يېزىق كېيىنكى چاغلاردا كلاسسىك ئەرەب يېزىقى بولۇپ قالدى. نەبەت - ئارامى يېزىقى شەكلىدە يېزىلغان بۇ ئەرەبچە تەزكىرىگە "پۈتۈن ئەرەبلەرنىڭ پادىشاھى" ئىمرەئۇلقەيسىنىڭ ئۆلۈمى ۋە ئىش ئىزلىرى خاتىرىلەنگەن، بۇنىڭ مەزمۇنىدىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، بۇ پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئەرەبىستاننىڭ شىمالىي ۋە ئوتتۇرا قىسىملىرىدىكى كۆچمەن قەبىلىلەردىن ھالقىپ كېتەلمىگەن.

تاكى مىلادىيە 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دىنى باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئاندىن بىز بۇ ئىسىمنىڭ ئەرەبىستاننىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسىملىرىدا ئىشلىتىلگەنلىكىگە ئائىت ھەقىقىي ماتېرىياللارغا ئېرىشتۇق. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ زامانداشلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەرەب دېيىلگەنلەر قۇملۇقتىكى بەدەۋىيلەردىن ئىبارەت ئىدى؛ «قۇرئان كەرىم» دىكى "ئەئرابى" دېگەن ئاتالغۇ مۇشۇ مەنىگىلا ئىگە ئىدى، ئۇ ئەزەلدىن مەككە، مەدىنە ۋە باشقا شەھەرلەردىكى ئاھالىلەرنى كۆرسەتمىگەن. لېكىن يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ شەھەرلەردە ۋە «قۇرئان كەرىم» دە ئىشلىتىلگەن يېزىق يەنە ئەرەب يېزىقى دەپ ئاتالغان. بۇ يەردە بىز كېيىن ئومۇملاشقان بىر خىل قاراشنىڭ مەنبەسىنى تاپتۇق، بۇ قاراشتىكىلەر ئەرەب يېزىقىنىڭ ئەڭ ساپ شەكلى بەدەۋىيلەرنىڭ تىلىدۇر، ئۇلار ئەرەب تۇرمۇشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە تىلىنىڭ ئەسلىي شەكلىنى باشقا ھەرقانداق كىشىگە قارىغاندا تېخىمۇ ساداقەتمەنلىك بىلەن ساقلاپ قالغان دەپ ھېسابلايدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەرەبلەرنىڭ يىراققا قىلغان سەپىرىنىڭ غايەت زور غەلىبىسى، شۇنىڭدەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋارىسلىرىنىڭ يېڭى ئىسلامىيەت جەمئىيىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ تىكلىگەن خەلىپىلىك دۆلىتى ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپا قىتئەلىرىگىچە كېڭەيگەن رايونلارغا "ئەرەب" دېگەن ئىسىمنى تازا چوڭقايتىپ يېزىپ قويىدى ھەمدە ئۇنى ئىنسانىيەتنىڭ ئىدىيە ۋە كۆرەش تارىخىنىڭ جانلىق — گەرچە ئانچە ئۇزاق بولمىسىمۇ — بىر بابىنىڭ مۇھىم يېرىگە كىرگۈزدى. ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئەرەب كۆچمەنلىرى ۋە ئۇلتۇراقلاشقان ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق، شىمالىي ئافرىقا ھەتتا ئاتلانتىك ئوكيان بويلىرىغىچە سوزۇلغان بىپايان رايوندا ئۇلۇغ بىر ئىمپېرىيىنى قۇرۇپ چىقتى. ئىسلام دىنىنى ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت دىنى ۋە ئۇرۇش شوئارى، يېڭى ئىمپېرىيىنى ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇش غەنىيمىتى قىلغان ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىرقى، تىلى ۋە دىنى ئوخشىمايدىغان خىلمۇخىل مىللەتلەر ئارىسىدا تۇرمۇش كەچۈرۈش داۋامىدا ئاز ساندىكى ئىستېلاچىلار ۋە يۇقىرى قاتلام ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى سەزدى. قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر، شۇنىڭدەك شەھەر - بازار ئاھالىلىرى بىلەن قوملۇقتا ياشايدىغانلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر يېڭى ئىمپېرىيە ھۆكۈمرانلىرى بىلەن ئىستېلا قىلىنغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرگە قارىغاندا ۋاقتىنچە ئىككىنچى ئورۇندىكى مەسىلە بولۇپ قالدى. ئىسلام دىنى تارىخىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئىسلام دىنى نوقۇل ئەرەبلەرنىڭ دىنى، خە-

لىپىلىك دۆلەت بىر ئەرەب ئىمپېرىيىسى بولۇپ تۇرغان چاغلار-
دا، ”ئەرەب“ دېگەن بۇ ئىسىم ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان، قان-
داشلىق جەھەتتە بىر ئەرەب قەبىلىسىنىڭ ھەقىقىي ئەزاسى بول-
غان، ئۆزى ياكى ئاتا - بوۋىسى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا تۇغۇلغان
كىشىلەرگە ئىشلىتىلەتتى. بۇ ئىسىم ئۇلارنى كەڭ كۆلەملىك
كېڭىيىش داۋامىدا ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتۈپ
قالغان كەڭ پارسلار، سۇرىيىلىكلەر، مىسىرلىقلاردىن ۋە باشقا
ھەر مىللەت خەلقىدىن پەرقلەندۈرۈشكە ئىشلىتىلگەن ھەمدە يېڭى
ئىمپېرىيە ھۆكۈمرانلىرى — ئەرەبلەرنى ”ئىسلام ئائىلىسى“
سىرتىدىكى كىشىلەردىن ئايرىپ تۇرىدىغان بىر ئوخشاي بەلگە قى-
لىنغانىدى. كلاسسىك ئەرەبچە لۇغەتلەر بىزنى ”ئەرەب“ دېگەن
بۇ ئىسىمنىڭ ”ئەرەب“ ۋە ”ئەئرابى“ دېگەن ئىككى خىل شەكلى
بىلەن تەمىن ئەتتى ھەمدە بىزگە كېيىنكىسىنىڭ ”بەدەۋىي“ دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى، ئالدىنقىسىنىڭ بولسا يۇقىرىدا بايان
قىلىنغان كەڭ مەنىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. بۇنداق پەرق-
لەندۈرۈش ئەگەر ئىشەنچلىك بولىدىغان بولسا (سەل ئىلگىرىكى
لۇغەتلەردە، نۇرغۇن تەبىرلەر مۇشۇ لۇغەتلەردىلا تېپىلىدۇ)، بۇ
چوقۇم مۇشۇ مەزگىلدە باشلانغان بولىدۇ. بۇنداق پەرقلەندۈرۈش
ئىلگىرى كۆرۈلمىگەنىدى، ھالبۇكى، بۇنداق پەرقلەندۈرۈش گويا
ئانچە ئۇزاق داۋاملاشالمىدى.

مىلادىيە 8 - ئەسىردىن باشلاپ، خەلىپىلىك دۆلەت ئەرەب
ئىمپېرىيىسىدىن بارا - بارا ئىسلام ئىمپېرىيىسىگە ئايلاندى. بۇ
دۆلەتتە، ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئەزالىرىنى قانداشلىق ئە-
مەس، بەلكى ئېتىقاد بەلگىلەيدىغان بولدى. ئىستېلا قىلىنغان
مىللەتلەر ياكى قەبىلىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلى-

www.uyghurkitap.com

ئەرەب ئەمدى دىنى ئىسلام كۆپەيگەنلىكتىن، بارغانسېرى ىرى
ئىستېلاچىلىرىدىن بولغان مىللەت ياكى قەبىلىنىڭ ئېتىقادى بو-
لۇشتىن قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بۇگۇنكى كۇندىمۇ دۇنياۋى
دىن بولۇش خاراكتېرىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئىقتىسادىي تۇر-
مۇشنىڭ تەرەققىي قىلىشى، شۇنىڭدەك بىر چاغلاردا ئەرەبلەرنىڭ
ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بولغان ھەربىي كېڭەيمىچى-
لىكنىڭ توختاپ قېلىشى ئارقىسىدا، مەمۇرىي خادىملار ۋە سودى-
گەرلەردىن تەركىب تاپقان، ئوخشاش بولمىغان ئىرق ۋە تىلدىكى-
لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى ھۆكۈمرانلار سىنىپى بارلىققا
كېلىپ، كېڭەيمىچىلىك ھەرىكىتى داۋامىدا شەكىللەنگەن ئەرەب
ئاقسۆڭەكلىرى تۇزۇلمىسىنىڭ ئورنىنى باستى. بۇ ئۆزگىرىش
ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى ۋە كادىرلار ئىشلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى
تاپتى.

ئەرەب يېزىقى بىردىنبىر ھۆكۈمەت يېزىقى، شۇنىڭدەك مە-
مۇرىيەت، سودا ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئاساسىي يېزىق بولۇپ
كەلدى. خەلىپىلىك دۆلەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان
نۇرغۇن مىللەتلەر ۋە ئوخشاش بولمىغان ئېتىقادتىكى كىشىلەر
تەرىپىدىن يارىتىلغان مول ۋە خىلمۇخىل مەدەنىيىتى ئەرەب يېزى-
قى بىلەن يېزىپ قالدۇرۇلدى، يەنە كېلىپ ناھايىتى زور دەرىجى-
دە ئەرەبچە تۈسكىمۇ ئىگە بولدى. بۇنداق مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى
تەرەپلىرىنى ”ئەرەبچە“ دېگەن سۈپەت بىلەن سۈرەتلەش قارشىلىققا
ئۇچرىدى، چۈنكى ھەقىقىي ئەرەب قان سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ
”ئەرەب تېبابەتچىلىكى“، ”ئەرەب پەلسەپىسى“ قاتارلىق جە-
ھەتلەردىكى تۆھپىسى ئانچە چوڭ بولماي قالدى، ھەتتا
”مۇسۇلمان“ دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئىشلىتىلىشىمۇ بەزى كىشىلەر-

نىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىدى، چۈنكى بۇ مەدەنىيەتنى بەرپا قىلغۇچى-
لارنىڭ نۇرغۇنى خرىستىئان دىنى ۋە يەھۇدىي دىنىنىڭ مۇخلىس-
لىرى ئىدى. بەزىلەر ”ئىسلام“ دېگەن بۇ ئىسمنى قوللىنىش
بىر قەدەر مۇۋاپىق دېگەن تەكلىپنى بەردى، چۈنكى ئۇ نوقۇل دىن
ۋە مىللەت مەنىسىگە ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەت مەنىسىگە ئىگە
ئىدى. مەيلى قانداق بولسا بولسۇن، خەلىپىلىك دۆلىتىنىڭ مەدە-
نىيىتى ئىگە بولغان ئىشەنچلىك ”ئەرەب“ ئالاھىدىلىكى بىز بۇ
مەدەنىيەتنى يارانقۇچى شەخسلەرنىڭ ئىرقىي مەنبەسى ئۇس-
تىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىقلا بېكىتەلەيدىغان
”ئەرەب“ ئالاھىدىلىكىگە سېلىشتۇرغاندا، قانداقلا بولمىسۇن خې-
لى كۆپ ئىدى، بۇ ئاتالغۇنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ۋە ئىرق
جەھەتتىكى ئوخشاش بولمىغان مەنىسىنى ئېنىقلىۋالغاندىلا ئاندىن
ئۇنى توغرا ئىشلەتكىلى بولاتتى. يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى،
بۈگۈنكى ئەرەب مىللىتىنىڭ ئورتاق ئېڭىدا پەقەت خەلىپىلىك
دۆلىتىنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كەڭ مەنىدىكى ئەرەب مەدەنى-
يىتىلا ئۇلارنىڭ ئورتاق مىراسى بولالايتتى ھەمدە بۇ ئۇلارنىڭ
مەدەنىيەت تۇرمۇشىدا يېتەكچى رول ئوينايتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ”ئەرەب“ دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ
ئىرقىي مەنىسىمۇ ئۆزگەرمەكتە ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ ئىستېلا
قىلىنغان مىللەتلەر ئارىسىدىكى تارقىلىش جەريانى تۈركۈملىگەن
ئەرەبلەرنىڭ ھەرقايسى ئۆلكە ۋە رايونلارغا بېرىپ ئولتۇراقلىش-
شى ۋە 10 - ئەسىردىن كېيىن يېڭى بىر ھۆكۈمران
مىللەت — تۈركلەرنىڭ يېتىپ كېلىشى ئارقىسىدا تېزلەشتى.
تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، ئەرەب ئىستېلاچىلىرىنىڭ
كېيىنكى ئەۋلادلىرى بىلەن ”ئەرەبلەشكەن“ يەرلىك مىللەتلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرىسىدىكى پەرق كارى چاغلىق مەسىلە بولۇپ قالدى. پارس-
نىڭ غەربىدىكى بارلىق ئۆلكە ۋە رايونلاردا قەدىمكى يەرلىك
مىللەتلەرنىڭ تىلى پۈتۈنلەي يوقالدى، ئەرەب تىلى ئاساسلىق تىل
بولۇپ قالدى. ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدىن
بۇيان، "ئەرەب" دېگەن بۇ ئىسىم ئەسلىي مەنىسىگە قايتىپ،
بەدەۋىيلەر ياكى كۆچمەن خەلقلەرنى كۆرسىتىدىغان بولدى، نەتى-
جىدە بۇ ئىسىمنىڭ ئىجتىمائىي مەنىسى ئىرقىي مەنىسىدىن ئې-
شىپ كەتتى. غەربنىڭ ئەھلىسەلىپ توغرىسىدىكى نۇرغۇن يىلنا-
مىلىرىدە بۇ ئىسىم مەخسۇسلا بەدەۋىيلەرنى كۆرسىتىدىغان يەر-
لەردە ئىشلىتىلدى، يېقىن شەرقتىكى كەڭ مۇسۇلمانلار بول-
سا "ساراسېنلار" دەپ ئاتالدى. 16 ـ ئەسىردە ئۆتكەن تاسسو
پەقەتلا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دەپ توختالغان:

"شۇنىڭدىن كېيىن،
باشقا بىر بۆلۈك ئەرەبلەر جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرگەن،
ئۇلار چوقۇم ئولتۇراقلاشقانلار ئەمەس ئىدى."

(«ئازاد بولغان يېروسالىم»، 17 ـ باب، 21 ـ بۆلۈم.)

14 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب تارىخچىسى ئىبنى خەل-
دۇن — بۇ ئۆزى بىر ئەرەب قان سىستېمىسىدىكى شەھەر ئاھالى-
سى — بۇ ئىسىمنى ئومۇمەن مۇشۇ مەنىدە ئىشلەتكەن.

بۇ دەۋردە سىنىپنى ئايرىشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى دىن ئىدى.
ھەر خىل ئېتىقادتىكى ئاز سانلىق كىشىلەر دىن بىلەن سىياسەت
بىرلەشتۈرۈلگەن بىرمۇنچە گۇرۇھ بولۇپ ئۇيۇشتى، ئۇلارنىڭ
ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىنىڭ داھىيسى ۋە قانۇنلىرى بار ئىدى. كۆپ
ساندىكى كىشىلەر بولسا "ئۇممەتى ئىسلام" (ئىسلامىيەت جەمئى-

يمتى ياكى مىللىتى) غا مەنسۇپ ئىدى، ئۇنىڭ ئەزاسى ئالدى بىلەن ئۆزىنى "مۇسۇلمان" دەپ بىلىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئايرىشقا توغرا كەلسە، پەقەتلا يەرلىك ئۆلچەم بويىچە مىسىرلىق، سۈرىيىلىك، ئىراقلىق دەپ، ياكى ئىجتىمائىي ئۆلچەم بويىچە شەھەر ئاھالىسى، دېھقان، كۆچمەن دەپ ئايرىشقىلا بولاتتى. "ئەرەب" دېگەن بۇ ئىسىم كېيىنكى ئۆلچەم بويىچە ئىشلىتىلدى. ئۇنىڭ ئىرقشۇناسلىق جەھەتتىكى مەنىسىدىن ھېچقانچە قالمىدى، شۇڭا بىز بەزىدە بۇ ئىسىمنىڭ كۇرد ياكى تۈرك قان سىستېمىسىدىكى ئەرەب ئەمەس كۆچمەنلەرگە قارىتىپ ئېيتىلغانلىقىنى بايقايمىز. ئىسلامىيەت جەمئىيىتىدىكى ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئاساسەن تۈركلەر بولغاندا (مەسىلەن، بىرقانچە ئەسىردىن بۇيانقى يېقىن شەرقنىڭ ئەھۋالى ئەنە شۇنداق بولغان)، بىز "ئەرەبلەرنىڭ بالا - ۋاقىلىرى ياكى ئەرەبلەرنىڭ ئەۋلادلىرى" دېگەن ئىسىمنىڭ ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان شەھەر - بازار ئاھالىلىرى بىلەن دېھقانلارغا ئىشلىتىلگەنلىكىنى، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بىر تەرەپتىن تۈرك ھۆكۈمرانلار سىنىپىدىن، يەنە بىر تەرەپتىن كۆچمەنلەر ياكى يەرلىك ئەرەبلەردىن پەرقلەندۈرۈلگەنلىكىنى بايقايمىز.

تۈرك ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئورنىنى باشقا مىللەت ھۆكۈمرانلىرى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، ئەرەبلەرنىڭ يەرلىك شېۋىسىدىكى بۇ ئەھۋالدا تاكى ھېلىغىچە تېخى كونكرېت ئۆزگىرىش بولغىنى يوق. لېكىن ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان دۆلەتلەرنىڭ زىيالىيلىرى ئارىسىدا بولسا چوڭقۇر ئەھمىيەتلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ياۋروپالىقلارنىڭ بۇ رايونلاردىكى ھەرىكىتى ۋە تەسىر كۈچىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشى ئۇلارنى ياۋروپالىقلارنىڭ مىل-

لەت چۈشەنچىسىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق رايونغا، ئور-
تاق تىلغا، ئورتاق پسىخولوگىيىلىك سۈپەتكە ۋە ئورتاق سىياسىي
ئارزۇغا ئىگە ئادەملەر توپىغا ئايلاندۇردى. مىلادىيىنىڭ
1517 ـ يىلىدىن كېيىن، ئوسمان ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرا ۋە
يېقىن شەرقتىكى ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان مىللەتلەرنىڭ كۆپ
قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئەرەبلەر غەرب جاھانگىرلىكىنىڭ
تاجاۋۇز قىلىشى بىلەن كېلىپ چىققان شىددەتلىك ئىجتىمائىي
ئۆزگىرىشنىڭ مۇھىم پەيتىدە تۇرۇۋاتقاندا، مىللەتچىلىك ئىدىيە-
سىنىڭ تۈرتكىسىدە، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشنى مەقسەت قىل-
غان ئەرەب گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى ۋە ئەرەب مىللىي ھەرىكىتى
بىخ سۈرۈپ چىقتى. بۇ ھەرىكەت سۈرىيىدىن باشلاندى، ئۇ ھەرد-
كەتنىڭ داھىيلىرى گويا ئۆز مەملىكىتىنىڭ مەسىلىلىرى بىلەنلا
بولۇپ قالدى. ئۇزاققا بارماي، بۇ ھەرىكەت ئىراققا كېڭەيدى،
كېيىنكى چاغلاردا بۇ ھەرىكەت يەنە مىسىر ھەتتا شىمالىي ئافرد-
قىدىكى ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان دۆلەتلەرنىڭ يەرلىك مىللەت-
چىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن تېخىمۇ زىچ مۇناسىۋەت ئورناتتى.
ئەرەب مىللەتچىلىكى نەزەرىيىچىلىرىنىڭ قارىشىچە، ياۋرو-
پالىقلارنىڭ تەبىرى بويىچە، ئەرەب دېگەن بىر مىللەت بولۇپ،
ئۇ مۇئەييەن چېگرا ئىچىدىكى ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان ۋە
ئەرەبلەرنىڭ تارىخىي شان ـ شەرىپى بىلەن پەخىرلىنىدىغان كى-
شىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. بۇ چېگرا قەيەردە دېگەن مەسىلىگە
كەلگەندە بولسا، ئۇلارنىڭ پىكرىدە ئىختىلاپ چىقتى. بەزىلەر:
ئۇلار پەقەت غەربىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئەرەب تىلىدا سۆزلەيد-
غان دۆلەتلەرنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قارىدى. بەزىلەر
مىسىرنىمۇ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزدى — لېكىن بۇ پىكىر نۇر-

غۇن مىسىرلىقنىڭ پىكرىگە زىت كېلىپ قالدى، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللەتچىلىكىگە نوقۇل هالدا مىسىرلىقلارنىڭ مەيدا-نىدا تۇرۇپ قارىدى. يەنە بىر مۇنچە كىشىلەر: ماراكەشتىن تار-تىپ پېرسىيە ۋە تۈركىيە چېگرىسىغىچە بولغان پۈتۈن ئەرەب تىلى دۇنياسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك، دەپ قارىدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئەرەبلەرنىڭ يەرلىك شېۋىسىدىكى ”ئەرەب“ دېگەن ئى-سىم يەنىلا ”بەدەۋىيلەر“نى ئاتاشقا ئىشلىتىلىسىمۇ، ئولتۇراقلاش-قان خەلق بىلەن كۆچمەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي تو-سالغۇ ئۆزىنىڭ مۇھىملىقىنى ئاللىقاچان يوقاتقانىدى. ئەمما ئىلا-ھىي هوقۇق ئىدىيىسى ئۇزاق ۋاقىت هۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇر-غان جەمئىيەتتە دىنىي توسالغۇلارنى چۆرۈپ تاشلاش ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. گەرچە بۇ هەرىكەتنىڭ ۋەكىللىرى بۇ نۇقتىنى ئانچە ئېتىراپ قىلىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن ئەرەبلەر پە-قەتلا ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان، ئەمما ئەرەبلەرنىڭ ئېتىقادىنى ۋە ئۇلار يېتىشتۈرگەن مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى قوبۇل قىلمايدىغان كىشىلەرنى يەنىلا چەتكە قاقاتتى.

يىغىپ ئېيتقاندا، ”ئەرەب“ دېگەن بۇ ئىسىم ئەڭ دەسلەپتە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 9 ـ ئەسىردە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئەرە-بىستاننىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتا ياشايدىغان بەدەۋىيلەرنى ئاتاشقا ئىشلىتىلگەنىدى. قوشنا دۆلەتلەردىكى ئولتۇراقلاشقان خەلقلەر ئىچىدە بۇ مەنە بىرقانچە ئەسىر داۋاملاشتى. يۇنان ۋە رىم تىللى-رىدا، ئۇ ئىسىم تۇنجى قېتىم پۈتكۈل ئەرەب يېرىم ئارىلىنى ئاتاشقا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، قۇملۇقتىكى بوستانلىقلاردا ئولتۇ-راقلاشقان خەلقنى ۋە غەربىي جەنۇبىي قىسمىنىڭ بىرقەدەر تەرەق-

قي تاپقان مەدەنىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. گەرچە ئولتۇ-
راقلاشقان ئەرەبلەر بىلەن كۆچمەن ئەرەبلەرنىڭ ئورتاق تىلى ئە-
رەب تىلى دەپ ئاتالسىمۇ، ئەرەبلەرنىڭ ئۆز يېرىدە ئۇ ئىسىم گويا
يەنىلا كۆچمەن خەلقلەرنى كۆرسىتىش بىلەن چەكلىنەتتى. ئىس-
لام دىنى سىرتقا كېڭەيگەندىن كېيىن، شۇنىڭدەك ئەرەب ئىمپې-
رىيىسى دەۋرىدە، ئىستېلا قىلىنغان كەڭ خەلقتىن پەرقلەندۈ-
رۈش ئۈچۈن، ئۇ ئىسىم ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان ۋە ئەرەب
قان سىستېمىسىدىن تۇغۇلغان ئىستېلاچىلاردىن تەركىب تاپقان
ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىلا كۆرسىتەتتى. ئەرەب پادىشاھلىقى دۆ-
ياۋى ئىسلام ئىمپېرىيىسىگە ئايلانغان چاغدا، بۇ ئىسىم ماھىيەتتە
ئەمەس، بەلكى كۆرۈنۈشتە، بۇ ئىمپېرىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا
ئوخشاش بولمىغان ئىرق ۋە دىندىكى كىشىلەر ياراتقان، ئەرەب
يېزىقىدا يېزىلغان ھەمدە ئەرەب تۈسى ۋە ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىگە
ئىگە بولغان كۆپ خىل مەدەنىيەتنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلدى.
ئەرەب ئىستېلاچىلىرى بىلەن "ئەرەبلەشكەن" ئىستېلا قىلىنغۇ-
چىلارنىڭ يۇغۇرۇلۇپ كېتىشى ۋە ئۇلارنىڭ باشقا ھۆكۈمرانلىق
ئامىللىرىغا ئورتاق ئۇچرىشى ئارقىسىدا، "ئەرەب" دېگەن بۇ
ئىسىم ئاستا ـ ئاستا ئۆزىنىڭ مىللەت مەنىسىنى يوقىتىپ،
كۆچمەن خەلقلەرگىلا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىجتىمائىي نامغا ئايلى-
نىپ قالدى، بۇ كۆچمەن خەلقلەر ئەرەبلەرنىڭ ئەسلىدىكى تۇر-
مۇش ئۇسۇلىنى ۋە تىلىنى باشقا ھەرقانداق كىشىگە قارىغاندا
تېخىمۇ ساداقەتمەنلىك بىلەن ساقلاپ قالدى. ئولتۇراقلاشقان،
ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان خەلقلەر كۆپ ھاللاردا مۇسۇلمان دەپلا
قارالدى، بەزىدە "ئەرەبلەرنىڭ بالا ـ ۋاقىللىرى ياكى ئەۋلادى"

دەپ قارىلىپ، باشقا تىلدا سۆزلەيدىغان مۇسۇلمانلاردىن پەرقلەندۈرۈلدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ھەر خىل ئىشلىتىش ئۇسۇلى بەزى ئىبارىلەردە ھېلىغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ئىسمىنىڭ غەرب دۆلەتلىرىنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان يېڭى مەنىسى بارغانسېرى مۇھىم ئورۇنغا ئۆتۈپ قالدى. بۇ يېڭى مەنىدە، ياۋروپالىقلارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە، ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان ھەر مىللەت خەلقى بىر مىللەت ياكى ئورتاق رايون، ئورتاق تىل، ئورتاق مەدەنىيەت ۋە سىياسىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ئورتاق ئارزۇ ئاساسىدا بىرلەشكەن بىر توپ قېرىنداش مىللەت دەپ قارالدى.

ھازىر، ئەرەب مىللەتچىلىكىنىڭ جۇغراپىيە جەھەتتىكى چەك - چېگرىسىنى تەكشۈرۈش ناھايىتى ئوڭاي ئىش بولۇپ قالدى. ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان دۆلەتلەر، غەربىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەر، مىسىر ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى دۆلەتلەر دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى تۈردىكى ئەڭ زور ئەرەب رايونى ئەرەب يېرىم ئارىلىدۇر، ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنى ”سەئۇدىي ئەرەبىستانى“ بىلەن ”يەمەن“دىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت ئىگىلىگەن[1]. بۇ ئىككى دۆلەت ئىجتىمائىي تەشكىلات جەھەتتە ئورۇق ئاقساقىلى تۈزۈمىنى يولغا قويغان، ئۇلارنىڭ ئالدىنقىسى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئاساسەن چارۋىچىلىققا ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىققا

---

① ھازىر ئەرەب يېرىم ئارىلىدا سەئۇدىي ئەرەبىستانى بىلەن ئەرەب يەمەن جۇمھۇرىيىتىدىن باشقا يەنە يەمەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى، ئومان سۇلتانلىقى، ئەرەب بىرلەشمە ئەمىرلىكى، كۇۋەيت ۋە قەتەر قاتارلىقلار بار.

www.uyghurkitap.com

تايىنىدۇ. ئەرەبىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمى بىلەن شەرقىي جەنۇبىي
قىسمى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئەنگلىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۇچ-
رىغان[1]. يېرىم ئارالنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ”مۇنبەت ھىلال
ئاي“ رايونى تاكى 1918 - يىلىغىچە ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ
بىر ئۆلكىسى بولۇپ كەلگەنىدى، ھازىر ئۇ يەردە ئىراق، سۇرى-
يە، لىۋان، ئىئوردانىيە ۋە ئىسرائىلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر قۇ-
رۇلدى. بۇ دۆلەتلەردە ئەرەبلەشتۈرۈشنىڭ جەريانى ئەڭ تېز،
ئەرەبلەرنىڭ مىللىي ھېسسىياتى ئەڭ كۈچلۈك بولدى. ئافرىقى-
نىڭ ئاسىيادىكى ئەرەب رايونى بىلەن تۇتاشقان شەرقىي شىمالىي
بۇرجىكىدىكى يەرگە ئاھالىسى ئەڭ كۆپ بولغان، ئەڭ تەرەققىي
قىلغان، ئەڭ ساپ ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان دۆلەت — مىسىر
جايلاشقان، ئۇ ئەڭ قەدىمكى مىللەتچىلىك ئەنئەنىسىگە ئىگە بول-
غاچقا، يېقىنقى زامان سىياسىي ساھەسىدە ئۆز ئالدىغا بىر بايراق
بولۇپ قالدى. 1958 - يىل 2 - ئايدا مىسىر سۇرىيە بىلەن

---

[1] ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە شەرقىي قىسمى دېگەندە
ئاساسەن ئىلگىرى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ تىزگىنلىشىدە بولغان
ئومان ئىسلام ئىماملىقى، مەسقەت سۇلتانلىقى ۋە قوغدىلىدىغان
ئەدىن دەپ ئاتالغان جەنۇبىي يەمەن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. 1963 - يىل
10 - ئايدا جەنۇبىي يەمەن قوراللىق كۈرەش قوزغاپ، 1967 -
يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىچى ھۆكۈم-
رانلىقىغا خاتىمە بېرىپ، جەنۇبىي يەمەن خەلق جۇمھۇرىيىتىنى
قۇرغان. 1968 - يىل 1 - ئايدا ئاخىرقى بىر تۈركۈم ئەنگلىيە
تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرى ئەدىن ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىن
چېكىنىپ كەتكەن. 1970 - يىل 8-ئاينىڭ 9-كۈنى، ئومان ئىسلام
ئىماملىقى بىلەن مەسقەت سۇلتانلىقى بىرلىشىپ ئومان سۇلتانلىقى
دەپ ئاتالغان. 1971-يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جەنۇبىي يەمەن
يەمەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى دەپ ئاتالغان.

بىرلىشىپ، ئەرەب بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغاندى، كې-يىن يەمەن پادىشاھلىقىمۇ فىدېراتسىيە شەكلىدە بۇ ئەرەب بىر-لەشمە جۇمھۇرىيىتىگە كىرگەن①.

ئافرىقا قۇرۇقلۇقىدىكى مىسىرنىڭ جەنۇبىغا ئەرەب تىلىنى ئاساسلىق تىل قىلغان سۇدان جۇمھۇرىيىتى جايلاشقان بولۇپ، ئۇ 1956 ـ يىلى مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن. ئافرىقىنىڭ غەربىي قىسمىدا، ئىلگىرى ئىتالىيىگە تەۋە بولۇپ كەلگەن لىۋىيە 1951 ـ يىلى مۇستەقىل پادىشاھلىققا ئايلاندى②. تۇنىس بىلەن ماراكەشمۇ 1956 ـ يىلى مۇستەقىل دۆلەت دەپ ئېتىراپ قىلىن-دى؛ پەقەت ئالجىرىيىلا فرانسىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى

---

① مىسىر بىلەن سۇرىيە 1958 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەرەب بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتى بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، شۇ يىلى 3- ئايدا يەمەن پادىشاھلىقىمۇ فېدېراتسىيە شەكلىدە ئۇلارغا قوشۇلغان. 1961 ـ يىل 9 ـ ئايدا سۇرىيە ئەرەب بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتىدىن چىقىپ كەتكەن، شۇ يىلى 12 ـ ئايدا جامال ئابدۇناسىر يەمەن پادىشاھلىقى بىلەن بولغان بۇ بىرلەشمىنى تارقىتىۋەتكەن، لېكىن مىسىر يەنىلا ئەرەب بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتى دېگەن نامنى ساقلاپ قالغان. 1962 ـ يىلى يەمەندە ئىنقىلاب يۈز بېرىپ جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان. 1971 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئەرەب بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتى، سۇرىيە، لىۋىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت يۇقىرىلارنىڭ ئاۋاز بېرىشى ئارقىلىق ئەرەب جۇمھۇرىيەتلىرى فېدېراتسىيىسىنى قۇرغان، شۇ-نىڭدىن كېيىنلا ئەرەب بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتى نامىنى ئەرەب مىسىر جۇمھۇرىيىتى قىلىپ ئۆزگەرتكەن.

② 1969 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى لىۋىيىدە ئىنقىلاب يۈز بېرىپ، ئىدرىس خانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، كازافى باشچىلىقىدا لىۋىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان. 1977 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى دۆلەت نامى ئەرەب لىۋىيە خەلق سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

www.uyghurkitap.com

جاپالىق كۆرەش ئېلىپ بېرىۋاتاتتى①. يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان دۆلەتلەرنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئاھالىسى شالغۇتلاشقانلار بولۇپ، بىر قىسمى ئەرەب، بىر قىسمى بەربەرلەردۇر. تۇنىستا، بولۇپمۇ ئالجىرىيىدە خېلى كۆپ ساندا ياۋروپالىقلار بار. بۇ دۆلەتلەر ياۋروپانىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە سىياسىي جەھەتتىكى تاجاۋۇ-زىنىڭ تەسىرىگە كەڭرەك ئۇچرىغان، ئەرەب گۈللەندۈرۈش ھەرى-كىتىنىڭ تەسىرىگە بولسا ئازراق ئۇچرىغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىمالىي ئافرىقىدىكى مىللەتچىلىك ھەرىكىتى كۈندىن - كۈنگە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى يەنىلا ئاسا-سەن جۇزئىي خاراكتېردە بولدى، لېكىن يېقىن شەرقتىكى ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بولۇپمۇ تۇنىستا شەرق ئەرەبلىرى بىلەن تېخىمۇ يېقىن بولغان بىر خىل تۇغقانلىق ھېسسىياتىنى پەيدا قىلماقتا. بۇ دۆلەتلەردىن باشقا، ئېكۋاتور ئافرىقىسىدىكى نېگىر-لار ئارىسىدىمۇ ئەرەبلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار مەۋ-جۇت؛ تۈركىيە بىلەن پېرسىيىدىمۇ ئاز ساندىكى ئەرەب ئاز سان-لىق مىللەتلەر مەۋجۇت. ئوخشاش بولمىغان مۆلچەرلەرگە ئاساس-لانغاندا، ئاسىيا، ئافرىقا ئىككى قىتئەدىكى ئەرەب تىلىدا سۆز-لەيدىغان مىللەتلەرنىڭ ئاھالىسى 40 مىليون بىلەن 60 مىليون

---

① ئالجىرىيىدە 1954 ـ يىلى مەملىكەت خاراكتېرلىك فرانسىيە جاھان-گىرلىكىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن؛ 1958 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئالجىرىيە جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى-نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان؛ 1962 ـ يىل 3 ـ ئايدا فرانسى-يىنى «ئېفيان كېلىشىمى» نى ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلىپ، شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىغان، 9-ئاينىڭ 25 ـ كۈنى نامىنى ئالجىرىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى دەپ بېكىتكەن.

ئارىلىقىدا[1] كېلىدىكەن، ئۇنىڭ 20 مىليوندىن كۆپرەكى مى-سىردا، 12 مىليوندىن كۆپرەكى شىمالىي ئافرىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشايدىكەن.

بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ نۇرغۇن ئورتاق يەرلىرى بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇملۇق بىلەن تېرىلغۇ قىلغىلى بولىدىغان رايوننىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان، ئۇلار قەدىمدىن تارتىپ ھېلىغى-چە كۆچمەن خەلقلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلمەكتە. ئۇلار ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىككى دۆلەت — مىسىر بىلەن ئىراقتا غايەت زور دەريالار سۇغۇرۇپ تۇرىدىغان رايونلار، دۇنيا سودىسىنىڭ ھەر تەرەپكە تۇتىشىدىغان يوللىرى بار بولۇپ، ئۇلار ئۇزاق قەدىمكى زاماندىن باشلاپلا ھوقۇق مەر-كەزگە مەركەزلەشتۇرۇلگەن دۆلەتلەر رايونى بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى دېگۇدەك دېھقانچىلىق دۆلىتى بولۇپ، ئاسا-سىي جەھەتتىن ئوخشاش ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ئىگە ئىدى ۋە ئۇلاردا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش ھۆكۈمرانلار سىنىپى بار ئىدى — گەرچە بۇ دۆلەتلەر ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدە ئوخ-شاش بولمىغان شەكىلدە ۋە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ھازىرقى دۇنيانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تاشقى شەكلى ۋە ئىجتىمائىي ماھىيىتى ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرەبلەر يىراققا يۈرۈش قىلغان مەزگىلدە ئەرەبلەشكەن ۋە ئىسلام

---

[1] ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ھازىر ئەرەب ئىتتىپاقىغا قاتناشقان 20 دۆلەت ۋە بىر رايوننىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 150 مىليون بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان ئاھالە 120 مىليوندىن ئارتۇق ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىننى قوبۇل قىلغان ھەمدە ئەرەبلەرنىڭ تىلى، دىنى ۋە مەدەنى-
يىتىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ مىراسقا ۋارىسلىق قىلغانىدى. لېكىن
ئۇلارنىڭ تىلىدا نۇرغۇن يەرلىك پەرقلەر ساقلىنىپ قالغان،
دىن، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئەنئەنە جەھەتتىمۇ شۇنداق بول-
غان. ئۇزاق ۋاقىتلىق ئايرىلىپ تۇرۇش بىلەن بىپايان ئارىلىق
ئەرەبلەرنى ھەرقايسى رايونلارنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن يۇغۇرۇلۇش
داۋامىدا ھەم ئورتاق ئەنئەنىگە، ھەم كۈچلۈك يەرلىك خۇسۇسى-
يەتكە ئىگە ئالاھىدە مەدەنىيەتنى يارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە
قىلغان، بەزىدە ئۇلارنى مىسىر مەدەنىيىتىگە ئوخشاش قەدىمىي
بولغان يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان. ھەرقايسى
رايونلاردىكى ئىستېلا قىلىنغان مىللەتلەر ئىچىدە ئىستېلا قىلى-
نىشنى خالىمىغانلارنىڭ تىلى ياكى دىنى ساقلىنىپ قالغان،
ھەتتا ئىستېلا قىلغۇچىلارنىڭ تىلى ۋە دىنىنى قوبۇل قىلىشنى
خالىمىغان مىللەتلەرمۇ ساقلىنىپ قالغان، مەسىلەن، ئىراقتىكى
كۈردلار، شىمالىي ئافرىقىدىكى بەربەرلەر، لىۋاندىكى مارونلار
ۋە مىسىردىكى قىبتىلار ئەنە شۇنداقلاردۇر، ئۇلار ئەرەبلەر بىلەن
بىللە ياشاپ كەلدى. ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا، قەدىمكى
ئېتىقادىنىڭ تەسىرىدە، بەزىبىر يېڭى دىنىي مەزھەپلەر پەيدا
بولدى؛ ئىراقتا شىئەلەر ۋە يەزىدچىلەر، سۇرىيە بىلەن لىۋاندا
دەرۇزچىلەر، يەمەندە زەيدچىلەر بىلەن ئىسمائىلچىلار پەيدا بول-
دى. يېڭى دەۋر ھەرقايسى ئەرەب دۆلەتلىرىنى ئوخشاش بولمىغان
تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگۈزدى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ
سەۋىيىسى پەرقلىق بولغانلىقى ۋە رايوننىڭ ھەم پادىشاھلىقنىڭ
مەنپەئەتى ئوخشاش بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، بىرلىككە كەلمە-
گەن يېڭى ئامىللار تۇغۇلدى، لېكىن يېڭى دەۋرنىڭ تەرەققىياتى

ئەرەبلەرنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئامىلىنى ئىلگىرى سۈردى — زامانىۋى قاتناشنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى ئەرەب دۇنيا- سىنىڭ ھەرقايسى رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى مىسلىسىز دەرىجىدە قويۇقلاشتۇردى ۋە كۆپەيتتى؛ مائارىپ ۋە ساۋات چىقى- رىش ھەرىكىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى ئورتاق يېزىق ۋە ئەستە قالدۇرۇش كۆچىنى ئەرەب مىللىتىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئىشلى- رىدا تېخىمۇ زور رول ئويناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى؛ ئەڭ كۆرۈنەرلىكى شۇ بولدىكى، غەرب دۆلەتلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ تەسى- رىگە قارشى تۇرۇش ئاساسىدا يېڭى ئىتتىپاقلىق بارلىققا كەلدى.

ئاخىردا، بۇ مۇقەددىمىدە يەنە بىر مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلماقچىمىز. ئىسلام تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان ياۋروپا يازغۇ- چىلىرى دائىم ھەل قىلغىلى بولمايدىغان بىر قىيىنچىلىققا يولۇ- قۇپ كەلدى. غەربچە يېزىقتا ئەسەر يازغاندا، ئۇلارغا غەربنىڭ ئاتالغۇلىرىنى قوللىنىش لازىم بولدى. ئەمما بۇ ئاتالغۇلار ئۆزىگە غەربنىڭ ئىدىيە ۋە تەھلىل كاتېگورىيىسىنى ئاساس قىلغاندى، بۇ ئىدىيە ۋە تەھلىللەرنىڭ ئۆزى بولسا ئاساسەن غەربنىڭ تارىخى- دىن خۇلاسىلەپ چىقىرىلغاندى. ئوخشاش بولمىغان بىرىكىش ئامىلى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئىگە باشقا بىر جەمئىيەتنىڭ ئەھۋا- لىغا تەتبىقلىغاندا، بۇ ئاتالغۇلار كۆپ دېگەندە ئاشۇنىڭغا ئوخشاش مەنىگىلا ئىگە بولىدۇ، ھەتتا قاتتىق ئۇقۇشماسلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. مەسىلەن ئالايلۇق، ئەرەب تىلىدا "دىنىي جەمئىيەت" بىلەن "دۆلەت"، "روھىي" بىلەن "رېئاللىق"، "دىنىي جەمئىيەتكە خاس" بىلەن "دىندىن خالىيلىق" دېگەندەك بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ئاتالغۇلارغا توغرا كېلىدىغان تېرمىنى- لار يوق ئىدى، تاكى يېقىنقى دەۋرگە كەلگەندىلا ھازىرقى زامان

پىكىر - ئىدىيىلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئۇچۇن بۇنداق تېرمىنلار ياساپ چىقىلدى؛ بۇ تېرمىنلار ئىپادىلىگەن قارىمۇقارشى مەنىلەر ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلامىيەت جەمئىيىتى ئۇچۇن يات بولغاچقا، ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇسۇلمانلار بۇلارنى زادىلا چۈشىنىپ كېتەلمەيتتى. ئىسلامىيەت جەمئىيىتىدە دىنىي جەمئىيەت بىلەن دۆلەت بىر - بىرىدىن پەرقلەندۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدە بىرلىشىپ كەتكەن؛ ئۇنىڭ داھىيسى — خەلىپە ھەم دىنىدىن خالىي باشلىق، ھەم دىنىي باشلىق ھېسابلىناتتى. بۇنىڭدىن باشقا ”فېئوداللىق تۈزۈم“ دېگەن تېرمىن، تەلەپچانلىق بىلەن ئېتىقاددا، رىم ئىمپېرىيىسى پارچىلانغاندىن تارتىپ يېقىنقى زامان تارىخى باشلانغىچە بولغان بىر مەزگىلدىكى غەربىي ياۋروپانىڭ جەمئىيەت فورمىسىنى كۆرسىتەتتى. بۇ تېرمىن باشقا رايونلار ياكى باشقا دەۋر ئۇچۇن ئىشلىتىلگەندە، ئەگەر ئۇنىڭ يېڭى مەنىسى ئېھتىياتچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈلمىسە، مۇقەررەر ھالدا: بۇ تېرمىن تەسۋىرلىگەن جەمئىيەت فورمىسى غەربىي ياۋروپانىڭ ”فېئوداللىق تۈزۈمى“ بىلەن ئوخشاش ئىكەن ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىكەن دېگەن تەسىرنى پەيدا قىلىپ قوياتتى. ھالبۇكى، ھەرقانداق ئىككى جەمئىيەتنىڭ بىر - بىرىگە تامامەن ئوخشاش بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى؛ گەرچە مۇئەييەن مەزگىلدە ئىسلام دىنى ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ غەربىي ياۋروپانىڭ فېئوداللىق تۈزۈمى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان مۇھىم نۇقتىلارنى ئىپادىلەپ قويۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن بۇنى بۇ ئىككى جەمئىيەتنىڭ تامامەن ئوخشاشلىقىنى ئىسپاتلاشنىڭ سەۋەبى قىلىۋېلىپ، بۇ تېرمىننى ھېچقانداق چەكلىمىگە قارىماي قوللىنىۋېرىشكە ھەرگىز بولمايتتى. ”دىن“، ”دۆلەت“،

”ئىگىلىك ھوقۇقى“، ”دېموكراتىيە“ دېگەنگە ئوخشاش ئاتالغۇلار ئىسلامىيەت جەمئىيىتىدە زادىلا ئوخشىمايدىغان مەنىلەرگە ئىگە ئىدى، يەنە كېلىپ بۇ ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسى ئەمەلىيەتتە ياۋروپا-نىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىمۇ ئۆزگىرىپ تۇراتتى. لېكىن ئىنگ-لىز يېزىقىدا بىرنەرسە يازغاندا، ھەتتا غەربنىڭ ئىدىيىسى ۋە تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىنىڭ تەسىرىگە بىر ئەسىرچە ئۇچرىغان شەرقنىڭ بەزىبىر ھازىرقى يېزىقلىرىدا بىرنەرسە يازغاندا، بۇ خىل ئاتالغۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى مۇقەررەر. تۆۋەندىكى بابلاردا بۇنىڭغا ئوخشاش تېرمىنلارنى ئىسلام دىنىنىڭ چۈشەنچىسى بويى-چە چۈشىنىش، شۇنىڭدەك ئىسلام دىنىنىڭ غەربنىڭ مۇناسىۋەت-لىك تۈزۈملىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان جەريانلىرىنى كۆزدىن كە-چۈرگەندىمۇ ھەرقايسى بابلاردا ئالاھىدە چۈشەندۈرۈلگەن دائىرى-دىن چىقىپ كەتمەسلىك لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب

## ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرىكى ئەرەبلەر

"دېڭىز ساھىلىدىكى دالاغا ئائىت ۋەھىيدە شۇنداق دېيىلگەنلىكى، قارا بوران دالىدىن، قورقۇنچلۇق بىر يەردىن كۆتۈرۈلۈپ، خۇددى جەنۇبتىن چىققان قۇيۇندەك شىددەت بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ."

— «تەۋرات. يەشەيەھنامە»، 21 - باب، 1 - بۆلۈم.

ئەرەب يېرىم ئارىلى كۆلىمى 1 مىليون 250 مىڭ كۋادرات مىل كېلىدىغان سوقچاق شەكىللىك بىر يەر. ئۇنىڭ شىمال تەرىپىدە تارىختا "مۇنبەت ھىلال ئاي" دەپ ئاتالغان بىر قاتار رايونلار — مېسوپوتامىيە، سۇرىيە ۋە پەلەستىن رايونلىرى — شۇنىڭدەك بۇ رايونلارنىڭ چېتىدىكى قۇملۇقلار بار؛ شەرق ۋە جەنۇب تەرەپلىرى پارس قولتۇقى بىلەن ھىندى ئوكيانغا يانداشقان؛ غەرب تەرىپى قىزىل دېڭىزغا تۇتىشىدۇ. يېرىم ئارالنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى يەمەن رايونى سۇ ئىنشائاتلىرى تەرەققىي قىلغان تاغلىق رايون بولۇپ، ئۇ يەردە ناھايىتى ئىلگىرىلا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە بىرقەدەر روناق تاپقان مەدەنىيەت بارلىققا كەلگەنىدى. يېرىم ئارالنىڭ باشقا رايونلىرى سۇسىز دالا ۋە قۇملۇقلار بولۇپ، ئۇ يەرلەردىكى ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۇچراپ تۇرىدىغان بوستانلىقلارنى بىرنەچچە كارۋان يولى بىلەن سودا يولى

تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. ئارالنىڭ ئاھالىسى، ئاساسەن، چارۋا بې-
قىشنى، شۇنىڭدەك بوستانلىقلاردىكى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى دېھ-
قانچىلىق رايونلىرى خەلقىنى بۇلاشنى تۇرمۇش مەنبەسى قىلغان،
ئوت - سۇ قوغلىشىپ ياشايدىغان كۆچمەن چارۋىچىلار ئىدى.

ئەرەبىستاندىكى قۇملۇقلار ئوخشاش بولمىغان بىرنەچچە
خىل تىپقا ئايرىلاتتى. ئەرەبلەرنىڭ ئايرىشى بويىچە، ھەممىدىن
مۇھىمى دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان كۆچمە قۇم بارخانلىرىدىن
تەركىب تاپقان بىپايان ”نۇفۇد قۇملۇقى“ ئىدى؛ سۇرىيە ۋە ئىراق
چېگرىسىغا جايلاشقان ”ھەماد قۇملۇقى“نىڭ يەر تۈزۈلۈشى بىر-
قەدەر قاتتىق ئىدى؛ ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى تۇتاش كەتكەن كەڭ
دالا بولۇپ، بىرەر يامغۇر يېغىپ قالىدىغان بولسا، ئۇ يەرلەردە
ۋاقىتلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسۈپ چىقاتتى؛ ئەڭ ئاخىردىكىسى ئا-
رالنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى كېسىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان
بىپايان قۇملۇق ئىدى. بۇ رايونلار ئارىسىدىكى قاتناش ئىشلىرى
قىيىن ئىدى ۋە چەكلىمىگە ئۇچراپ تۇراتتى، ئاساسىي قاتناش
يولى سۈيى قۇرۇپ كەتكەن دەريالار ئىدى، شۇنداق بولغاچقا
ئەرەبىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ بىر - بىرى
بىلەن بولغان ئالاقىسى ناھايىتى ئاز ئىدى.

يېرىم ئارالنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ۋە شىمالىي قىسمىنى ئەرەب-
لەر ئەنئەنە بويىچە ئۈچ رايونغا بۆلەتتى: بىرىنچىسى ”تىھامە“
(سېمىت تىلىدىن كەلگەن بۇ سۆز ”ئويمان يەر“ دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ) بولۇپ، قىزىل دېڭىزنى بويلاپ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر
پەسلەپ سوزۇلغان تۈزلەڭلىكلەر ۋە يانتۇ يەرلەرنى كۆرسىتەتتى؛
ئىككىنچىسى تىھامىدىن شەرققە قاراپ سوزۇلغان ”ھىجاز“ رايونى
ئىدى (بۇ سۆز ”توساق“ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ). بۇ سۆز

ئەسلىدە دېڭىز ياقىسىدىكى يەرلەر بىلەن ”نەجد“ ئېگىزلىكى ئوتتۇرىسىدىكى تاغلارنى كۆرستەتتى، كېيىن دېڭىز ياقىسىدىكى تۈزلەڭلىكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولغان؛ ئۈچىنچىسى ”نەجد“نىڭ شەرقىدىكى كەڭ كەتكەن ”نەجد“ ئېگىزلىكى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى ”نۇفۇد“ قۇملۇقىدىن تەركىب تاپقانىدى.

ئىلگىرىدىن باشلاپلا، ئەرەبىستان ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىكى دۆلەتلەر يىراق شەرق بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىدىغان قاتناشنىڭ تۈگۈنى ئىدى، بۇ يولنىڭ تەرەققىياتى، ناھايىتى زور دەرىجىدە، يېرىم ئارالنىڭ شەرق تەرىپى بىلەن غەرب تەرىپى ئوتتۇرىسىدىكى سودىنىڭ ئۆزگىرىشىنى بەلگىلەيتتى. ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى قاتنىشىدا ئارالنىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى بويىچە بىرقانچە مەشھۇر يول شەكىللەنگەنىدى: بىرىنچىسى ھىجاز يولى بولۇپ، بۇ يول پەلەستىن بىلەن تاشقى ئوردۇندىكى قىزىل دېڭىز پورتلىرى ۋە چېگرا رايونىدىكى مۇھىم شەھەرلەردىن باشلىنىپ، ئارالنىڭ قىزىل دېڭىز بويى بىلەن ئۇدۇل يەمەنگە باراتتى. ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە، بۇ يول ئىسكەندەر ئىمپېرىيىسى ۋە ئۇنىڭ يېقىن شەرقتىكى ۋارىسلىرى بىلەن يىراق شەرق ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى كارۋان يولى بولغان، يېقىنقى زاماندا ھىجاز تۆمۈريولىنىڭ لىنىيىسى بولدى. ئىككىنچىسى ”ۋادى دەۋاسىر“ يولى (دەۋاسىر ۋادىسى يولى) بولۇپ، بۇ يول يەمەننىڭ شەرقىي شىمالىدىن ئەرەبىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا بارغاندا ئۇ يەردىكى يەنە بىر يول —”ۋادى رۇممە“ يولى بىلەن تۇتىشىپ، مېسوپوتامىيىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىغا باراتتى. بۇ يول قەدىمكى يەمەننىڭ ئەسسۇرىيە ۋە بابىلۇن بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم ۋاستە بولغان-

دى. ئۈچىنچىسى ”ۋادى سەرھان“ يولى بولۇپ، بۇ يول ئەرەبىس-
تاننىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلىنىپ، ”جەۋف“ بوستانلىقىدىن ئۆ-
تۈپ سۇرىيىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىغا باراتتى.

بىز ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مىسىردا، پەلەستىنىدە ۋە مېسوپو-
تامىيىدە ئېلىپ بارغاندەك ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئىشلىرىنى
ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرى، ئەرەب-
لەرنىڭ دەسلەپكى چاغلاردىكى تارىخى تېخى ئېنىق ئەمەس ئىدى.
بۇ جەھەتتە ئىزدەنگۈچىلەر بىر تاغار كېلىدىغان گۇمانلىق تەسەۋ-
ۋۇرلار ئىچىدىن ئۆزىنىڭ يولىنى ئىزدەۋاتاتتى. تارىخشۇناسلار
ئۆز قولىدىكى چولتا ماتېرىياللارغا قاراپلا بۇ تەسەۋۋۇرلارنى يا
تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلمەيتتى، يا تولۇق ئاغدۇرۇۋېتەلمەيتتى.
بۇ ماتېرىياللار ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇر بولغىنى كۆزگە كۆرۈنگەن
ئىككى تەشەببۇسچىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ”ۋىنكلېر —
كېتانى“ تەلىماتى بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە، ئەرە-
بىستان ئەسلىدە ئىنتايىن مۇنبەت بىر پارچە يەر ۋە سېمىتلەرنىڭ
تۇنجى ۋەتىنى ئىدى. نەچچە ئون مىڭ يىللاردىن بېرى، ئۇ
ئۈزلۈكسىز قۇرغاقلىشىپ بېرىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەچ-
كە، نۇرغۇنلىغان يەر ئاستى بايلىقلىرى ۋە دەريالار قۇرۇپ كەت-
كەن، تېرىغلى بولىدىغان يەرلەر بىپايان قۇملۇققا ئايلىنىپ
كەتكەنىدى. يېرىم ئارالنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ھە-
دەپ ئاجىزلىشىپ كېتىشى، ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئاھالە
ئوشۇقچىلىقىدەك بىر قاتار كرىزىسنىڭ كېلىپ چىقىشى نەتىجى-
سىدە، يېرىم ئارالدىكى سېمىت خەلقى ئۆزىگە قوشنا ئەللەرگە
قەرەللىك تاجاۋۇز قىلىپ تۇرىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىققانىدى.
دەل مۇشۇ كرىزىسلەر سۇرىيىلىكلەرنىڭ، ئارامىيلارنىڭ، كەن-

ئانلىقلارنىڭ (جۇملىدىن فىنىقىيلار ۋە ئىبرىيلارنىڭ)، ئاخىردا ئەرەبلەرنىڭ "مۇنبەت ھىلال ئاي" رايونىغا كۆچۈپ كىرىشىگە تۇرتكە بولغان. دېمەك، تارىختىكى ئەرەب مىللىتى قەدىمكى زامان تارىخىدىكى مۇشۇنداق چوڭ يۆتكىلىشلەردىن كېيىن يېرىم ئارالدا قېلىپ قالغان ئاھالىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇشى مۇمكىن. گەرچە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا تېخى ھازىرغىچە تولۇق جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن قۇرۇپ كەتكەن دەريالار، شۇنىڭدەك بىر مەزگىل مۇنبەتلەشكەن يەرلەرنىڭ بولغانلىقىغا ئوخشاش ئىزنالار ئوتتۇرىغا چىقتى، بۇلارنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تەلىماتنىڭ دەلىلى قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما، بۇلار بۇ قۇرغاقلىشىش جەريانىنىڭ يېرىم ئارالدا كىشىلەر ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغاندىن كېيىن يۈز بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ، ھەتتا بۇ جەرياننىڭ سۈرئىتىنىڭ ئىنسانلار ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكۈدەك دەرىجىدە تېز بولغانلىقىنىمۇ ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. بۇلاردىن باشقا، بۇ تەلىمات ئۈچۈن يېزىقشۇناسلىق جەھەتتىكى بىر ئىسپاتمۇ بولۇشى كېرەك: ئەرەب يېزىقى، ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت قۇرالى سۈپىتىدە ئېيتقاندا، گەرچە سېمىت يېزىقىنىڭ كېيىنرەك ئوتتۇرىغا چىققان بىر تارمىقى بولسىمۇ، لېكىن گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسىنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرى ئۇنىڭ سېمىت يېزىقىنىڭ ئەڭ قەدىمىكى بىر تارمىقى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇ سېمىتلەرنىڭ دەسلەپكى تىلىغا ئەڭ يېقىن كېلىدۇ. بۇ تەلىمات بىلەن تەڭ تۇرىدىغىنى ئىتالىيە ئالىمى ئىگنازىئو گۇيدىنىڭ بىرخىل پەرىزىدۇر. ئۇ سېمىتلەرنىڭ ۋەتىنى جەنۇبىي مېسوپوتامىيە دېگەننى قۇۋۋەتلەيدۇ ھەمدە سېمىتلەرنىڭ ھەرقايسى تىل سىستې-

مىسىدا "دەريا" بىلەن "دېڭىز" نى ئاتايدىغان ئورتاق ئاتالغۇ بارلى-
قىنى، "تاغ" بىلەن "ئېدىرلىق" نى ئاتايدىغان ئورتاق ئاتالغۇنىڭ
يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. باشقا ئالىملارمۇ ئافرىقا بىلەن ئەرمىنىي-
يە سېمىتلەرنىڭ ۋەتىنى دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئەرەبلەر ئارىسىدا تارقالغان رىۋايەتتە ئەرەبلەر شىماللىقلار
ۋە جەنۇبلۇقلار دېگەن ئىككى ئاساسىي تارماققا بۆلۈنىدۇ. بۇنداق
ئايرىش «تەۋرات • ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» دا ئەكس ئەتتۇرۇل-
گەن، ئۇنىڭدا "سېمىت" لەرنىڭ ئەۋلادلىرى ئەرەبىستاننىڭ غەر-
بىي جەنۇبىي قىسمى، ئوتتۇرا قىسمى ۋە شىمالىي قىسمى دېگەن
چوڭ ئىككى مەنبەگە ئايرىلغان، كېيىنكى مەنبەگە ئايرىلغانلار
ئىبرىيلارغا بىرقەدەر يېقىن كېلەتتى. بۇنداق ئايرىشنىڭ ئىرق-
شۇناسلىقتىكى ئەھمىيىتىنى ھازىر چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس،
كەلگۈسىدىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ. ئۇ تارىختا ئالدى بىلەن تىلشۇ-
ناسلىق ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى مەخسۇس ئىسىم سۈپىتىدە ئوت-
تۇرىغا چىققان. جەنۇبلۇق ئەرەبلەرنىڭ تىلى شىماللىقلارنىڭ
تىلىغا ئوخشىمايدۇ — كېيىنكىسى بىرۋاراقى تەرەققىي قىلىپ
كلاسسىك ئەرەب تىلىغا ئايلانغان؛ ئالدىنقىسى بولسا باشقا بىر
خىل ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان، بىز بۇ ھەرپلەرنى قەبرە تاشلىرىدا
ئۇچرىتالايمىز، ئۇ ئېفىئوپىيە يېزىقىغا يېقىن كېلىدۇ، ئەمەلى-
يەتتە ئېفىئوپىيە يېزىقىنى جەنۇبىي ئەرەبىستان مۇستەملىكىچى-
لىرى ھەبەشىستاندا تەرەققىي قىلدۇرغان، چۈنكى ئۇلار ئۇ يەردە
ئېفىئوپىيە مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەركىزىنى قۇرغان.
باشقا بىر مۇھىم پەرق شۇكى، جەنۇب ئەرەبلىرى ئولتۇراقلاشقان
خەلق ئىدى.

جەنۇبىي ئەرەبىستان دەسلەپكى تارىخىنىڭ دەۋرى ئېنىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمەس. تارىخي خاتىرىلەردە ”سەبە“ پادىشاھلىقى دېگەن ئەڭ قەدىمكى بىر پادىشاھلىق تىلغا ئېلىنغان، بۇ خرىستىئان دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىدا زىكرى قىلىنغان ”شىبا“ پادىشاھلىقى بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ ئايال پادىشاھى ھەزرىتى سۇلايمان پەيغەمبەر بىلەن ئالاقە ئورناتقان. ”سەبە پادىشاھلىقى“ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 10 ـ ئەسىر ئەتراپىدا ئۆتكەن بىر دۆلەت بولۇشى مۇمكىن. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 8 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئۇ پادىشاھلىق توغرىسىدىكى پارچە ـ پۇرات خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ، تارىخ ئۇنىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىردە تولۇق تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 750 ـ يىللىرى ئەتراپىدا سەبە پادىشاھلىقىنىڭ بىر پادىشاھى مەشھۇر ”مەئرىب“ توسمىسىنى ياساتقان، بۇ توسما خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە شۇ پادىشاھلىقنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا ئوبدان رول ئوينىغان. سەبەلەر قارشى قىرغاقتىكى يەنى ئافرىقا دېڭىز بويلىرىدىكى رايونلار، ھەتتا ئافرىقا قۇرۇقلۇقىدىكى دۆلەتلەر بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورناتقان بولۇشى مۇمكىن. سەبەلەرنىڭ ئافرىقا رايونىغا كەڭ كۆلەمدە ئادەم يۆتكىگەنلىكى ئېنىق، ئۇلار ئۇ يەردە ”ھەبەشىستان پادىشاھلىقى“نى قۇرغان، پادىشاھلىقنىڭ بۇ ئىسمى ئەرەبىستاننىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى ”ھەبەش“ دېگەن بىر ئىرقتىن كەلگەن.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىشى بىلەن، ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدىكى دۆلەتلەر يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرق بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، يۇناننىڭ بارغانسېرى كۆپلىگەن ماتېرىياللىرى غەربنىڭ جەنۇبىي ئەرەبىستانغا بولغان قىزىقىشىنىڭ كونىسىن ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. مە-

سىردا ئۆتكەن پتولېمېي پادىشاھلىقىنىڭ خانلىرى ئەۋەتكەن پارا-
خوت قىزىل دېڭىزدىن ئۆتۈپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ دېڭىز
بويلىرىنى ۋە ھىندىستانغا بارىدىغان سودا يولىنى تەكشۈرگەن.
ئۇلارنىڭ يېقىن شەرقتىكى ۋارىسلىرى بۇ ئىشقا بولغان قىزىقى-
شىنى داۋاملاشتۇرغان. مىلادىيە 5 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا
سەبە پادىشاھلىقى ئىنتايىن زەئىپلەشكەن. ئىسلام دىنى ۋە خرىس-
تىئان دىنىغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار ئۇنىڭ جەنۇبىي ئەرە-
بىستاندىكى باشقا بىر ئىرقى — ھىمىيەرلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى
ئاستىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ھىمىيەر پادى-
شاھلىقىنىڭ ئاخىرقى بىر پادىشاھى — زۇ نۇۋاس يەھۇدىي دىنىغا
كىرگەنىدى. ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ يەھۇدىيلارغا سالغان
زىيانكەشلىكىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، ئۇ جەنۇبىي ئەرەبىستاندى-
كى خرىستىئان ئاھالىلەرگە قارىتا باستۇرۇش ۋاستىسىنى قول-
لاندى. بۇ ئىش ئۆز نۆۋىتىدە ۋىزانتىيە بىلەن ئېفىئوپىيىنىڭ
ئىنكاسىنى قوزغىدى. ئۇ چاغدا ئېفىئوپىيە خرىستىئان دىنىدىكى
دۆلەت ئىدى، ئۇ دەرھال بۇنى باھانە قىلىپ ۋە بۇ پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان خرىستىئانلار ئۈچۈن ئىن-
تىقام ئالدى ھەم ھىندىستانغا بارىدىغان سودا يولىنى تارتىۋالدى.
ئېفىئوپىيىنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنى شۇ يەرلىك خرىستىئانلارنىڭ
قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا سەبە پادىشاھلىقىنى مۇنقەرىز
قىلدى. ئەمما ئېفىئوپىيىنىڭ يەمەندىكى ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاق
داۋام قىلمىدى. مىلادىيىنىڭ 575 - يىلى پارسلار يەمەنگە تاجا-
ۋۇز قىلىپ، ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا يەمەننى ئۆزىنىڭ بىر
ۋىلايىتى قىلىۋالدى. پارسلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىمۇ ھېچقانچە ئۇ-
زاققا بارمىدى، مۇسۇلمانلار يىراققا يۈرۈش قىلىش ھارپىسىدا

ئۇلارنىڭ ئىزنىمۇ ئاساسەن قالمىغانىدى.

جەنۇبىي ئەرەبىستاننىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى دېھقانچىلىق ئىدى، ئۇ يەردىكى قەبرە تاشلىرىدا توسما، قانال، چېگرا مەسىلىسى ۋە يەر مەسىلىسى دېگەنلەر دائىم ئۇچراپ تۇراتتى، بۇلار ئۇ جەمئىيەتنىڭ يۇكسەك تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. جەنۇبىي ئەرەبىستاندىن دانلىق زىرائەتتىن باشقا يەنە مۇرمەككە ۋە باشقا خۇش پۇراق ماتېرىياللار چىقاتتى. بۇ نەرسىلەر جەنۇبىي ئەرەبىستان ئېكسپورت قىلىدىغان ئاساسىي نەرسىلەر ئىدى. جەنۇبىي ئەرەبىستاندىن چىقىدىغان خۇش پۇراق ماتېرىياللارنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدىكى دۆلەتلەرگە جەنۇبىي ئەرەبىستان ئارقىلىق كېلىدىغان باشقا جايلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىغا قوشۇلۇپ كېلىشى جەنۇبىي ئەرەبىستاننى "باي ماكان" دېگەن گۇزەل نامغا ئىگە قىلغان، يەنى قەدىمكى زاماندا ئۇ "بەختىيار ئەرەبىستان" دەپ ئاتالغانىدى. ئەرەبىستاننىڭ خۇش پۇراق ماتېرىياللىرى غەربنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە، مەسىلەن، هوراسېنىڭ «ئەرەبىستاننىڭ ئاشلىق ئىسكىلاتى»، شېكىسپېرنىڭ «ئەرەبىستاننىڭ خۇش پۇراق ماتېرىياللىرى»، مىلتوننىڭ «بەختىيار ئەرەبىستاننىڭ خۇش پۇراق ماتېرىياللىرى چىقىدىغان دېڭىز بويلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە كۆپلەپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىدى.

جەنۇبىي ئەرەبىستاننىڭ سىياسىي تەشكىلى پادىشاھلىق مۇستەبىت تۈزۈم ئىدى، بۇ مۇستەبىت تۈزۈم گويا ئاتىغا ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىدىغان مۇستەھكەم ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى. جەنۇبىي ئەرەبىستاننىڭ پادىشاھلىرى شەرق دۆلەتلىرىنىڭ پادىشاھلىرىغا ئوخشاش مۇقەددەس خاراكتېرگە ئىگە ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ هوقۇقى ئاز دېگەندە بەزى مەزگىللەردە ئاقسۆڭەكلەر

يىغىنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇراتتى، كېيىنكى چاغلاردا يەنە مۇشتۇمزورلار يەر بۆلۈشۈۋالىدىغان فېئودالىلىق تۈزۈمىنىڭ ئاسارىتىگە ئۇچرىغانىدى. بۆلۈنمە يەرلەرگە ئىگە بولۇۋالغان بۇ بەگ - تۆرىلەر قورغانلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ پۇقرالىرىغا ۋە دېھقانلارغا هۆكۈمرانلىق قىلاتتى.

جەنۇبىي ئەرەبىستاننىڭ دىنى مۇشرىكلىك (كۆپ ئىلاھلىق) دىنى بولۇپ، قەدىمكى زاماندىكى سېمىت خەلقىنىڭ باشقا دىنىغا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ كېتەتتى، لېكىن ئىنچىكىلەپ كەلسە تازا ئوخشاپمۇ كەتمەيتتى. بۇتخانىلار جامائەت تۇرمۇشىنىڭ مۇ-هىم مەركىزى بولۇپ، نۇرغۇن بايلىقىغا ئىگە ئىدى ۋە بۇ بايلىقنى باش مۇتىۋەللى بىر تۇتاش باشقۇراتتى. خۇش پۇراق ماتېرىياللار-نى يىغىش مۇقەددەس ۋەزىپە دەپ قارىلاتتى، ئۇنىڭ ئۇچتىن بىرى ئىلاھلار يولىدا نەزىر - چىراغ قىلىشقا ئىشلىتىلەتتى. بۇ چاغدا كىشىلەر يېزىقنى ئىجاد قىلىپ بولغان بولۇپ، نۇرغۇنلىغان قەبرە تاشلىرىنى مىراس قىلىپ قالدۇرغانىدى، لېكىن هېچقان-داق كىتاب ياكى يازما هۆججەتلەرنى قالدۇرمىغانىدى.

بىز ئەرەبىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسىملىرىغا كەلگىنىمىزدە، ئەھۋال ئېنىقلا ئوخشىماي قالدى، ئۇ يەرلەردە ئېرىشكەن ماتېرىياللىرىمىز بەكمۇ ئاز بولدى. بىز خرىستىئان دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىدا، ئەسسۇرىيلار ۋە پارسلارنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا بەزىدە ئەرەبىستاننىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسىملىرىدىكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ ئەھ-ۋالى زىكرى قىلىنغانلىقىنى بىلەتتۇق. جەنۇبىي ئەرەبىستانلىق-لارمۇ گويا مەلۇم دائىرىدە شىمالغا يۆتكەلگەندەك ئىدى، بۇ ئېھتىمال سودا - سېتىق ئۈچۈن بولغان بولسا كېرەك. بىز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋە تەپسىلىي تارىخىي بىلىملىرىمىز يۇنان ۋە رىم كلاسسىتسىزمى دەۋرىدىن باشلانغان، ئۇ چاغدا سۇرىيىدىن كەلگەن "يۇنانلىشىش" تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، شۇنىڭدەك ئەرەبىستاننىڭ غەربىي قىسمىدىكى سودا يولىنىڭ دەۋرىيلىك پاي-دىلىنىلىشى ئارقىسىدا سۇرىيە ۋە ئەرەبىستاننىڭ شىمالىي قىس-مىدىكى قۇملۇقنىڭ سىرتىدا يېرىم مەدەنىيلىككە ئىگە بىر قاتار چېگرا دۆلەتلىرى پەيدا بولغانىدى.

بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى گەرچە ئەرەبىستان قان سىستېمى-سىدىكى دۆلەتلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار "يۇنانلاشقان" ئارامىي مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى ھەمدە ئۇلارنىڭ قەبرە تاشلىرىغا ئارامىي يېزىقىدىكى خەتلەر ئويۇلغانى-دى. ئۇلارنىڭ ئەرەبچە يېزىقى پەقەت مەخسۇس ئىسىملاردىلا ئۇچرايتتى. بۇنداق ئىسىملارنىڭ ئەڭ بالدۇرقىسى ۋە ئەڭ مۇھىمى "نەبەتلەر" ئىدى، ئۇلارنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرىدىكى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونى ئەقەبە قولتۇقىدىن ئۆلۈك دېڭىزغى-چە بولغان ۋە ھىجازنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. قەبرە تاشلىرىدىن مەلۇم بولغان تۇنجى پادىشاھ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 169 ـ يىلى تىلغا ئېلىنغان "ئارتاس" ئىدى (بۇ پادىشاھ ئەرەبچە "ھارىسە" II دەپ ئاتىلاتتى). بۇ دۆلەتنىڭ پايتەختى "پېترا" (ئەرەبچە ئاتىلىشى "بەترا") بولۇپ، ھازىرقى ئېئوردانىيە پادىشاھلىقىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە ئىدى. نەبەت پادىشاھلىقى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 65 ـ يىلى پومپېيۇس[1] پېترانى زىيارەت قىلغاندا رىم بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقانى-

---

① پومپېيۇس — قەدىمكى رىم قوماندانى. — تەرجىماندىن.

دى. رىملىقلار ئەرەب پادىشاھلىقى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت
ئورناتقانىدى. بۇ ئەرەب پادىشاھلىقى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرق-
تىكى ئولتۇراقلاشقان رايونى بىلەن بويسۇندۇرغىلى بولمايدىغان
قۇملۇق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانىدى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى
25 — 24 - يىللىرى نەبەت پادىشاھلىقى ئېلىئاس گاللۇسنىڭ
يىراقتا يۇرۇش قىلىدىغان بازىسىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ قې-
تىم رىم پادىشاھى ئوغۇستۇس يىراقتا يۇرۇش قىلغۇچى بىر
قوشۇننى يەمەنگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەنىدى، بۇ رىملىقلارنىڭ
ئەرەبىستانغا تاجاۋۇز قىلىشنى تۇنجى قېتىم سىناپ كۆرۇشى
ئىدى. بۇ قوشۇننىڭ مۇددىئاسى ھىندىستانغا بارىدىغان سودا
يولىنىڭ جەنۇبىي ئېغىزىنى چاڭگىلىغا ئېلىش ئىدى. ئېلىئاس
گاللۇس نەبەتلەرنىڭ قىزىل دېڭىزدىكى بىر پورتىدىن چىقىپ،
مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يەمەن قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ
خېلى ئىلگىرىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى يۇرۇشى
پۇتۇنلەي مەغلۇب بولدى، نەتىجىدە رىم قوشۇنى شەرمەندە بولۇپ
چېكىنىپ چىقتى.

مىلادىيە 1 - ئەسىردە، رىم بىلەن نەبەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى
يامانلىشىشقا يۇزلەندى، 105 - يىلى رىم پادىشاھى ترايانۇس
نەبەتلەرنىڭ شىمالىي قىسمىنى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر ئۆلكى-
سى قىلىۋالدى، بۇ تارىختا "ئۇچىنچى پەلەستىن" دېيىلگەن
يەرلەردۇر. بىز شۇنىمۇ ئېيتقاچ كېتەيلى: رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ
چېگرا رايون ئۆلكىسىدىكى ئەرەبلەر رىم ئىمپېرىيىسىگە ئاز دې-
گەندە بىر پادىشاھ يېتىشتۇرۇپ بەردى، ئۇ بولسىمۇ مىلادىيىنىڭ
244 — 249 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان فىلىپتۇر. ئۇ ئۆل-
گەندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە سۇرىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارامىيلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغان ئىككىنچى بىر ئەرەب چېگرا دۆلىتى، يەنى مەشھۇر «پالمىرا» پادىشاھلىقى بار-لىققا كەلدى (بۇ پادىشاھلىق ئەرەبچە «تەدمۇر» دەپ ئاتالغان). بۇ پادىشاھلىق سۈرىيە بىلەن ئەرەبىستان قۇملۇق رايوندا قۇرۇلغاندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ يەر غەربىي قىسىمدىكى سودا يولىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ھۆكۈم-رانى «ئودىناسۇس» (ئەرەبچە ئاتىلىشى «ئۇزەينە») ئىدى، ئۇ رىم پادىشاھلىقى بىلەن پارس پادىشاھلىقى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشتا رىملىقلارغا بولۇشقانلىقتىن، 265 ـ يىلى رىم پادىشاھى گاللىيانۇس تەرىپىدىن خان دەپ ئېتىراپ قىلىنغانىدى. ئۇ ئۆل-گەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خانىشى — دۇنياغا داڭقى كەتكەن «زەنۇبىيە» (ئەرەبچە ئاتىلىشى «زەينەب») داۋاملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، بىرمەھەل يېقىن شەرقنىڭ كۆپ قىسىم رايونىنىڭ ئايال پادىشاھى بولۇپ قالدى ھەمدە ئوغلىنى «قەيسەر ئو-غۇستۇس» دەپ ئېلان قىلدى (ئەرەبلەر ئۇنى «ۋەھبۇللات» دەپ ئاتايتتى). كېيىن، رىم پادىشاھى ئورېلىيان ئۇنى قاتتىق ئەيىب-لەپ، مىلادىيىنىڭ 273 ـ يىلى پالمىرانى ئىشغال قىلىپ، بۇ پادىشاھلىقنى بويسۇندۇردى، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ غەلىبە قىل-غانلىقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە، زەنۇبىيىنى ئالتۇن كويزا سې-لىپ رىمغا ئېلىپ كەتتى.

بۇ ئىككى دۆلەت گەرچە رىم تارىخىدا بىرمەھەل شۆھرەت قازانغان بولسىمۇ، لېكىن غىل ـ پال كۆرۈنۈپلا ئۆتۈپ كەتتى، جەنۇبىي ئەرەبىستان پادىشاھلىقىدەك چىڭ ۋە تېگى پۇختا بولالمى-دى، بۇ ئاساسەن ئۇلارنىڭ چېچىلاڭغۇ كۆچمەن چارۋىچىلار ۋە يېرىم كۆچمەن چارۋىچىلار ئاساسىغا قۇرۇلغانلىقىدىن ئىدى. بۇ

ئىككى دۆلەتنىڭ مۇھىم بولۇشى ئاساسەن ئۇلارنىڭ شەرقىي سودا يولى بىلەن غەربىي سودا يولى ئۈستىگە جايلاشقانلىقى (رىمدىن غەربىي ئەرەبىستان ئارقىلىق شەرق ئەللىرىگە بارغىلى بولىدىغان-لىقى) دىن ھەمدە رىم ئۈچۈن ئارىلىق دۆلەتلىك ۋە باج - خىراج تاپشۇرىدىغان بېقىندى دۆلەتلىك رولىنى ئويناپ، رىمنى غايەت زور ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ سەرپ قىلىپ قوملۇق ئەتراپىدى-كى رايونلارنىڭ مۇداپىئەسىنى ساقلايدىغان ئىشتىن خالاس قىلى-غانلىقىدىن ئىدى.

"يۇنانلىشىش" دەۋرىدە يېرىم ئارالنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇقىدا باش كۆتۈرۈپ چىققان ئىككى ئەرەب دۆلىتىگە كەلسەك، ئۇلارغا ئائىت تارىخىي خاتىرىلەر تېخىمۇ ئاز. بۇ ئىككى دۆلەت "لىھيان" بىلەن "سەمۇد" ئىدى. ئۇلارغا ئائىت بىلىملەر، ئاساسەن، ئۇلارنىڭ ئۆز يېزىقى بىلەن قەبرە تاشلىرىدىن كەلگەن؛ «قۇرئان كەرىم» دىمۇ سەمۇد دۆلىتى توغرىسىدىكى بەزى خاتىرىلەر بار. بۇ دۆلەت-لەرنىڭ ئىككىلىسىگويا بىرمەھەل نەبەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۇچراپ، كېيىنكى چاغلاردىلا ئاندىن مۇستەقىل بولغانىدى.

مىلادىيە 4 - ئەسىرنىڭ مەلۇم مەزگىلىدە شەرقىي سودا يولى بىلەن غەربىي سودا يولى گويا ئەرەبىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىن باشقا تەرەپكە يۆتكەلگەن — يەنى مىسىر ۋە قىزىل دېڭىز ئارقىلىق ياكى فۇرات دەرياسى ۋە پارس قولتۇقى ئارقىلىق ماڭىدىغان بولغانىدى. 4 - ئەسىردىن 6 - ئەسىرگىچە بولغان مەزگىل بۇ ئىككى سودا يولىنىڭ زاۋالغا يۈزلىنىش ۋە چېكىنىش مەزگىلى بولدى. ئەرەبىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا، خۇد-دى بىز كۆرۈپ ئۆتكەندەك، يەمەننىڭ مەدەنىيىتى خارابلاشقان ھەمدە يەمەن چەت ئەلنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغا-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىدى. گۈللىنىشىنىڭ بەربات بولۇشى ۋە جەنۇبىي قىسمىدىكى قەبىلىلەرنىڭ شىمالغا يۆتكىلىشى ئەرەبلەرنىڭ رىۋايىتىدە مەئرىب توسمىسىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ۋەيران بولۇشى ۋە شۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن قاقاسلىق سەۋەبىدىن بولغان دېگەن تەسىرلىك بىر تارى-خىي ۋەقە قىلىپ تەسۋىرلەندى. شىمالىي قىسمىدىكى بىر مەھەل گۈللەنگەن چېگرا دۆلەتلىرى يا ئىمپېرىيىنىڭ بىۋاستە ھۆكۈم-رانلىقىغا ئۇچرىدى، يا كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ ھۆكۈ-مەتسىزلىك ھالىتىگە قايتىپ كەتتى. ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ كۆپ قىسىم رايونىدىكى ئىلگىرى بىر مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شەھەرلەر كىچىكلەپ كەتتى ياكى يوقالدى، كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا سودا ۋە دېھقانچىلىق-نىڭ ئورنىنى ئالدى.

ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشىنىڭ ھارپىسىدىكى مۇھىم پەيت-تە، ئەرەبىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمى ۋە شىمالىي قىسمىدىكى ئاسا-سىي ئاھالىلىك بەدەۋىيلەرنىڭ قەبىلە تۇرمۇشى ئىدى. بەدەۋىي-لەر جەمئىيىتىدە، ئىجتىمائىي تەشكىلىي بىرلىك شەخس ئە-مەس، كوللېكتىپ ئىدى. شەخس پەقەت بىرەر كوللېكتىپنىڭ ئەزاسى بولغان چاغدىلا ئاندىن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇ-رىيىتى بولاتتى. كوللېكتىپنىڭ شەكىللىنىشى، تاشقى جەھەتتە، قۇملۇق تۇرمۇشىدا ئۇچرايدىغان قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ - خەتەرگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى بولسا، ئىچكى جەھەتتە، ئەرلىك قانداشلىق مۇناسىۋەتنى ۋاستە قىلىشقا تايىنىشنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى ھېسابلىناتتى. قەبىلىنىڭ تۇرمۇشى كوللېكتىپ ئىگە-دارلىقىدىكى قوي ۋە تۆگىلەرگە تايىناتتى، شۇنىڭدەك يېقىن ئەتراپتىكى ئولتۇراقلاشقان خەلقلەرنى ۋە ئۆز تەۋەسىدىن ئۆتكەن

كارۋانلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقىمۇ تايىناتتى. ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ تاۋارلىرى ئاشۇنداق بىر قاتار بۇلاڭ ـ تالاڭلاردىن كېيىن ئاندىن چېگرا رايونلارغا قاتنايدىغان قەبىلىلەر ئارقىلىق ئېچكى جايلارغا تارقىلاتتى. قەبىلىلەر ئادەتتە يەرگە خۇسۇسىي ئىگىدارلىق قىلىشنى ئېتىراپ قىلمايتتى، لېكىن ئوتلاق، سۇ بايلىقى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىدىغان كوللېكتىپ ھوقۇققا رۇخسەت قىلاتتى. شۇنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇكى، بەزىدە ھەتتا ئۆي ھايۋانلىرىمۇ قەبىلىنىڭ كوللېكتىپ مۈلكى ھېسابلىناتتى، پەقەت يۆتكىگىلى بولىدىغان نەرسىلەرلا شەخسنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولاتتى.

قەبىلىنىڭ سىياسىي تەشكىلى ئاساسلىق ئورۇندا تۇراتتى. قەبىلىنىڭ داھىيسى "سەييىد" ياكى "شەيخ" دەپ ئاتىلىپ، سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كېلەتتى، ئۇ كۆپىنچە باراۋەر ئورۇندىكى ئابرۇيلۇق مويسىپىتلەر ئېچىدىنلا سايلىناتتى. ئۇ قەبىلىگە يېتەكچىلىك قىلمايتتى، بەلكى قەبىلىنىڭ پىكرىگە ئەمەل قىلاتتى. ئۇ زورلۇق بىلەن ۋەزىپە تەقسىم قىلالمايتتى، ھەم كىشىلەرنى جازالىيالمايتتى. ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت قەبىلە ئېچىدىكى ئورۇقلارغىلا مەنسۇپ بولاتتى، ئەمما بۇ ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەت ئۆز قەبىلىسىنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيتتى. "شەيخ" ھۆكۈمىتىنىڭ ھوقۇقى بۇيرۇق چۈشۈرۈشتە ئەمەس، بەلكى ھۆكۈم چىقىرىشتا ئىدى. ئۇ زورلۇق خاراكتېرىدىكى ھوقۇققا ئىگە ئەمەس ئىدى، ھۆكۈمەت ھوقۇقى، خانلىق ھوقۇق، جازا ... دېگەندەكلەرنىڭ بارلىقى كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ئەرەب جەمئىيىتى ئۈچۈن يات ئۇقۇم ئىدى. قەبىلىدىكى مويسىپىتلەردىن سايلىنىدىغان "شەيخ" ئادەتتە بىر ئۇرۇق — يەنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

"شەيخ ئۇرۇقلىرى" نىڭ ئەزالىرى ئىچىدىن سايلىناتتى، بۇنداق ئەزالار "ئۇرۇق ئەزاسى" (ئەھلى بەيت) دەپ ئاتىلاتتى. قەبىلىدە ھەرقايسى ئۇرۇق - جەمەت ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان مەسلىھەت بېرىش خاراكتېرىدىكى "پېشقەدەملەر كېڭىشى" بار ئىدى. ئۇ "مەجلىس" دەپ ئاتىلاتتى. "مەجلىس" تەركىبىدىكىلەر كۆپچىلىك ئۇچۇن گەپ قىلىدىغانلار ئىدى. ئېسىلزادىلەر دەپ قارىلىدىغان ئۇرۇقلار بىلەن باشقا ئۇرۇقلار ئوتتۇرىسىدا، ئېنىقكى، بىر خىل پەرق بار ئىدى.

قەبىلىلەرنىڭ تۇرمۇشى بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ ئادىتى — "سۈننىتى" نىڭ① چەكلىمىسىگە ئۇچرايتتى، چۈنكى بۇرۇنقى ئادەتلەرگە ھۆرمەت قىلىش قەبىلىلەر ئىچىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال ئىدى، جامائەت ئېتىراپ قىلغان ئىشلاردا قانۇنلۇق ھېسابلىناتتى. قەبىلىلەرنىڭ "مەجلىس" ى "سۈننەت" نىڭ تاشقى شەكلى ۋە ئۇنىڭ بىردىنبىر قورالى ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئەۋج ئالغان ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتى جەمئىيەتنى ئاساسەن قانداش ئۇرۇقلارنىڭ ئىنتىقام ئېلىش ئادىتى ئارقىلىق چەكلەپ تۇراتتى، بۇ خىل ئادەت ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ قانداش تۇغقانلىرىنىڭ قاتىلنىڭ ئۆزىدىن ياكى ئۇنىڭ جەمەتىدىن ئىنتىقام ئېلىشنى تەلەپ قىلاتتى.

كۆچمەن چارۋىچى خەلقنىڭ دىنى جىن - ئەرۋاھلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر خىل دىن بولۇپ، قەدىمكى سېمىتلەرنىڭ بۇتپەرەسلىك دىنىغا ناھايىتى ئوخشاپ كېتەتتى. بۇ دىندىكىلەر چوقۇنىدىغان جىن ئالاھىدە بىر يەردە تۇرىدىغان ياكى دائىم كېلىپ تۇرىدىغان بىر جانلىقلار بولۇپ، ئۇلار دەرەخلىقتە ياكى

---

① "سۈننەت" دېگەن سۆزنىڭ "ئادەت" دېگەن مەنىسمۇ بار. بۇ يەردىكى "سۈننەت" ئادەت مەنىسىدە كەلگەن. — تەرجىماندىن.

بۇلاق سۇيىدە ماكان تۇتاتتى، بولۇپمۇ مۇقەددەس دەپ قارالغان تاشلارنىڭ ئىچىدە تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىسى كۆرگىلى بولىدىغان "ئىلاھ"لار بولۇپ، ئۇلارنىڭ نوپۇزى قەبىلە ئېتىقادىنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ "مانات"، "ئۇززا" ۋە "لات" دەپ ئاتىلىدىغان ئۈچى ھەممىدىن ئۇلۇغلىرى ھېسابلىناتتى، بۇ ئۈچ ئىلاھنىڭ ئاخىرقى بىرسىنى يۇنانلىق تارىخشۇناس ھېرودوت تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدى. بۇ ئۈچ ئىلاھ يەنە ئادەتتە "ئاللاھ" دەپ ئاتىلىدىغان تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك بىر ئىلاھقا بېقىناتتى. قەبىلىلەرنىڭ دىنىدا ھەقىقىي كاھىنلىق ۋەزىپىسى بولمايتتى؛ كۆچۈپلا يۈرىدىغان كۆچمەن چارۋىچىلار يىراققا يۈرۈش قىلىپ چىققاندا، ئۆزىنىڭ بۇ ئىلاھلىرىنى بىر پارچە قىزىل رەختكە يۆگەپ، خۇددى "تەۋرات ساندۇقى"نى ئېلىپ يۈرگەندەك كۆتۈرۈپلا يۈرەتتى. كۆچمەن چارۋىچىلار دىنغا شەخسلەر بويىچە ئەمەس، بەلكى كوللېكتىپ ئېتىقاد قىلاتتى. قەبىلىنىڭ ئېتىقادىدا قەبىلە ئىلاھى مەركەز قىلىناتتى، ئۇنىڭ بەلگىسى كۆپىنچە بىرەر پارچە تاش، بەزىدە باشقا نەرسە بولاتتى. قەبىلە ئىلاھىنى ساقلاشقا "شەيخ ئۇرۇقلىرى" مەسئۇل ئىدى، بۇ ئۇرۇق مۇشۇ سەۋەب بىلەن مۇئەييەن دىنىي مەرتىۋىگە ئىگە بولاتتى. ئىلاھ بىلەن دىنىي ئېتىقاد قەبىلىنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىنىڭ سىمۋولى بولۇپ، قەبىلىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىدىغان ئىدىيىۋى ئېڭىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. قەبىلىنىڭ ئېتىقادىغا بويسۇنۇش سىياسىي جەھەتتىكى ساداقەتمەنلىكىنىڭ سىمۋولى ئىدى. دىنغا مۇخالىپ ئىش قىلىش دىنىدىن يۈز ئۆرۈش بىلەن ئوخشاش گۇناھ ھېسابلىناتتى.

كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش شەكلىدىكى بىردىنبىر مۇس-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەسنا نەرسە قۇملۇقتىكى بوستانلىق ئىدى. بۇ يەرلەردىكى كىچىك كۆلەملىك ئولتۇراق رايونلىرى تەبىئىي ھالدىكى سىياسىي تەشكىل بولۇپ شەكىللەنگەنىدى، بوستانلىقتىكى بايلار ۋە ئاقسۆڭەكلەر ئادەتتە كىچىك بەگلىكلەرنى قۇرۇۋېلىپ ئۇ يەردىكى ئاھالىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. بەزىدە بوستانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىرى يېقىن ئەتراپتىكى قەبىلىلەردىن ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئېتىراپ قىلىشىنى تەلەپ قىلاتتى. بەزى چاغلاردا بىر بوستانلىقنىڭ ئۆزىگە قوشنا بولغان بوستانلىقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋېلىپ، ۋاقىتلىق قۇملۇق پادىشاھلىقى قۇرۇۋېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۇشكە ئەرزىيدىغىنى كىندە پادىشاھلىقىدۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ باش كۆتۇرۇپ چىقىشى ۋە كېڭىيىشى بىرمۇنچە جەھەتتە كېيىنكى چاغلاردىكى ئىسلام دىنىنىڭ كېڭىيىشىدىن دېرەك بېرەتتى. كىندە پادىشاھلىقى مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 6 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئەرەبىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدا باش كۆتۇرۇپ چىققانىدى. ئۇ دەسلەپتە ناھايىتى قۇدرەت تاپقان، ھەتتا چەت ـ چېگرا رايونلاردىكى دۆلەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى چاغلاردا ئاخىر يىمىرىلىپ كەتتى؛ چۈنكى، ئۇنىڭدا روھىي كۈچ ۋە ئىچكى ئىتتىپاقلىق كەمچىل ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ۋىزانتىيە ۋە پارس ئىمپېرىيىلىرى قۇرغان تۇساقلاردىن ئۆتۈپ كەتكۇدەك ئىقتىدارغا ئىگە ئەمەس ئىدى، ئۇ چاغلاردا بۇ ئىككى ئىمپېرىيىمۇ نەچچە ئون يىللاردىن كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان چاغدىكىدىن كۆپ كۈچلۈك ئىدى. كىندە پادىشاھلىقى ئەرەب شېئىرىيىتىدە مەڭگۈ ئۆچمەس ۋە چوڭقۇر تەسىرنى قالدۇرغانىدى.

ئەسلىدە 6 ـ ئەسىرگە ئاز قالغاندا، يېرىم ئارالدىكى ئەرەب قەبىلىلىرى ئومۇملاشقان بىر خىل ئۆلچەمدىكى شېئىرىيەت تىلى ۋە شەكلىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى، ئۇ قەبىلە شېۋىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ھەمدە ئەرەب قەبىلىلىرىنى ئالاھىدە بىر خىل ئەنئەنە ۋە ساپ ئاغزاكى مەدەنىيەت ئارقىلىق بىرلىككە كەلتۈرگەنىدى. بۇ ئورتاق تىل ۋە ئەدەبىياتنىڭ ئىلگىرىلىشى ھەم تەرەققىي قىلىشى ئاساسەن كىندە پادىشاھلىقى مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ۋە تارىخىي رىۋايەتلىرىنىڭ تۆھپىسى ئىدى. بۇ پادىشاھلىق يېرىم ئارالنىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسىملىرىدىكى ئەرەب قەبىلىلىرىنى تۇنجى قېتىم بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئۇلۇغ سىنىقى بولغانىدى. مىلادىيە 6 ـ ئەسىردە بۇ تىل كلاسسىك يېزىق چوققىسىغا يەتكەنىدى.

ئولتۇراقلاشقان كۆچمەن چارۋىچىلار ھەممە يەردە شەھەر بىنا قىلىپ، بىرقەدەر تەرەققىي تاپقان جەمئىيەت باسقۇچىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەنىدى. بۇ شەھەر ئىچىدە ھەممىدىن مۇھىمى ھىجاز رايونىدىكى مەككە ئىدى. بۇ شەھەردە ھەربىر ئۇرۇق ئۆزىنىڭ "مەجلىسى" (پېشقەدەملەر كېڭىشى) ۋە ئۆزىنىڭ مۇقەددەس تېشىنى يەنىلا ساقلاپ كېلىۋاتاتتى، لېكىن بۇ شەھەردىكى ئۇرۇقلار بىرلەشمىسىنىڭ ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ئۆزلىرىنىڭ بۇتلىرىنى يىغىپ ئورتاق بەلگىسى بار مەركىزىي ئىبادەتخانىغا قويۇش ئىدى. مەككىدىكى مەشھۇر كەئبە ئىبادەتخانىسى مەككىنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىنىڭ سىمۋولى ئىدى، ئۇ يەردە ھەرقايسى ئۇرۇقلارنىڭ "مەجلىس"لىرىدىن تەركىب تاپقان ۋە نوقۇل قەبىلە "مەجلىس"لىرىنىڭ ئورنىنى ئالغان، "مەلەئ" دەپ ئاتىلىدىغان بىر كېڭەشمە بار ئىدى. بۇ يەردە ئىلگىرىكى مەسلىھەت بېرىش خاراكتېرىدىكى "پېشقەدەملەر كېڭىشى"

ھاكىمىيىتى ئاجىزلاشقان، ئۇنىڭ ئورنىنى ھۆكۈمران ئورۇنىڭ مۇستەبىتلىك تۈزۈلمىسى مەلۇم دەرىجىدە ئىگىلىگەنىدى.

بۇ دەۋردىكى ئەرەبىستان گەرچە قالاق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جەمئىيەتتىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالغان بولماي، بەلكى مەدەنىي دۇنيا گىرۋىكىدە تۇرۇۋاتاتتى. پارس بىلەن ۋىزانتىيىنىڭ مادىدي مەدەنىيىتى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيىتى بىرقانچە يول بىلەن بۇ يەرگە سىڭىپ كىرىۋاتاتتى، بۇ يوللارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئەرەب يېرىم ئارىلىغا تۇتىشىدىغان سودا يوللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. مۇھىمى، يېرىم ئارالدا چەت ئەللىك كۆچمەنلەر رايونىنىڭ پەيدا بولغانلىقى ئىدى. يەھۇدىي دىنى ۋە خرىستىئان دىنىدىكى كۆچمەنلەر ئەرەبىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆچمەنلەر رايونلىرىنى قۇرۇپ، ئارامىي مەدەنىيىتى بىلەن يۇنان مەدەنىيىتىنى تارقىتىۋاتاتتى. يەھۇدىي دىنىنىڭ جەنۇبىي ئەرەبىستاندىكى ئاساسىي مەركىزى نەجران بولۇپ، ئۇ يەردە سىياسىي تۈرمۇش خېلى يۇقىرى تەرەققىياتقا ئېرىشكەنىدى. يەھۇدىيلار ۋە "يەھۇدىيلاشقان" ئەرەبلەر ھەممە يەرگە، بولۇپمۇ كېيىنكى چاغلاردا مەدىنە دەپ ئاتالغان يەسرىبكە تارقالغانىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى دېھقان ۋە قول ھۈنەرۋەن ئىدى. ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى توغرىسىدىكى گەپلەر ھەر خىل بولغاچقا، ھازىرچە تېخى ئېنىق بىرنەرسە دېگىلى بولمايتتى.

ئۇلارنىڭ سىڭىپ كىرىشتىكى يەنە بىر يولى چەت - چېگرىدىكى دۆلەتلەر ئىدى. رىملىقلارنىڭ نەبەت پادىشاھلىقى بىلەن پالمىرا پادىشاھلىقىنى يۇلەپ يېتىشتۈرۈشتىكى ئېھتىياجىغا ئوخشايدىغان ئېھتىياج تۈپەيلىدىن، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن پارس ئىمپېرىيىسىمۇ سۇرىيە ۋە ئىراقتىن ئىبارەت ئىككى ئەرەب

دۆلىتىنىڭ چېگرىسىدا ئىككى پادىشاھلىقنى يۆلەپ يېتىشتۈرگە-
نىدى. ئۇنىڭ بىرى غەسسان پادىشاھلىقى، يەنە بىرى ھىيرە
پادىشاھلىقى بولۇپ، ھەر ئىككىسى خرىستىئان دۆلىتى ئىدى؛
بۇلارنىڭ ئالدىنقىسى مونوفىسىزم مەزھىپىگە①، كېيىنكىسى
نېستورى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، ھەر ئىككىسى ئارامىي مەدەنى-
يىتى ۋە يۇنان مەدەنىيىتى تۇسىگە ئىگە ئىدى. ئۇلارنىڭ بىر
قىسمى تېخى يېرىم ئارالنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇقىغىچە سىڭىپ
كىرگەنىدى. غەسسان پادىشاھلىقىنىڭ دەسلەپكى تارىخى ئېنىق
ئەمەس، ئەرەب رىۋايەتلىرىدىنلا ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئەھ-
ۋاللاردىن خەۋەردار بولۇش مۇمكىن، بەزى تارىخىي ماتېرىياللار
مىلادىيىنىڭ 529 - يىلىدىن باشلانغان. ئۇ چاغدا رىم پادىشاھى
يۇستىنىيانۇس پارسپەرەس ئەرەبلەرنى مەغلۇب قىلغاندىن كېيىن،
ھارىس ئىبنى جەبەلە (يۇنانچە ئاتىلىشى "ئارېتاس") نى رىم
ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋەكىلى ۋە باش ئېپىسكوپ قىلىپ بېكىتكەنە-
دى. غەسسانلار يەرمۇك دەرياسىغا يېقىن يەردە تۇراتتى، ئۇلار-
نىڭ دۆلىتىنى ۋىزانتىيە ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ
دۆلەتنى ئۇ قۇرمىغانىدى. ئىسلام دىنى باش كۆتۈرۈپ چىقىش
ھارپىسىدا، ۋىزانتىيىنىڭ غەسسان پادىشاھلىقىغا ئۇزاقتىن بۇيان
قىلىپ كەلگەن غەمخورلۇقىنى ھېرەقلى بىردىنلا ئۈزۈپ قويدى،
سەۋەب: ۋىزانتىيە پارس ئىمپېرىيىسى بىلەن ئۇزاق ۋاقىت ئۇ-
رۇش قىلىپ ھالىدىن كەتكەچكە، چىقىمنى ئازايتىشقا مەجبۇر
بولغانىدى. نەتىجىدە، مۇسۇلمان تاجاۋۇزچىلىرى غەسسان پادى-
شاھلىقىنىڭ ۋىزانتىيىدىن نارازى بولۇش ۋە ئۇنىڭدىن ئۈزىنى

① مونوفىسىزم — خرىستىئان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى، بىر مەنبەچى-
لىكمۇ دېيىلىدۇ. — تەرجىماندىن.

www.uyghurkitap.com

قاچۇرۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالدى. ئىراق ئۆل-
كىسىنىڭ چېگرىسىدا پارسلارغا قارايدىغان بىر ئەرەب فېئوداللىق
پادىشاھلىقى يەنى ھىيرە پادىشاھلىقىمۇ بار ئىدى، ئۇ پارس
ساسانىيلار خانلىقىنىڭ بېقىندىسى ئىدى، ئۇ ساسانىيلار خانلىقى
كۈچەيگەن چاغدا ئۇنى ئۆزىگە يۆلەنچۈك قىلغان، ساسانىيلار
خانلىقى زەئىپلەشكەندە ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئىش كۆرىدىغانلىقى-
نى ئېلان قىلغانىدى. ھىيرە پادىشاھلىقىنىڭ پارسلار بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتى خۇددى غەسسان پادىشاھلىقىنىڭ ۋىزانتىيە
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئوخشايتتى. پارسلار ۋىزانتىيىگە
قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشتا، ھىيرەدىكى ئەرەبلەر ھەمىشە
پارسلارغا ياردەملەشكەنىدى. ھىيرە پادىشاھلىقى مۇنزىر III —
ئۇ ئەينى ۋاقىتتا غەسسان پادىشاھى ھارىس بىلەن قارىمۇقارشى
ھالەتتە ئىدى — ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئەڭ زور دەرى-
جىدىكى مۇستەقىللىققا ئېرىشكەنىدى. ئەرەبلەرنىڭ رىۋايىتىدە
ھىيرە ئەرەب جەمئىيىتىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىلاتتى، ئۇ
ئەرەبىستاننىڭ باشقا قىسىملىرى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلىپ
تۇراتتى. ئۇ گەرچە پارسلارنىڭ بېقىندىسى بولسىمۇ،
لېكىن سۈرىيىدىن غەربنىڭ خرىستىئان مەدەنىيىتى بىلەن
"يۇنانلاشقان" مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلغانىدى. دەسلەپتە ئۇ بۇتپە-
رەس دۆلەت ئىدى، كېيىن ئەسىرلەر ئېلىپ كەلگەن نېستورى
دىنىغا ئېتىقاد قىلغانىدى. ھىيرەدىكى لەخمىيە پادىشاھلىقى توپى-
لاڭ كۆتۈرگەنلىكتىن پارس پادىشاھى خسرو II ئۇنى يوقىتىپ،
ئەرەبلەردىن يەنە بىر قورچاق ھاكىمىيەتنى تىكلەپ تۇرغۇزۇپ،
ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا پارسلاردىن بىر باش ۋالىي تەيىن-
لىگەنىدى. مىلادىيىنىڭ 604 - يىلى، بۇ رايوندا ئۇلتۇراقلاش-

قان ئەرەب قەبىلىلىرى پارسلارنى مەغلۇب قىلىپ، ھىيرە پادى-
شاھلىقىنى يوقاتتى، شۇنىڭ بىلەن پارسلارنىڭ ئەرەب يېرىم
ئارىلىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا قاراتقان كېڭەيمىچىلىكىنى
ئاخىرلاشتۇردى.

سىرتتىن كەلگەن جۇزئىي تەسىرنىڭ يەنە بىر مەنبەسى چەت
ئەللەرنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقى ئىدى. ھەبەشىستان بىلەن
پارسنىڭ يەمەندىكى قىسقا مۇددەتلىك ھۆكۈمرانلىقى، شۇنىڭدەك
پارس ئىمپېرىيىسى بىلەن ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەرەبىس-
تاننىڭ شىمالىي چېگرىسىدىكى ئۆلكىلىرى ئەينى ۋاقىتتا ئەرە-
بىستانغا بەزى ئىلغار ھەربىي تېخنىكىلار شۇنىڭدەك بەزى ماددىي
ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى سىڭىپ كىرىدىغان مۇھىم يول
ئىدى.

چەت ئەللەرنىڭ ئەرەبىستانغا كۆرسىتىۋاتقان تەسىرى بىر-
قانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىپ چىققاندى: ماددىي جەھەتتە، ئەرەب-
لەر قورال - ياراغقا ئىگە بولدى ھەمدە ئۇ قورال - ياراغلارنى
ئىشلىتىشنى، شۇنىڭدەك ھەربىي تەشكىلىي پرىنسىپلار بىلەن
ئىستراتېگىيە پرىنسىپلىرىنى ئۆگىنىۋالدى. ئەرەبىستاننىڭ
چېگرا ئۆلكىلىرىدە بېقىندى ئەرەب دۆلەتلىرى زور مىقتاردىكى
ياردەمگە ۋە تەلىم - تەربىيىگە ئىگە بولدى. توقۇلما بۇيۇملار،
يېمەكلىكلەر، ھاراق، جۈملىدىن ھۆسنخەت سەنئىتى قاتارلىقلار
ئوخشاش ئۇسۇللار بىلەن ئەرەبلەرگە يېتىپ كەلدى. مەدەنىيەت
جەھەتتە، ئوتتۇرا شەرقتىكى ھەر خىل دىنلار، شۇنىڭدەك بىر
ئىلاھلىق نەزەرىيە پرىنسىپلىرى ۋە ئەخلاق نۇقتىئىنەزەرلىرى
ئەرەبلەرنى مەلۇم بىلىمگە ۋە ئەدەبىياتقا ئىگە قىلدى ھەمدە كې-
يىنكى چاغلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازى-

www.uyghurkitap.com

نىشى ئۈچۈن زۆرۈر ئاساس سېلىپ بەردى. بۇ خىل تەسىر ئادەتتە مەلۇم رايون دائىرىسىدە، بولۇپمۇ جەنۇبىي ئەرەبىستان ۋە ھىجاز تەرەپلەردىكى ئولتۇراقلاشقان خەلقلەر بىلەنلا چەكلەندى.

كۆچمەن چارۋىچى خەلق جايلارغا تارقىلىش ۋە سان جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن ئەرەب تارىخىنى ھەقىقىي بەلگىلەيدىغىنى يەنىلا ئولتۇراقلىشىش ئامىلى ئىدى، بولۇپمۇ ئەرەبىستان چېگرىسىدىن ئۆتىدىغان سودا يوللىرى ئۈستىدە ياشايدىغان ۋە ئەمگەك قىلىدىغان كىشىلەر ئىدى. بۇ يوللارنىڭ كەينى - كەينىدىن ئۆزگىرىشى ئەرەب تارىخىدىكى بىرقانچە قېتىملىق ئۆزگىرىش ۋە ئىنقىلابنى بەلگىلىگەنىدى. مىلادىيە 6 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا چوڭقۇر ئەھمىيەتلىك بىر قېتىملىق ئۆزگىرىش بولدى. فۇرات دەرياسى — پارس قولتۇقىدىكى يول ئەسلىدىلا ئوتتۇرا دېڭىز بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئىشلىرىدا چوقۇم بېسىپ ئۆتىدىغان يول بولۇپ كەلگەنىدى، ئەمدىلىكتە پارس ئىمپېرىيىسى بىلەن ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى ئارىسىدا ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ كەلگەن ئۇرۇش نەتىجىسىدە، بۇ يولدىكى قاتناش قىيىنلىشىپ كەتتى؛ ئۇنىڭدىن باشقا، سىياسىي كۈرەش، تاموژنا جەھەتتىكى توسالغۇلار ۋە ئۈزلۈكسىز بولۇپ تۇرۇۋاتقان مالىمانچىلىقلارمۇ بۇ يولنىڭ قاتنىشىغا كۆپلىگەن توسالغۇلارنى پەيدا قىلىپ قويدى. بۇ چاغدا مىسىرمۇ قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالغاچقا، نىل دەرياسى بىلەن قىزىل دېڭىز قاتنىشىنى ئۇ يولدىكى قاتناشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە ئامال قىلالمىغانىدى. شۇ سەۋەبتىن، سودىگەرلەر سۈرىيىدىن ئەرەبىستاننىڭ غەربىي ئارقىلىق يەمەنگە بارىدىغان يولنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. بۇ يول ئېگىز - پەس ۋە يۇرۇشكە قىيىن

بولسىمۇ، لېكىن ھەرھالدا تىنچ ئىدى، يەمەننىڭ پورتىدىن ھىن-
دىستانغا بارىدىغان كېمىلەرگە چىقىپ ماڭغىلى بولاتتى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە يەمەننىڭ ئۆزىمۇ چەت ئەلنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى.
ئىلگىرى تۈرلۈك مۇرەككەپ ئامىللار سەۋەبىدىن ئەرەبىستاننىڭ
شىمالىدا بىر مەھەل گۈللەنگەن پالمىرا ۋە نەبەت پادىشاھلىقلىرىمۇ
مۇنقەرىز بولغانىدى. مۇشۇ سەۋەبلەر نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان
پۇرسەتنى مەككىلىكلەر چىڭ تۇتتى.

مەككىنىڭ دەسلەپكى چاغلاردىكى تارىخى ئېنىق ئەمەس.
ئەگەر، بىزنىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇ يۇنانلىق جۇغرا-
پىيىشۇناس پتولمى ئېيتقان ”مەكرەبە“نىڭ ئۆزى بولىدىغان بول-
سا، ئۇ ھالدا، ئۇ جەنۇبي ئەرەبىستاندىن چىقىدىغان خۇش پۇراق
ماتېرىياللارنى شىمالىي ئەرەبىستانغا يۆتكەيدىغان يول ئۈستىگە
بىنا قىلىنغان بىر ئۆتەڭ بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ جەنۇب
تەرىپى يەمەنگە، شىمال تەرىپى ئوتتۇرا دېڭىزغا، شەرق تەرىپى
پارس قولتۇقىغا بارىدىغان يوللارغا، غەرب تەرىپى قىزىل دېڭىز-
نىڭ جىددە پورتىغا ۋە ئافرىقىغا بارىدىغان دېڭىز يولىغا تۇتىشىدى-
غان قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقانىدى. ئىسلام دىنى پەيدا بولۇشتىن
سەل ئىلگىرى، مەككىنى شىمالىي ئەرەبىستاندىكى قۇرەيش قەبى-
لىسى ئىگىلىگەنىدى، بۇ قەبىلە تېزلىكتە تەرەققىي قىلىپ مۇھىم
بىر سودىگەرلەر گۇرۇھى بولۇپ قالغانىدى. قۇرەيش سودىگەرلى-
رى ۋىزانتىيە، ھەبەشىستان ۋە پارسلارنىڭ چېگرا رايون دائىرى-
لىرى بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، كەڭ دائىرىلىك سودا -
سېتىق ئىشلىرىنى قانات يايدۇرغانىدى. ئۇلار ھەر يىلى قىشتا
ۋە يازدا ئۆزلىرىنىڭ سودا كارۋانلىرىنى جەنۇب ۋە شىمال تەرەپ-
لەرگە ئىككى قېتىم ئەۋەتتى. بۇ كارۋانلارنى مەككىلىك سودى-

گەرلەر بىلەن مەبلەغ سالغۇچىلار ھەمكارلىشىپ ئۈيۈشتۇراتتى. بەزىدە بىر يىلنىڭ باشقا پەسىللىرىدىمۇ كىچىك كارۋانلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ يولغا سالاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئافرىقا بىلەنمۇ دېڭىز ئارقىلىق ئانچە ـ مۇنچە سودا قىلىشاتتى. مەككە ئەتراپىدا بەزىبىر سودا بازارلىرى بولاتتى، ئۇلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى "ئوكاز" بازىرى ئىدى. بۇنداق بازار سودىلىرى مەككىدىكى سودا پائالىيىتىنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى ھەمدە مەككىنىڭ ئەتراپىتىكى كۆچمەن چارۋىچىلار ئارىسىدىكى تەسىرى ھەم ئىناۋىتىنى كېڭەيتەتتى. مەككىنىڭ ئاھالىسى بەكمۇ مۇرەككەپ ئىدى. ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن مەركىزىي كۆچ "ئىچكى قىسىمدىكى قۇرەيشلەر" بولۇپ، ئۇلار تىجارەتچىلەر، جازانىخورلار، سودىگەرلەر، كارخانىچىلار ۋە چېگرا سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋەكىللاردىن تەركىب تاپقان سودىگەر ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. قۇرەيش ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئاستىدا، "تاشقى قىسىمدىكى قۇرەيشلەر" تۇراتتى، ئۇلار يېڭىدىن ئۇلتۇراقلاشقان ۋە ئورنى بىرقەدەر تۆۋەن ئۇششاق سودىگەرلەر سىنىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى؛ ئەڭ تۆۋەندە تۇرىدىغانلار چەت ئەللىكلەر ۋە بەدەۋىيلەردىن تەركىب تاپقان پرولېتارلار ئىدى. مەككىنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇنلىغان "قۇرەيش ئەرەبلىرى"، يەنى مەككىگە يېقىنىغان بەدەۋىيلەر قەبىلىسى ياشايتتى.

ھ. لامىنس مەككە ھۆكۈمىتىنى باي سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى باشقۇرۇشىدىكى "سودىگەرلەرنىڭ جۇمھۇرىيەتلىك ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى" دەپ ناھايىتى جايىدا تەسۋىرلەنگەنىدى. لېكىن بۇ ئاتالغۇنى خاتا ھالدا ھازىرقى زامان غەرب دۆلەتلىرى ئورناتقان جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى دەپ چۈشىنىۋېلىشقا بولمايتتى. قۇرەيشلەر

كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن ئەمدىلا جۇدا بولغان بولغاچقا،
ئۇنىڭ غايىسى يەنىلا كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىدى — ئۇ شەخسىي
ئەركىنلىكنىڭ ئەڭ زور چەكتە بولۇشى ۋە جامائەت (كوللېكـ
تىپ) نوپۇزىنىڭ ئەڭ تۆۋەن چەكتە بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى.
ئەينى ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان جامائەت نوپۇزى قەبىلىلەرـ
نىڭ ”مەجلىسى“گە ئوخشاپ كېتىدىغان شەھەرلىك كېڭەش تەشـ
كىللى بولغان ”مەلەئ“نىڭ نوپۇزى ئىدى. ئۇنىڭ تەركىبىدىكىلەر
جەمئىيەتتىكى مەشھۇر كىشىلەر ۋە ئۇرۇقلارنىڭ داھىيلىرى ئىـ
دى، ئۇلار بايلىق ۋە مەرتىۋە ئۆلچىمى بويىچە سايلاپ چىقىلاتتى.
ئۇنىڭ ھوقۇقى نوقۇل ئەخلاق ۋە سۆز بىلەن قايىل قىلىش
خاراكتېرىدە ئىدى، بىرلىكنىڭ ھەقىقىي ئاساسىي سودىگەرلەر
سىنىپىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئىدى. بۇ ئىتتىپاقلىق مۇھەممەد ئەـ
لەيھىسسالامغا ئورتاق قارشى تۇرۇش كۇرىشىدە گەۋدىلىك ئىپادىـ
لەنگەنىدى. مەككە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ سودا ئىشلىرىدىكى تەجرىـ
بىسى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتى ئۇلارغا ھەمكارلىشىش، ئۇيۇشۇش
ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارىنى بەخش ئەتكەنىدى، بۇنداق روھ
ئەرەبلەردە ئىنتايىن ئاز تېپىلاتتى، كېيىن ئۇلار ھاكىمىيەتنى
قولغا ئالغان، بۈيۈك ئىمپېرىيىنى قۇرۇپ چىققان ۋە باشقۇرغان
چاغلاردا بۇ روھنىڭ مۇھىملىقى تېخىمۇ نامايان بولدى.

ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مانا
مۇشۇنداق مۇھىتتا دۇنياغا كەلگەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتاپ
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسلام دىنىنىڭ كېلىپ چىقىشى

"مەككە ئاھالىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، (كىشىلەرنى) قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، ساڭا بىز مۇشۇنداق ئەرەبچە قۇرئاننى نازىل قىلدۇق، ئۇ كۈندە ھېچ شەك يوقتۇر..."

—— («سۈرە «شۇرا» [42 ـ سۈرە]، 7 ـ ئايەت.)

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسلام دىنىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا يېزىلغان بىر ماقالىدە ئېرنېست رېنان مۇنداق دېگەن: سىرلىق ھالەتتە پەيدا بولغان باشقا دىنلارغا ئوخشىمىغان ھالدا، ئىسلام دىنى تارىخنىڭ شانلىق نۇرى ئاستىدا كېلىپ چىققان. "ئۇنىڭ يىلتىزى ئۈپۈقتا كۆرۈنگەندە، ئۇنىڭ ئاساسچىسىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى پائالىيەتلىرى، بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، 16 ـ ئەسىردىكى ئىسلاھاتچىلارنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى پائالىيەتلىرىگە ئوخشاشلا تونۇشلۇق ئىدى." ئېرنېست رېنان بۇ ھۆكمىدە مۇسۇلمانلار "ھەدىس"تە تەمىن ئەتكەن نۇرغۇنلىغان رىۋايەت ماتېرىياللىرىنى كۆزدە تۇتقانىدى. ئەرەبلەر دائىرىسى كەڭ بۇ ئېمپې-

رىينىڭ ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىش داۋامىدا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرى ھايات ۋاقتىدا ئۇچراپ باقمىغان قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەندە، مۇنداق بىر پرىنسىپنى يەنى ئاللاھنىڭ كالامى قۇرئان، پەيغەمبەرنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى بارلىق سۆز - ھەرىكىتى مۇسۇلمانلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇش پائالىيىتىنىڭ ئۈلگىسى بولۇشى كېرەك، دېگەن پرىنسىپنى بېكىتكەندى. پەيغەمبەرنىڭ سۆز - ھەرىكىتى "ھەدىس" شەكلى بىلەن ساقلىنىپ كەلدى، ھەربىر "ھەدىس" نىڭ ئىسنادى (رىۋايەت قىلىنىش يولى) ئىنتايىن ئىشەنچلىك ئىدى، مەسىلەن، "پالانى پوكۇنىدىن ئاڭلىغان، پوكۇنى پۇستانىدىن ئاڭلىغان، پۇستانى يەنە بىركىمدىن ئاڭلىغان، ئۇ پەيغەمبىرىمدىن ئاڭلىغان"... دېگەندەك. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى بىرنەچچە دەۋر ئىچىدە، ئۇنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئوي - پىكىرلىرى جەھەتتىكى ناھايىتى كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ھەدىسلەر توپلىمى» بارلىققا كەلدى.

"ھەدىس" نىڭ ئىسنادىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە "ھەدىس" نى ئەڭ باشتا رىۋايەت قىلغۇچىنى ئىزدەپ تېپىپ ئىسپاتلاش چىڭ تۇتۇلغان بولغاچقا، قارىماققا ئۇ ئىنتايىن ئىشەنچلىك ماتېرىيالدەك تۇرىدۇ. لېكىن بۇ يەردە قىيىنچىلىق مەۋجۇت ئىدى. "ھەدىس" نى توپلاش ۋە يېزىپ خاتىرىلەش خىزمىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ بىرقانچە دەۋر ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن باشلانغانىدى. بۇ دەۋرلەردە ھەر خىل سەۋەب ۋە تۈرلۈك مۇددىئالار بىلەن نۇرغۇنلىغان ساختا "ھەدىس" ئوتتۇرىغا چىقتى. بىرىنچىدىن، ئۇزاق زامانلار ئۆتۈپ كېتىپ، كىشىلەرنىڭ خاتىرىسى بارا - بارا ئاجىزلاشقانلىقتىن، يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ تارقىلىپ كەلگەن

”ھەدىس“لەردە پەرق بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىككىنچىدىن، بەزى ئادەملەر قەستەن ”ھەدىس“لەرنى ئويدۇرۇپ ياسىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى مەزگىل ئىسلامىيەت جەمئىيىتى تېزلىكتە تەرەققىي قىلغان مەزگىل ئىدى. يېڭىدىن ئىستېلا قىلىنغان مىللەتلەر ئىچىدىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي، قانۇن، دىن قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىر قاتار مەسىلىلەر ۋە كۆز قاراشلار مۇسۇلمانلارنى نۇرغۇن يېڭى ئىدىيە ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يېڭى چارىلىرى بىلەن تەمىن ئەتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغزىدىن چىققان قىلىپ ياسالغان ساختا ”ھەدىس“ شەكلى بىلەن ئىپادىلەندى. بۇ مەزگىل يەنە ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى شەخسلەر، ئۇرۇقلار، گۇرۇھلار ۋە مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەش بولۇۋاتقان مەزگىل ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆز مەيدانىنى قوغدايدىغان ئەڭ ياخشى چارىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىنى سېتىپ، مەلۇم كۆز قاراشنى ئىپادىلەيدىغان ”ھەدىس“لەرنى ياساپ چىقىش بولدى. بۇ يەردە بىر مىسال ئالساق، مەككىدىكى ھەرقايسى ئۇرۇقلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدىكى نىسپىي ئورنى ۋە مۇھىملىقىنى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ”ھەدىس“ لەرنى خاتىرىلىگەندە خالىغىنىچە بۇرمىلىۋەتكەن، ھەتتا ھەقىقىي ”ھەدىس“ بىلەن ساختا ”ھەدىس“نى ئايرىغىلى بولمىغۇدەك قىلىۋەتكەن.

نۇرغۇن ”ھەدىس“لەرنى كېيىنكى كىشىلەرنىڭ ئويدۇرۇپ چىققانلىقىنى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى خېلى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەنىدى. شۇڭا ئۇلار ھەقىقىي ”ھەدىس“ بىلەن ھەر خىل مەقسەتتە ئويدۇرۇپ ياسالغان ساختا ”ھەدىس“نى پەرقلەندۈرۈشنىڭ بىر

يۇرۇش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىققان. تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشنىڭ ئۇ-
سۇلى ھەدىسنىڭ ئىسنادىنى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت بولغان —
راۋىيلارنىڭ① بەزىسى لاياقەتسىز دەپ قارالغان، سەۋەب: ئۇلار-
نىڭ كۆز قاراشلىرى ئەيىبلەشكە ئۇچرىغان، ياكى ئۇلارنىڭ ئۆز-
لىرى رىۋايەت قىلغان مەزمۇندىكى ئەھۋالغا ئېرىشەلىشى زادىلا
مۇمكىن ئەمەس دەپ قارالغان. يېقىنقى زامان ئوبزورچىلىرى
بۇنداق پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلىدا زور يوچۇق بارلىقىنى كۆرسەت-
تى. بىرىنچىدىن، ”ھەدىس“نىڭ ئىسنادىنى ئويدۇرۇپ چىقىشمۇ
”ھەدىس“نىڭ ئۆزىنى ئويدۇرۇپ چىققاندەكلا ئاسان ئىدى. ئىك-
كىنچىدىن، بىر خىل پىكىرگە ئاساسەن بەزى راۋىيلارنى چەتكە
قېقىش بىر خىل ئالاھىدە پىكىرنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلىگەنلى-
كى ۋە ئۇنىڭ باشقا پىكىرلەرنى پەرقلەندۈرىدىغان ئۆلچەم سۈپى-
تىدە قوبۇل قىلىنغانلىقىنىلا بىلدۈرىدۇ. يېقىنقى زامان ئوبزور-
چىلىرى ”ھەدىس“ ئۈستىدە تارىخ ۋە پىسخىكا جەھەتتىن تەھلىل
ئېلىپ باردى. كېتانى ۋە لامىېنس ئىككى ئالىمنىڭ ئىنچىكە،
بەزىدە ھەتتا تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرىدىغان تەنقىدى بارلىق
”ھەدىس“ ئۈستىدە، جۈملىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھا-
يات ۋاقتىدىكى پائالىيەتلىرى ئۈستىدە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش
كۆرۈش، ھەربىر ”ھەدىس“ نى قاتتىق ئۆلچەم ۋە تەكشۈرۈشتىن
ئۆتكۈزۈش، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ قايسىسىنىڭ ئىشەنچلىك،
قايسىسىنىڭ ئىشەنچسىز ئىكەنلىكىنى ئايرىشنىڭ لازىملىقىنى
بىلدۈردى. يېقىندا شاتتىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى ئېنىق تارىخىي
مەزمۇنغا ئىگە نۇرغۇن ”ھەدىس“لەردە پەقەت شەرىئەت (قانۇن)

---

① ”راۋىي“ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچى. — تەرجىماندىن.

www.uyghurkitap.com

مەسىلىسى ياكى ئىلىم مەسىلىسىنى ھەل قىلىشلا كۆزدە تۇتۇلغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ تارىخي مەزمۇنىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ دەلىللەش لازىملىقىنى كۆرسەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى گۇمانلىنىشقا بولمايدىغان بىر ھۆججەت «قۇرئان كەرىم» دۇر. ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا مەككە خەلقى بىلەن مەدىنە خەلقىگە يەتكۈزگەن سۆزلەرنىڭ توپلىمى، ئۇ ئاللاھدىن چۈشكەن بىۋاستە ۋەھيى دەپ قارىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» گە ۋە باشقا ھۆججەتلەردىن ئېرىشكەن چەكلىك پاكىتلارغا ئاساسەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى باشقىدىن يېزىپ چىققىلى بولىدۇ، بۇنداق يېزىپ چىققان تەرجىمىھال گەرچە مۇسۇلمانلارنىڭ رىۋايەتلىرىدىكىدەك ۋە دەسلەپكى چاغلاردىكى ياۋروپا يازغۇچىلىرى بۇ رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىپ يېزىپ چىققان تەرجىمىھالدەك تەپسىلىي بولمىسىمۇ، ھەرھالدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسىي تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبلىرى ۋە دەسلەپكى تارىخى توغرىسىدا كىشىلەرنىڭ بىلىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئازغىنا بىلىمىمۇ غەرب ئەللىرىدىكى ئىلمىي ئىشلارنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ رىۋايەتلىرىدىكى ماتېرىياللارنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزلۈكسىز ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەخمىنەن مىلادىيىنىڭ 570 — 580 ـ يىللىرى ئارىسىدا مەككىدىكى ھاشىم جەمەتىدە دۇنياغا كەلگەن. ھاشىم جەمەتى، گەرچە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان ئاقسۆڭەكلەردىن بولمىسىمۇ، قۇرەيش قەبىلە-

سىدىكى داڭلىق بىر جەمەت ئىدى. مۇھەممەد بالىلىق چاغلىرىدا ناھايىتى جاپادا ئۆتكەن بولۇپ، بۇۋىسىنىڭ قولىدا دېگۇدەك چوڭ بولغانىدى. ئۇ ئۆزىدىن خېلى چوڭ بىر باي تۇل ئايال خەدىچە (ئەسلىدە بىر باي سودىگەرنىڭ ئايالى ئىدى) بىلەن توي قىلغان-دىن كېيىن مال - مۇلۇككە ۋە مەرتىۋىگە ئىگە بولغانىدى. بۇ پاكىتلار «قۇرئان كەرىم» نىڭ تۆۋەنكى ئايىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈل-گەن: "ئۇ (پەرۋەردىگارىڭ) سېنى يېتىم بىلىپ پاناھ بەرمىدى-مۇ؟ قايمۇققان بىلىپ ھىدايەت قىلمىدىمۇ؟ سېنى يوقسىز بىلىپ (كىشىلەردىن) بىھاجەت قىلمىدىمۇ؟" (سۈرە «زۇھا» [93 - سۈرە]، 6—8 - ئايەتلەر.) ئۇ ئۆزى سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇنى تولۇق مۇئەييەنلەش-تۈرگىلى بولمايدۇ. مەككە — بىر سودا شەھىرى، «قۇرئان كەرىم» دە دائىم سودىغا ئائىت ئىستىئارە ۋە ئاتالغۇلار ئارقىلىق سودا - سېتىق جەھەتتىكى تەجرىبىلەر كۆرسىتىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قوشنا مەملىكەتلەرگە سودىگەرچىلىك ۋە ساياھەتكە بارغان دېگەن رىۋايەتكە كەلسەك، بۇنى چوقۇم ساقلاپ قېلىش كېرەك. دېمىسىمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي دەۋەت ئېلىپ بېرىش داۋامىدا بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى تىلغا ئالغانلى-قىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئاساسلار تېخى ناھايىتى ئاز. ئۇ-نىڭ روھىي ئارقا كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت بۇ ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە توغرىسىدا بەزى گۇمانىي قاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇ يەھۇدىي دىنى بىلەن خرىستىئان دىنىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. بىر ئىلاھ توغرىسىدىكى نەزەرىيە ۋە ۋەھيى توغرىسىدىكى پىكىرنىڭ ئۆزى، شۇنىڭدەك «قۇرئان كە-رىم» ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇنلىغان «ئىنجىل» ئامىلى بۇنى

ئىسپاتلاپ بەردى. لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «ئىنجىل» نى ئوقۇغان ئەمەس. مۇسۇلمانلارنىڭ رىۋايەتلىرى بىزگە ئۇنىڭ ساۋاتسىز ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرغاندى. بۇ گەپنى يەنىمۇ ئاساسلاشقا توغرا كېلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ «ئىنجىل» دىكى قىسسىلەر توغرىسىدا ئېيتقانلىرى ئۇنىڭ «ئىنجىل» غا ئائىت بىلىملەرنى ۋاسىتىلىك قوبۇل قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئۇ بۇ بىلىملەرنى يەھۇدىي دىنىغا ۋە خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان، يەنە كېلىپ ئىبرىيچە «ئىنجىل» نىڭ شەرھى ۋە ساختا «ئىنجىل» نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان سودىگەرلەر ۋە يولۇچىلاردىن ئالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ رىۋايەتلەردە ”ھەنىف“ (توغرا پىكىرلىك) دەپ ئاتىلىدىغان كىشىلەر تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلار مەككىدىكى بۇيۇم (نەرسە - كېرەك) ئېتىقادچىلىقىنىڭ مۇخلىسلىرى ئىدى، ئۇلار ئۆز قەۋمى ئىچىدە ئەۋج ئالغان بۇتپەرەسلىككە نارازى بولغانلىقتىن، يېڭى بىر دىنىي شەكىل تېپىشقا ھەرىكەت قىلىشۋاتاتتى. لېكىن يەھۇدىي دىنى ياكى خرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايتتى. ھەزرىتى مۇھەممەد روھىنىڭ مەنبەسىنى مۇشۇ كىشىلەر ئىچىدىن تېپىش مۇمكىن.

ھەزرىتى مۇھەممەد 40 ياشقا يېقىنلاشقاندا، دىنىي دەۋەتنى باشلىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم جاكارلىدى. بۇ چاقىرىق زادى ئۇزاق ۋاقىتلىق ئويلىنىشنىڭ نەتىجىسىمۇ ياكى «قۇرئان كەرىم» ، ”ھەدىس“ ۋە رىۋايەتلەردە ئېيتىلغاندەك تاسادىپىي يۈز بەرگەن بىر ۋەقەمۇ دېگەندە، گەرچە ئۇنىڭ كېيىنكى ئەھۋالدىكىدەك بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىنراق بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتە كېسىپ بىرنەرسە دېگىلى بولمايدۇ. مەككىلىكلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ دەسلەپكى چاغلاردا ئېلىپ بارغان دىنىي دەۋىتى ئۇلارغا

ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيتتى، شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭغا قارشى
تۇرمىغانىدى. ئۇ باسقۇچتا ئېھتىمال ئۇ تېخى يېڭى دىن توغرىسى-
دىكى ئىدىيىنى تىكلىمىگەن بولۇشى، خۇددى ئىلگىرى ئۆتكەن
بەزى پەيغەمبەرلەر ئۆز قەۋمىگە ئۆزىنىڭ يېزىقىدىكى بەزىبىر
بېشارەتلەرنى ئېلىپ كەلگەندەك، ئەرەبلەرگە ئەرەب يېزىقىدىكى
بېشارەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. «قۇرئان كەرىم»
نىڭ مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلىرى ئاساسەن دىنىي خاراكتېر-
دە ئىدى. ئۇ سۈرىلەردە ئاساسەن ئاللاھنىڭ بىرلىكى، بۇتپەرەس-
لىكنىڭ ئالدامچىلىق ئىكەنلىكى، شۇنىڭدەك ئاللاھ سوراق قىلى-
دىغان كۈنىنىڭ يېقىن ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقى قاتارلىقلار
سۆزلىنەتتى. دەسلەپتە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدىغانلار ناھايىتى
ئاز بولدى، ئۇلار ئاساسەن جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى
خەلقلەر ئىدى. ئۇنىڭ دىنىنى ھەممىدىن بۇرۇن قوبۇل قىلغانلار
ئۇنىڭ ئايالى خەدىچە ۋە بىر نەۋرە ئىنىسى يەنى كېيىنكى چاغلار-
دىكى تۆتىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەلى بولدى. مۇھەممەد ئەلەيھىس-
سالام دىنىي دەۋەتكە پائال كىرىشكەن ۋە مەككىدە ئەينى ۋاقىتتا
مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دىنغا ئاشكارا ھۇجۇم باشلىغان چاغدا،
ھۆكۈمران سىنىپتىكىلەر ئۇنىڭغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قاتتىق پو-
زىتسىيە تۇتۇشقا باشلىدى. 19 - ئەسىردە ئۆتكەن بىر ئالىم
دەسلەپكى چاغلاردىكى مۇسۇلمانلار گۇرۇھى بىلەن مەككە ئاقسۆ-
ڭەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى سىنىپىي توقۇنۇش دەپ،
ھەزرىتى مۇھەممەدنى ئەينى چاغدىكى جەمئىيەتتە ھوقۇقىدىن
مەھرۇم قىلىنغان سىنىپنىڭ ۋە بۇ سىنىپتىكىلەرنىڭ ئاقسۆڭەك
ھۆكۈمرانلارغا بولغان نارازىلىقىنىڭ ۋەكىلى دەپ تەسۋىرلەشكە
بارلىق كۈچى بىلەن تىرىشقانىدى. بۇنداق قاراش گەرچە مەلۇم

www.uyghurkitap.com

جەھەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي دەۋىتىنىڭ مەككە ئاقسۆڭەكلىرىگە كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى چوڭايتىۋەتكەن بولسى- مۇ، لېكىن زور ھەقىقەتچانلىققا ئىگە ئىدى. دەسلەپكى چاغلاردا ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغۇچىلار ئاساسەن كەمبەغەللەر سىنىپى ئىدى، مەككىلىكلەرنىڭ قارشى تۇرۇشىدىكى سەۋەب ئاساسىي جەھەتتىن ئىقتىسادىي مەسىلە ئىدى. بۇ يەردە ئويلاشقا تېگىشلىك ئىككى نۇقتا ئاساس قىلىنغان: بىرىنچىسى، يەنە كېلىپ مۇھىمى كونا دىن ئەمەلدىن قالسا ۋە مەككە ئۆزىنىڭ مۇقەددەس جاي بولۇش مەرتىۋىسىدىن مەھرۇم بولۇپ قالسا، ھەج تاۋاپ ۋە سودا پائالىيىتىنىڭ مەركىزى بولۇشتىن ئىبارەت ئالاھىدە پايدىلىق ئورنىدىن قۇرۇق قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيدىغان قورقۇش رو- ھىي ھالىتى ئىدى. ئىككىنچىسى مەككىلىكلەرنىڭ ئانچە ھوقۇقى ۋە تەسىر كۈچى يوق بىر ئۇرۇق ئەزاسىنىڭ پەيغەمبەرلىك سالا- ھىيەت بىلەن دىنىي دەۋەت ئېلىپ بېرىشىغا قارشى تۇرۇشى ئىدى. مەككىلىكلەرنىڭ قارشى تۇرۇشى ئىقتىسادىي سەۋەبتىن بولغان ئىكەن، ئۇ ھالدا، قارشى تۇرۇشنىڭ شەكلىنى دىنىي خاراكتېر ئالغان دېگەندىن كۆرە سىياسىي خاراكتېر ئالغان دېگەن تۈزۈك. ئاخىردا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ سىياسىي تەدبىر قوللىنىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇنىڭ مەككىدە دىنىي دەۋەت ئېلىپ بارغان چاغدىكى ئالاھىدىلىكى مۇسۇلمانلارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى ئىدى. بۇ زىيانكەشلىك گەرچە رىۋايەتلەردە ئېيتىل- غاندەك ئېچىنىشلىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ رەھىمسىزلىك دەرىجىسى بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنى ھەبەشىستانغا قېچىپ كې- تىشكە مەجبۇر قىلغانىدى. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقتىن، مۇ- ھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېتىقادىنىڭ نامى بولغان ”ئىسلام“

داۋاملىق تۇردە يېڭى - يېڭى ھىمايىچىلەرگە ئىگە بولۇپ تۇردى. ئۇلارنىڭ مەشھۇرلىرى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان قاتارلىقلار ئىدى (ئەبۇ بەكرى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ تەيم ئۇرۇقىدىن چىق- قان چوڭ باي ئىدى؛ ئۆمەر قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئەدىي جەمەتى- دىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەقىللىقلىقى ۋە كەسكىنلىكى كۆرەش ئىچى- دىكى بىر گۇرۇھ ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك ئىدى؛ ئوسمان مەككىدىكى تەسىر كۈچى بار ئۇرۇق — ئۇمەييە ئۇرۇقىدىن بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھىم ساھابىلىرى ئىچىدە ھۆكۈمران سىنىپتىن چىققان بىردىنبىر كىشى ئىدى).

مەككىلىكلەرنىڭ قارشىلىق ھەرىكىتىگە تاقابىل تۇرالمىغان- لىقتىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دىنىي دەۋىتىنى باشقا بىر يەردە قانات يايدۇرۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئۇنىڭ تائىپتىكى ھەرىكىتى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغاندىن كېيىن، ئۇ مەدىنىلىك- لەرنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى.

مەدىنە شەھىرى مەككىنىڭ شىمالىدا تەخمىنەن 280 مىل يىراقلىقتا بولۇپ، ئەسلىدە شىمالدىن كەلگەن يەھۇدىي قەبىلىلە- رى — بولۇپمۇ بەنى نەزىر قەبىلىسى بىلەن بەنى قۇرەيزە قەبىلە- سى ئولتۇراقلاشقان جاي ئىدى. بۇ شەھەرنىڭ بىرقەدەر باي بولغانلىقى بۇتپەرەس ئەرەبلەرنى كەينى - كەينىدىن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىششقا جەلپ قىلدى. دەسلەپتە ئۇلار بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن شۇ يەردىكى يەھۇدىيلارغا تايانىدى، كېيىن يەھۇدىيلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارغا ئايلاندى. مەدىنە ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرى يەسرىب دەپ ئاتىلاتتى، بۇ يەردە مۇقىم ھۆكۈ- مەت شەكلى يوق ئىدى. بۇ شەھەر بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى ئەرەب قەبىلىسى — ئەۋس قەبىلىسى بىلەن خەرزەج قەبى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ ۋەيرانچىلىقىدا قالغاندى، يەھۇدىيلار بولسا مۇقىمسىزلىقنى تەڭشەپ تۇرۇش رولىنى ئوينايتتى. يەھۇدىيلار ئاساسەن دېھقانچىلىق ۋە ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغاچقا، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئەرەبلەردىن ئۈستۈن تۇراتتى، بۇ ھال ئەرەبلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. بىز شۇنى كۆرىمىزكى، ئەرەبلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، دەرھال يەھۇدىيلارغا ھۇجۇم قوزغىدى ۋە ئاخىردا ئۇلارنىڭ تەسىر كۈچىنى يوقاتتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە كۆچۈشى (ئەرەبلەر بۇنى "ھىجرەت" دەپ ئاتىدى) بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى، كېيىنكىلەرنىڭ بۇنى ئىسلام يىلنامىسىنىڭ باشلىنىشى قىلىشى ناھايىتى ئورۇنلۇق بولدى. قۇرەيشلەر بۇنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىرەر ئەستايىدىل ھەرىكەت قوللىنالمىدى، شۇڭا ھەزرىتى مۇھەممەد بىمالال مەككىدىن ئايرىلدى. ئۇ مۇسۇلمانلارنى مەدىنىگە بېرىشقا بۇيرۇمىدى، بەلكى دەۋەت قىلدى، ئۆزى بولسا ئەڭ ئاخىرغىچە مەككىدە تۇردى. ئۇنىڭ مەككىدە ئاخىرغىچە تۇرۇشىدا مەدىنىگە ئىبلاجىسىزلىقتا قالغان بىر سالتاڭ قاچقۇن قىياپىتىدە ئەمەس، بەلكى مەلۇم مەرتىۋىگە ئىگە بىر گورۇھنىڭ داھىيسى سۈپىتىدە بېرىش مەقسەت قىلىنغانىدى. مەدىنىلىكلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەدىنىگە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ماجىرالىرىنى ھەل قىلىپ بېرىدىغان ناھايىتى جاسارەتلىك بىر ھەكەم سۈپىتىدە تەكلىپ قىلغانىدى. ئىسلام دىنىدىن ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپتە ئالغان ئۇنۇمى ئۇنىڭ بىر يېڭى دىن بولغانلىقى ئەمەس، بەلكى

ئاساسەن ئۇلارغا بىخەتەرلىك ۋە تەرتىپ ئېلىپ كەلگەن بىر تۈزۈم بولغانلىقى بولدى. ئۇلارنىڭ مەككىلىكلەرگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇلار مۇشرىكلىك ئېتىقادىدىن نەپكە ئېرىشەلمەيتتى، شۇڭا، ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان بولسىلا، ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى تونۇپ يەتكەن ھامان ئۇنى قوبۇل قىلاتتى. مەدىنىلىكلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى تولۇق قوبۇل قىلىش جەريانى خېلى ۋاقىتلاردىن كېيىن ئاندىن ئورۇنلاندى. مەدىنىلىكلەر ئىچىدە "باشقا يەردىن كەلگەن ھەكەم"نى تەكلىپ قىلىش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىدە باشتىن - ئاخىر ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل پىكىر ساقلانغانىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قوللىغانلار "ھەدىس"تە "ئەنسارىيلار" (ياردەم بەرگۈچىلەر) دەپ، ئۇنىڭغا قارشى چىققۇچىلار "مۇناپىقلار" دەپ نام ئالدى.

"ھىجرەت" (مەككىدىن مەدىنىگە يۆتكىلىش يەنى كۆچۈش) ئۇزاق ۋاقىت سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق، ئاخىر مىلادىيىنىڭ 622 - يىلى ئەمەلگە ئاشتى — مانا بۇ ئىسلام تارىخىدا تۈنجى بولۇپ بېكىتىلگەن كۈندۇر. ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشلىرىدىكى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى ۋە ئىسلام دىنىدىكى بىر قېتىملىق ئىنقىلاب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەزرىتى مۇھەممەد مەككىدىكى ۋاقىتىدا بىر شەھەر ئاھالىسى ئىدى؛ مەدىنىگە بارغاندىن كېيىن ئۇ بىر ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ داھىيسى بولۇپ قالدى. مەككىدىكى ۋاقىتىدا ئۇ ئۆزىنى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تەرتىپ ياكى ئازدۇر - كۆپتۇر يۈز بېرىۋاتقان پاسسىپ قارشىلىق ئىچىدە چەكلەپ تۇرۇشى لازىم ئىدى؛ مەدىنىدە ئەمدى ئۇ بىر ھۆكۈمران ئىدى. مەككىدە ئۇ ئىسلام دىنىنى دەۋەت قىلغانىدى؛

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەدىنىگە بارغاندىن كېيىن ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى يولغا قويالايدىغان بولدى. بۇ ئۆزگىرىش مۇقەررەر ھالدا ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ مىجەزىگە، پائالىيىتىگە ۋە تەلىماتىغا، شۇنىڭدەك ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىگە تەسىر كۆرسەتتى؛ مۇشۇنىڭدىن كېيىنكى خاتىرىلەر ئەپسانە رىۋايەتلەردىن تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويىدى.

مۇھەممەدنىڭ مەدىنىدىكى ھاكىمىيىتى دەسلەپتە ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەندى. ئۇنىڭ ھەقىقىي قوللىغۇچىلىرى باشتىلا ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مەككىلىكلەر يەنى "مۇھاجىرلار" ۋە مەدىنىدىكى "ئەنسارىيلار"نى قوشقاندىمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. "ئەنسارىيلار" تېخى چوقۇم مەدىنىدىكى "مۇناپىقلار"نىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرايتتى. بۇ قارشىلىق گەرچە سىياسىي خاراكتېردە بولسىمۇ، لېكىن ئىنتايىن شىددەتلىك ئىدى، ئۇلار تاكى كېيىنكى چاغلاردا ئىسلام دىنى بەرگەن ئېنىق پايدا ـ مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئارقىسىدا ئاندىن بۇ دىندا خاتىرجەم تۇرۇپ قالغانىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەسلىدە يەھۇدىيلارنىڭ دوستانىلىق بىلەن قارشى ئېلىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى، چۈنكى، ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئېتىقادى ۋە كىتابى ئۇلارنى تېخىمۇ زور ھېسداشلىق ۋە چۈشەنچە بىلەن مەندەك بىر ئەرەب پەيغەمبەرنىڭ تەشەببۇسلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ئۈندەيدۇ دەپ ئويلىغانىدى. ئۇ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، يەھۇدىيلارنىڭ بەزى ئادەتلىرىنى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ تۇتىدىغان روزىلىرىنى قوبۇل قىلغان، نامازنى بەيتۇلمۇقەددەس (يېرۇسالىم) كە يۈز كەلتۈرۈپ ئوقۇشنى بەلگىلىگەنىدى. لېكىن يەھۇدىيلار بۇ "باشقا دىنىنىڭ پەيغەمبىرى"نىڭ قانۇنىي ئورنىنى مەنسىتمەي رەت قىلدى ھەمدە ئۇنىڭ دىنىنىڭ مۇھىم تەرەپلىرىگە قارشى تۇردى. يەھۇدىيلارنىڭ ئىچكى قىسمى-

دا بۆلۈنۈش بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ مەدىنىدە ئومۇمىيۈزلۈك خەلقنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قارشىلىقى ئاخىر مەغلۇب بولدى. كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ خەق-لەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، يەھۇدىيلارنىڭ ئادىتىنى چۆرۈپ تاشلىدى، قىبلىنى بەيتۇلمۇقەددەستىن مەككى-گە ئۆزگەرتتى ۋە ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى بىر قەدەر ئېنىق ئەرەب ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلدى.

ئۇ مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندىن باشلاپ، ئۆزىنى ۋە مۇسۇل-مانلارنى چەت كۈچنىڭ، مەسىلەن، قۇرەيشلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاش ئۈچۈن تولۇق سىياسىي ھوقۇقنى چىڭ تۇتتى. ئۇ ئۆزى-نىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى يەنى دىنىي تەلىماتىنىڭ بىر سىياسىي گۇرۇھنىڭ قوللىشىغا موھتاج بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەچكە، ئاۋۋال سىياسىي جەھەتتىن تۇتۇش قىلىپ، ئاندىن ئەپچىل تاك-تىكىلاردىن پايدىلىنىپ، سىياسىي ھاكىمىيەتنى دىنىي ھاكىمى-يەتكە ئايلاندۇردى. ئەرەب تارىخشۇناسلىرى بىزگە قالدۇرغان مۇھىم ھۆججەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى، شۈبھىسىزكى، ئىشەنچلىك-تۇر. بۇ ھۆججەتلەر بىزنى دەسلەپكى چاغلاردىكى مەدىنە جەمئى-يىتى ئاساسىي قانۇنىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى بىلەن تەمىن ئەت-تى. بىر تارىخشۇناس مۇنداق دېگەن: ”مۇھەممەد مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارىيلار ئۈچۈن تۈزگەن ۋە ئېلان قىلغان بىر ھۆججەتتە ئۇ يەھۇدىيلار بىلەن كېڭەشكەن ۋە ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەر-كىنلىكىگە ھەم ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى ساقلاش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلغان، ئۇلار چوقۇم رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ۋە ئۇلارغا ئېتىبار بېرىلىدىغان شەرتلەرنى بەلگىلىگەن.“ ياۋروپالىقلارنىڭ قارىشىچە، بۇ ھۆججەت بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شەرتنامە ھېسابلانمايتتى. ئۇ پەقەت بىر تەرەپنىڭ باياناتىلا ئىدى؛ ئۇنىڭدا پەقەت ئەمەلىي ۋە مەمۇرىي خاراكتېردىكى ئىشلارلا مەقسەت قىلىنغان ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېھتىياتچان ۋە ئىنچىكە ئىش قىلىدىغان مىجەزى نامايان قىلىنغانىدى. ئۇنىڭدا مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارىيلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋە بۇ ئىككى تەرەپ بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر بەلگىلەنگەنىدى. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، شۇ چاغدا ئورنىتىلغان جەمئىيەت — "ئۇممە" (مىللەت، دۆلەت دېگەن مەنىدە) ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرىكى شەھەر - بازارنىڭ تەرەققىياتى بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇھىم ئۆزگىرىشلەر بولغانىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە كېيىنكى چاغلاردىكى ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ دەسلەپكى تىپىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئۇنىڭدا ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ تەشكىلى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى تەكشۈرۈلۈپ، قەبىلىلەرنىڭ سىرتقا قارىتا ئۆتەيدىغان مەجبۇرىيىتى ۋە يۈرگۈزىدىغان ھوقۇقى ساقلاپ قېلىنغانىدى. لېكىن "ئۇممە"نىڭ ئىچكى قىسمىدا بۇ ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسىدىن ۋاز كېچىشكە توغرا كېلەتتى، بارلىق تالاش - تارتىشلار توغرىسىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى ئىلتىماس قىلىناتتى. پەقەت قۇرەيش جەمەتىدىكىلەرلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىدى. ھەرقانداق گۇرۇھ سىرت بىلەن ئۆز ئالدىغا تىنچلىق كېلىشىمى تۈزەلمەيتتى. ئومۇمەن "ئۇممە" تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقى ئېلىپ تاشلىناتتى.

"ئۇممە" ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرىكى ئىجتىمائىي ئادەتلەرنى بىكار قىلىۋەتمەي، بەلكى تولۇقلىغانىدى، "ئۇممە" توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ ھېچقايسىسى قەبىلىلەر جەمئىيىتىنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمىگەنىدى. ئۇنىڭدا ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرى-

كى مال - مۈلۈك، نىكاھ ۋە قەبىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قاتارلىق جەھەتلەرگە ئائىت ئادەتلەر ساقلىنىپ قالغانىدى. ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولغىنى شۇكى، بۇ ئەرەب پەيغەمبەرنىڭ تۈنجى ئاساسىي قانۇنىنىڭ ھەممە ماددىسى دېگۈدەك پۇقرالارنىڭ ئىچكى مۇناسىۋەتلىرىگە، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ھەق تەلەپ ئىشلىرى ۋە سىياسىي مۇناسىۋەتلىرىگە چېتىلغانىدى.

لېكىن يېڭى جەمئىيەتتە ئەھۋال زور دەرىجىدە ئۆزگەرگەنىدى، ئالدى بىلەن، دىنىي ئېتىقادنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىنى ئېلىشى جەمئىيەتنى باغلاپ تۇرىدىغان رىشتىگە ئايلانغانىدى. ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرىكى قەبىلىلەردە ئىلاھ بىلەن ئېتىقاد مىللەت تەۋەلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى، دىنىدىن يۈز ئۆرۈش بولسا ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىشنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىناتتى. بۇنداق ئۆزگىرىشنىڭ نەتىجىسى "ئۇممە"نىڭ ئىچكى قىسمىدا قانلىق كۆرەشنى مەنئى قىلىشتىن ھەمدە ھۆكۈم قىلىش ئارقىلىق ئىچكى بىرلىكنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت بولدى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاشلا مۇھىم بولغىنى "ھوقۇق" توغرىسىدىكى يېڭى چۈشەنچە ئىدى. "ئۇممە"نىڭ داھىيسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى ئىدى، ئۇ مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان ھوقۇق قەبىلىلەرنىڭ بېرىشىگە تايانمىسا بولمايدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە خالىغان چاغدا ئېلىپ تاشلىسا بولىدىغان، چوقۇم ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتىدىغان مۇئەييەن شەرتلىك ھوقۇق ئەمەس، بەلكى مۇتلەق دىنىي ئىمتىياز ئىدى. ھوقۇقنىڭ مەنبەسى كۆپچىلىكنىڭ بىرلىككە كېلىشىدىن ئاللاھ تەرەپكە يۆتكەلگەن — ئاللاھ ھوقۇقنى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تاللىغان پەيغەمبىرى مۇھەممەدكە بەرگەنىدى.

دېمەك، ”ئۇممە“ ئىككى ياقلىمىلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. بىر تەرەپتىن، ئۇ سىياسىي ئورگان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى داھىي، مۇسۇلمانلارنى ۋە باشقا كىشىلەرنى ئۆز ئەزاسى قىلغان بىر خىل يېڭى قەبىلە ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ تۈپ دىنىي مەزمۇنغا ئىگە ئىدى، شۇڭلاشقا ئۇ يەنە دىنىي جەمئىيەت، ئىلاھىي ھاكىمىيەت گەۋدىسى ھېسابلىناتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر زاماندا ياشىغان كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە سىياسىي بىلەن دىنىنىڭ نىشانى زادىلا ھەقىقىي تۈردە پەرقلەندۈرۈلگەن ئەمەس. بۇنداق ئىككى ياقلىمىلىق ئىسلامىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەرپا قىلغان ”ئۇممە“ مۇشۇ خىل جەمئىيەتنىڭ تۆرەلمىسى ئىدى. ئۇ زامانلاردا ۋە ئۇ رايوندا بۇنداق ئەھۋالدىن ساقلانغىلى بولمايتتى. ئىپتىدائىي ئەرەب جەمئىيىتىدە دىنىنىڭ ئىپادىلىنىشىدىمۇ ۋە ئۇنىڭ تەشكىللىنىشىدىمۇ سىياسىي شەكىل قوللىنىش زۆرۈر ئىدى، چۈنكى باشقا شەكىلنىڭ ھېچقايسىسىنى قوللىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە، پەقەت دىنلا ئەرەبلەرنىڭ دۆلىتىنى ساقلاپ قالالايتتى، سىياسىي ئۇقۇم ئۇلار ئۈچۈن ناتونۇش ئىدى.

مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغان ”مۇھاجىرلار“ ئىقتىسادىي جەھەتتە ھېچ نەرسىگە ئىگە ئەمەس ئىدى، پۈتۈنلەي مەدىنىلىكلەرگە يۆلىنىۋېلىشىنىمۇ خالىمايتتى، شۇڭا ئۇلار ئەڭ ئاخىرقى بىر ئىشنى — بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. ياۋروپالىق يازغۇچىلار ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىگە قايتىپ كېتىۋاتقان كارۋاننى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا يول قويغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، كۆپىنچە، غەزەپلىنەتتى؛ لېكىن

ئەينى زاماندا، ئەرەبلەرنىڭ ئەخلاق قارشى بويىچە، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش تەبىئىي ھەم مەنتىقىگە سىغىدىغان ئىش ئىدى، بۇنداق قىلىش ئۇ چاغلاردا تېخى يامان ئىش ھېسابلانمايتتى. مەككە كارۋانلىرىغا ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق مۇنداق ئىككى مەقسەتكە يەتكىلى بولاتتى: بىر تەرەپتىن، مەككىنى قامال قىلىشقا ياردىمى بولاتتى، مۇشۇنداق قىلغاندىلا مەككىنى ئاخىرقى ھېسابتا يېڭى ئېتىقادنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلغىلى بولاتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، شۇنداق قىلىش ئارقىلىق مەدىنىدىكى "ئۇممە"نىڭ ئەمەلىي كۈچىنى، بايلىقى ۋە ئىناۋىتىنى ئاشۇرغىلى بولاتتى. مىلادىيە-نىڭ 624 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان-لاردىن 300 كىشىنى باشلاپ، مەدىنىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىد-ۋاتقان مەككە كارۋانلىرىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى غەنىيمەت ئالدى. ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى «قۇرئان كەرىم» دە ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنىڭ گەۋدىلىنىشى دەپ مەدھىيە-لەندى. بەدرى ئۇرۇشى ئىسلامىيەت جەمئىيىتىنىڭ بىخەتەرلىكد-نى كۈچەيتتى ھەمدە يېڭى بىر خىل ۋەھيىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەدىنىدە نازىل بولغان ۋەھيە-لەر مەككىدە نازىل بولغان ۋەھيىلەردىن زور دەرىجىدە پەرق قىلىدىغان بولدى: سىياسىي ھاكىمىيەتكە چېتىشلىق ئەمەلىي مەسىلىلەر، ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى تەقسىم قىلىش مەسىلىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنىدىغان بولدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى مۇسۇلمانلارنى يەھۇ-دىيلارغا قارشى تۇرۇش، ئاخىردا يەنە ناسارا (يەنى خرىستىئان) لارغا قارشى تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، بۇ ۋەھيىلەردە ناسارالار ھەزرىتى مۇھەممەد توغرىسىدىكى بېشارەتلەرنى يوشۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ كىتابىنى بۇرمىلىدى دەپ ئەيىبلەندى. ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىدىمۇ ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇ چاغدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يېڭى بىر دىننى دەۋەت قىلىپ، ئۆزىنى "پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى" يەنى "ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر" دەپ ئاتىدى. بۇ يېڭى دىنىنىڭ ئەرەبلەرگە خاس تۈسى بەكمۇ قويۇق ئىدى. مەككىدىكى "كەئبە" نامازدا يۈز كەلتۈرىدىغان "قىبلە" قىلىنغانلىقتىن، بۇ شەھەرنى بويسۇندۇرۇش بىر دىنىي مەجبۇرىيەت بولۇپ قالدى.

مىلادىيىنىڭ 625 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، قۇرەيشلەر مەدىنىلىكلەرنىڭ ئۆز كارۋانلىرىغا سېلىۋاتقان ۋە بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان تەھدىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن مەدىنىگە بىر قوشۇن ئەۋەتىپ، ئۇھۇد تېغىدا مۇسۇلمانلار قوشۇنىنى مەغلۇب قىلدى. ئۇلار مەدىنىگە قاراتقان ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشكە كۈچى يەتمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن قوشۇنلىرىنى مەككىگە قايتۇرۇپ كەتتى. بۇ ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلار قوشۇنى ھەقىقىي ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىمىدى. ئارقىدىنلا، خۇددى بەدرى ئۇرۇشىغا ئوخشاشلا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە تۇرۇۋاتقان يەنە بىر يەھۇدىي قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇنى مەدىنىدىن ھەيدەپ چىقاردى. لېكىن، قۇرەيشلەر يەنىلا ئۇرۇشتىن ۋاز كەچمىدى. 627 ـ يىلى ئەتىيازدا تەخمىنەن ئون مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر مەككە قوشۇنى مەدىنىگە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، بۇ شەھەرنى قورشىۋالدى. مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىغا يېڭى كىرگەن بىر پارس مۇسۇلمانىنىڭ تەكلىپى بويىچە شەھەرنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولاپ، مۇشۇنداق ئاددىي ئۇسۇل بىلەنلا قۇرەيشلەرنىڭ مۇھاسىرىسىنى مەغلۇب قىلدى — 40 كۈندىن كې-

يىن، قۇرەيش قوشۇنى شەپە چىقارمايلا چېكىنىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ غەلىبىدىن كېيىن، يەنە بىر يەھۇدىي قەبىلىسى — قۇرەيزە قەبىلىسى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى.

مىلادىيىنىڭ 628 - يىلى ئەتىيازدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىگە ھۇجۇم قىلسا بولغۇدەك خېلى زور كۈچكە ئىگە بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەمما يولدا كېتىۋاتقاندا، پۇرسەتنىڭ تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى سەزدى، شۇنىڭ بىلەن، بۇ قېتىمقى يۈرۈشنى بىر قېتىملىق تىنچ ھەج پائالىيىتىگە ئۆزگەرتتى. مۇسۇلمانلار مەككە مۇكەررەمەنىڭ چېگرىسىدىكى ھۇدەيبىيە دېگەن يەردە مەككىلىكلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرىكى ئادەت بويىچە، ھەر يىلنىڭ مەلۇم مەزگىلىدە مەككە مۇكەررەمەدىكى بەيتۇللا ئەتراپىدا ئۇرۇش قىلىش چەكلىنەتتى. سۆھبەت نەتىجىسىدە، ئىككى تەرەپ ئون يىلغىچە ئۇرۇش قىلمايدىغان، مۇسۇلمانلار كېيىنكى يىلى مەككىگە كېلىپ ھەج قىلىدىغان ۋە مەككىدە ئۈچ كۈن تۇرىدىغان بولۇپ كېلىشىم ھاسىل قىلىندى.

مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى سەل قېنى قىزىق بىر قىسىم كىشىلەردە بۇ سۆھبەتنىڭ بۇنداق پايدىسىز نەتىجىسىگە قارىتا قارشى تۇرۇش كەيپىياتى تۇغۇلدى. بۇنداق قارشىلىق كەيپىياتى يەھۇدىيلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان خەيبەر بوستانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشقا سەۋەب بولدى. مۇسۇلمانلارنىڭ خەيبەردە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسى بىر ئىسلام دۆلىتىنىڭ بىر غەيرىي ئىسلام دۆلىتى بىلەن دەسلەپكى ئۇچرىشىشىدىن دېرەك بەردى ۋە كېيىنكى چاغلاردا مۇشۇنداق مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. يەھۇدىيلار ئۆز زېمىنىنى ساقلاپ قالدى، لېكىن 50

پرسەنت باج تاپشۇرىدىغان بولدى. ياندۇرقى يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن 200 كىشىنى باشلاپ مەككىگە ھەج قىلغىلى باردى، يېڭى دىنىنىڭ بۇ يەردە كۆنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ئىناۋىتى ۋە كۈچ - قۇدرىتى يېڭى ئەزالارنى جەلپ قىلدى، بۇ يېڭى مۇسۇلمان بولغانلار ئىچىدە ئەمرۇ ئىبنى ئاس ۋە خالىد ئىبنى ۋەلىدمۇ بار ئىدى، بۇ ئىككىيلەن كېيىنكى چاغلاردا ئىسلام دىنىنىڭ بويسۇندۇرۇش ھەرىكىتىدە مۇھىم رولLARنى ئوينىغان. ئاخىردا، 630 - يىلى 1 - ئايدا، مەككىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىگە تەۋە بىر ەيلەنىنىڭ شەخسىي ماجىرا سەۋەبىدىن بىر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈۋېتىشى ئاخىرقى ھېسابتا مەككىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئۇنى بويسۇندۇرۇشنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالدى.

مەككە مۇكەررەمەنىڭ ئىشغال قىلىنىشى ۋە قۇرەيشلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىغا ئەگىشىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەلىيەتتە ئادا بولۇپ بولدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بەك مۇھىم دېگۈدەك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانمىدى. ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى بىر يىلىدا يۈز بەرگەن گەۋدىلىك بىر ئىش بەدەۋىيلەر قەبىلىلىرىنىڭ مەدەنىدىكى يېڭى جەمئىيەتكە بولغان قارشىلىقىدىن ئىبارەت بولدى. ھەرقايسى قەبىلىلەر بىلەن كېڭىشىش داۋامىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى سەزدى. ئۇ ئورناتقان تۈزۈمنى بۇ قەبىلىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشى تەس ئىدى، چۈنكى بۇ تۈزۈم ئۇلاردىن شەخسىي ئەركىن تۇرمۇشقا بولغان قىزىقىشتىن ۋە ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان ئادەتلەرنىڭ ئاساسلىق قىسىملىرىدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قىيىنچىلىقلارنى چۈشىنەتتى، ئۇ بۇ قىيىنچىلىقلارنى زور دەرىجىدە

يەڭدى. بۇ ھال رەسۇلۇللانىڭ سىياسىي ئىقتىدارىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى ئىدى. ئۇنىڭ دىنىي دەۋەت ئېلىپ بېرىشتىكى ئاخىرقى مەقسىتى بەدەۋىيلەرگە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئىدى، بۇ تولۇق ئىشقا ئاشماي قالدى، شۇڭا ئېتىقادى چىڭ ئەنئەنىچى مۇسۇلمانلار بەدەۋىيلەرنىڭ ئىسلام دىنىدىن بۈگۈنكى كۈندىمۇ گۇمانلىنىدۇ. ئۇنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىنكى مەقسىتى قۇرەيشلەرگە زەربە بېرىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كۈچىنى ئۇلغايتىش ئىدى. ئۇ بۇ مەقسىتىگە يەتتى، قەبىلىلەرنىڭ ئەسكىرىي قاراشلىرى بىلەن سۈركىشىپ قېلىشتىن مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ساقلاندى، ھەربىي ۋە سىياسىي مەسىلىلەرنى مەركەزلىك مۇھاكىمە قىلدى، شەخسلەرنىڭ دىنغا كىرىشىنى بولسا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قالدۇردى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قەبىلىلەر بىلەن تۈزگەن كېلىشىم ماددىلىرىنىڭ مەزمۇنى باشتىن - ئاخىر بىر خىل بولدى، يەنى قەبىلىلەر مەدىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشقا، مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلماسلىققا، ”زاكات“ تاپشۇرۇشقا ماقۇل بولۇشتىن ئىبارەت بولدى. بەزى ئەھۋاللاردا ئۇلار يەنە مەدىنىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرنىڭ ئالدىغا چىقاتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يىراق جايلاردىكى قەبىلىلەرگىمۇ باراۋەرلىك ئاساسىدا مۇئامىلە قىلدى، ئۇلارنىڭ كەڭ - ئازادە شارائىتتىن بەھرىمەن بولۇشىغا ۋە پۈتۈنلەي دوستانە بىتەرەپلىكنى ساقلىشىغا يول قويدى.

مەككە ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، سەل يىراق جايلاردىكى قەبىلىلەردە قىسمەن ۋە نوقۇل سىياسىي خاراكتېر ئالغان، ئىسلام دىنىنى قوغلىشىدىغان بىر خىل ھەرىكەت ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ ھەرىكەت ئىسلامىيەت جەمئىيىتى —” ئۇممە“نىڭ كۈچى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئابرۇيىنى ئىسپاتلاپ بەردى، ئۇ ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ تەكلىپ قىلىنىمىغان بىر قاتار ۋەكىللەر ئۇمەكلىرىنىڭ مەدىنىگە بېرىشى بولۇپ ئىپادىلەندى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ۋەكىللەر ئۇمەك- لىرىنىڭ كېلىشىنىڭ پەقەتلا سىياسىي جەھەتتىكى بەيئەت قىلىش ئىكەنلىكىنى چۈشەنسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا بۇ پۇرسەتتىن پائال پايدىلىنىپ دىنىي دەۋەت ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئە- لەيھىسسالام بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىملىرى مەدىنە ھۆكۈمرانى بىلەن تۈزگەن سىياسىي خاراكتېردىكى ۋە شەخسىي كېلىشىم دەپ قارىلاتتى. ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى بويىچە، بۇنداق كېلىشىم ئۇنى تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپنىڭ بىرسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تەبىئىي ھالدىلا كۈچتىن قالاتتى. سۈرىيە ۋە پارس مەدەنىيىتى- نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە ئورۇنلاشقان يېرىنىڭ يىراقلىقى سەۋەبىدىن مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ تەھدىتىنى تېخى ھېس قىلى- مىغان چەت جايلاردىكى قەبىلىلەر ئىچىدە ئىسلام دىنىنىڭ تەسى- رىنى قوبۇل قىلغان ئازچىلىق كىشىلەر بار ئىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ۋەكىللەر ئۇمەكلىرى پۈتۈن قەبىلىلەر ئىچىدىن ئەمەس، بەلكى ئاشۇ ئازچىلىق كىشىلەر ئىچىدىن ۋۇجۇتقا كەلگەنىدى.

مىلادىيىنىڭ 632 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىسقا ۋاقىتلىق كېسەللىكتىن كېيىن ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى غايەت زور ئىدى. ئۇ ئەرە- بىستاننىڭ غەربىي قىسمىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەر خەلقىگە يېڭى بىر دىننى ئېلىپ كەلدى. بۇ دىن بىر ئىلاھلىق ئىدىيە ۋە ئەخلاق تەلىماتىغا ئىگە بولغاچقا، ئىلگىرىكى بۇتپەرەسلىك دىنىغا قارىغان- دا تەڭداشسىز دەرىجىدىكى يۇقىرى سەۋىيىدە ئىدى. ئۇ بۇ دىنغا كېيىنكى ئەسىرلەردە يۈز مىليونلىغان ئېتىقادچىنىڭ ئىدىيۋى

ھەرىكىتىنىڭ قىبلىنامىسىگە ئايلىنىدىغان بىر ئىلاھىي كىتابنى قالدۇرۇپ كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئىشلىرى بۇنىڭلىق بىلەنلا توخ-
تاپ قالمىدى، ئۇ ياخشى تەشكىلاتقا ۋە قوراللىق كۈچكە ئىگە بىر جەمئىيەت ۋە دۆلەتنى بەرپا قىلدى، بۇلارنىڭ كۈچ - قۇۋۋى-
تى ۋە ئابرۇيى يېڭى دىننى ئەرەبىستاننىڭ بىر ھۆكۈمرانلىق ئامىلىغا ئايلاندۇردى.

ئۇنداق بولسا، ئەرەب مىللىتىدىن كېلىپ چىققان بۇ پەيغەم-
بەرنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئاخىرقى ئەھمىيىتى نېمىدىن ئىبارەت بول-
دى؟ ئەنئەنىۋى مۇسۇلمانلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇنىڭدا ھېچقانچە مەسىلە يوق، چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسا-
لام ئاللاھنىڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ ئۇلۇغ پەيغەمبىرى، ئۇ "خاتە-
مۇننەبىيىين" يەنى "پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى" قىلىپ ئەۋە-
تىلگەن، ئۇ ئىنسانلارغا ئاللاھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى "كالامى" يەنى سۆزىنى يەتكۈزگەن. ئۇنىڭ ئىشلىرى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئال-
دىن بېكىتىلگەن ۋە مۇقەررەر ئىدى، شۇڭا بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرى-
لەپ چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن كېيىنكى چاغلاردى-
كى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي تەسەۋۋۇرى بويىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەسەل، رىۋايەت ۋە ئاجايىپ ۋەقەلەر بىلەن بې-
زەلگەن رەڭگارەڭ تونلارنى كىيگۈزۈپ قويىدى، بۇنداق قىلمىش ئۇنىڭ تارىخىي شەخس بولۇشتىن ئىبارەت ھەقىقىي قىممىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىۋاتقاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئەڭ جەلپ قىلارلىق مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقىتا چىقىرىپ قويۇ-
ۋاتقانلىقىنى ئويلاپ باقمىدى.

شۇنىڭغا ئوخشاشلا، غەرب ئەللىرىدىمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىس-
سالام توغرىسىدا بەزى رىۋايەتلەر تارقالغان بولۇپ، بۇ رىۋايەتلەر-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دە ئۇ باشقىچە تەسۋىرلەنگەن. غەربنىڭ بىر تەرەپلىمە قاراش ئاساسىدىكى بۇ تەسۋىرلەشلەرگە ھازىرقى زامان تارىخشۇناسلىرى يېڭىكلىك بىلەن ئىشىنىپ كەتمىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىسلام دىنى پارچىلىنىپ كەتمىدى، بەلكى يېڭىدىن جانلىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. بۇ پاكىت ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئەينى چاغدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىكى جىددىي ئېھتىياجىغا ماسلاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئەرەبلەرنىڭ بىرلىككە كېلىش ۋە سىرتقا كېڭىيىش ھەرىكىتى قىسقىلا ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان كىندە پادىشاھلىقى دەۋرىدە دەسلەپكى قەدەمدە مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك بىلەن ئىپادىلىنىپ چىققانىدى. ئەرەبلەرنىڭ بىرقەدەر ئالىي شەكىلگە ئىگە دىنغا بولغان ئېھتىياجى يەھۇدىي دىنى، خىرىستىئان دىنى ۋە ئەھمىيىتى تېخىمۇ زور بولغان ”ھەنىف“ ھەرىكىتىنى يېرىم ئارالدا تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەب مىللىتىنىڭ گۈللىنىش ۋە سىرتقا كېڭىيىش جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچىنى ئويغاتقان ھەم بۇ ئىشقا يېڭىۋاشتىن بىر قېتىم يېتەكچىلىك قىلغانىدى. بۇ ئىشنىڭ پۈتۈنلەي ئەمەلگە ئېشىشى ئۇنىڭ ئىزباسارلىرىغا قالدى.

# ئۈچىنچى باب

# ئىستىلا قىلىش دەۋرى

”سىلەر كۆرۈپ ئۆتتۈڭلاركى … ئۇلارنىڭ دۆلىتى چاقىرىق بىلەنلا گويا ئەتىگەندە قۇياش شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ چىققاندەك باش كۆتۈرۈپ چىقتى، ئۇلارنىڭ چاقىرىقى دىن بىلەن ھەممە يەرگە تارقالدى، ئۇلارنىڭ دىنى پەيغەمبەرنىڭ بېشارىتى بىلەن كەڭ تارقىلىپ نۇرلاندى، ئۇلارنىڭ بېشارىتى شەرىئەتكە تايىنىپ ئەمەلگە ئاشتى، ئۇلارنىڭ شەرىئىتى خەلىپىلىك دۆلەتكە تايىنىپ مۇستەھكەملەندى، ئۇلارنىڭ خەلىپىلىك دۆلىتى دىن ۋە دىندىن خالىي سىياسەتكە تايىنىپ گۈللەندى…“

—— ئەبۇ ھەييان تەۋھىدى: «ھوزۇر ئېلىش ۋە ماسلىشىش».

مىلادىيە 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يېقىن ئوتتۇرا شەرق رايونى بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ئىككى ئىمپېرىيەگە — ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى بىلەن پارس ئىمپېرىيەسىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۆتكەنكى ئۈچ ئەسىرنىڭ تارىخى ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئۆزئارا كۆرەش قىلىش تارىخىدىن ئىبارەت بولدى. ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى كونستانتىنوپولنى پايتەخت قىلغان بولۇپ، مەدەنىيەت جەھەتتە يۇناننىڭ، دىنىي جەھەتتە خرىستىئان دىنىنىڭ تەسىرىدە ئىدى، لېكىن مەمۇرىيەت ئىشلىرىدا رىمنىڭ ئۇسۇلىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قوللىناتتى. ئۇنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنىڭ ئاساسى مەنبەسى غايەت كەڭ ئاناتولىيە ئېگىزلىكى ئىدى، ئۇ چاغلاردا ئۇ يەردە يۇنانلىقلار ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيتتى. سۇرىيە بىلەن مىسىردىن ئىبارەت ئىككى ئۆلكە ئۇنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقانىدى. بۇ ئىككى رايوندا ۋىزانتىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى نۇرغۇن جەھەتتە تەھدىتكە ئۇچراپ تۇراتتى. يۇنانلىقلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ ئىككى رايوندىكى ئاھالىلەر (بىر رايوندىكىسى ئاراميلار، يەنە بىر رايوندىكىسى قىبتىلار) ئىرق جەھەتتىن ئۇلارغا يات ئىدى، بۇ ئاھالىلەرنىڭ مەدەنىيىتىمۇ كىچىكرەك دائىرىدە ئۇلارغا يات ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋىزانتىيە ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە ۋىزانتىيىنىڭ خەلققە ئېغىر باج - خىراج يۈكلەپ قويغانلىقىغا بولغان نارازىلىقى بىدئەتچى مونوفىسىزم مەزھىپىنىڭ دىنىي جەمئىيىتى بىلەن ئىمپېرىيە پراۋوسلاۋىيە دىنىنىڭ تېگىپ قويسىلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك تۇرۇۋاتقان ھالىتىدە ئىپادىلىنەتتى. پەلەستىندە يەھۇدىيلار كۆپ سانلىق مىللەت ھېسابلانمىسىمۇ لېكىن ئۇلار يەنىلا مۇھىم بىر ئامىل ئىدى، ئۇلارنىڭ ۋىزانتىيە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تارتىۋاتقان دەردى بىدئەتچى خرىستىئانلارنىڭ تارتىۋاتقىنىدىن ئېغىر ئىدى، شۇڭا ئۇلاردا ئۆزىنىڭ خوجايىنلىرىغا قارىتا ياخشى تەسىرات يوق ئىدى.

ئىراندىكى ساسانىيە ئىمپېرىيىسى مەلۇم جەھەتتە ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىگە بەكمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. بۇ يەردە ئىمپېرىيىنىڭ مەركىزىي رايونى بىر ئېگىزلىك — ئىران ئىدى، ئاھالىلەرنىڭ تىلى ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىغا تەۋە ئىدى، بۇ ئىمپېرىيە تېخى سېمىتلار ئولتۇراقلاشقان، دىنىي جەھەتتە ئۆزى بىلەن قىلچە ئالاقىسى بولمىغان ئىراق ئۆلكىسىگە ھۆكۈمرانلىق

قىلاتتى. لېكىن ئىراندىكى ساسانىيە سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيىتى ئاسىيا مەدەنىيىتى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە يۇنان مەدەنىيىتى بىلەن قارىمۇقارشى ئىدى. ئىلگىرى بۇنداق يۇنانلاشتۇرۇشقا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى پاتىيە خانلىقىنىڭ مۇنقەرىز بولۇشىغا سەۋەب بولغانىدى. ساسانىيە سۇلالىسى مەجۇسىي دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغانىدى. بۇ ئىمپېرىيىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىنىڭكىدەك مۇستەھكەم ئەمەس ئىدى. ئاناتولىيە يېرىم ئارىلىنىڭ ھەربىي تۈزۈلمىسى ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىنى مۇستەھكەم ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ئاساس بىلەن تەمىنلىگەنىدى، پارس ئىمپېرىيىسى بولسا مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بىر قېتىملىق جىددىي بىر ئىنقىلابنى باشتىن كەچۈرگەن بولغاچقا، ئىلگىرىكى فېئوداللىق تۈزۈمى يىمىرىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى يېڭىدىن قۇرۇلغان بىر ياللانما قوشۇننى ئاساس قىلغان ھەربىي ـ ئىستىبداتلىق سىياسىي تۈزۈلمە ئىگىلىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېڭى ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ قالايمىقان، خەلقنىڭ نارازىلىق ساداسىنىڭ يۇقىرى بولۇشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان خەتەرلىك بىر قاتار دىنىي بىدئەتچىلىك ئىمپېرىيىنىڭ دىنىي بىرلىكى ھەتتا سىياسىي بىرلىكىنى تەھدىتكە ئۇچرىتىپ قويغانىدى.

مىلادىيىنىڭ 602 ـ يىلىدىن 628 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، پارس ئىمپېرىيىسى بىلەن ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرىسىدا داۋاملىشىپ كەلگەن بىر قاتار ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى پارتلىدى. بۇ ئۇرۇش گەرچە ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، ئەمما ھەر ئىككى تەرەپ تەڭلا ھالىدىن كەتكەن بولغاچقا، ئەرەب قۇملۇقىدا كۆتۈرۈ-

لۇش ئالدىدا تۇرغان كۈتۈلمىگەن خەتەرگە تاقابىل تۇرۇشقا ئۇلار-نىڭ ھېچقايسىسى ئامال قىلالمىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن، ياش ئىسلامىيەت جەمئىيىتى ئاساسىي قانۇن كرىزىسىگە ئوخشاپ كې-تىدىغان بىر خىل ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا-لام يا كىمنى ئىزباسار قىلىپ سايلاش توغرىسىدا بىرەر گەپ قالدۇرمىغان، يا ئۆتكۈنچى مەزگىلدە ھوقۇقنى يۇرگۈزۈپ تۇرى-دىغانغا قەبىلىلەرنىڭ "ئاقساقاللار كېڭىشى"گە ئوخشاش بىرەر ھەيئەت تەشكىل قىلىپ قويمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنىڭ بىردىنبىر ۋەكىلى دەيتتى، ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدە ئورنى ئۇنىڭ ئۆزىگە بىرەر كىشىنى ياردەمچى ياكى كەلگۈسىدىكى ئىزباسار قىلىپ بېكىتىپ قويۇشىغا يول قويمايتتى. كېيىنكى چاغلاردا شىئەلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى، يەنى قىزى پاتىمەنىڭ كۈيۈسى ھەزرىتى ئەلىنى ئۆزىگە ئىزباسار قىلىپ كۆرسەتكەن دېگەن گېپىنىڭ توقۇپ چىقىرىلغان-لىقى ئېنىق ئىدى.

قانۇنلۇق ئىزباسار دېگەن بۇ چۈشەنچە ئەينى چاغدىكى ئەرەب-لەرگە يات ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرەر ئوغلى بولغان تەقدىردىمۇ، ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتى باشقىچە بولۇشىمۇ ناتايىن ئىدى. ئىلگىرىكى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالى بۇن-داق قاراشنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئەرەب جەمئىيىتىنىڭ "باشلىق" چوقۇم بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن بولۇشى كېرەك دەيدىغان ئادىتىمۇ ئېھتىمال ئاقماي قېلىشى مۇمكىن ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمى ھۆكۈم سۈرۇ-

ۋاتقان بىر جەمئىيەتتە، ئۇنىڭ ئەبۇ بەكرگە ئوخشاش قېيناتى-
سى، ئەلىگە ئوخشاش كۈيئوغلى ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلەرمۇ
ئۆتمەي قېلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ئەرەبلەردە
قەبىلە باشلىقىنى يېڭىدىن سايلايدىغان بىرلا ئادەت بار ئىدى.
مەدىنىلىكلەر خەزرەج قەبىلىسىدىن بىركىمنى باشلىق قىلىپ
سايلاش كويىدا بولۇشقانىدى، شەكسىزكى، بۇ هال ئىسلام دىنى-
نىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاپ بەردى.

ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئەھۋالغا تاقابىل تۇرالايدىغان ئەبۇ بەكرى،
ئۆمەر ۋە ئەبۇ ئۇبەيدە قاتارلىق ئۈچ كىشى بار ئىدى، بۇلار
سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغانىغا ئوخشاش بىر ئۇسۇل بىلەن، ئىس-
لامىيەت جەمئىيىتىگە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىس-
سالامنىڭ بىردىنبىر ئىزباسارى دېگەن پىكىرنى قوبۇل قىلدۇر-
دى. ئەتىسى مەككىلىك مۇھاجىرلار بىلەن مەدىنىلىك ئەنسارىيلار
قوبۇل قىلماي بولمايدىغان بىر پاكىتقا دۇچ كەلدى. ئەبۇ بەكرى
خەلىپە (يەنى پەيغەمبەرنىڭ "ۋەكىلى") بولدى، ئۇنىڭ سايلىنى-
شى "خەلىپىلىك تۈزۈم"دىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ تارىخىي تۈزۈم-
نىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئۇنى سايلىغۇچىلار بۇ ۋەزى-
پىنىڭ كەلگۈسىدىكى رولى ۋە تەرەققىياتىنى ئويلاپ يەتمىگەنى-
دى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار خەلىپىنىڭ ۋەزىپىسى ياكى ھوقۇقىنى
چەكلەش ئويىدا بولمىغانىدى. ئۇنى ھىمايە قىلىپ تىكلەشتىكى
بىردىنبىر شەرت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ دەخ-
لى - تەرۇز قىلىشقا بولمايدىغان ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى مۇھاپىزەت
قىلىش ئىدى.

ئەبۇ بەكرى ھوقۇق يۈرگۈزۈشتە باشتىلا بىرقانچە مۇھىم
جەھەتتە ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرىغا ئوخشاش بولمىدى.

ئۇ جەمئىيەتنىڭلا داھىيسى بولۇپ قالماستىن، كەڭ بىر رايونىنىڭمۇ داھىيسى بولدى. ئۇ سىياسىي ھوقۇق بىلەن ھەربىي ھوقۇقنى ئۆز قولىدا تۇتتى، شۇنىڭدەك، ئۇ خەلىپىلىك ئورنىغا ئولتۇرغاندىن كېيىنكى ۋەزىيەت سىياسىي ۋە ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ سىياسىي ۋە ھەربىي ھوقۇقنى يۈرگۈزدى، شۇنىڭ بىلەن، بۇ ھوقۇق خەلىپە ھوقۇقىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. ئىككى يىلدىن كېيىن، خەلىپىلىك ئورنىنىڭ نامزاتى بولۇپ قالغان ئۆمەر ھېچقانچە قارشىلىققا ئۇچرىماي ئوڭايلا ئىككىنچى خەلىپە بولۇپ سايلاندى.

يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ تۇنجى خىزمىتى ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىپ، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ توپىلاڭ دىنغا ئاسىيلىق قىلىش ھەرىكىتى دەپ ئاتالغاندى، "دىنغا ئاسىيلىق قىلدى" دېگەن ئىش، ئەمەلىيەتتە، كېيىنكى چاغلاردىكى تارىخشۇناسلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي نۇقتىئىنەزىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بۇرمىلاپ كۆرسەتكەن ئىشنىڭ ئىنكاسى ئىدى. ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئەبۇ بەكرىنى پەيغەمبەرنىڭ ئىزباسارى دەپ ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلىشى ئەمەلدە ئىسلام دىنىغا يېڭى ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ئىلگىرىكى مۇشرىكلىك دىنىغا قايتىپ كەتكەنلىكى ئەمەس، بەلكى بىر سىياسىي كېلىشىمگە ئىمزا قويغان بىر تەرەپنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن ئۇ كېلىشىمنىڭ ئۆزلۈكىدىن كۈچتىن قالغانلىقى ئىدى. مەدىنە ئەتراپىدىكى قەبىلىلەر ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنىغا كىرىپ بولغانىدى، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئىسلامىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن تامامەن بىردەك ئىدى، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ئايرىم تارىخى ئايرىم يېزىلمىغانىدى. باشقا قەبىلىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا،

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى ئۇلارنىڭ مەدىنە بىلەن كېلە-
شىم تۈزگەن مۇناسىۋىتىنى تەبىئىي ھالدا ئۈزۈۋەتكەنىدى، شۇڭا
بۇ قەبىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەت ئەركىنلىكىنى ئەسلىگە كەل-
تۈرگەنىدى. ئۇلار ئۆزلىرىچە، بىز ئەبۇ بەكرىنى خەلىپە قىلىپ
سايلاشقا قاتناشمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىشى-
مىزنىڭمۇ ئەلۋەتتە زۆرۈرىيىتى يوق دەپ ئويلىغاچقا، مەدىنىگە
خىراج تاپشۇرۇش مۇناسىۋىتىنى ۋە كېلىشىمدە دېيىلگەن باشقا
مۇناسىۋەتلەرنى دەرھال ئۈزگەنىدى. مەدىنىنىڭ كېلىشىمدىكى
باش تەرەپلىك ئورنىنى قايتىدىن تىكلەش ئۈچۈن، ئەبۇ بەكرى
يېڭىدىن كېلىشىم تۈزۈش لازىم ئىدى. يېقىن ئەتراپتىكى قەبىلە-
لەر كېلىشىمنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن سەل يىراقتىكى
قەبىلىلەر رەت قىلدى، شۇنداق قىلىپ، ئەبۇ بەكرى بۇ قەبىلە-
لەرنى ئىسلام دىنىغا يېڭىۋاشتىن كىرگۈزۈشنىڭ مۇقەددىمىسى
سۈپىتىدە، ئۇلارغا قارىتا ھەربىي جەھەتتىن باستۇرۇش ۋاستى-
سىنى قوللاندى.
"دىنغا ئاسىيلىق قىلىش" قا قارشى ئۇرۇش دەسلەپتە "دىنغا
يېڭىۋاشتىن كىرگۈزۈش" ئۇرۇشى بولغانىدى، كېيىن بىرىپ
ئىستېلا قىلىش ئۇرۇشىغا ئايلىنىپ كەتتى، بۇ ئىستېلاچىلىق
ئاخىردا ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ دائىرىسىدىن كۆپ يىراقلاپ
كەتتى. ئىككى جەھەتتىكى ئىستېلاچىلىق — بىرى ئەرەب يېرىم
ئارىلىنىڭ ئۆزىدىكى ئىستېلاچىلىق، يەنە بىرى ئىراق، سۈرىيە
ۋە مىسىر قاتارلىق قوشنا رايونلارغا قارىتىلغان ئىستېلاچى-
لىق — بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئېلىپ بېرىلماستىن، بەلكى
بىر ۋاقىت ئىچىدە، بىر - بىرىگە باغلانغان ھالدا ئېلىپ بېرىل-
دى. ئەگەر شىمال تەرەپكە قاراپ كېڭىيىش يېرىم ئارال ئىچىدى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كى ئىقتىساد مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بىر چارىسىنى تېپىپ بەرمىگەن بولسا، ئۇ ھالدا ئەرەب قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇش مەڭگۈ مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. شىمالدىكى رايونلارنى ئىستېلا قىلىشقا ئاتلانغان قوشۇن دەسلەپتە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بىر قوشۇن بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى ئىستېلا قىلىشتا ئەمەس، بەلكى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشتا بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۇلار دۈشمەنىنىڭ ئاجىزلىقلىرى ئاشكارىلىنىپ چىققاندىلا ئاندىن ئىستېلاچىلىققا ئۆتتى. بۇ ئىشنىڭ باشلىنىشىدا مەدىنىنىڭ تىزگىنلەش كۈچى ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، ئادەتتىكى سىياسىي يېتەكچىلىكنىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمىدى. بارلىق كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشلار ۋە كۆپرىگەن ھەل قىلغۇچ تەدبىرلەر ئۈستىدە ھەربىي سەركەردىلەر بىلەن باش ۋالىيلار ئۆزلىرىلا باش قاتۇرۇشقا توغرا كەلدى.

ئەرەبلەرنىڭ كېڭىيىش ھەرىكىتىدىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ بىرى ئەبۇ بەكرىنىڭ كاتتا سەركەردىسى خالىد ئىبنى ۋەلىد (مىلادىيىنىڭ 648 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئىدى. ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان چاغدىكى ئەھۋالنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەربىي كۈچكە تايىنىپ كېڭىيىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. ئەرەبلەرنىڭ ھەقىقىي كېڭەيمىچىلىكى مىلادىيىنىڭ 633 ـ يىلى نەجد رايونىنىڭ شەرقىي قىسمىدا بولغان ئەقرەبا ئۇرۇشىدا باشلانغانىدى. بۇ ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ھەرقايسى ئەرەب قەبىلىلىرىگە مەدىنە ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچىنى كۆرسەتتى، بۇ يەردە بويسۇنۇشلا ئاقىلانىلىك ھېسابلىناتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىراققا يۈرۈش قىلغۇچى بىر قاتار قوشۇن ھەرقايسى تەرەپلەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

مەدىنە بىلەن سۈرىيە ئوتتۇرىسىدا خىرىستىئانلىشىپ كەتكەن
بىرمۇنچە ئەرەب قەبىلىسى بولۇپ، ئۇلار قۇملۇقتىكى قوشۇننىڭ
سىرتقا يۈرۈش قىلىشىغا مەلۇم دەرىجىدە توسالغۇ بولۇپ تۇرات-
تى. تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇنىڭغا دائىر خاتىرە يوق بولسىمۇ،
لېكىن بۇ قەبىلىلەر مۇقەررەر ھالدا مۇئەييەن رول ئوينىغاندى.
كىشىلەر مۇنداق پەرەز قىلالىشىلا مۇمكىن: ھىرەقلىنىڭ ۋىزان-
تىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قەبىلىلەرگە بېرىدىغان ئىقتىسادىي يارد-
ىمىنى توختىتىپ قويۇشى تەبىئىي ھالدا ئۇلارنى تاجاۋۇزچىلار تە-
رەپكە ئىتتىرىۋەتتى. مىلادىيىنىڭ 633 - يىلى، ئەبۇ بەكرى
سۈرىيىگە يۈرۈش قىلىدىغان پىدائىيلار قوشۇنىنى توپلىدى ۋە
ئۇلارنى بىرقانچە ئالاھىدە ئەترەتكە بۆلۈپ پەلەستىن بىلەن سۈرى-
يىگە ئەۋەتتى. ئىككىنچى يىلى ئەرەبلەر ۋىزانتىيىنىڭ ئادەم سا-
نى ئانچە كۆپ بولمىغان بىر قوشۇنىنى مەغلۇب قىلدى ۋە پەلەس-
تىننىڭ جەنۇبىدا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى. كېيىن ۋىزانتىيە
پادىشاھى ھىرەقلى ئۇلارغا قارشى قوشۇن چىقارغاندا ئەرەبلەر
ئاندىن مەدىنىنىڭ ياردەمچى قوشۇنىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈ-
تۈش ئۈچۈن قۇملۇققا چېكىندى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە،
خالىد ئىبنى ۋەلىد ئۇشتۇمتۇتلا قوشۇننى باشلاپ فۇرات دەرياسى
بىلەن پالمىرا (تەدمۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ،
634 - يىلى 4 - ئايدا دەمەشقتە پەيدا بولدى ۋە بۇ شەھەرنى
بۇلاڭ - تالاڭ قىلغاندىن كېيىن جەنۇبقا چېكىنىپ، باشقا قوشۇن-
لار بىلەن بىرلەشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ۋىزانتىيە قوشۇنى
يېروسالىمغا قىستاپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەرەب قوشۇنلى-
رى ئۇلارنى ئاخىر ئەجنادەيندە مەغلۇب قىلدى. ۋىزانتىيە قوشۇن-
لىرى شىمالدا كەينى - كەينىدىن مەغلۇب بولغان ۋە شەھەرنى

ئالته ئاي تۇتۇپ تۇرغاندىن كېيىن، ئەرەب قوشۇنلىرى ئاخىر دەمەشقنى ئىشغال قىلدى. ئەرەبلەر قوشۇنلىرىنى دەرھال تارقاقلاشتۇرۇپ، پۈتۈن پەلەستىنگە ئورۇنلاشتۇردى، خالىد ئىبنى ۋەلىد بولسا داۋاملىق تۇردە شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. بۇ چاغدا، ھىرەقلى ئەرمەنلەرنى ئاساسىي كۈچ قىلىپ كۈچلۈك بىر قوشۇن تەشكىل قىلدى ھەمدە ئۆز تەۋەسىدىكى ئەرەبلەردىن تەشكىل قىلغان ئاتلىق قوشۇننى ئۇلارغا قوشتى. دۈشمەننىڭ كۈچلۈك قوشۇنىغا دۇچ كەلگەن ئەرەبلەر دەرھال دەمەشقتىن چېكىنىپ چىقىپ، ئەسكىرىي كۈچىنى يەرمۇك دەرياسىنىڭ بويىغا توپلىدى. 636 - يىلى 7 - ئايدا، ئۇلار بۇ يەردە ۋىزانتىيە قوشۇنىنى ئۇزۇل - كېسىل بىتچىت قىلىپ، ۋىزانتىيىنىڭ قەيسارىيە ۋە يېروسالىم قاتارلىق ئىككى ئىستىھكامىدىن باشقا پۈتۈن سۈرىيە ۋە پەلەستىن زېمىنىنى ئىستېلا قىلدى. سۈرىيە ئىستېلا قىلىنغاندىن كېيىنلا خالىد ئىبنى ۋەلىد ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىۋېتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەبۇ ئۇبەيدە قويۇلدى، يەنى ھەربىي ئەمەلدارنىڭ ئورنىغا مۈلكىي ئەمەلدار قويۇلدى. مىلادىيىنىڭ 637 - يىلى خەلىپە ئۆمەر سۈرىيىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

ئىراققا ھۇجۇم قىلىش تەكلىپىنى دەسلەپتە يېرىم ئارالنىڭ چېگرا بويلىرىدا ئولتۇرۇشلۇق قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جەنۇبتىكى مۇسۇلمانلار بىلەن شىمالدىكى پارسلارنىڭ مۇھاسىرىسىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، بىردىنبىر چىقىش يولىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىشىپ پارسلارنىڭ زېمىنىغا ھۇجۇم قىلىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. مىلادىيە-

نىڭ 633 ـ يىلى خالىد ئىبنى ۋەلىد ئادەم سانى ئانچە كۆپ بولمىغان، ئاساسەن يەرلىك خەلقلەردىن تەشكىل قىلىنغان بىر قوشۇن بىلەن ھىيرە شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغانىدى. كۈتۈلمىگەن غەلىبە ئەرەبلەرنىڭ تەۋەككۇلچىلىك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىگە سەۋەب بولدى، نەتىجىدە 634 ـ يىلىدىكى "كۆۋرۈك ئۇرۇشى"دا پادىشاھ يەزدىجەرد باشچىلىقىدىكى پارس قوشۇنى تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇب قىلىندى. ئەرەبلەر دەرھال يېڭى ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئاخىر 637 ـ يىلى يازدا 20 مىڭ كىشىلىك پارس قوشۇنى قادىسىيىدە ئادەم سانى ناھايىتى ئاز بىر ئەرەب قوشۇنىنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچراپ، ئورنىدىن تۇرالماي قالدى. ئەرەبلەر غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ، پارسلارنىڭ پايتەختى تاشفىن (يەنە بىر ئاتىلىشى مەدائىن) نى ئىستېلا قىلدى ۋە پۈتۈن ئىراقنى ئىشغال قىلدى. پارسلار پىتىراپ كەتكەن ئەسكەرلىرىنى يىغىپ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنغانىدى، جەلۇلە دېگەن يەردە يەنە ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئاسانلا مەغلۇب قىلىندى. ئەرەبلەرنىڭ قوشۇنى شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ سۇرىيە بىلەن ئىراقتىن ئۆتۈپ، مېسوپوتامىيىدىكى قوشۇنلار بىلەن بىرلىشىپ، "مۇنبەت ھىلال ئاي" رايونىنى ئىستېلا قىلدى.

ئەرەب رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، مىسىرغا تاجاۋۇز قىلىش دەسلەپتە خەلىپىنىڭ ئىرادىسى ئەمەس، بەلكى سۇرىيىدە چەتكە قېقىلغان ئەمرۇ ئىبنى ئاس (مىلادىيىنىڭ 663 ـ يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ مىسىرغا بېرىپ ئاچچىقىنى چىقارغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. مىسىردىمۇ ئىش سۇرىيە ۋە ئىراقتىكىگە ئوخشاش ئوڭۇشلۇق بولدى. قىبتىلار يۇناننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق نارازى ئىدى ھەمدە تاجاۋۇزچىلارغا ياردەم بەرمەكچى بولۇۋاتاتتى.

639 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئەمرۇ ئىبنى ئاس يەمەننىڭ 3000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىنى باشلاپ مىسىرنىڭ چېگرىسىدىكى ئەرىش شەھىرىگە كەلدى ۋە بۇ شەھەرنى ئوڭايلا ئىشغال قىلدى. بۇ هال ئۇنىڭ پاراكەندىچىلىكنى ئىستېلاغا ئايلاندۇرۇشىغا ئىلھام بەردى. ئۇ فەرما شەھىرىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ۋىزانتىيىنىڭ هازىرقى قاھىرە شەھىرىنىڭ ئورنىدىكى بابىلۇن قورغىنىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى ۋە مەدىنىدىن ئەۋەتىلگەن 5000 كىشىلىك ياردەمچى قوشۇنغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، مىلادىيە 640 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۇ يەردىكى ۋىزانتىيىلىكلەرنى تېزلا مەغلۇب قىلدى. ئىككىنچى يىلى بۇ شەھەر تەسلىم بولدى، مىسىردىكى ۋىزانتىيىلىكلەر ئىسكەندىرىيە پورتىغا چېكىندى. ئەمرۇ ئىبنى ئاس بۇ شەھەرنى بىر يىل مۇھاسىرە قىلغاندىن كېيىن، قىبتىلارنىڭ ئاقساقىلى بىلەن كېلىشىم ئىمزالىدى، بۇ شەھەر تەسلىم بولدى، ۋىزانتىيىنىڭ شەھەرنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان قوشۇنى چېكىنىپ چىقتى. 645 ـ يىلى يۇنان قوشۇنى دېڭىزدىن بىر قېتىم قايتۇرما هۇجۇمغا ئۆتۈپ بىرمەھەل غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى يىلى چېكىنىپ چىقىپ كەتتى.

غەربنىڭ نۇرغۇن كىتابلىرىدا: ئەرەبلەر ئىسكەندىرىيىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن خەلىپە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بۇ شەھەردىكى ناھايىتى كاتتا بىر كۇتۇپخانىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن، دېگەن بىر گەپ ئېقىپ يۈرگەندى، بۇنىڭ سەۋەبى: ئەگەر بۇ يەردىكى كىتابلاردا «قۇرئان كەرىم» دە دېيىلگەن گەپلەر بولسا، ئۇ هالدا «قۇرئان كەرىم» بار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ كىتابلار لازىم بولمايتتى؛ ئەگەر «قۇرئان كەرىم» دىكى گەپلەر ئۇ كىتابلاردا يوق بولسا، ئۇ هالدا بۇ كىتابلار بىدئەت ھېسابلىناتتى. هازىرقى

زامان تارىخشۇناسلىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى بۇ گەپلەرنىڭ پۈتۈنلەي ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. دەسلەپكى چاغلاردىكى تارىخ كىتابلىرىدىمۇ، ھەتتا خرىستىئان دىنىنىڭ تارىخ كىتابلىرىدىمۇ بۇ ھېكايە تىلغا ئېلىنمىغانىدى. پەقەت مىلادىيە 13 - ئەسىردىلا بۇنداق گەپلەر چىقىشقا باشلىدى. ھالبۇكى، مەيلى قانداق بولسا بولسۇن، سېراپىيوم كۇتۇپخانىسى ئەرەبلەر بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇنلا شۇ شەھەردىكى ئەرەبلەرنىڭ ئىچكى ماجىراسى سەۋەبىدىن ۋەيران بولۇپ كەتكەنىدى.

ئەرەبلەرنىڭ ”مۇنبەت ھىلال ئاي“ رايونىنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي قىسىملىرىغا قىلغان يۈرۈشى بىرقەدەر ئاستا ۋە قىيىن بولدى. ئىران ئېگىزلىكىدە قارشىلىق بىرقانچە يىلغا سوزۇلدى، ئىراننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى خۇراساننىڭ پۈتۈن زېمىنى ئاخىرقى ھېسابتا مۇئاۋىيە ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلگە كەلگەندە ئاندىن ئىستېلا قىلىندى. ئاناتولىيە يېرىم ئارىلىدا قىينچىلىق باشتىن - ئاخىر تۈگىمىدى، تاكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ تاۋر تاغلىرى يەنىلا ئەرەب تىلىنىڭ شىمالدىكى ئەڭ چەت چېگرىسى بولۇپ تۇرماقتا.

ئەرەبلەرنىڭ ئۇلۇغ ئىستېلاچىلىق ئۇرۇشىدا قوللانغان ئىستراتېگىيىسى ئۇلارنىڭ قۇملۇقنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىشنى بىلىشىگە باغلىق بولغانىدى، بۇ ھازىرقى زامان ئىمپېرىيىلىرىنىڭ دېڭىز ئارمىيىسىدىن پايدىلانغىنىغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. قۇملۇق ئەرەبلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ناھايىتى تونۇشلۇق ئىدى ۋە ئۇلارنىڭ قۇملۇققا كىرىپ چىقىشى ئوڭاي ئىدى، ئەمما دۈشمەنلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا بولسا ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئەرەبلەر ئۇنىڭدىن ماددىي ئەشيالار ۋە ھەربىي ياردەملەرنى توشۇيدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاتناش ۋاستىسى، جىددىي پەيتلەردە بىخەتەر توساق سۈپىتىدە
پايدىلىنىلاتتى. دېمەك، ئەرەبلەرنىڭ ئىستېلا قىلغان ھەربىر ئۆل-
كىدە قۇملۇق ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ چەت ياقىسىدىكى
شەھەرلەرنى تاللاپ، شۇ يەرلەردە ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي بازىسىنى
قۇرۇشى بىكار ئەمەس ئىدى. ۋەزىيەت مۇقىملاشقاندا، ئۇلار
تەييار شەھەرلەردىن پايدىلىنىلاتتى، مەسىلەن، دەمەشققە ئوخ-
شاش؛ زۆرۈر تېپىلغاندا، ئۇلار يېڭى - يېڭى شەھەرلەرنى بەرپا
قىلاتتى، مەسىلەن، ئىراقتىكى كۇفە، بەسرە، مىسىردىكى فۇس-
تات، تۇنىستىكى قەيرۇۋانلارغا ئوخشاش. بۇ مۇھىم ھەربىي
شەھەرلەر دەسلەپكى چاغلاردىكى ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ
"جەبەلتارىق"ى ۋە "سىنگاپور"ى ئىدى. ئەرەبلەر بۇ جايلاردا
ئۆزلىرىنىڭ مۇداپىئە ئىستېھكاملىرى ۋە ھەربىي شەھەرلىرىنى
قۇرغان؛ پۈتكۈل ئۇمەۋىيىيە سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ جايلار ئەرەب
ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسىي مەركىزى بولۇپ كەلگەنى-
دى. ئەرەبلەرنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا "ئەمسار" دەپ ئاتالغان بۇ
شەھەرلەر ئىستېلا قىلىنغان رايونلاردا ئەرەبلەرنىڭ كۈچىنى تىك-
لەش ۋە مۇستەھكەملەش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىغانىدى.
ئىستېلا قىلىنغان ئۆلكىلەردە ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ ئازچىلىق بولۇشىغا
قارىماي، "ئەمسار"لاردا ھۆكۈمرانلار سىنىپىنى شەكىللەندۈرۈپ،
ئەرەب يېزىقىنى ئاساسىي يېزىققا ئايلاندۇرغانىدى. "ئەمسار"لار
يېقىن ئەتراپتىكى رايونلارنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىرى-
غا ئايلىنىپ قالغانىدى، بۇ جايلار ئارقىلىق ئەرەب يېزىقى ئەتراپ-
تىكى يېزا - كەنتلەرگە كېڭەيتىلگەن. ئۇزاق ئۆتمەي، ھەربىر
ھەربىي شەھەرنى چۆرىدەپ كىچىك شەھەرلەر پەيدا بولۇشقا باش-
لىدى، ئىستېلا قىلىنغان رايونلاردىن چىققان ئۇستىكارلار، سو-

دىگەرلەر، خىزمەتچى خادىملار، ئىشچىلار بۇ جايلارغا يىغىلىپ، ئەرەب ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئۈچۈن مۇلازىمەتچىلىك قىلىدىغان كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللاندى. مۇسۇلمان بولمىغان دېھقانلاردىن ئالىدىغان باجنىڭ ئېغىرلىقى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى تۈپەيلىدىن، يېزىدىن شەھەر ـ بازارلارغا يۆتكىلىدىغانلار تېز كۆپەيدى. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى ماددىي نەرسىلەردىن ئېلىنىدىغان باجنى ئەرەب ئىستېلاچىلىرى ئىچىدە كەڭ دائىرىدە ۋە ئەركىن تەقسىم قىلىپ بېرىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن.

ئەينى چاغلاردىكى ئۇلۇغ ئىستېلاچىلىق ھەرىكىتى ئىسلام دىنىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئەرەب مىللىتىنىڭ كېڭەيمىچىلىك ھەرىكىتى ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ يۇرتى بولغان ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئاھالە كۆپىيىپ كېتىش بېسىمى ئۇلارنى يېقىن قوشنا ئەللەردىن چىقىش يولى تېپىشقا مەجبۇر قىلغانىدى. بۇ ئەللەردىن چىقىش يولى ئىزدەش تارىختىكى سېمىت مىللىتىنىڭ ھەدەپ ‶مۇنبەت ھىلال ئاي‟ رايونىغا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ يىراقراق رايونلارغا يۆتكىلىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارغان بىر قاتار كۆچۈش ھەرىكەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ سىرتقا كېڭىيىشى ئەينى ۋاقىتتا بىز ھېس قىلغاندەك ئۇنداق تاسادىپىي بولمىغانىدى. ئەرەب يېرىم ئارىلىنى تىزگىنلەپ تۇرغان ‶تاقاق‟ ئىنتايىن چىڭ بولغاچقا ئۇنى ئۇدۇل بېرىپلا ئېچىش قىيىن بولغان چاغلاردا، ئۇلار ئاھالىنىڭ كۆپىيىپ كېتىش بېسىمىنى چېگرا بويلىرىدىكى جايلارغا تۇختىماي سىڭىپ كىرىش ئۇسۇلى بىلەن قىسمەن يېنىكلەتتى. نۇرغۇنلىغان پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، 6 — 7 ـ ئەسىرلەردە ئەرەبلەر بولۇپمۇ فۇرات دەرياسى ۋادىسىغا، پەلەس-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىنگە ۋە شەرقىي جەنۇبىي تەرەپتىكى سۇرىيىگە كەڭ دائىرىدە سىڭىپ كىرگەنىدى. ئىككى شەھەرنى مىسالغا ئالساق، ئىستىلا-چىلىق ھەرىكىتى باشلىنىشتىن بۇرۇنلا ۋىزانتىيىنىڭ بۇسرا ۋە غەززە شەھەرلىرىدە ئەرەبلەرنىڭ سانى خېلىلا كۆپ ئىدى. شۇ-نىڭدا شەك يوقكى، ئىستىلا قىلغۇچىلار ئۆز ئادەملىرىدىن تۇر-غۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ئىستىلا قىلىنغان قوشنا ئەللەردە ئولتۇ-راقلىشىپ قالغانلىقىنى بايقىغان.

دىنىنىڭ ئىستىلاچىلىق ھەرىكىتىدە ئوينىغان رولىنى ئىلگى-رىكى ئالىملار بەكمۇ يۇقىرى مۆلچەرلىۋەتكەنىدى، ھازىرقى زا-ماندىكى ئالىملار ئۇنى بەكمۇ تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ مۇھىملىقى ئۇنىڭ بىر مىللەتنىڭ روھىي ھالى-تىدە دەرمەھەللىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلالىشىدا ئىدى، بۇ مىللەت-نىڭ ئاسانلا ھاياجانلىنىپ كېتىدىغان ۋە چېچىلىپ قايناپ قالىدى-غان مىجەزى بار ئىدى، ئۇلار ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىنتىزامغا بويسۇنۇشقا ئادەتلەنمىگەنىدى، ئۇلار بۇيرۇقنى قوبۇل قىلماي، نەسىھەتنى قوبۇل قىلاتتى. بۇ دىن بىرمەھەل ئۇلارنىڭ ئۆزگە بولغان ئىشەنچىنى كۈچەيتتى ۋە ئۇلارنى ھۆكۈمرانلىقنى ئاسانلا قوبۇل قىلىدىغان ھالغا كەلتۈردى. ئىستىلاچىلىق ئۇرۇشى مەز-گىلىدە دىن ئەرەبلەرنىڭ بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ۋە غەلىبە قىلىشىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغانىدى. لېكىن ئىستىلاچىلىق-نىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى دىنىنىڭ كۈچى ئەمەس، بەلكى دىنىدىن خالىي كۈچ ئىدى — بۇ پاكىت خالىد ئىبنى ۋەلىد ۋە ئەمر ۇ ئىبنى ئاس قاتارلىق مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىپا-دىلىنىپ چىققانىدى. ئۇلارنىڭ دىنغا بولغان قىزىقىشى شەكىل-ۋازلىق ۋە مەنپەئەتپەرەسلىك ئاساسىدا ئىدى. ئاز ساندىكىلەرنى

ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەقىقىي مۇسۇلمان بولغانلار ۋە تەقۋادار مۇسۇلمانلار ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ تىكلىنىشىدە ھېچقانچە رول ئوينىمىغاندى.

كېيىنكى چاغلاردىكى ئەرەب تارىخشۇناسلىرى بىزگە ھەزرە-تى ئۆمەرنىڭ يېڭى ئىمپېرىيىنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنى ئورناتقاندا-لىقىغا دائىر نۇرغۇنلىغان تەپسىلىي ماتېرىياللارنى قالدۇرۇپ كەتتى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرى ھازىر-قى زامان تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن ئىسپاتلاندى، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنىڭ 1 ـ ئەسىرىدىن قېپقالغان، كېيىنكى زامانلاردىكىلەر پاي-دىلانغان ۋە مىسىرنىڭ سامان قەغەزگە خاتىرىلەنگەن ھازىرقى زامان سىياسىي ھۆججەتلىرى تەرىپىدىن ئىسپاتلاندى. دەسلەپكى چاغلاردىكى خەلىپىلەر سىياسىي تۈزۈمنى ئورنىتىش ۋاقتىدا ئە-مەلىيەتنى ئاساس قىلغان، ئۇلار بىرمۇنچە ئاتالغۇ ۋە ۋەزىپىلەرنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ياكى بىرمۇنچە قائىدە ـ پرىنسىپلارنى تۈزۈپ چىقىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلغان، شۇڭا ئۇلار-نىڭ تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلغاندا، ئاددىي پاكىتقا ئاساسلىنىش لازىم. ئۇلارنىڭ سىياسىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئىستېلا قىلىنغان رايونلاردىكى خەلقلەرنىڭ مەنپەئەتىنى ئەمەس، بەلكى ئىستېلاچى-لىق ئۇرۇش داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن ئەرەب مۇسۇلمان ئاقسۆ-ڭەكلەرنىڭ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلغان. بۇنداق سىياسەت زور دەرىجىدە ھەربىي سەركەردىلەر بىلەن مۆلكى باشلىقلارنىڭ ئىس-تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. دەسلەپتە ئەرەبلەر پارسلارنىڭ ۋە ۋىزانتىيىنىڭ ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى بىلەن ئەمەلدارلىرىنى ساق-لاپ قالغان، ھەتتا كونا پۇل تۈزۈمىنىمۇ قوللانغانىدى. مىلادىيە 640 ـ يىلىدىن كېيىن، ھەزرىتى ئۆمەر ئىسلاھات ئېلىپ بې-

رىشنىڭ زورۇرلۇكىنى بىلىپ يەتتى ـ دە، شۇنىڭ بىلەن يېڭى بىر تۈزۈمنى ئورناتتى. بۇ تۈزۈم بويىچە، "پۈتكۈل ئىمپېرىيە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە ھاۋالە قىلىپ بېرىلدى، خەلىپە بولسا ھاۋالىنى قوبۇل قىلغۇچى بىردىنبىر كىشى بولدى". ئىستېلا قىلىنغان ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە قانۇن ۋە ئادەتلىرى بار ئىدى. ئەرەبلەر كونا تۈزۈمنى ئۆتكۈزۈۋالغاندا، بۇ ئىمپېرىيىنىڭ بىرلىككە كەلگەن قانۇنى يوق ئىدى. سۇرىيە بىلەن مىسىرنىڭ تەسلىم بولۇشى شەرتلىك بولدى، ئۇمەر شۇ جايلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئىراق قورال كۈچى بىلەن ئىستېلا قىلىندى، شۇڭا ئىستېلا قىلغۇچى بىرقەدەر چوڭ ھەرىكەت ئەركىنلىكىگە ئىگە ئىدى.

ئەرەبلەر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەرلەرنى ۋە يېڭى ھۆكۈمەتكە دۈشمەنلىك قىلغۇچىلارنىڭ يەر ـ زېمىنلىرىنىلا مۇسادىرە قىلدى. يېڭى ھۆكۈمەتنى ئېتىراپ قىلغان زېمىن ئىگىلىرى بەلگىلىك خىراج[1] تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مۇقىم مۈلكىگە بولغان تولۇق ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالالايتتى. مۇسادىرە قىلىنغان يەر ـ زېمىنلارنى دۆلەت تىزىملايتتى ۋە باشقۇراتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ سىرتىدىن يەر ـ زېمىن سېتىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىنغانىدى، دۆلەتمۇ ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسىغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىش نامى بىلەن يەر ـ زېمىنلارنى ئىنئام قىلغانىدى. ئىنئام قىلىنغان بۇ يەرلەرنىڭ بەزىسى ئۆزلەشتۈرۈلگەن، بەزىسى بىنەم پېتى تۇرۇۋېپ قالغانىدى، بۇنداق يەرگە ئىگە بولغانلار يەنە دۆلەتنىڭ خىراجنى ئاز تاپشۇرىدىغان ياكى خىراج تاپشۇرمايدىغان ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن

---

[1] خىراج — يەر بېجى، باج. — تەرجىماندىن.

بەھرىمەن بولاتتى. ئۆمەر ئىنئام قىلغان بۇنداق يەرلەر ناھايىتى ئاز ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئىزباسارلىرى بۇنداق يەرلەرنى ئىنئام قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىۋەتكەنىدى. يېرىم ئارالنىڭ سىرتىدىكى مۇسۇلمان يەر ئىگىلىرى خىراجنى تولۇق تاپشۇرمايتتى؛ لېكىن بىر قېتىملىق تالاش - تارتىشتىن كېيىن، ئۇلار ئاز تاپشۇرىدىغان يەنى "ئۆشرە" تاپشۇرىدىغان بولغان. مۇسۇلمانلار خىراجنى ئاز تاپشۇرغاندىن باشقا، ھەر خىل خىراجنى غەيرىي مۇسۇلمانلار تاپشۇراتتى. خىراج يەنە "جىزيە"نى① ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. كېيىنكى چاغلاردا "جىزيە"، "يەر بېجى" دېگەن بۇ ئىككى ئاتالغۇ غەيرىي مۇسۇلمانلار تاپشۇرىدىغان باجنىڭ مەخسۇس نامى بولۇپ قالغان. خەلىپىلىك دۆلەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە "جىزيە" "نوپۇس بېجى" دېگەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، "خىراج" بولسا ھەرقانداق باجنى كۆرسىتىدىغان ئادەتتىكى ئاتالغۇ ئىدى ھەمدە ئۇ ئەرەبلەر ھەربىر رايوندىن ئالىدىغان ئالۋان - ياساقنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنى كۆرسىتەتتى. ۋىزانتىيىدىكى ۋە ئىستېلا قىلىنغان باشقا رايونلاردىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئالۋان - ياساقنى ئېلگىرىكى ئۇسۇل بويىچە مۆلچەرلىشى ۋە ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىنغانىدى.

ئىستېلا قىلغۇچىلار ئىستېلا قىلىنغان مىللەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ۋە دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشىغا ئارىلاشمايتتى. ئىستېلا قىلىنغان بۇ مىللەتلەر "زىممىي" ② دېگەن نامغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇلار «قۇرئان كەرىم»دە ئېتىراپ قىلىنغان دىنلارنىڭ

① "جىزيە"— جان بېجى، مۇسۇلمانلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردىكى غەيرىي مۇسۇلمانلاردىن ئېلىنغان باج. — تەرجىماندىن.

② "زىممىيلار" ئىلگىرى مۇسۇلمان ئەللەردە قوغدىلىدىغان ۋە ئامانلىققا ئېرىشكەن غەيرىي مۇسۇلمانلارنى كۆرسىتەتتى. — تەرجىماندىن.

ئېتىقادچىلىرى ئىدى. ۋىزانتىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئايلىنىشى بېقىندى مىللەتلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك قارشى ئېلىشىغا ئۇچرىغانىدەك قىلاتتى؛ مەيلى باج - سېلىق ياكى باشقا ئىشلاردا بولسۇن، ئۇلار يېڭى بويۇنتۇرۇقنى كونا بويۇنتۇرۇقتىن كۆپ يېنىكتەك ھېس قىلاتتى. ھەتتا سۈرىيە ۋە مىسىردىكى خرىستىئان ئاھالىلەرمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋىزانتىيە پراۋوسلاۋىيە دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ياخشى دەپ قارايتتى. ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يەھۇدىيلار ئارىسىدا تارقالغان بىر ۋەھىيدە ئېيتىلىشىچە، بىر پەرىشتە بىر يەھۇدىي كاھىنغا مۇنداق دەپتىكەنمىش: "قورقما يەھۋەنىڭ ئوغلى! يارانقۇچى (ئۇ بەختلىك بولسۇن) ئىسمائىل پادىشاھلىقىنى ياراتتى، بۇ پەقەت سىلەرنىڭ بۇ ئاپەت (ۋىزانتىيە) تىن قۇتۇلۇشۇڭلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىدى ... مۇقەددەس تەڭرى (ئۇ بەختلىك بولسۇن) ئۇلارنىڭ بۇ زېمىننى ئىستېلا قىلىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئۇلارغا بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇلار ئۇ زېمىننى قايتۇرۇۋالىدۇ...". بىر بۇ سۆزنى كېيىنكى چاغلاردىكى سۈرىيىلىك بىر خرىستىئان تارىخچىنىڭ سۆزى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقساق بولىدۇ: "شۇڭا قىساسچى تەڭرى ئەرەبلەردىن پايدىلىنىپ بىزنى رۇملۇقلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇردى ... بىزنى رۇملۇقلارنىڭ رەھىمسىز زوراۋانلىقى ۋە بىزگە بولغان قاتتىق ئۆچمەنلىكىدىن قۇتۇلدۇردى، بۇنىڭدىن بىز كۆپ پايدا كۆردۇق". ئىستېلا قىلىنغان رايوننىڭ خەلقلىرى يېڭى ھاكىمىيەتنى پاسسىپلىق بىلەن قوبۇل قىلىپلا قالماستىن، يەنە تېخى مەلۇم ئەھۋال ئاستىدا ئۇ ھاكىمىيەتنىڭ تىكلىنىشىگە ئاكتىپلىق بىلەن ياردەم قىلغانىدى. پەلەس-

تىندە، سەمەرىتانلار ئەرەبلەرگە ئەمەلىي ياردەملەرنى بەردى،
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بەزى ئالۋان - سېلىقنى تاپشۇرمايدىغان
بولدى؛ دەسلەپكى مەزگىلدىكى تارىخ كىتابلىرىدىمۇ يەرلىك يە-
ھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلارنىڭ ئەرەبلەرگە ياردەم بەرگەنلىكىگە
مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

ئەرەبلەر ئىسلام دىنىنى ئەرەبىزم بىلەن قوشۇپ بىر قىلدى،
بۇنى ئۇلارنىڭ ئىستېلا قىلىنغان مىللەتلەردىن ئىسلام دىنىغا
كىرگەن زور تۈركۈمدىكى يېڭى مۇسۇلمانلارغا قىلغان مۇئامىلى-
سىدىن ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. ئەرەبلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا،
ئۇلار ”ئەرەب ئەمەس مۇسۇلمان“ دېگەن بۇ ئۇقۇم بىلەن زادىلا
چىقىشالمايتتى، شۇڭا ئىسلام دىنىغا كىرگەن يېڭى مۇسۇلمانلار
ئالدى بىلەن ”مەۋالى“غا ئايلىنىشى① ياكى مەلۇم ئەرەب قەبىلى-
سىگە تەۋە بولۇشى لازىم ئىدى. ”مەۋالى“لار گەرچە نەزەرىيە
جەھەتتە ئەرەبلەر بىلەن باراۋەر بولسىمۇ، ھەتتا نۇرغۇنلىغان
ئالۋان - ياساقنى تاپشۇرۇشتىن كەچۈرۈم قىلىنغان بولسىمۇ،
لېكىن ئەرەبلەر ئۇلارنى ھەمىشە كۆزگە ئىلمايتتى، ئۇزاق ۋاقىت-
لارغىچە بارلىق ئاماللارنى قىلىپ ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ
ماددىي پاراۋانلىقىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا يول قويماي كەلگەن-
دى. ئەڭ مۇھىم پاراۋانلىق مالىيە ئورگىنى —”دىۋان“ تەرىپىدىن
تارقىتىپ بېرىلىدىغان مائاش بىلەن قوشۇمچە ياردەم ئىدى. ”دىۋان“

---

① ”مەۋالى“ ئىلگىرىكى چاغلاردا ئەرەبلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئۆتكەن غەي-
رىي ئەرەبلەرنى كۆرسىتەتتى، كېيىنكى چاغلاردا ئەرەبلەر قارام
بولۇپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن ياكى مۇسۇلمان بولۇپ قۇللۇقتىن
ئازاد بولغان غەيرىي ئەرەبلەرنى كۆرسىتىدىغان بولغان. —
تەرجىماندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

هەزرىتى ئۆمەر ئىستىلا قىلىنغان رايونلاردىن يىغىۋېلىنغان باجنى ئەرەب جەڭچىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىش ئۈچۈن تەسىس قىلغان ئورگان ئىدى.

ئۆمەرنىڭ بۇ تۈزۈمنى ئورنىتىشتىكى تەسەۋۋۇرى "ئەرەب بىلەن "مۇسۇلمان" دېگەن ئىككى ئىسىمنى قوشۇپ بىر قىلىش ۋە ئىسلام دىنىنىڭ نوپۇزىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. خەلىپە ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى دىنىنىڭ مۇشۇ نوپۇزىغا تايىنىپ يۈرگۈزەتتى. بۇ تەسەۋۋۇرلار كۈچتىن قالغاندا، خەلىپە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى مۇقەررەر بولۇپ قالدى.

مىلادىيىنىڭ 644 - يىلى 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى خەلىپە ئۆمەر بىر پارسىي قۇل تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. ئىسلام دىنى دۇچ كەلگەن ئىچكى ئۇرۇش خەۋپىنى تونۇپ يەتكەن ئۆمەر كۆز يۇمۇشتىن ئىلگىرى، ئىزباسارلىقنى ئۈستىگە ئېلىش سالاھىيەتىگە ئىگە كىشىلەردىن بىر سايلام كېڭىشى — "شۇرا" تەشكىل قىلىش ھەمدە ئۇلار ئۆز ئىچىدىن بىر كىشىنى خەلىپىلىككە كۆرسىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق قىلدى. "شۇرا" كېڭىشى خىزمەتىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا قالدۇرۇلغان خاتىرىلەرنىڭ كۆپىنچەسى بىر - بىرىگە زىت. شۇنداق بولسىمۇ، ئويلىمىغان يەردىن ئۇلار ئوسمان ئىبنى ئەففاننى سايلاپ چىقتى. ئوسمان بوشاڭ ئادەم دەپ نام ئالغانىدى، ھەتتا بەزى كىشىلەر ئۇنى قورقۇنچاق دەپ ئەيىبلىگەنىدى، ئەرەبلەرنىڭ نەزىرىدە بۇ بىر قورقۇنچلۇق كەمچىلىك ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ سايلىنىشى مەككىلىك كونا ئاقسۆڭەك ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ غەلىبىسىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇ ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ يېڭى دىن ئېلىپ كەلگەن

مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولۇشى ئۇلارنىڭ بۇ يېڭى دىنىنىڭ پەيغەم-
بىرىنى قوبۇل قىلىشىدىن كۆپ تېز بولغان بولسىمۇ، لېكىن
ئۇلار مەدىنىدە ئىزچىل ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ئىل-
گىرىكى سەرگەردانلار (يەنى مۇھاجىرلار) نى ھامان كۆزگە ئىل-
ماي كەلگەنىدى. گەرچە ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر ئۇ مەككىلىك-
لەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇلارنى ئۆز ئىشلىرىغا قاتناشتۇ-
رۇپ، يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە قىلغان، مەسىلەن، ھەزرىتى
ئۆمەر مۇئاۋىيىنى سۈرىيىگە باش ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن بول-
سىمۇ، بۇ مەككىلىك ئاقسۆڭەكلەر يەنىلا ئىچىدە نارازى بولۇپ،
جېنىنىڭ بارىچە ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقى ۋە ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ كەلدى. ئوسمانمۇ مۇئاۋىيىگە
ئوخشاشلا، ئىسلام دىنىنىڭ ئىلگىرىكى تەسىرىي كۈچكە ئىگە
مەككە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ يەنى ئۇمەييە جەمەتىنىڭ ئەزاسى بول-
غاچقا، مەككە ئاقسۆڭەكلىرىدىن كېلىپ چىققان ۋە ئىزباسار
بولسا بولغۇدەك سالاھىيەتكە ئىگە ساھابىلەر ئىچىدە بىردىنبىر
ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شەخس ئىدى. ئۇنىڭ خەلىپە بولۇپ
سايلىنىشى مەككىلىك ئاقسۆڭەكلەر ئۈچۈن بىر غەلىبە ۋە پۇر-
سەت بولدى — دە، ئۇلار بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمىدى. ئوسمان
ھە دېگەندىلا مەككىلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قال-
غاچقا، يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى ئارقا — ئار-
قىدىن مۇشۇ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئاجىز — ئىقتىدارسىزلىقى ۋە شەخسىي
مەنپەئەتكە بېرىلىپ كېتىشى سەۋەبىدىن، ئەرەب جەمئىيەتلەر ئىچى-
دىكى ئاچچىق — غەزەپ چېكىگە يەتتى. ئىسلام دىنى ئىچىدە
ئوسمان خەلىپە بولۇپ تۇرغان مەزگىلدىكى چىرىكلىشىش ھادى-

سىلىرى ئۇنىڭ كەمچىلىكلىرىدىن كېلىپ چىققان دېگەن گەپ
تارقالدى. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر سەۋەبلىرى بار
ئىدى. ھەزرىتى ئوسماننىڭ خاتالىقى شۇ يەردىكى، ئۇ بۇ سەۋەب-
لەرنى تونۇيالمىدى، تېزگىنلىيەلمىدى ۋە بىر تەرەپ قىلالمىدى،
شۇڭا ئۆمەر ئالەمدىن ئۆتكۈچە ئەرەب تارىخىدا ئاساسىي ھەرىكەت-
لەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ كەلگەن ئىستېلاچىلىق ئۇرۇشى ئۇنىڭ
ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن تەڭلا توختاپ قالدى. ئەرەب مىللىتىنىڭ
كۆچۈش ھەرىكىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. تۇركۈملىگەن
ئەرەبلەر سىرتقا قاراپ ئاقتى ۋە ئىستېلا قىلىنغان رايونلاردا
ئولتۇراقلىشىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن نوپۇسنىڭ كۆپىيىپ كې-
تىشىدىن كېلىپ چىققان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ دەماللىققا يو-
قالدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئەرەبلەر ئورغۇنلىغان يېڭى - يېڭى
توسالغۇلارغا ئۇچرىدى — ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقى بىلەن
شىمالىدا ئىران بىلەن ئاناتولىيە ئېگىزلىكى ۋە دوستانە بولمىغان
ئاھالىلەر بار ئىدى، غەربىدە بولسا بىپايان دېڭىز بار ئىدى، بۇ
ھال ئىستېلاچىلىق ئۇرۇشىنى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ
ۋە ئاستىلىتىپ قويدى. بۇ توختاپ قېلىش ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ
ئىچىلمىغان نۇرغۇن مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىشىغا پۇرسەت
تۇغدۇرۇپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن، كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ
مەركەزدىن قېچىش كۈچى تېزدىنلا جانلىنىپ، مەمۇرىي جەھەت-
تىكى يىمىرىلىشكە ۋە ئومۇميۈزلۈك قوزغىلاڭنىڭ كۆتۈرۈلۈشى-
گە سەۋەب بولدى. ئەمەلىيەتتە، قارشىلىق كۆرسىتىش ئامىللە-
رى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ۋاقتىدىلا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان-
دى، ئۆمەرنىڭ سۇيىقەستكە ئۇچراپ قازا قىلىشىدىكى سەۋەبلەر-
نىڭ بىرى ئېھتىمال مۇشۇ بولۇشىمۇ مۇمكىن. ھەزرىتى ئوسمان

خەلىپە بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە بولسا ئۇلار ئاشكارا بولۇپ چىقـ
تى. قوزغالغان بۇ توپىلاڭ دىنىي خاراكتېردىمۇ ئەمەس، شەخـ
سىي خاراكتېردىمۇ ئەمەس، بەلكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ هوـ
قۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن هەرقانداق تۈزۈمگە قاراتقان قارشىلىقى
ئىدى؛ شۇڭا ئۇ ئۇمەرنىڭ هۆكۈمىتىگە ئەمەس، بەلكى بارلىق
دۆلەت شەكلىگە قارشى تۇراتتى. ئۇلارنىڭ هۆكۈمەت توغرىسىدىـ
كى چۈشەنچىسى ئىپتىدائىي هالەتتە ئىدى، يەنى كونكرېت ۋە
شەخسكە چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئىدى، بۇ چۈشەنچە بويىچە، ئىنـ
تىزامغا بويسۇنۇش دېگەنلىك شەخسكە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن
ساداقەتمەنلىك بىلدۈرۈش دېگەنلىك بولاتتى. ئوسمان ئۇلارنى
مۇشۇنداق قىلىشقا ئىلهاملاندۇرالمىغانىكەن، ئۇنداقتا، ئۇلار ساـ
داقەتمەنلىك بىلدۈرۈشنى ئىختىيارىي هالدا توختىتىپ قويۇشقا
بولىدۇ دەپ قارايتتى.

ئوسمانغا قارىتىلغان قوراللىق هۇجۇم گەرچە مىسىردىن
كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن قارشىلىقنىڭ هەقىقىي مەركىزى
بولسا مەدىنىدە ئىدى. تەلهە بىلەن زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام قورسىدـ
قىدا غۇم ساقلاپ كەلگەن مەككىلىك كىشىلەر ئىدى؛ ئەمرۇ
ئىبنى ئاس بولسا ئوسمان تەرىپىدىن مىسىردىكى ۋەزىپىسىدىن
ئېلىپ تاشلانغانلىقى ئۈچۈن ئوغىسى قايناپ ئۆزىنى باسالماي
كېلىۋاتقان كىشى ئىدى. ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ
رەپىقىسى ئىدى — بۇ تۆتەيلەن خەلىپىگە قارشى سۇيىقەستنىڭ
يادروسىنى شەكىللەندۈرگەن بولغاچقا، ئوسمانغا سۇيىقەست قىـ
لىش ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىدىن ئۇلارنىڭ قىلچە خەۋىرى
يوق دېگىلى بولمايتتى. ئەمرۇ ئىبنى ئاس بىلەن ئائىشە ئەهۋالـ
نىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكتىن، باشقىلارنىڭ گۇمانـ

لىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن جىددىي پەيتتە مەدىنىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ئۇلارنىڭ بىرى بىرشىبەگە، بىرى مەككىگە كېتىۋالدى. ھەزرىتى ئەلى ئۇ چاغدىكى ئەھۋالنى تېخى ئېنىق بىلەلمىگەنىدى. گەرچە ئۇ ئۆزى كېيىنكى خەلىپىنىڭ نامزاتلىرىدىن بىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچ قېتىم نامزاتلىققا كۆرسىتىلىپ سايلامدا قېلىپ قالغان بولسىمۇ، كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا، بۇ قېتىمقى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىدە ئۇنىڭ ھېچقانداق مەسئۇلىيىتى يوق ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ بۇ ۋەقەگە قارىتا پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتۇشى ۋە بۇ ۋەقە يۈز بېرىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ ئىناۋىتى ھەم تۇتقان ئورنىدىن پايدىلىنىپ ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىنى توسۇپ قالالمىغانلىقى ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى دۈشمەنلىرىنى ئۆزىگە ھۇجۇم قىلىدىغان كۈچلۈك قورالغا ئىگە قىلىپ قويىدى.

مىلادىيە 656 - يىلى 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئەرەب ئارمىيىسى ئىچىدىكى بىر بۆلۈك ئىسيانچى ئۇنسۇرلار تەلەپ قويۇش ئۈچۈن مىسىردىن مەدىنىگە كېلىپ خەلىپىنىڭ تۇرالغۇسىغا باستۇرۇپ كىردى ۋە ئۇنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تىغ سالدى. بۇ قېتىمقى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى ئىسلام دىنى تارىخىدا بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. خەلىپىنىڭ توپىلاڭچى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى ئىسلام تارىخىدىكى ئېچىنىشلىق بىر ۋەقە بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ بىرلىك ئاساسى بولغان خەلىپىلىك ئورنىنىڭ دىنىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىكى ئىناۋىتىنى قاتتىق ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھۆكۈمەت بىلەن قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىردىنبىر ئالاقە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىلا قالدى، ھالبۇكى، بۇ ئىككى جەھەت ئادەمنى بىزار قىلىدىغان جەھەتلەر ئىدى.

ھەزرىتى ئەلى مەدىنىدە خەلىپە بولۇپ سايلاندى، لېكىن ھەزرىتى ئوسمانغا دۈشمەنلىك قىلىپ كەلگەن كىشىلەر ئەلىنىڭ سۈيىقەستلىك ۋەقەگە قاتناشمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىسمۇ، لېكىن خەلىپىنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىدىن خېلى دەرىجىدە پايدىلىنىپ خەلىپىلىك ئورنىغا چىققان ئەلىنىڭ خەلىپە بولغانلىقىغا تازا قايىل بولۇپ كەتمىدى. ئوسماننى ياخشى كۆرمەيدىغان باشقا كىشىلەرمۇ بۇ يېڭى خەلىپىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئوسماننىڭ تەرىپىنى ئالىدىغان بىر گۇرۇھ تېزدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، قاتىلنى جازالاشنى تەلەپ قىلدى. ئەلى بۇ كىشىلەرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالمىدى، ئەكسىچە، قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن خەلىپە ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۆزىگە بىرمۇنچە دۈشمەننى كۆپەيتىۋالدى. ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ئائىشە، تەلھە ۋە زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام قارشى چىقتى، ئۇلار، بىر تەرەپتىن، ئۆزلىرى ئېلىپ بارغان بىر قاتار سۈيىقەستلىك ھەرىكەتلەرنى كۆرمىگەن بولۇۋالدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مەككىگە بېرىۋېلىپ، ئۇرۇش قىلىش ۋە ئىنتىقام ئېلىش توغرىسىدا جار سېلىشتى. بۇ ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھ يەرلىك كۈچلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەلىگە قارشى كۈچلەرنى توپلاپ بەسرەگە باردى.

مىلادىيە 656 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئەلى ئۆزىنىڭ قوشۇنىنى باشلاپ مەدىنىدىن يولغا چىقتى. بۇ ئىش قوش ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بىرىنچىدىن، مەدىنىنىڭ ئەمدى ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى بولۇشتىن قالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى، چۈنكى شۇنىڭدىن كېيىن خەلىپىلەردىن بىرەرسىمۇ ئۇ يەردە تۇرمىدى.

www.uyghurkitap.com

ئىككىنچىدىن، خەلىپىنىڭ مۇسۇلمانلار قوشۇنىنى باشلاپ بېرىپ ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىندىشى بىلەن ئىچكى ئۇرۇش قىلىشى تارىختا تۇنجى ئىش ئىدى.

ئەلى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى كۇفەگە يېتىپ بېرىپ، ”بىتەرەپ“ تۇرۇۋاتقان باش ۋالىي ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئالقىش سادالىرى ئىچىدە شەھەرگە كىردى. ئۇ بۇ يەردىن بەسرەگە يۈرۈش قىلىپ، داڭلىق ”تۆگە ئۇرۇشى“دا ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇب قىلدى. بۇ ئۇرۇشنىڭ بۇنداق ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇرۇشتىكى ئاساسىي ھەرىكەت ”مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى“ دەپ ئاتالغان ئائىشە مىنگەن تۆگىنىڭ ئەتراپىدا ئېلىپ بېرىلغانىدى. ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدە ئەلى غەلىبە قازاندى. تەلھە بىلەن زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام قازا قىلدى، ئائىشە مەككىگە ئاپىرىپ قويۇلدى.

ئەلى بەسرەنى ئىشغال قىلغان قىسقا مەزگىل ئىچىدە خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى - دە، ئىلاجىسىز كۇفەگە قايتىپ كەتتى ۋە ئۇ يەرنى پايتەخت قىلدى. ئۇ ئەمدى سۈرىيەدىن باشقا پۈتكۈل ئىسلام ئىمپېرىيەسىنىڭ خوجايىنى بولدى. ئۇ روشەن ئۈستۈن كۈچكە ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن قەبىلىلەرنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقى، ئۇنى ھىمايە قىلغۇچىلارنىڭ بۇيرۇققا قارشىلىق كۆرسىتىشى، شۇنىڭدەك ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلار بىلەن ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيونلىرىنىڭ تەشەببۇس جەھەتتە بىر - بىرى بىلەن قارىمۇقارشى ئورۇندا تۇرۇۋېلىشى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ ئورنى كۆپ ئاجىزلاپ كەتتى. بۇنداق ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلار بىلەن ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيونلىرى بولسا ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئىچىدە كۆپچىلىكنى ئىگىلەيتتى، ئۇ-

نىڭ ئۈستىگە، ئۇلار ئۇنىڭ خەلىپىلىك ھوقۇقىغا قارىتا ھۇجۇم
قىلىپ ۋە تاپا - تەنە قىلىپ تۇراتتى. سۇرىيىدە مۇئاۋىيىنىڭ
ئورنى خېلىلا مۇستەھكەم ئىدى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىسلام
دۆلىتىدە ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرگەن ھاكىمىيەتنىڭ بىردىنبىر
داھىيسى ئىدى، ئۇ بىرلىككە كەلگەن ۋە تېپتىنچ تۇرۇۋاتقان بىر
ئۆلكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى ھەمدە ۋىزانتىيە بىلەن بولغان
چېگرا ئۇرۇشىدا چېنىققان ۋە ئىنتىزامچانلىقى چىڭ بولغان بىر
سۇپەتلىك قوشۇننى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئورنى
روھىي جەھەتتىمۇ پۇختا ئىدى. ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ قانۇنىي-
لىقىغىمۇ گەپ سىغمايتتى، چۈنكى ئۇ خەلىپە ئۆمەرنىڭ بۇيرۇقى
ۋە خەلىپە ئوسماننىڭ تەستىقى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەنىدى.
مۇئاۋىيىنىڭ ئۆز تاغىسى ئوسمان ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش تەشەب-
بۇسى «قۇرئان كەرىم» دە ئېتىراپ قىلىنغان قەدىمكى ئەرەبلەر-
نىڭ ئادىتىگە ئۇيغۇن ئىدى. ئەلى ئۆزىگە قارشى تۇرغۇچىلارغا
قارشى كۈرەش ئېلىپ بارغان دەسلەپكى مەزگىلدە، مۇئاۋىيە
ئاقىلانىلىق بىلەن بىتەرەپلىكنى ساقلىغانىدى. ئۇ تېخى ئۆزىنى
خەلىپە دەپ ئاتىماي، قاتىلنى جازالاش تەلىپىنىلا ئوتتۇرىغا قوي-
دى ھەمدە ھىيلىگەرلەرچە بىر ئاساسنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئەلى-
نى ئەخلاقىي جەھەتتە خەلىپىنى ئۆلتۈرۈشنى توسىمىغانلىق گۇ-
ناھىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك دەپ ئەيىبلىدى، شۇنىڭ بىلەن،
ئەلىنىڭ خەلىپە بولۇشىنىڭ قانۇنىيلىقىمۇ مەسىلە بولۇپ قالدى،
ئۇ پاراسەتلىك، چاققان ئەمرۇ ئىبنى ئاس ۋە بىرلىككە كەلگەن
سۇرىيە قوشۇنىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

مۇئاۋىيىنىڭ ئەلىگە قارشى تۇرغان تۇنجى قېتىملىق ئاشكارا
ھەرىكىتى ئەلى ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئەۋەتكەن يې-

ڭى باش ۋالىينى قەتئىي رەت قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. ئەلى ئۇنىڭغا قارىتا ھەرىكەت قوللىنىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئاخىردا بىر قوشۇننى باشلاپ يولغا چىقىپ، مىلادىيە 657 ـ يىلى 5 ـ ئايدا فۇرات دەرياسى بويىدىكى سىففىندا سۈرىيە قوشۇنى بىلەن ئۇچ-راشتى. قائىدە بويىچە، ئۇرۇش باشلاشتىن بۇرۇن ئىككى تەرەپ نەتىجىسىز بىر سۆھبەت ئېلىپ باردى، سۆھبەتتە مۇئاۋىيە ئوس-ماننى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى تاپشۇرۇش ۋە ئۇنى جازالاشنى ئوتتۇ-رىغا قويدى، ئېھتىمال ئەلىدىن ئورۇننى بوشىتىشنى ھەمدە يېڭى-دىن بىر سايلام يىغىنى ئېچىپ خەلىپىنى يېڭىدىن سايلاشنى تەلەپ قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئاخىردا ئۇرۇش پارتلىدى، 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئەلى ئۇرۇشتا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. مۇئاۋىيە مەغلۇب بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا بىر ئۇستىلىق ئىش-لىتىپ، جەڭچىلەرنى مىلتىقنىڭ ئۇچىغا «قۇرئان كەرىم» نى ئېسىپ، ”ئاللاھ ھۆكۈم قىلسۇن“ دەپ توۋلاپ چىقىشقا بۇيرۇ-دى. بۇنداق قىلىش خەلىپىنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىدىكى تالاش ـ تارتىشنى قوزغاپ چىقىشتىن باشقا نەتىجە بەرمەيتتى، چۈنكى «قۇرئان كەرىم» دىن خەلىپە مەسىلىسى توغرىسىدىكى يوليورۇق-نى تېپىپ چىققىلى بولمايتتى. ئەلى بۇنىڭ بىر ھىيلە ئىكەنلى-كىنى بىلىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆز قوشۇنىدىكى سۇلھىچى-لەرنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشى ئارقىسىدا، تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈ-زۈشنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئىككى تەرەپ ھەكەملەر سوتىغا بىردىن ئادەم چىقىرىشقا بىردەك ماقۇل بولدى. مۇئاۋىيە ئۆز ئىشىغا سادىق ۋە سۆھبەتكە ئۇستا ئەمرۇ ئىبنى ئاسنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسەتتى. ئەلىنىڭ قولى ئاستىدىكىلەر ھەكەملەر سوتى-نىڭ رولىنى باشقىچە چۈشىنىپ، ئەلىنى بىتەرەپ تۇرۇۋاتقان

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىشكە مەجبۇر قىلدى. مۇئاۋىيە مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن روھىي جەھەتتىكى غەلىبىنى قولغا كەلتۇردى، ئەمەلىيەتتە، ئەلىنى ھوقۇقلۇق خەلىپىدىن بىر ھوقۇق تارتىۋالغۇچىنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويدى. بۇ سۆھبەت ئەلىگە تېخىمۇ كۆپ قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. ئەلىنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئىچىدىكى مۇھىم بىر گۇرۇھ ئەلى قوللانغان تەدبىردىن نارازى بولۇپ توپىلاڭ كۆتۈردى، بۇ توپىلاڭ قانلىق ئۇرۇش ئارقىلىق ئاندىن تىنچىتىلدى. بۇ توپىلاڭ كۆتۈرگۈچىلەر "خاۋارىج" (چىقىپ كەتكۈچىلەر) دەپ ئاتالدى، ئىسلام دىنىنىڭ كېيىنكى تارىخىدا بۇلار يەنە كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا چىقتى.

مىلادىيە 659 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبىتى ئەزرۇھتا ئۆتكۈزۈلدى. ئەرەبلەرنىڭ ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتنىڭ جەريانى توغرىسىدىكى خاتىرىسىدە ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان خاھىشلار ساقلاندى. لېكىن، شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمى ئەلىگە پايدىسىز بولۇپ چىقتى، بەلكى ئۇ تېخى ئەلىنى ئورۇننى بوشاتسۇن دېگەن مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئەلى بۇ ھۆكۈمنى رەت قىلدى، شۇ سەۋەبتىن ۋەزىيەت يەنە سېففىن ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى ئەھۋالغا قايتىپ كەتتى، خاۋارىجلار ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشى ۋە جەڭچىلەرنىڭ روھىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى تۈپەيلىدىن، ئەلىنىڭ ئورنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتى. كېيىنكى بىرنەچچە ئايدا، ئۇ تېخىمۇ كۆپ ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىدى. مۇئاۋىيە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مىسىرنى تارتىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئەلى بايلىق ۋە ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەۋاتقان غايەت زور بىر مەنبەدىن ئايرىلىپ قالدى. مۇئاۋىيە ئۆزى بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئەلى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئىراقتا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغان ۋە ھۇجۇم قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنى ئەيىبلىمىدى.

ئەلىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئاخىرقى بىر يىلدا ئەھۋالىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكى كىشىلەرنىڭ ئېسىدە قالمىدى. ئۇ مۇئاۋىيە بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىغان بولۇشى مۇمكىن، يېڭى بىر ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن مىلادىيە 661 - يىلى ئۇ ئىبنى مۇلجەم ئاتلىق بىر خاۋارىج تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىمام ھەسەن كۈرەشتىن ۋاز كېچىپ، خەلىپىلىك ھوقۇقىنى مۇئاۋىيەگە ئۆتۈنۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، مۇئاۋىيە سۈرىيەدە خەلىپىلىك ئورنىغا چىقتى، ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ يەنە پۈتۈن ئىمپېرىيە تەۋەسىدە ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىندى.

# تۆتىنچى باب

# ئەرەب پادىشاھلىقى

”ئۆمەر سەلماندىن سورىدى: ‹مەن پادىشاھمۇ، ياكى خەلىپىمۇ؟›

سەلمان جاۋاب بەردى: ‹سەن مۇسۇلمانلارنىڭ يېرىدىن بىرەر ياكى قانچىلىك تەڭگە ئالغان ۋە ئۇنى تېگىشلىك بولمىغان يەرگە ئىشلەتكەن ئىكەنسەن، ئۇ چاغدا سەن خەلىپە ئەمەس، بەلكى پادىشاھ بولغان بولىسەن!›

ئۆمەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ يىغلىدى.“

—— تەبەرى: «مىللەتلەر ۋە پادشاھلار تارىخى» دىن.

مۇئاۋىيە خەلىپىلىك تەختىگە چىققاندىن كېيىن، ھەر تەرەپتىكى قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. دۆلەتنىڭ ھوقۇقنى مەركەزگە يىغىش تۈزۈمى ئاجىزلاپ كەتتى، سىياسىي جەھەتتە قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقتى، بەدەۋىيلەرنىڭ دىنىي ۋە ئەخلاقىي كۈچىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان بولۇۋېلىشى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتسىزلىك قىلىدىغان ۋە ئىنتىزامغا بويسۇنۇشنى يامان ئالىدىغان ناچار ئادىتى باش كۆتۈرۈپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن دۆلەتتە ئومۇمىيۈزلۈك داۋالغۇش ۋە بۆلۈنۈش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى. ئوسماننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئۇرۇش ئوتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پايتەختنىڭ مەدى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىدىن دەمەشىققە كۆچۈرۈلۈشى دەسلەپكى چاغلاردىكى خەلىپىلىك دۆلەتنىڭ مۇستەھكەملىكىنى قوغدىغان دىنىي ئالاقىنى قۇتقۇزۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. مەككىنىڭ بيۇروكراتلار قاتلىمى يەر بىلەن يەكسان بولۇپ، ئىناۋىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى. مۇئاۋىيىنىڭ ئالدىدىكى قىيىن مەسىلە، ئاساسەن، بۇ ئىمپېرىيىگە قانداق قىلىپ يېڭى ئاساس سېلىش مەسىلىسى ئىدى. ئۇنىڭ قوللانغان تەدبىرى نەزەرىيە جەھەتتە ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت بولغان دىنىي ھاكىمىيەتنى ئەرەب ئىرقىي ئامىلى ئاساسىغا ئورنىتىلغان دىندىن خالىي ھاكىمىيەتكە ئايلاندۇرۇش بولدى.

ئۇمەۋىييە سۇلالىسىدىن كېيىنكى ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ تارىخشۇناسلىرى تارىخ كىتابلىرىنى يازغاندا، ئاغدۇرۇۋېتىلگەن بۇ سۇلالىنىڭ ئورنىنى ئاڭلىق ھالدا تۆۋەنلىتىۋەتتى. ئۇلار مۇئاۋىيىنى ۋە ئۇنىڭ ئىزباسارلىرىنى خەلىپە دەپ ئاتاشنى خالىمىدى، ئەلىدىن كېيىنكى مۇئاۋىيىنى ۋە ئۇمەۋىييە سۇلالىسىنىڭ باشقا ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەممىسىنى پادىشاھ دەپ ئاتىدى، پەقەت ئۆمەر II (717 ـ يىلىدىن 720 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) لا خەلىپە دەپ ئاتالدى، ئابباسىيلار سۇلالىسى قۇرۇلغان 750 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۇرگەن باشقا ھۆكۈمرانلارنىڭ ھېچقايسىسى خەلىپە دېگەن نامنى ئەسلىگە كەلتۈرمىدى. ئۇمەۋىييە سۇلالىسىنىڭ دىندىن خالىيلىق خاھىشىنى ئەيىبلەشنىڭ مەلۇم ئاساسى بار ئىدى، لېكىن بىز ئۇ خاھىشنىڭ دەرىجىسىنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكىمىز كېرەك. توغرا، مۇئاۋىيە ۋە ئۇنىڭ ئىزباسارلىرى ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئامىللىرىغا ھەقىقەتەنمۇ بارغانسېرى ئەھمىيەت بەردى، ئەمما

دىنىي ئامىل ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەسىرى يەنىلا غايەت زور ئىدى. مۇئاۋىيە ۋىزانتىيىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان بىرنەچچە قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشتە دىنىي ئامىلدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، مۇسۇلمان مۇھاپىزەتچى ياكى جىھادنىڭ قوماندانى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، كەڭ ئەرەبلەردىن ئۆزىگە دىنىي ساداقەتنى بىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلغان ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى.

ئىمپېرىيىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە بىرلىككە كېلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھوقۇقنى مەركەزگە يىغىش تۈزۈمى بەزىبىر زۆرۈر تەدبىرلەرنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلاتتى. ھەممىدىن ئاۋۋال پايتەختنى ئۇمەۋىييە سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئىمپېرىيىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۆلكىسى بولغان سۈرىيىگە يۆتكەش لازىم ئىدى، ھالبۇكى، ئىمپېرىيىنىڭ ئەمەلىي پايتەختى ھەمىشە يۆتكىلىپ تۇراتتى. ئۇمەۋىيلەر ئىستېلاچى مىللەتنىڭ قوماندانى ئىدى، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتى قوملۇقنىڭ كۆچى ئاساسىغا قۇرۇلغانىدى، شۇڭا، ئۇلار قوملۇقتا ۋە بىخەتەر رايونلارنىڭ چېگرىسىدا نۇرغۇن قورغانلارنى قۇرغانىدى، ئۇلار سالغان ۋە ھېلىغىچە ساقلىنىپ قالغان ئىمارەتلەر ئاشۇ مەزگىلدىكى سىياسىي ۋە مەدەنىي ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىشتا بىباھا ماددىي پاكىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇئاۋىيىنىڭ دەمەشقنى پايتەخت قىلىشىدىكى سەۋەب ئۇ شەھەرنىڭ ئورنى بەكمۇ مۇۋاپىق ئىدى ھەمدە ئۇ شەھەر مەمۇرىي ۋە قەدىمىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولۇپ، چەت ياقىدىكى ئۆلكىلەرنى تىزگىنلەپ تۇرالايدىغان بىر ھۆكۈمەت قۇرۇشقا لايىق ئىدى.

كونا دىنىي ئالاقىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان يېڭى ئەخلاق قارا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شى ئەرەب مىللىتى ئۆزىنىڭ دىنىدىن خالىي داھىيلىرىغا سادىق
بولغان ئاساس ئۈستىگە ئورنىتىلاتتى. مۇئاۋىيە تىكلىگەن ھاكى-
مىيەت ئاساسىي جەھەتتىن ئەرەبلەرنىڭ ھاكىمىيىتى ئىدى. ئەمە-
ما ئۇ ئەمدى ئىلاھىي ھوقۇق خاراكتېرىدىكى ھاكىمىيەت ئەمەس
ئىدى. لېكىن بۇ ۋاقىتتا ئۇ تېخى پادىشاھلىق ھاكىمىيەتمۇ
ئەمەس ئىدى، چۈنكى مۇئاۋىيىنىڭ بۇ ھاكىمىيىتى ئىسلام دىنى-
دىن ئىلگىرىكى ئاقساقاللىق تۈزۈمىنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشى
ۋە كېڭىيىشى ئىدى، خالاس. ۋىزانتىيە تارىخچىسى تېئوفانىس
مۇئاۋىيىنى خان ياكى پادىشاھ قىلىپ سۈرەتلىمەي، بەلكى باش
پارلامېنت ئەزاسى قىلىپ سۈرەتلىگەنىدى. مۇئاۋىيە يۈرگۈزۈۋات-
قان ھوقۇقنىڭ خاراكتېرى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بۇنداق
سۈرەتلىنىشى تازا جايىدا بولمىغانىدى. مۇئاۋىيە تىكلىگەن بۇ ئەرەب
ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىي ھۆكۈمرانلىق قورالى ”شۇرا“ ياكى
”ئاقساقاللار كېڭىشى“ دەپ ئاتىلاتتى. كېڭەش خەلىپە ياكى ئۆل-
كىنىڭ باش ۋالىيسى تەرىپىدىن چاقىرىلاتتى ۋە ئۇنىڭ كېڭە-
شىش، ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل رولى بار ئىدى.
بۇ قەبىلىلەر كېڭىشى بىلەن ئالاقە قىلىدىغىنى ھەرقايسى قەبىلە-
لەرنىڭ ”ۋەكىللەر ئۆمىكى“دىن تەركىب تاپقان قەبىلە ۋەكىللە-
رى كېڭىشى ئىدى. بۇ قەبىلە ئاقساقاللىرى ۋە ۋەكىللەر ئۆمەك-
لىرى كېڭىشى زور دەرىجىدە ئەرەبلەرنىڭ ئۆز ساداقىتىنى ئەر-
كىن بىلدۈرۈشى ۋە ياردەم قىلىشىغا تايىنىدىغان بىر لۆم - لۆم
ئاپپاراتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەنىدى. مۇئاۋىيە ھاكىمىيەت يۈرگۈز-
گەن مەزگىلدە بۇيرۇق ۋاستىسىنى ناھايىتى كەم قوللانغان،
كىشىلەر ئاسان قوبۇل قىلىدىغان سۆز بىلەن قايىل قىلىش
ئۇسۇلىنى، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ تەسىرى ھەم سىياسىي ئىقتىدا-

رىنى ماھىرلىق بىلەن ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىرادى-
سىنى يولغا قويغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سىياسەتلىرىنى ھەرقايسى
ئۆلكىلەرگە نۇرغۇن باش ۋالىيلارنى ئەۋەتىش يولى بىلەن ئىز-
چىللاشتۇرغانىدى. ئۇلار ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى ئىراقنىڭ باش
ۋالىيسى قوشۇمچە شەرقىي رايوننىڭ باش ۋالىيسى زىياد ئىبنى
ئەبىھ ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئىراق توختىماي مالىمانچىلىق بولۇ-
ۋاتقان، باشقۇرۇش تازا تەس بولۇۋاتقان بىر ئۆلكە ئىدى.

مەمۇرىي تۈزۈم جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇمەۋىييە خەلىپىلى-
كىنى ئەرەبلەرنىڭ ھاكىمىيىتى دېگەندىن كۆرە پارس ئىمپېرىيە-
سى بىلەن ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ۋارىسى دېگەن تۈزۈك
ئىدى. ئۇ كونا ئەمەلدارلارنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا
كونا مەمۇرىي سىستېمىنىمۇ ساقلاپ قالغانىدى؛ مۇئاۋىيە سۇرى-
يىلىك بىر خىرىستىيئاننى ئۆزىگە باش مەسلىھەتچى قىلدى. خەلى-
پىلىك ئورنىغا كىم ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش
بۇ ئىمپېرىيىنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە
ئىگە ئىدى. ئەرەب تارىخىدا مۇئاۋىيە پايدىلىنىشقا بولىدىغان
ئۈلگە سايلامدىن قالسا ئىچكى ئۇرۇشلا ئىدى. ئالدىنقىسى ئاق-
مايتتى، كېيىنكىسىنىڭ روشەن ئىللەتلىرى بار ئىدى. خەلىپى-
نى سايلاشنى خەلىپىلىكنى مىراس قالدۇرۇش ئۇسۇلىغا ئۆزگەر-
تىش، ئەرەبلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان
ئىش ئىدى. بۇنداق مىراس قالدۇرۇش تۈزۈمىنى ئەرەبلەرگە
قوبۇل قىلدۇرۇش ئاسانغا چۈشمەيتتى. مۇئاۋىيە ئىشلىتىپ ئا-
دەتلىنىپ كەتكەن سىياسىي ۋاستىسىنى ئىشقا سېلىپ، مەسىلى-
نى مۇرەسسە بىلەن ھەل قىلىشنىڭ يولىنى تاپتى، يەنى ئوغلى
يەزىدنى ئۆزىنىڭ ۋاكالەتچىسى قىلىپ بېكىتتى. بۇ ئۇسۇل قەبى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

لىلەر كېڭىشى يولغا قويۇۋاتقان شەكىللىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسى بولدى. خەلىپە بىلەن دەمەشق ئاقساقاللار كېڭىشى يەزىدنى ۋاكالەتچى قىلىپ بەلگىلەش توغرىسىدا بىر قارار ئېلان قىلدى، ئاندىن قەبىلە ۋەكىللىرى ئارقىلىق ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ پىكرىنى ئالدى ھەمدە ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولدى، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىشنى ئاشكارا ئېلان قىلدى. مۇئاۋىيە قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى تىنچىتىش ۋاقتىدا، زورلۇق ۋاستىسىنى قوللىنىشتىن گەپ بىلەن قايىل قىلىش ۋە سېتىۋېلىش ئۇسۇلىنى كۆپرەك قوللاندى.

مۇئاۋىيە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋردە ئىمپېرىيىنىڭ زېمىنى ناھايىتى كېڭەيگەندى. ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا ھىرات، كابۇل ۋە بۇخارا قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى؛ شىمالىي ئافرىقىدا غەربكە قاراپ ئاتلانتىك ئوكيانغىچە باردى. ۋىزانتىيىگە قارشى ئۇرۇش توختىماي داۋام قىلدى. ئەرەبلەر ئۆزىنىڭ فلوتىنى قۇرغانلىقتىن، 665 ـ يىلىدىكى "پاراخوت ئۇرۇشى"دا ۋىزانتىيە ئۈستىدىن بىرىنچى قېتىملىق چوڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ تېخى مۇئاۋىيە سۈرىيىگە باش ۋالىي بولۇپ تۇرۇۋاتقان ۋاقىت ئىدى. مۇئاۋىيە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان چاغدىكى ھەربىي جەھەتتىكى ئەڭ چوڭ ئىش 670 ـ يىلىدىكى كونستانتىنوپولغا قىلىنغان ھۇجۇم ئىدى. ئەرەبلەر گەرچە كونستانتىنوپولنىڭ جەنۇبىدىكى بىر قورغاننى ئېلىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ قېتىمقى ھۇجۇم ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇئاۋىيىنىڭ دۇنيادىن كېتىشى بىلەن بۇ ئىش ۋاقتىنچە توختاپ قالدى. ۋىزانتىيىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشتا مۇنداق ئىككى مەقسەتكە

يېتىش كۆزدە تۇتۇلغانىدى: بىرىنچى، مۇئاۋىيىنىڭ دىنىي جە-
ھەتتىكى كۈچى ۋە تەسىرىنى كۇچەيتىشكە پايدا يەتكۈزۈش؛ ئىك-
كىنچى، سۇرىيىدىكى ئەرەب قوشۇنلىرىنى ئۇرۇش ئەمەلىيىتىدە
چېنىقتۇرۇپ، تېخىمۇ مول ئۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇش
ۋە ئۆزىنىڭ ھەربىي تەشكىلىنى ياخشىلاش.

680 ـ يىلى يەزىد خەلىپىلىك تەختىگە چىققاندا، جەمئىيەت-
تە ئانچە ئېغىر پاراكەندىچىلىك يۈز بەرمىدى. يەزىد ئىقتىدارلىق
ھەم كاللىسى ئۆتكۈر ھۆكۈمران ئىدى، ئۇ دادىسىنىڭكىدەك
ئىستىلغا ئىگە ئىدى. لېكىن ئۇمۇ دادىسىغا ئوخشاشلا كېيىنكى
چاغلاردا ئەرەب تارىخشۇناسلىرى سۆكىدىغان نىشانغا ئايلىنىپ
قالدى. ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىك ئىراق ۋەقەسىنىڭ
تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كېلىپ چىقتى، چۈنكى زىياد ئىبنى ئەبىھ
ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئۇبەيدۇللانىڭ ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقى ئىراق
خەلقىنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ ئۆرلىتىپ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغلى
ئىمام ھۇسەيىننى ھىمايە قىلىش ھەرىكىتىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب
بولدى. 681 ـ يىلى ئىمام ھۇسەين ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلى-
رى ھەم ھىمايىچىلىرى كەربالا ئۇرۇشىدا ئۇمەۋىييە قوشۇنلىرى
تەرىپىدىن رەھىمسىزلىك بىلەن قىرىۋېتىلدى. بۇ ۋەقەنىڭ ئۆزى-
نىڭ ھېچقانچە مۇھىم ئەھمىيىتى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ
ئېغىر ئاقىۋىتىدىن كىشىلەر ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ئەلى تەرەپدارلى-
رىنىڭ چاقچاق قىلغاندەكلا قۇربان بولۇپ كېتىشى ئۇمەۋىييە
ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈچلەرنىڭ كۈچىيىشىگە پايدىلىق بولدى
ۋە بۇ كۈچلەرنى ئەلى جەمەتىنىڭ خەلىپىلىك ئورنىنى تەلەپ
قىلىشىنى قوللاشقا مەركەزلەشتۈردى.

683 ـ يىلى يەزىد ئۆلدى ۋە ئۇنىڭ تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن

ئوغلى مۇئاۋىيە II ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆزئارا پۈت تېپىشىدىغان بىر ئەنىسىزچىلىك كېلىپ چىقتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا كەڭ كۆلەملىك ئىچكى توقۇنۇش پارتلاپ چىقتى. مۇئاۋىيە II تەختتە ئالتە ئاي ئولتۇرۇپلا كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتتى، پۈتۈن مەملىكەت باش-سىز ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن، ئىسلام دىنى تارىخىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش پارتلىدى. ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير (693 - يىلى ۋاپات بولغان) مەككىدە باش كۆتۈرۈپ چىقىپ (ئۇنىڭ دادىسى زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام ئەلى بىلەن قارشىلاشقانىدى)، خەلىپە بولۇش تەلىپىنى قويىدى. لېكىن ئۇ مەككىدىن سۇرىيىگە بېرىپ ھاكىمىيەت قۇرۇشنى جاھىللىق بىلەن رەت قىلغانلىقتىن، ئاسانلىقچە قولغا كەلمەيدىغان بۇ قىممەتلىك پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىدى. سۇرىيە رايونىدىكى كونا ئاداۋەتنى ساقلاپ كەلگەن ئەرەب قەبىلىلىرى ئاشكارا توقۇنۇشقا باشلىدى. بۇ توقۇنۇش ئاخىردا ئۇمەۋىيەلەرنىڭ 684 - يىلى مەرج راھىت ئۇرۇشىدا① ئۆز رەقىبىنى مەغلۇب قىلىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۇمەۋىيەلەر جەمەتىنىڭ باشقا بىر تارمىقىدىن چىققان مەرۋان (684 — 685 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) خەلىپىلىك ئورنىغا چىقتى، ئۇ ئەمەلىيەتتە سۇرىيە بىلەن مىسىر ئۆلكىلىرىنىلا كونترول قىلالىدى، لېكىن ئۇ ئۆلۈشتىن بۇرۇن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا خەلىپىلىك ئورنىنى ئۆزىنىڭ ئوغلى ئابدۇلمەلىك (685 — 705 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) كە ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئىمپېرىيىنىڭ بىرلىكى ۋە

---

① مەرج راھىت — دەمەشقنىڭ شىمالىدىكى بىر يەرنىڭ نامى. — تەرجىماندىن.

مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مۇئاۋىيە تۈنجى بولۇپ قۇرغان ۋە بارغانسېرى زەئىپلىشىپ كېتىۋاتقان تۈزۈمنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان يېڭى تۈزۈمنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپە ئابدۇلمەلىكنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى.

ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش بىرىنچى قېتىملىقتا قارىغاندا تېخىمۇ مۇرەككەپ ۋە تېخىمۇ دەھشەتلىك بولدى، بۆلۈ- نۈش خاھىشى تېخىمۇ كەڭ ۋە تېخىمۇ ئېغىر بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يېڭى ئامىللارنىڭ شەكىللىنىشىمۇ يېڭى مەسىلىلەر ۋە يېڭى قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى.

ئۇمەۋىييە دەۋرىدىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇش توغرىسىدا بىز- نىڭ بىلىدىغانلىرىمىز كۆپ ئەمەس. ئەرەب تارىخىدىكى بۇ مەسى- لىگە دائىر ماتېرىياللار كېيىن يېزىلغان، بۇنىڭدىكى يەكۈنلەر- نىڭ كۆپ قىسمىنى ئاساس قىلغىلى بولمايدۇ. بىرىنچىدىن، كېيىنكى چاغلاردا ئورۇنلانغان ئىقتىسادىي ئىسلاھاتلارنىڭ ھەم- مىسى مۇشۇ مەزگىلنىڭ ھېسابىغا يېزىپ قويۇلغان؛ ئىككىنچى- دىن، كىشىلەر ئۇمەۋىيىلەر جەمەتىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا قارىتا ئىزچىل دېگۈدەك بىر تەرەپلىمە قاراشتا بولۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇمەۋىيىلەرنىڭ بەزى ئىشلىرىمۇ ئەينى چاغ- دىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇشنى خاتىرىلەپ قالدۇرۇشقا نۇرغۇن قى- يىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ قويىدى، چۈنكى ئۇلار مەسىلىلەرنى ھەمىشە ئۆز بېشىمچىلىق ۋە خاتا پوزىتسىيە بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ كەلدى، ئىلگىرىكى ئىشلارغا ۋە ئىلگىرىكى تۈزۈمگە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىدى.

ئۇمەۋىيىلەر جەمئىيىتى ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاساس قىلغان، ئۇلارنى بىر مىللەت دېگەندىن كۆرە مىراسخورلار گۇرۇ-

هى دېگەن تۇزۇك ئىدى، پەقەت قانداشلىق مۇناسىۋىتى بارلارلا ئۇلار بىلەن ئارىلىشالايتتى. بۇ گۇرۇھنىڭ ئەزالىرى يەر بېجى تاپشۇرماي، پەقەتلا ئۆشرە تاپشۇراتتى، ئەرەبلەر ئاپىرىدە قىلغان شەھەر ـ بازارلاردا پەقەت شۇلارلا ئولتۇراقلىشالايتتى؛ جەڭچىلەر سىنىپىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاشۇلارلا تەشكىل قىلاتتى. بۇ سىنىپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى تىزىملىكتە بار ئىدى، شۇڭا ئۇلار ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىدىن ۋە ئىستېلا قىلىنغان رايونلار تاپشۇرغان باج ـ خىراجدىن ئاي بويىچە ياكى يىل بويىچە مائاش ۋە قوشۇمچە نەرسىلەرنى ئالاتتى.

ئەرەبلەر ئۇمەۋىييە سۇلالىسى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنلا ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ سىرتىدا يەر ـ زېمىنغا ئىگە بولغانىدى. مۇئاۋىيە دەۋرىدىن كېيىن، بۇ يەر ئىگىلىرىنىڭ سانى بارا ـ بارا كۆپەيدى. ئۇلار يەرگە ئىككى خىل ۋاستە ئارقىلىق ئىگە بولاتتى: بىرى غەيرىي ئەرەب يەر ئىگىلىرىنىڭ قولىدىن سېتىۋالاتتى؛ بىرى ئەرەب ھۆكۈمىتى ئىنئام قىلاتتى. يېڭى ئەرەب ئىمپېرىيىسى ئىلگىرى ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن پارس ئىمپېرىيىسگە تەۋە بولغان كەڭ يەرلەرگە ۋارىسلىق قىلدى، شۇنداقلا ۋىزانتىيە ئەسكەرلىرى بىلەن قېچىپ كەتكەن ۋىزانتىيىلىك يەر ئىگىلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان يەرلىرىگىمۇ ۋارىسلىق قىلدى. بۇ يەرلەر ۋە ئېچىلمىغان بوز يەرلەر ئىسلام ئۆلىمالىرى دەيدىغان ”ئۆلۈك يەرلەر“نى شەكىللەندۈرگەنىدى. بۇ يەرلەرنىڭ تېرىلىشىغا ۋە بۇ يەرلەردىن باج ـ سېلىق يىغىۋېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، خەلىپىلەر بۇ يەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز جەمەتىنىڭ ئەزالىرىغا ياكى ئەرەب جەمئىيىتىدىكى باشقا داڭلىق ۋە باي كىشىلەرگە بۆلۈپ بېرەتتى. بۇنداق يەرگە ئېرىشكەنلەر

مەلۇم مۇددەتكىچە بۇ يەرلەرنىڭ تېرىلىشىغا مەسئۇل بولاتتى ۋە بۇ يەرلەردىن يەر بېجى ئېلىپ ھۆكۈمەتكە تاپشۇراتتى. ئەرەب يەر ئىگىلىرى بىلەن غەيرىي ئەرەب يەر ئىگىلىرى ۋە دېھقانلارنىڭ ئەھۋالى كۆپ پەرقلىق ئىدى. ئەرەب يەر ئىگىلىرى پەقەتلا ئۆشرە تاپشۇراتتى، غەيرىي ئەرەب يەر ئىگىلىرى ۋە دېھقانلار ئىلگىرىكى تۈزۈم بويىچە يەر بېجى ۋە سېلىق تاپشۇراتتى. بۆلۈپ بېرىلگەن يەرلەرنىڭ سانى ناھايىتى تېز كۆپىيىپ، كەڭ دائىرىدىكى بولۇق يەرلەرنى ئىگىلىدى. بۇنداق يەرلەرنى ئېلىش ـ سېتىشقا رۇخسەت قىلىناتتى، ئەمەلىيەتتە بۇنداق يەرلەر كېيىنكى چاغلاردا خۇسۇسىي مۈلۈككە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. بۇنداق يەرلەرنىڭ ئىگىلىرى ئادەتتە يەر بار يەردە تۇرماي، شەھەر ـ بازارلاردا ياكى پايتەختتە تۇراتتى، ئۇلار يەرلىك ئىجارىكەش دېھقان ياكى يېرىم قۇل ئەمگەكچىلەرنى ئۆزلىرىگە بۆلۈپ بەرگەن يەرلەرنى تېرىپ بېرىشكە مەجبۇر قىلاتتى.

بىز ئەينى ۋاقىتتا ئىستېلا قىلىنغان ئۆلكىلەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئەرەبلەرنىڭ سانىنى تولۇق بىلىپ كەتمىسەكمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سانى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ سانىغا قارىغاندا نېمىلا دېگەن بىلەن بەك ئاز ئىدى. مۆلچەرگە قارىغاندا، ھىجرىيە 1 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا سۇرىيە بىلەن پەلەستىندە ئولتۇراقلاشقان ئەرەبلەرنىڭ سانى 250 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئەسكەرلەر، ئەمەلدارلار، شەھەر ئاھالىلىرى ۋە بەدەۋىيلەر ئىدى. كىشىلەر ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرى بۇ جايلارغا ئېقىپ كىرگەن ئەرەبلەردىن باشقا ھېچقانداق ئەرەبنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرگەن ئەمەس. مىسىردىن تېپىلغان بىر تارىخىي ماتېرىيالغا ئاساسەن مۆلچەرلىگەندە،

ئۇمەۋىييە سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا مىسىردا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەرەبلەرنىڭ سانى ئۈچ مىڭ ئەتراپىدا بولغاندى، بۇ سۇلالىنىڭ نۇرغۇن بەگلىرىنىڭ ئۆزى چوڭ يەر ئىگىلىرى ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى يەردىن پايدىلىنىشقا ۋە تېرىقچىلىق ئۇسۇلىنى ياخشىلاشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەنىدى. ئەينى چاغدىكى ئىبنى ئامىر دېگەن بىر كاتتا يەر ئىگىسى "ئۆزىنىڭ يېرىنى قوغداش ئۈچۈن كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم شېھىتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ" دېگەن سۆزنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ "ھەدىس"لىرىدىن دەۋالغانىدى. بۇ "ھەدىس"نىڭ توغرىلىق دەرىجىسى گەرچە ئادەمنى بەكلا گۇمانلاندۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەرەب ھۆكۈمرانلار سىنىپىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولغان يېڭى گۈللەنگەن باي يەر ئىگىلىرى سىنىپىنىڭ كۆز قارىشىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنىدى.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئىستېلاچى ئەرەبلەرنىڭ بەزىسى ئىگە بولغان بايلىق ئۇلارنىڭ مەبلەغ سېلىشى ۋە سودا ۋاستىسى ئارقىلىق قولغا كەلگەن ئەمەس ئىدى. ھەتتا مەككىدىكى سودىگەرلەرنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ئومۇمەن ئەسلىدىكى كەسپىنى تاشلىۋېتىپ، ھەربىي ئاقسۆڭەكلىكنى تاللىۋالغان. ئۇمەۋىييە سۇلالىسىنىڭ خەلىپىلىرى ۋە باشقا بايلىرى شەھەرلەردە ھەتتا قۇملۇقلاردىمۇ ئەيش - ئىشرەت ۋە كەيپ - ساپالىق تۇرمۇش كەچۈرەتتى، ئۇلار نۇرغۇنلىغان پۇل - مال ۋە ئالتۇن - كۈمۈشنى ئوردا - ساراي سېلىشقا سەرپ قىلىۋەتكەن. بۇ مەزگىلدىكى ئىقتىساد ئاساسەن پۇلنى ئاساس قىلاتتى، ئەسكەرلەر ۋە ئەمەلدارلارنىڭ مائاشىغا پۇل ۋە ئەمەلىي نەرسىلەر بېرىلەتتى، ئالىدى-

غان باجمۇ شۇنداق ئىدى. دەسلەپكى خەلىپىلەر دەۋرىدىن ساقلى-
نىپ قالغان پۇللار تارىخشۇناسلارنىڭ ئىلگىرىكى ۋىزانتىيە ۋە
پېرسىيە ئىمپېرىيىلىرىنىڭ پۇل قويۇش ئىدارىلىرى مۇسۇلمان
ئىستېلاچىلارنىڭ ئىشغالىيىتىگە ئۆتكەندىن كېيىن ئەينى چاغدى-
كى ئېھتىياجغا ماسلىشىش ئۈچۈن ھەر خىل تىللا - تەڭگىلەرنى
يېتەرلىك دەرىجىدە قويۇپ تۇرغان دېگەن سۆزىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئەرەب ھۆكۈمرانلار سىنىپى مىسلىسىز ۋە غايەت كۆپ نەق
پۇل بايلىقىغا ئىگە ئىدى. بۇ بايلىق يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ
چىققان بىر سىنىپ —" مەۋالىي" لارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا
پايدىلىق بولدى. "مەۋالىي" لار قانداشلىق جەھەتتە ھېچقانداق
ئەرەب قەبىلىسىنىڭ تولۇق ئەزاسى ھېسابلانمايدىغان مۇسۇلمان-
لارنى كۆرسىتەتتى. "مەۋالىي" لار پارسلارنى، ئەرمەنلەرنى، مى-
سىرلىقلارنى، بەربەرلەرنى ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان
غەيرىي ئەرەبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە،
ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىغان ياكى تولۇق ئەرەب قان سىستېمىسى-
غا كىرىدىغان بولسىمۇ، لېكىن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئە-
رەب ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ تولۇق ئەزالىق سالاھىيىتىنى
يوقىتىپ قويغان ياكى بۇنداق سالاھىيەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن
بولمىغان كىشىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

"مەۋالىي" دېگەن سۆز "زىممىي" نى ئۆز ئىچىگە ئالمايتتى.
"زىممىي" دېگەنلەر ئىسلام دىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە ئۆز ھىمايى-
سى ئاستىغا ئالغان باشقا دىندىكىلەرنى كۆرسىتەتتى. بۇنداق
كىشىلەر ئىسلام دىنىنىڭ قوغدىشى ۋە كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە
قىلىشىدىن بەھرىمەن بولاتتى، ئەمما بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ بىرقەدەر
يۇقىرى باج - سېلىق تاپشۇرۇشى ۋە ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى قىسى-

www.uyghurkitap.com

مەن ئىجتىمائىي ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشى ئالدىنقى شەرت قىلىنغانىدى.

زور تۈركۈمدىكى "مەۋالىي" لار ئەرەبلەر بىنا قىلغان شەھەر - بازارلارغا توپلانغانىدى، ئۇلار ھەرقايسى شەھەر - بازارلارنىڭ سىرتىدا چوڭ - چوڭ شەھەرلەرنى بىنا قىلدى، بۇ شەھەرلەرنىڭ ئىچىدە ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، سودىگەرلەر، ئۇش-شاق تىجارەتچىلەر ۋە ئەرەب ئاقسۆڭەكلەرنى زۆرۈر بۇيۇملار بىلەن تەمىنلەيدىغان كىشىلەر ئولتۇراقلاشقانىدى. بۇلارنىڭ ھەم-مىسى مۇسۇلمانلار بولغاچقا، ئۇلار نەزەرىيە جەھەتتە ئەرەبلەر بىلەن تەڭ باراۋەر ئورۇندا تۇراتتى ھەمدە ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىما-ئىي جەھەتلەردە پۈتۈنلەي باراۋەر بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى. قىس-مەن "مەۋالىي" لار گەرچە يېڭى ھاكىمىيەت ئۈچۈن خېلى كۆپ خىزمەت قىلغانلىقتىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلچىمىدە باج تاپشۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن "مەۋالىي" لارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى بۇنداق ئېتىبارغا ئېرىشەلمىگەنىدى. خەلىپە ئابدۇل-مەلىك دەۋرىدە، ئىسلام ھۆكۈمىتى كۈندىن - كۈنگە ئازىيىپ كېتىۋاتقان دۆلەت كىرىمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، كى-شىلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە رىغبەتلەندۈرمەسلىك سىياسى-تىنى يولغا قويۇپ، نۇرغۇنلىغان "مەۋالىي" لارنى شەھەرلەردىن چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېتىزى بار يەرلەرگە ھەيدىدى.

"مەۋالىي" لار ئەمەلىيەتتە ئەرەبلەر بىلەن بىللە ئىسلام ئارمىيە-سىگە كىرىپ جەڭگە قاتنىشاتتى، بولۇپمۇ خوراسان، مەغرىب قاتارلىق چېگرا ئۆلكىلەردە تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. لېكىن مەيلى قانداق ئەھۋالدا بولسۇن، ئۇلار پىيادە ئەسكەر سۈپىتىدە جەڭگە قاتنىشاتتى، ئۇلارنىڭ مائاشى ۋە ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىدىن ئال-

دىغان ئۇلۇشى ئاتلىق ئەرەب ئەسكەرلەرىنىڭكىدىن تۆۋەن ئىدى. مۇشۇ دەۋردىكى ئەرەب ئەدەبىياتىدا "مەۋالىي" لارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ تۆۋەنلىكى ئوچۇق ئىپادىلەنگەنىدى. مەسىلەن، بىر "مەۋالىي" نىڭ ئەرەب قان سىستېمىسىدىكى بىر ئايال بىلەن نىكاھلىنىشى بىر خىل ئېغىر كەمتۈك نىكاھ دەپ قارىلاتتى. بىر ئەرەب يازغۇچىسى ھاياجانلانغان ھالدا: جەننەتتىكى ئىلتىپاتلاردىن بەھرىمەن بولىدىغان كىشىلەر ئارىسىدا مۇشۇنداق نىكاھنىڭ بولۇشىغا چىداپ تۇرغىلى بولامدۇ؟ دەپ سوئال قويغان. "مەۋالىي" لارنىڭ سانى چاپسان كۆپەيدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلارنىڭ سانى ئەرەبلەرنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلار ئەرەبلەر قۇرغان شەھەرلەردە تۇركۇم - تۇركۇملەپ ئولتۇراقلىشىپ، نارازىلىق كەيپىياتىغا ئىگە خەتەرلىك شەھەر ئاھالىسى بولۇپ شەكىللەندى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى مۇھىملىقىنىڭ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىنىڭ ۋە ھەربىي جەھەتتىكى سالمىقىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى بارغانسېرى ھېس قىلدى. ئۇلارنىڭ نارازىلىقى ئاساسەن ئىقتىسادىي سەۋەبتىن ئىدى. ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ پۈتكۈل قۇرۇلمىسى ئاز ساندىكى ئەرەبلەر باج - سېلىق تاپشۇرۇۋاتقان كۆپ ساندىكى غەيرىي مۇسۇلمانلارغا چوقۇم ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، دەيدىغان بىر خىل پەرەز ئاساسىغا ئورنىتىلغانىدى. ئەگەر "مەۋالىي" لار ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەرەبلەر بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرىدىغان بولسا، بۇ دۆلەت باج - خىراجىنىڭ مۇقەررەر ھالدا ئازىيىپ ۋە چىقىمىنىڭ جەزمەن كۆپىيىپ كېتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى - دە، بۇ ھال مۇقەررەر يوسۇندا بۇ ئىمپېرىيىنى پۈتۈنلەي گۇمران بولۇشقا ئېلىپ باراتتى. گەرچە ھۆكۈمرانلار سىنىپى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلەن ”مەۋالىي“لار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى زور دەرىجىدە ئەرەبلەر بىلەن غەيرىي ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىرقىي پەرق بىلەن ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، لېكىن تۈپ - ئاساسىدىن ئېيتقاندا، بۇ پەرقتىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئامىل ئۇنىڭدىكى مىللەت ئامىلىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەنىدى. چۈنكى ئىراقتا ۋە بەھرەيندە تۇرۇۋاتقان ئەمما تىزىملىككە چۈشمىگەن ئەرەب كەمبەغەللىرىمۇ ”مەۋالىي“لارنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالغانىدى، يەنى بۇ يەردىكى ئەرەبلەرنىڭ ئەھۋالى ”مەۋالىي“لارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايتتى، پارس ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ نۇرغۇن ئەزاسى بولسا يېڭى ئىجتىمائىي شارائىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى تەڭشىۋالغانىدى.

”مەۋالىي“لارنىڭ نارازىلىقى ”شىئە“لەر يەنى ”ئەلى تەرەپدارلىرى“نىڭ مەشھۇر دىنىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ چىققانىدى. ”شىئە“ دېگەن دەسلەپتە ئەرەبلەرنىڭلا ھەرىكىتى ئىدى، يەنى ئەلىنىڭ خەلىپە بولۇش مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا كېلىپ چىققان نوقۇل سىياسىي گۇرۇھ ئىدى. ھەزرىتى ئەلىنىڭ پايتەختىنى كۇفەگە يۆتكىشى، كېيىن ئۇمەۋىيلەرنىڭ يەنە پايتەختىنى كۇفەدىن سۇرىيىگە كۆچۈرۈشى نەتىجىسىدە شىئەلەر ئىراقتىكى يەرلىك ھەرىكەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. شىئەلەرنىڭ ھەقىقىي تەرەققىي قىلىشى ئىمام ھۇسەيىن كەربالادا شېھىت بولغاندىن كېيىن باشلانغانىدى. مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، سىياسىي جەھەتتە مەغلۇپ بولغان شىئەلەر ئىسلام دىنىدىكى بىر گۇرۇھ سۈپىتىدىلا غەلىبە قىلىشقا باشلىدى. شىئەلەرنىڭ تەشۋىقاتى جەمئىيەتتىكى نارازى بولۇۋاتقان گۇرۇھلار ئىچىدە، بولۇپمۇ ”مەۋالىي“لار ئىچىدە خېلىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، چۈن-

كى، قانۇنىي خەلىپە پەيغەمبەر ئەۋلادىدىن بولۇشى كېرەك دەيدى-
غان پىكىرنى ئەرەبلەرگە قارىغاندا "مەۋالىي"لار تېخىمۇ ھىمايە
قىلاتتى. شىئەلەرنىڭ ھەرىكىتى نارازىلىق دىنىي ئىبارىلەر بىلەن
بىلدۈرۈلگەن، ئەينى ۋاقىتتىكى مەۋجۇت ھۆكۈمەتكە ۋە مەۋجۇت
ئىجتىمائىي تۈزۈمگە قارشى كۆتۈرۈلگەن بىر ھەرىكەت ئىدى،
چۈنكى ئەينى ۋاقىتتىكى مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمنى قوبۇل
قىلىش سۈننىيلەرنى ياكى ئەنئەنىۋى ئىسلام دىنىنىڭ تەشەببۇس-
لىرىنى قوللاشتىن دېرەك بېرەتتى.

ئەينى ۋاقىتتىكى مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمگە قارشى تۇر-
غۇچى كۈچلەر غەيرىي ئەرەبلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. دا-
ۋالغۇپ تۇرغان ھەرقايسى مۇھىم شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشقان،
بولۇپمۇ شىئەلەرنىڭ ئىنقىلابىي ئوچىقى بولغان كۇفەدە ئولتۇراق-
لاشقان ئەرەبلەر قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىدە مۇھىم رول
ئوينىدى. دەسلەپتە، ئۇلار ھەرىكەتنىڭ تايانچ كۈچى بولدى. دەل
ئەرەبلەر شىئەلەرنىڭ ئەقىدىسىنى ھەممىدىن ئاۋۋال ئىرانغا ئې-
لىپ باردى ھەمدە كۇفەگە تەۋە بىر يەرنى، يەنى ئىستراتېگىيە-
لىك ئەھمىيەتكە ئىگە قۇم شەھىرىنى شىئەلەرنىڭ ئاساسىي بازى-
سى قىلدى. شىئەلەرنىڭ ئەقىدىسىدە ئىپادىلەنگەن بۇ قارشىلىق
كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى ئەرەبلەرگە قارشى بىر خىل مىللىي
ئىنقىلاب دېگەندىن كۆرە ئەرەبلەرنىڭ ئاقسۆڭەكلەرچە سىياسىتى-
گە ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىگە، دۆلىتىگە ۋە ئەمەلدارلىرىغا قارشى
كۆتۈرۈلگەن بىر قېتىملىق ئىجتىمائىي ئىنقىلاب دېگەن تۈزۈك
ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتىكى مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ھىمايە قىل-
غۇچىلارنىڭمۇ ھەممىسى ئەرەبلەر ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئەرەب

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىمپېرىيىسى ساقلاپ قالغان ئىرانلىق فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئىقتىسادىي ئىمتىيازىنى ساقلاپ قالغانلىقتىن ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ھوقۇقىدىن ۋاقتىنچە مەھرۇم بولۇپ تۇرۇشقا رازى ئىدى. ئەرەبلەر ئۇلارنىڭ ئىمتىيازىنى ئېتىراپ قىلىسىلا، ئۇلار ئەرەب ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ھەمكارلىششىنى خالايتتى. ئۇلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندە، ئىسلام دىنىدىكى ئەنئەنچىلەرنىڭ ئەقىدىسىنى زورۇئاستېر دىنىنىڭ ئەقىدىسىنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى؛ ئوخشاش بىر دۈشمەنگە، يەنى ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىغا قارشى تۇرۇۋاتقان پارس شەھەرلىرىدىكى ئاددىي خەلقلەر بىلەن دېھقانلار بولسا ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ زورۇئاستېر دىنىنىڭ بىدئەتلىرىنى تاشلىۋېتىپ، ئىسلام دىنىدىكى بىدئەتلەرنى، يەنى شىئەلەرنىڭ ئەقىدىسىنى تاللىۋالدى ۋە ئۆزلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئەرەب ئاقسۆڭەكلەر بىلەن پارس ئاقسۆڭەكلەرگە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىپ قارشى تۇردى.

كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك، "مەۋالىي"لار (جۇملىدىن پارسلار ۋە پارس ئەمەسلەر) نى شىئەلەرنىڭ مۇرەسسە قىلىشقا قارشى تۇرىدىغان ئالدىراڭغۇ تارماق گۇرۇھلىرى بەكمۇ جەلپ قىلىۋالدى. بۇلار ئۆزلىرى ئىلگىرى ئېتىقاد قىلغان خرىستىئان دىنى، يەھۇدىي دىنى ۋە پارس دىنىنىڭ نۇرغۇنلىغان يېڭى دىنىي ئىدىيىلىرىنى شىئەلەرنىڭ ئەقىدىلىرىگە ئېلىپ كىرگەندى، ئېھتىمال، "مەھدى"[1] ئىدىيىسى مۇشۇ يېڭى دىنىي ئىدىيىلەرنىڭ گەۋدىلىك ۋەكىللىرىدىن بىرى بولسا كېرەك. "مەھدى" دەسلەپتە نو-

---

[1] "مەھدى" نىڭ مەنىسى "توغرا يولغا يېتەكلەنگۈچى" دېگەن بولىدۇ. — تەرجىماندىن.

قول سىياسىي داھىي ئىدى، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۆزىنى دۇنيا-
نى قۇتقۇزغۇچى دىنىي داھىي دەپ ئاتىۋالدى. بىزنىڭ قارىشىمىز-
چە، بۇ قاراش ئەڭ بالدۇر 685 — 687 - يىللىرى كۆتۈرۈلگەن
مۇختار قوزغىلىڭىدا ئوتتۇرىغا چىققانىدى. بۇ قوزغىلاڭ مۇھەم-
مەد ئىبنى ھەنەفىيە (ئەلىنىڭ پاتىمەدىن كېيىنكى ئايالىدىن
تۇغۇلغان ئوغلى، 642 — 700) نىڭ نامى بىلەن كۇفەدە قوزغال-
غانىدى. مۇختارنىڭ تەشۋىق نىشانى ”مەۋالىي“لار ئىدى. ئادەم-
نى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇكى، خۇددى بىر ئەرەب تارىخچىسى
ئېيتقاندەك، بىز ئەرەبلەرنىڭ مۇختارنى ”بىزنىڭ ’مەۋالىي‘
لىرىمىزنى قوزغىۋەتتى، ھالبۇكى، ئۇلار ۋە بۇ زېمىنلار ئاللاھ
بىزگە ئىلتىپات قىلغان ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى ئىدى“ دەپ
ئەيىبلىگەنلىكىنى كۆرىمىز. مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيە ۋاپات
بولغاندىن كېيىن، مۇختار دەرھال: ئۇ ئۆلمىدى، پەقەتلا مەك-
كىنىڭ يېنىدىكى بىر تاغ ئىچىگە يوشۇرۇندى، مۇۋاپىق بىر
پەيتتە ئۇ ھەققانىيەتنى ئېلىپ دۇنياغا — كىشىلەر ئارىسىغا
قايتىپ كېلىدۇ، دەپ تەشۋىق قىلدى. مۇختار قوزغىلىڭى قانلىق
باستۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئارقىلىق ئەل ئىچىگە تارقى-
لىپ كەتكەن ”دۇنيانى قۇتقۇزغۇچى“ توغرىسىدىكى ئىدىيە چوڭ-
قۇر يىلتىز تارتتى. ئۇمەۋىيە ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگى-
لىدە، ئەلى تەرەپدارلىرى ئىچىدىن نۇرغۇنلىغان ۋائىزلار ۋە
ئۆزىنى پاتىمە ياكى ئەلىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيە
بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتىم بار دەۋالغان ساختا پەيغەمبەر ئەۋ-
لادلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى مۇسۇلمانلاردىن
ئۆزىگە سادىق بولۇشنى، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر قانۇنلۇق ھۆكۈمران
ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەجدادلىرىنى دوراپ، كەينى - كەينىدىن تەركىدۇنيا بولۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە مەغلۇبىيەتلىك كەچۈرمىشلىرى تەپسىلىي مەزمۇنغا ئىگە "مەھدى" توغرىسىدىكى رىۋايەتكە ئايلىنىپ كەتتى. پاتىمە قان سىستېمىسىدىكى ۋائىزلار، ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، شىئەلەرنىڭ مۆتىدىللار گۇرۇھىغا ۋەكىللىك قىلغاچقا، ئەرەبلەر ئىچىدىكى نارازى بولغۇچىلارنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشتى؛ مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيە سىستېمىسىدىكى ۋائىزلار بولسا ئېتىقاد ۋە ھەرىكەت جەھەتتە شىئەلەرنىڭ چەكتىن ئېشىپ كەتكۈچىلەر گۇرۇھى بىلەن باغلىنىپ كەتكەچكە، "مەۋالىي"لارنىڭ تېزدىن ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نارازىلىق كەيپىياتىغا تېخىمۇ يېقىندىن ۋەكىللىك قىلدى.

ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى پۇقرالارنىڭ ئۇمەۋىيلەرگە بولغان نارازىلىقى بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى، ئۇمەۋىيلەر قانداق قىلىپ بولسىمۇ ئەمدى ئەرەبلەرنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. قەبىلىلەرنىڭ ئەركىنلىكنى قوغدىشىش ئىدىيىسى چارۋىچى ئەرەبلەر ئىچىدە ھېلىمۇ ئېغىر دەرجىدە مەۋجۇت ئىدى، ئۇلار ئۇمەۋىيلەرگىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق ھۆكۈمەتكە قارشى ئىدى. بۇ ئىدىيە بىر قاتار سىياسىي ۋە دىنىي ھەرىكەتلەردە ئىپادىلىنىپ چىققانىدى. مەككە ۋە مەدىنىدىكى تەقۋادار مۇسۇلمانلار مۇئاۋىيىنىڭ ئەرەبىزمنى ھوقۇقنى مەركەزگە يىغىش تۈزۈمى بىلەن مۇرەسسەلەشتۈرۈش سىياسىتىنى زادىلا قوبۇل قىلماي، دىنىي خاراكتېردىكى بىر ئۆكتىچىلەر گۇرۇھىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەنىدى. ئۇلار قەبىلىلەر ئاقساقىلى شەكلىدىكى خەلىپىلىك تۈزۈمدە بولىدىغان ئەركىنلىك ۋە دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەكىتلەيتتى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ تۈزۈم ئا-

لى ئۇلگە ھېسابلىناتتى. ئۇلارنىڭ ئۇمەۋىيلەرگە بولغان تەسكە-
رىي قاراشلىرى ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىدىكى دىنىي
ۋە تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىگە تەسىرىنى يۇقتۇردى، ھال-
بۇكى، دەل ئاشۇلار شۇ مەزگىللىدىكى ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ ئۇلى-
نى چىققىتتى. ئۇلارنىڭ ئۇمەۋىيلەرگە قارىتىلغان ھۇجۇملىرىدا
قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش شەكلى گەرچە ئانچە كۆپ قوللى-
نىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىپ بار-
غان تەشۋىقات خىزمىتى ئۇمەۋىيىيە سۇلالىسىنىڭ ھوقۇقىنى مەر-
كەزگە يىغىش تۈزۈمىنىڭ ھالاك بولۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.
ھوقۇقنى مەركەزگە يىغقان دۆلەتكە ۋە ئىسلام دىنىنىڭ
تاشقى كۆرۈنۈشىنى ساقلاپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىسلام
دىنىدىن ئىلگىرىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە
قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە تېخىمۇ خەتەرلىك بىر مەھسۇلات
مەيدانغا چىقتى، ئۇ بولسىمۇ خاۋارىجلار ھەرىكىتى ئىدى. بىزگە
مەلۇمكى، خاۋارىجلار ئەسلىدە ئەلىنىڭ ھىمايىچىلىرى ئىدى،
ئەلى سىففىن ئۇرۇشىدا كېسىمنى قوبۇل قىلغاندا ئۇلار ئەلىگە
قارشى چىقتى. ئۇلار، ئەلى بىلەن مۇئاۋىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇ-
رۇشقا پەقەتلا ئاللاھ كېسىم قىلالايدۇ، يەنى بۇ تالاش ـ تارتىشنى
ئۇرۇش ئارقىلىقلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇلار-
دىن 1200 ئادەم ئۇرۇش مەيدانىدىن چېكىنىپ چىقتى، ئەلى
نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ ئۇلارنى تۇتۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن
ئۇلار ئەلى بىلەن ھەمكارلىشىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن،
يەنە 4000 ئادەم ئەلىدىن ئايرىلىپ چىقماقچى بولدى. شۇنىڭ
بىلەن، ئەلى ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشقا مەجبۇر بولدى، 658 ـ
يىلى نەھراۋاندا بولغان بۇ ئۇرۇشتا ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئادىمى

يوقىتىلدى. خاۋارىجلار ئەسلىدە نوقۇل بىر دىنىي گۇرۇھ ئىدى، ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلار پەيدىن - پەي چېكىدىن ئاشقان بىر ھۆكۈمەتسىز ئۆكتىچى گۇرۇھقا ئايلىنىپ كەتتى. ئۇلار ئۆزلىرى سايلاپ چىققان خەلىپىدىن باشقا، ھېچقانداق ھاكىمىيەتنى ئېتىراپ قىلمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خەلىپىسىنى خالىغانچە سايلاپلا قالماستىن، يەنە تېخى ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا ئېلىپ تاشلىيالايتتى، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلار كۆپىنچە شۇنداق قىلدى. ئەلى ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى 20 يىل ئىچىدە خاۋارىجلار ئىراقتا كۆپ قېتىم كىچىك كۆلەملىك قوزغىلاڭلارنى قوزغىدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كەسكىن بولغان بىر قېتىملىقى يەزىدنىڭ ئۆلۈمى بىلەن كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ بولدى. خاۋارىجلار ئۆز ئىچىدىكى بۆلۈنۈش، پۈت تېپىشىش ۋە قالايمىقانچىلىق تۈپەيلىدىن مەغلۇپ بولدى. خەلىپە ئابدۇلمەلىك دەۋرىدە، خاۋارىجلار ئىراقتا قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار پەيدىنپەي ئىران تەۋەسىگە قوغلىۋېتىلدى، مىلادىيە 8 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئۇلار جىمىپلا كەتتى. خاۋارىجلارنىڭ ھاكىمىيەت توغرىسىدىكى تەلىماتى ئاساسىي جەھەتتىن ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرىكى ئەرەبلەرنىڭ بىرلىككە كەلگەن كېلىشىم ئاساسىدىكى تەشەببۇسىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭدا شەخسلەر چېكىگە يەتكەن ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولاتتى. ئۇلارنىڭ كۆز قارىشى "ئەرەبلەرنىڭ تەبىئىي ئاسىيلىق قىلىش ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، بۇ خىل ئىدىيە دىنىي تەلىماتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئەقلىيلىققا، سىستېمىلىششقا ئايلىنىدۇ، ئاندىن چەكتىن ئېشىشقا ۋە ئەسەبىيلىشىشكە باشلايدۇ" دەپ قارىلاتتى.

ئۇمەۋىييە جەمئىيىتىنىڭ پارچىلىنىشىدىكى ئاساسىي ئىچكى

ئاجىزلىق ئەرەب قەبىلىلىرى ئىچىدىكى توقۇنۇشنىڭ داۋاملىق
تەكرارلىنىشى بولدى. ئەرەب مىللىتى ئەرەب قەبىلىلىرىنى ئەن-
ئەنە بويىچە شىمال ئەرەبلىرى ۋە جەنۇب ئەرەبلىرى دەپ ئىككى
ئاساسىي گۇرۇھقا بۆلەتتى. ھەربىر گۇرۇھنىڭ ئۆز گۇرۇھى
ئىچىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرىدىغان
جەمەت شەجەرىسى بار ئىدى. بۇ قەبىلىلەر ئارىسىدا ئىسلام دىنى
ۋۇجۇتقا كېلىشتىن بۇرۇن توختىماي ماجىرا تۇغۇلۇپ تۇراتتى،
لېكىن بۇ ئادەتتە بىر - بىرىگە قوشنا كەلگەن ۋە قانداشلىق
مۇناسىۋىتى بار قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرەتتى. بۇ ماجىرالار
سىرتقا كېڭىيىش ھەرىكىتىنىڭ مەيدانىغا كېلىشىگە ئەگىشىپ
كەڭ كۆلەملىك قەبىلىلەر گۇرۇھىنىڭ كۈرىشىگە ئايلىنىپ كەت-
تى. ھەرقايسى شەھەر - بازارلاردىكى ئەرەبلەر ئۆز جايلىرىدا
قەبىلە بويىچە بۆلۈنۈپ ئولتۇراقلاشتى. بۇ جايلاردا جۇغراپىيىلىك
ئاساستا ئەمەس، بەلكى ئارىلىقتا قىستۇرۇپ قۇراشتۇرۇپ قويغان-
دەك، بىر - بىرى بىلەن رىقابەتلىشىپ تۇرىدىغان نۇرغۇن گۇ-
رۇھلار شەكىللەندى. ئەرەب رىۋايەتچىلىرى ياساپ چىققان ھېلى-
قى جەمەت شەجەرىلىرى ئېھتىمال بىر توقۇلما بولۇشى مۇمكىن،
شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنىلا تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى، چۈن-
كى ئۇنىڭدا ئۇمەۋىيلەر دەۋرىدىكى ئەرەبلەرنىڭ تۇرمۇشى ئەكس
ئەتتۈرۈلگەنىدى. جەنۇب ۋە شىمال ئەرەبلىرىنىڭ كۈرىشى تۈنجى
قېتىم يۈز بەرگەن ۋاقىتنى مۇئاۋىيە دەۋرىدىن ئىزدەشكە توغرا
كېلىدۇ. ئەمما ئۇ چاغدا كۈرەش تېخى تازا ئېنىق ئەمەس ئىدى،
شۇنىڭدىن كېيىن ئاستا - ئاستا كۈچىيىپ كەتتى. ھوقۇق مەر-
كەزگە يىغىۋېلىنغان ھاكىمىيەت ئاجىزلىشىپ قالغان چاغلاردا،
بۇ كۈرەش قىزىپ كېتەتتى. يەزىد ئۆلگەندىن كېيىن، شىمالدى-

www.uyghurkitap.com

كى ئەرەب قەبىلىلىرىدىن بىرى بولغان قەيس قەبىلىسى يەزىدنىڭ ئىزباسارىنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتىپ، يەنىلا ئابدۇللا ئىبنى زۇبەيرگە سادىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇردى. كېيىن ئۇمەۋىيلەر جەنۇبتىكى ئەرەب قەبىلىسى — كەلب قەبىلىسىنىڭ ياردىمىدە مەرج راھىت ئۇرۇشىدا قەيس قەبىلىسىنى يەڭدى. لېكىن ئۇمەۋىيلەر مۇشۇ ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ بۇنداق ئۇرۇشتىكى بىتەرەپ ئورنىنى يوقىتىپ، گۇرۇھلار كۈرىشىنىڭ پاتقىقىغا كىرىپ قالدى. مەرۋاندىن كېيىنكى خەلىپىلەر مۇشۇ ئادەت بويىچە يا بۇ گۇرۇھنىڭ كۈچىگە، يا ئۇ گۇرۇھنىڭ كۈچى-گە تايىنىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، خەلىپىلىك دۆلەت قەبىلىلەر كۈرىشىنىڭ قاتناشچىسىغا ئايلىنىپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ سالاھىيى-تىنى تۆۋەنلىتىۋەتتى. بىر تارىخشۇناسنىڭ قارىشىچە، يىلتىزى چوڭقۇر، ھەدەپ تەكرارلىنىپ تۇرغان بۇنداق كۈرەشنىڭ مۇقەر-رەر ھالدا ئەرەبلەرنىڭ ئەنئەنىۋى رىۋايەتلىرىدە ئويدۇرۇپ چىقىل-غان دىنىي شەجەرىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم سەۋەبلىرى بار ئىدى. بۇ سەۋەبلەرنى ئىسلام دىنىنىڭ ئىستېلاچىلىق ھەرىكىتى-دىن بۇرۇنلا ئىستېلا قىلىنغان رايونلارغا ئېقىپ كىرگەن ئەرەب-لەر — ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى جەنۇب ئەرەبلىرى — بىلەن ئىستې-لاچى ئارمىيىگە ئەگىشىپ كەلگەن ھەمدە ئىستېلاچى ئارمىيىدە ئاساسىي تەركىبنى ئىگىلىگەن شىمال ئەرەبلىرىنىڭ مەنپەئەت توقۇنۇشىدىن تېپىشقا بولاتتى. بۇ ھۆكۈمنى تۆۋەندىكى پاكىتلار ئىسپاتلايتتى: جەنۇبتىكى ئەرەب قەبىلىلىرى ئومۇمەن شىئەلەر-نىڭ ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلغان، شۇڭا كىشىلەر ئۇلارنىڭ "مەۋائىي"لار بىلەن ئورتاق ۋە بىردەك پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ھېس قىلغان.

ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئاساسىي مەيدانى

ئىراق بولدى، ئۇ ھەر خىل كۈرەش ئامىللىرى يوشۇرۇنغان بىر
جاي ئىدى. يېڭىدىن تەرەققىي قىلغان مۇھىم شەھەرلەرنىڭ بىرى
بولغان قۇم شەھىرى بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاساسىي مەركىزى ئىدى،
بۇ شەھەر بىر قاتار سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ بوران - چاپقۇنلىرى-
نى باشتىن كەچۈردى. ئابدۇلمەلىك ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان
دەسلەپكى مەزگىلدە تاماملاشقا كۈچ چىقارغان ئاساسىي ۋەزىپە
ئەرەبلەرنىڭ تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، خان جەمەتىگە دائىر
ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە شىمالىي چېگرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى
ساقلاش ئۈچۈن ۋىزانتىيە پادىشاھى بىلەن كېلىشىم تۈزۈشتىن
ئىبارەت بولدى. 690 - يىلىغىچە ئابدۇلمەلىك بارلىق قوز-
غىلاڭچىلارنى بېسىقتۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى پۈتكۈزۈپ
بولدى، مۇشۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ يىل ئىچىدە ھەممە ئادەمنى
ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.
شۇنىڭدىن كېيىن، ئابدۇلمەلىكنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مەسى-
لە قانداق قىلىپ دۆلەتنىڭ يېڭى تۈزۈمىنى تۈزۈپ چىقىشتىن
ئىبارەت بولدى. ئۇ مۇقەررەر ھالدا قوللانغان بىردىنبىر چارە
ھوقۇقنى مەركەزگە يىغىش تۈزۈمىنى كۈچەيتىش بولدى. ئۇ
بارلىق ھوقۇقنى ئالىي ھۆكۈمراننىڭ قولىغا يىغدى ھەمدە سۈرى-
يىنىڭ قۇراللىق كۈچىنى ئۆز ھاكىمىيىتىگە ئارقا تىرەك قىل-
دى. ئابدۇلمەلىكنىڭ خەلىپىلىك دۆلىتى قەدىمكى شەرقچە ئاق-
سۆڭەكلەر ھاكىمىيىتى شەكلىدىكى دۆلەت ئەمەس، بەلكى ئەرەب-
لەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئىلاھىي ھاكىمىيەت ئىدىيىسىنىڭ قالدۇق
تەسىرىنى قوبۇل قىلغان پادىشاھلىق ھاكىمىيەت شەكلىدىكى دۆ-
لەت ئىدى. ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، ئەرەب تارىخ-
شۇناسلىرى ”تەشكىللەش ۋە تۈزىتىش“ دەپ ئاتىغان بىر ھەرىكەت

www.uyghurkitap.com

ئېلىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەرقايسى ئۆلكىلەردە بىردەك ساقلىنىپ كەلگەن پارس ئىمپېرىيىسى ۋە ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ تۈزۈملىرىنىڭ ئورنىنى پەيدىنپەي يېڭى ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ تۈزۈمى ئالدى. ئەرەب يېزىقى مەمۇرىيەتتە ۋە بوغالتىرلىقتا ئورتاق قوللىنىدىغان يېزىققا ئايلاندى. 696 - يىلى، ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان پارس ئىمپېرىيىسى پۇلى بىلەن ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى پۇلىنىڭ ئورنىغا قويۇش ئۈچۈن، پۇل قۇيىدىغان بىر پۇل ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. ئابدۇلمەلىك ۋە ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرى تۈزگەن مالىيە پىلانى ئۇنىڭ ۋارىسلىرى دەۋرىدە پەيدىنپەي قېلىپلىشىپ، ئىسلام دىنىنىڭ بىر خىل يېڭى باج تۈزۈمىگە ئايلاندى. ئابدۇلمەلىك جامائەت ئىشلىرى ۋە قۇرۇلۇش جەھەتتە ھارماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا تىنچ ۋە باياشات بىر ئىمپېرىيىنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە بەزىبىر مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلماي، قالدۇرۇپ قويىدى.

ئابدۇلمەلىكنىڭ ئوغلى ۋەلىد ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋر (705 — 715 - يىللىرى) ھەممە جەھەتتىن ئۇمەۋىيە سۇلالىسىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولدى. بۇ باسقۇچتا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان مەسىلە ئاساسەن ئىستېلا قىلىش ۋە كېڭىيىش ئۇرۇشىنىڭ يېڭى ئېچىلغان ئۈچ رايوندا قايتىدىن باش كۆتۈرۈشى ۋە داۋاملىشىشى بولدى. ئابدۇلمەلىك ئىراققا تەيىنلىگەن باش ۋالىي ھەججاج ئەۋەتكەن قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم بۇخارا بىلەن سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلدى ۋە بىر مەزگىل داڭقى چىققان نۇرغۇن غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئەرەبلەرنىڭ ئامۇ دەريا سىرتىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ھاكىمىيىتىنى بىرىنچى قېتىم

مۇستەھكەملىدى. بۇ رايوننىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئەرەب ئارمىيە-
سىنىڭ بىر قىسمى ھىندىستاننىڭ سىند ئۆلكىسىنى ئىستېلا
قىلدى، لېكىن ئۇلار بۇ يەردىكى يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرالماي،
ھىندىستاننى ئۇزاق بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ئاندىن ئىستېلا قىل-
دى. تېخىمۇ مۇھىمى، ئەرەبلەرنىڭ 709 - يىلى ئىسپانىيىدە
قۇرۇقلۇققا چىقىپ، ئارقىدىنلا ئىبېرىيە ئارىلىنىڭ كۆپ قىسىم
زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقى بولدى.

ئابدۇلمەلىكنىڭ يەنە بىر ئوغلى سۇلەيمان ھاكىمىيەت يۈر-
گۈزگەن مەزگىلدە (715 — 717 - يىللىرى) يىراققا يۈرۈش
قىلغۇچى كۈچلۈك بىر قوشۇننى كونستانتىنوپولغا ھۇجۇم قى-
لىشقا ئەۋەتكەنىدى، بۇ قوشۇن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. بۇ
قېتىمقى ھۇجۇمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىز بولۇشى ئۇمەۋىييە ھاكى-
مىيىتىگە ئېغىر كرىزىس ئېلىپ كەلدى. يىراققا يۈرۈش قىلغۇ-
چى قوشۇننىڭ غايەت زور چىقىمى كەلتۈرگەن ئېغىر ئىقتىسادىي
يۈك مەملىكەت ئىچىدىكى خەلقنىڭ ئىنتايىن قاتتىق قارشىلىقىنى
قوزغىدى. سۈرىيە فلوتى ۋە مۇنتىزىم ئارمىيىسى كونستانتىنو-
پولدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇمەۋىييە دۆلىتى قوراللىق
كۈچىنىڭ مۇھىم ماددىي ئاساسىدىن ئايرىلىپ قالدى. مۇشۇنداق
جىددىي پەيتتە، سۇلەيمان جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇمەر ئىبنى
ئابدۇلئەزىز (682 — 720 - يىللىرى) نى ۋارىس قىلىپ بېكىت-
تى، ئۇ ئۇمەر II دەپ ئاتالدى. ئۇ ئۇمەۋىييە شاھزادىلىرى
ئىچىدە ئىچكى قىسمىنى تەرتىپكە سېلىشقا ئەڭ مۇۋاپىق ئادەم
ئىدى، ئىچكى قىسمىنى تەرتىپكە سالغاندىلا ئاندىن ئۇمەۋىييە
سۇلالىسىنىڭ تەقدىرىنى قۇتقۇزغىلى بولاتتى.

ئۇمەر II ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىل (717 — 720 -

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يىللىرى) دىكى جىددىي ۋەزىپە "مەۋالىي"لار قاتلىمىنى خاتىرجەم قىلىش ئارقىلىق ئەرەبلەرنى ۋە ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ بىرلە-كىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن پائال تۈردە بىر قاتار مالىيە تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى، گەرچە بۇ تەدبىرلەر ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇب بولغان بولسىمۇ، لېكىن كىرىزىستىن ئۆتۈۋېلىشقا ياردەم بېرىش جەھەتتە بەلگىلىك رول ئوينىدى. ئۆمەر II دۇچ كەلگەن ئاساسىي قىيىنچىلىق "زىممىيلار"نىڭ بەس - بەس بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرىشى ۋە ئەرەب يەر ئىگىلىرى سانىنىڭ تېزدىن ئېشىپ كېتىشى ئارقىسىدا پەيدا بولغانىدى. بۇ ھال مۇسۇلمانلاردەك تۆۋەن نورمىدىكى باج - سېلىقنىلا تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ، باشقا باج - سېلىق-نى تاپشۇرۇشنى رەت قىلىۋاتقانلارنى كۈندىن - كۈنگە كۆپەيتى-ۋەتتى. بۇنداق مەسىلىنى ھەججاج "مەۋالىي"لارنى ئەسلىدىكى يېرى بار يەرگە قايتۇرۇش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۆزى ئىگىلىگەن يەرنىڭ باج - سېلىقىنى بىردەك تولۇق تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ خىل تەدبىرى كىشىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك نارازىلىقى ۋە ئۆچمەن-لىكىنى قوزغىدى، بۇنداق تەدبىرنىڭ ئاقمايدىغانلىقى ئېنىق ئى-دى. ئۆمەر II بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مۇسۇلمان يەر ئىگىلىرىنىڭ پەقەت ئۆشرىنىلا تاپشۇرۇپ، يۇقىرى نورمىدى-كى يەر بېجىنى تاپشۇرماسلىقىنى بەلگىلىدى؛ لېكىن ھىجرىيە ئېراسىنىڭ 100 - يىلى (يەنى مىلادىيە 719 - يىلى) دىن كېيىن مۇسۇلمانلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن "باج تاپشۇرىدىغان يەر"نى بىردەك ئېتىراپ قىلمىدى. ئۇ يەنە باشقا بىر خىل قانۇنىي تەدبىرنى قوللىنىپ مۇسۇلمانلارنىڭ "باج تاپشۇرىدىغان يەر"نى

ئىجارىگە بەرسە بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى، لېكىن بۇنىڭغا يەر
بېجى تاپشۇرۇشنى شەرت قىلدى. ئۆمەر II "مەۋالىي"لارنىڭ كەيپە-
ياتىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قىلچە توسالغۇسىز هالدا
شەهەرلەردە ئولتۇراقلىشىشىغا رۇخسەت قىلدى هەمدە ئۇلاردىن يەر
بېجىنى ۋە "جىزيە"نى كۆتۈرۈۋەتتى. بۇ چاغدا "جىزيە" مەخسۇسلا
مۇسۇلمان ئەمەسلەر تاپشۇرىدىغان جان بېجىنى كۆرسىتەتتى. لېكىن
خۇراسان رايونىنى هېسابقا ئالمىغاندا، "مەۋالىي"لارنىڭ تەمىناتى
ئەرەب جەڭچىلەرنىڭكىدىن تۆۋەنرەك ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ ئىچكى
قىسمىدا بولسا ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئۇلارنىڭ تەمىناتىنى
سۇرىيىلىكلەرنىڭ ئۆلچىمىدە بەردى، چۈنكى سۇرىيىلىك ئەرەب-
لەر بىرقەدەر يۇقىرى تەمىنات ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ جەڭچى-
لەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا قارىتا مەخسۇس تەمىنات بېكىتتى،
ئەمما يۇقىرىقى تەدبىرلەرنى قوللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا،
"زىممىيلار"غا قارىتا قاتتىق قوللۇق سىياسەت قوللىنىپ،
"زىممىيلار"نى كۆپلەپ ياللاپ ئىشلىتىۋاتقان مەمۇرىي تارماقلارغا
ئۇلارنى چىقىرىۋېتىش توغرىسىدا يوليورۇق چۈشۈردى،
"زىممىيلار"نى ئۇلارنىڭ بەزىبىر ئىجتىمائىي هوقۇقلىرى بىلەن
ئىقتىسادىي هوقۇقلىرىنى تارتىۋېلىش مەقسىتىدە تۈزۈلگەن بار-
لىق قانۇنلارغا تولۇق بويسۇنۇشقا بۇيرۇدى.

ئۆمەر II نىڭ بۇ ئىسلاهات تەدبىرلىرى نەتىجىسىدە، تېز-
دىنلا چىقىم كۆپىيىپ، كىرىم ئازىيىپ كەتتى؛ مەمۇرىي تارماق-
لارنىڭ "زىممىيلار"نى چىقىرىۋېتىشى بىلەن قالايمىقانچىلىق ۋە
ھۆكۈمەتسىزلىك هالىتى كېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئىككى ئىز-
باسارى يەزىد II (720 — 724 - يىللىرى) بىلەن هىشام
(724 — 743 - يىللىرى) دەۋرىدە يەنە بىر يېڭى تۈزۈم بېكى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىلگەنىدى، بۇ تۈزۈم ئۇمەۋىييە ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ ئانچە - مۇنچە ئۆزگەرتىپلا خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە يولغا قويۇلدى. ئەرەبلەرنىڭ ۋە شەرقىنىڭ ھەممە ماتېرىياللىرىدا ھىشامنىڭ ئىنتايىن ئاچ كۆز ھەم پىخسىق بىر ھۆكۈمران ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنغانىدى، ئۇنىڭ پۇقرالارنىڭ مال - مۈلكىنى شىلىۋېلىش ماھارىتى ھەرقانداق ئادەمنىڭكىدىن ئۇستۇن ئىدى. بىز دە پۇتكۈل خەلىپىلەر دەۋرىنىڭ مالىيە سىياسىتىنى ئەتراپلىق بايان قىلىپ بەرگۇدەك ماتېرىيال تېخى كۆپ ئەمەس، لېكىن بىز ئېرىشكەن ھىشام دەۋرىدىكى ئۈچ مۇھىم باش ۋالىي، يەنى مىسىرنىڭ باش ۋالىيسى ئۇبەيدۇللا ئىبنى ھىشام، ئىراقنىڭ باش ۋالىيسى خالىد ئىبنى ئابدۇللا قەسرى ۋە خۇراساننىڭ باش ۋالىيسى نەسر ئىبنى سەييارلار يولغا قويغان مالىيە سىياسىتىگە ئالاقىدار تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ئۇمەۋىييە سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يولغا قويۇلغان سىياسەتلەرنىڭ ئومۇمىي ھالىتىنى سۈرەتلەپ بېرەلەيمىز. بۇ يېڭى سىياسەتنىڭ مۇھىم ئاساسى شۇ يەردە ئىدىكى، قانۇندا يەر بېجى تاپشۇرىدىغان ئوبيېكتنىڭ يەر ئىگىلىگۈچى ئەمەس، بەلكى يەرنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكى ئېنىق بەلگىلەنگەنىدى. مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، "باج تاپشۇرىدىغان يەر"لەر ئىگىسىنىڭ دىنىي سالاھىيىتى ۋە مىللەت سالاھىيىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىردەك تولۇق باج تاپشۇرىدىغان بولدى. دەسلەپكى خەلىپىلەر دەۋرىدە شەكىللەنگەن "ئۆشرە تاپشۇرىدىغان يەر"لەردىن بولسا داۋاملىق تۈردە بىرقەدەر تۆۋەن ئۆشرە ئېلىنىۋەردى. ئەمما بۇنداق يەرلەرنى يەنە كۆپەيتىشكە يول قويۇلمىدى. "زىممىيلار" ئالۋان - ياساق تاپشۇرغاندىن باشقا يەنە "جىزيە" يەنى "جان بېجى" تاپشۇراتتى.

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ باج ئاساسىغا ئايلىنىش ئالدىدا تۇرغان بۇ يېڭى تۈزۈم ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە ھوقۇقى باش ۋالىينىڭ ھوقۇقىدىن ئايرىۋېتىلگەن باش مالىيە تەپتىشلىرىنىڭ ئەۋەتىلىشى بىلەن ئۆز ئۈنۈمىنى تېخىمۇ كۆرسەتتى. باش مالىيە تەپتىشلىرىنىڭ ۋەزىپىسى يېڭى باج تۈزۈمىگە ئاساس سېلىش ئۈچۈن يەرلەرنى ئۆلچەش ۋە تەكشۈرۈش، نوپۇسنى ستاتىستىكا قىلىشقا مەسئۇل بولۇش ئىدى.

ھىشام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ دۆلەت تېزدىن زاۋاللىققا قاراپ ماڭدى. قەبىلىلەر ئىچىدىكى نىزا تېخىمۇ كۈچەيدى. شىئەلەر بىلەن خاۋارىجلار ھاكىمىيەتكە قارشى تۇرۇش بايرىقىنى يەنە كۆتۈرۈپ چىقتى، ھەتتاكى 744 - يىلىغىچە، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقى ھەتتا سۈرىيىدىمۇ كىشىلەرنىڭ ئىغۋاگەرچىلىك قىلىدىغان نىشانىغا ئايلىنىپ قالدى، ئىمپېرىيىنىڭ باشقا ئۆلكىلىرىدىمۇ ئەھۋال ئوخشاش بولدى. ئۇمەۋىييە سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى خەلىپىسى مەرۋان II گەرچە ئەقىللىق ۋە قابىلىيەتلىك بىر ھۆكۈمران بولسىمۇ، لېكىن پايدىلىق ۋەزىيەت كېتىپ قالغانلىقتىن، ئۇنىڭ بۇ ئىمپېرىيىنى مۇنقەرىز بولۇش تەقدىرىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىشى مۇمكىن بولمىدى.

ئۇمەۋىييە سۇلالىسى ئۆزىنى ”ھاشىمىييە“ دەپ ئاتىۋالغان بىر گۇرۇھ تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. بۇ گۇرۇھنىڭ رەھبىرى ئەسلىدە مۇختار ۋە ئۇنىڭ نامىدا كۈرەش ئېلىپ بارغان مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيىنىڭ ئوغلى ئەبۇ ھاشىم بولۇپ، ئۇ ”مەۋالىي“لارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن شىئەلەرنىڭ چېكىدىن ئاشقان بىر گۇرۇھنىڭ باشلىقى ئىدى. 716 - يىلى، ئۇ ۋاپات بولغاندا ۋارىسلىق قىلىدىغان ئوغلى بولمىغاچقا، ئۆزىنىڭ خەلى-

پىلىك ئۇرۇنغا بولغان تەلپىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئاببىاسنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ئاببىاسقا ئۆتۈنۈپ بەرگەنىدى. مۇھەممەد ئىبنى ئەلى بۇ گۇرۇھنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىغا ئىگە بولغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ تەشۋىقات پائالىيىتى ۋە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش تەشكىللىنى كونترول قىلدى. خۇراسان بۇ گۇرۇھنىڭ ھەرىكەت قىلىدىغان ئاساسىي بازىسى ئىدى. بەسرە ۋە كۇفەدىكى ئەرەبلەر 670 - يىللىرىدىلا بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقانىدى، ئۇلار بۇ يەرگە كەلگەن چاغدىلا ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىكى قەبىلىلەر ماجىرالىرىنىمۇ بۇ يەرگە بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. بۇ ماجىرالار يېڭى مۇھىتتا تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىش ۋە كېڭىيىشكە باشلىدى. ئەرەبلەر بۇ يەردىكى ئۇرۇشپەرەسلىك قېنىغا سىڭىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئورنىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن كۆڭلىدە نارازى بولۇپ كېلىۋاتقان پارسلارغا قارىغاندا ناھايىتىمۇ ئاز ئىدى.

ئەڭ دەسلەپتە ھاشىمىيلارنىڭ دىن تارقاتقۇچىسى جەنۇب ئەرەبلىرىدىن سۇلەيمان ئىبنى كەسىرنى ۋەكىل قىلغان خۇراسان رايونىدىكى مۆتىدىل شىئەلەر گۇرۇھى بىلەن ھەمكارلاشتى. ھاشىمىيلار تەخمىنەن 720 - يىللىرى ئەتراپىدا ئۆزلىرىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى تارقىتىشقا باشلىغانىدى. ئۇلارنىڭ تۇنجى رەھبەرى 18 يىلدىن كېيىنكى بىر قوزغىلاڭدا مەغلۇب بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنىدى. مۇھەممەد ئىبنى ئەلى مۆتىدىل شىئەلەر گۇرۇھىنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، خۇراسان رايونىنىڭ تەشۋىقات - تەشكىلات خىزمىتىنى سۇلەيمان ئىبنى كەسىرنىڭ مەسئۇل بولۇشىغا ھاۋالە قىلدى. سۇلەيمان ئىبنى كەسىر 12 كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر ھەيئەتنىڭ ياردىمىدە

خىزمەت ئۆلىپ باردى، بۇ 12 ئادەمنىڭ سەككىزى ئەرەب، تۆتى "مەۋالىي"لاردىن ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇنداق مۇرەسسەچىلىك تىرىشچانلىقى كۆزلىگەندەك ئۈنۈمگە ئىگە بولالمىدى. ھەرىكەت "مەۋالىي"لارنىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن-لىكتىن تېزلا توختاپ قالدى. بۇ ئارىلىقتا مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىم ئۇنىڭ ئىشىغا ۋارىسلىق قىلدى ھەمدە شەرقتىكى تەشكىلىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىش-تى. مىلادىيە 743 ـ يىلى، ئىبراھىم خۇراسانلىق ئەبۇ مۇسلىم (ئۇ ئىراقتا تۇغۇلغان ئىرانلىق "مەۋالىي" ئىدى) نى ئۆزىنىڭ ۋەكىلى ھەم دىن تارقاتقۇچىسى سۈپىتىدە ئىراندىكى "مەۋالىي"لار ئارىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتتى. ئەبۇ مۇسلىمنىڭ تەشۋىقاتلىرى پارسلار ھەتتا يېزىلاردىكى ئاقسۆڭەك-لەر ئارىسىدا ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. گەرچە مۆتىدىل-لەر گۇرۇھى نارازى بولۇۋاتقان ۋە گۇمانلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەبۇ مۇسلىمنىڭ داھىيلىق ئورنىنى يەنىلا تولۇق قوبۇل قىلدى. 746 ـ يىلى، ھاشىمىيلار خۇراسان رايونىدا ئاببا سىيلارنىڭ قارا رەڭلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ قوزغى-لاڭ كۆتۈردى. قارا رەڭ ئادەت بويىچە ئاببا س جەمەتىنىڭ بەلگى-سى ئىدى. ئاببا سىيلارنىڭ قارا بايراق كۆتۈرۈپ چىقىشى، ئەمە-لىيەتتە، ئەرەب ئىمپېرىيىسىدىكى نارازى ئۇنسۇرلار ئىچىدە تار-قىلىۋاتقان "دۇنيانى قۇتقۇزغۇچى" توغرىسىدىكى بېشارەت ئېھتى-ياجلىق بولغان بىر خىل شەرتكە ماسلىشىش ئۈچۈن ئىدى. ئاببا سىيلاردىن بۇرۇن باشقا قوزغىلاڭچىلارمۇ قارا بايراقنى كۆتۈ-رۈپ چىققانىدى، لېكىن ئاببا سىيلارنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا مۇۋەپ-پەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن، قارا رەڭ يېڭى ھۆكۈمران جەمەتى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىڭ بەلگىسى قىلىندى. بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاببا-
سىيلار دۆلىتى "قارا تازى" نامى بىلەن جۇڭگوغا ۋە ۋىزانتىيىگە تونۇلدى.

باشقا ئىشلار كەينى - كەينىدىن يۈز بەردى. خۇراساندىكى ئەرەب قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاقتىن بېرى ساقلىنىپ كەلگەن جېدەل - ماجىرالار ئۇلارنىڭ بۇ يېڭى ھەرىكەتكە قارىتا ئۈنۈملۈك قارشى تۇرۇشىغا دەخلى يەتكۈزدى، ھەتتا ۋەتەننى قۇتقۇزۇش جەھەتتە ئۇلار قىلچىلىكمۇ رول ئوينىيالمىدى. يېڭى ھاكىمىيەت شەرقتىكى رايونلاردا مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىن، ئەبۇ مۇسلىم قوشۇننى غەربكە يۈرۈش قىلدۇرۇپ، زاب دەرياسى بويىدا بولغان ئۇرۇشتا ئۇمەۋىيەلەرنىڭ ئاخىرقى ھەربىي كۈچىنى ئۈزۈل - كېسىل تارمار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇمەۋىيەلەر جەمەتىنىڭ ۋە ئەرەب پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلدى. ئىبراھىمنىڭ ئىنىسى، "سەففاھ" (جاللات) نامى بىلەن داڭق چىقارغان ئەبۇ ئابباس بۇ گۇرۇھنىڭ داھىيسى بولدى ۋە ئۆزىنى ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى دەپ ئېلان قىلدى.

# بەشىنچى باب

## ئىسلام ئىمپېرىيىسى

"بۇ — بىر گۈزەل جاي، ھەم بەختلىك بىر ۋاقىت،
چۈنكى ئۇ ھارۇن رەشىدنىڭ ئالتۇن دەۋرى".

— تېنىسون: «مىڭ بىر كېچە توغرىسىدا ئەسلىمە».

ئاببا سىيلارنىڭ ئۇمەۋىيلەرنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئىسلامىيەت جەمئىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا ئايلىنىشىنىڭ ئەھمىيىتى نوقۇل ھالدىكى سۇلالە ئالماشتۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتىدىن ئېشىپ كەتتى. چۈنكى بۇ ئەرەب تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئىنقىلاب دەپ قارالدى، ئۇنىڭ مۇھىملىقى غەربنىڭ تارىخىدىكى روسىيە ئىنقىلابى بىلەن فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ مۇھىملىقىدىن قېلىشمايدۇ. بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب ئوردىنىڭ ئىچىدىكى سۇيىقەست ياكى سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ نەتىجىسى ئەمەس، بەلكى ئۇنۇملۇك تەشۋىقات ۋە تەشكىلات خىزمىتى ھەم ئۇزاق مۇددەت پىلانلاش ئارقىلىق قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتتۇر. بۇ تەشۋىقات ۋە تەشكىلات خىزمىتىنىڭ كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالدىنقى ھۆكۈمەتكە بولغان قاتتىق نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى. بۇ قېتىمقى ئىنقىلابىي ھەرىكەت باشقا بارلىق ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە ئوخشاش، بىر - بىرىدىن پەرق قىلىدىغان ھەر خىل مەنپەئەتلەرنىڭ بىرلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئوخشاش بولمىغان بۇ مەنپە-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەتلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئاغدۇ-
رۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت ئورتاق ئارزۇ ئاساسىدا بىرلەشكەنىدى.
شۇڭا، ھەرىكەت مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى بىلەنلا مۇقەررەر ھالدا
بىر - بىرىگە قارىمۇقاشى بىرنەچچە گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتتى.
غەلىبە قازانغان ئابباسىيلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى بۇ
يېڭى ھاكىمىيەتنى تىكلەشتىن ئىبارەت ئىنقىلابىي ھەرىكەت دۋا-
مىدا خىزمەت كۆرسەتكەن ئەمما شۇنىڭدىن كېيىنلا يەنە كۆڭلىدە
نارازىلىق ساقلىغان رادىكاللارنى يوقىتىشتىن ئىبارەت بولدى.
ئۇلار بۇ قېتىمقى ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئاساسچىسى
بولغان ئەبۇ مۇسلىمنى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى
ھەمدە ئەبۇ مۇسلىمنىڭ ھىمايىچىلىرى قوزغىغان قوزغىلاڭنى
باستۇردى.

بۇ قېتىمقى ئىنقىلابنىڭ خاراكتېرى نېمە ئىدى؟ ئۇنىڭغا
قانداق كىشىلەر قاتناشقان؟ ئۇلار نېمە مەقسەتكە يەتمەكچى ئى-
دى؟ 19 - ئەسىردىكى ياۋروپا شەرقشۇناسلىرى گوبىنو قاتارلىق-
لارنىڭ ئىرقچىلىق تەلىماتىنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچرىغانلىق-
تىن، ئۇمەۋىيلەر بىلەن ئاbباسىيلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى ۋە
ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى چاغلاردىكى پۈتكۈل دىنىي بۆلۈنۈشنى
ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى سېمىتلار بىلەن ئىراندىكى ئارىيانلار
ئوتتۇرىسىدىكى ئىرقىي كۈرەش دەپ چۈشەندۈردى. ئۇلار ئاببا-
سىيلارنىڭ غەلىبىسىنى پارسلارنىڭ ئەرەبلەر ئۈستىدىن قازانغان
غەلىبىسى دەپ قاراپ، پارسلارنى پارسلاشقان ئىسلام تونىغا ئو-
رالغان بىر يېڭى ئىران ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ، ئۇنى ئاغدۇرۇل-
غان ئەرەب سۇلالىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە
قىلماقچى بولۇشتى. ئەرەبلەرنىڭ تارىخ كىتابلىرىدىنمۇ بۇنداق

قاراشىنى قوۋۋەتلەيدىغان گەپلەرنى تاپقىلى بولىدۇ، 9 - ئەسىردى-
كى ئەرەب يازغۇچىسى جاھىز: "ئابباسىيلار سۇلالىسى پارسلار
بىلەن خۇراسانلىقلارغا تەئەللۇق، مەرۋان جەمەتىنىڭ سۇلالىسى
ئۇمەۋىيلەر بىلەن ئەرەبلەرگە تەئەللۇق" دېگەن. ئەمما، يېڭى
ئىسپاتلار بىزگە شۇنى كۆرسەتتىكى، گەرچە ئىرقىي ئۆچمەنلىك
ئۇمەۋىييە سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ئىنقىلابىي ھەرىكەتنى
مەلۇم تەسىرگە ئىگە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ قېتىمقى
ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ھېسابلانمايدۇ.
ئۇنىڭ ئۈستىگە، گەرچە غەلىبە قىلغان كىشىلەر ئارىسىدا كۆپلى-
گەن پارسلار بولسىمۇ، ئەمما غەلىبە قىلغۇچىلار قولغا كەلتۈر-
گەن غەلىبىلەر پارسلارنىڭ غەلىبىسى دەپ قارالمىدى؛ دۈشمەن-
لەرنىڭ مەغلۇبىيىتىمۇ ئەرەبلەرنىڭ مەغلۇبىيىتى دەپ قارالمى-
دى. ئىنقىلابىي ئارمىيە ئىچىدە نۇرغۇنلىغان ئەرەبلەر بار ئىدى،
بولۇپمۇ ئىستېلاچى ئاقسۆڭەكلەر ھاكىمىيىتىدە كۈچى بىرقەدەر
ئاجىز بولغان جەنۇب ئەرەبلىرىنىڭ قەبىلىلىرىمۇ بار ئىدى.
"مەۋالىي"لار گەرچە بۇ قېتىمقى ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي
كۈچى ھېسابلانسىمۇ، لېكىن، نېمىلا دېگەن بىلەن، ئۇلار ساپلا
پارسلار ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىراقلىقلار، سۇرىيە-
لىكلەر، مىسىرلىقلار ھەتتا قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تولۇق ئە-
زاسى بولالمىغان ئەرەبلەرمۇ بار ئىدى. پارس يەر ئىگىلىرى
خۇددى غەربىي ئۆلكىلەردىكى ئىلگىرىكى ۋىزانتىيە ئەمەلدارلىرى
سىنىپىغا ئوخشاش، ئۇمەۋىيلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ماسلاشقان،
ھەتتا ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىدە مۇھىم رول ئوينىغانىدى. ئۇلار
ئەرەبلەر ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە تاڭغان باج - سېلىقنى ستاتىستى-
كا قىلىش ۋە باج - سېلىق يىغىش خىزمىتىنى پۈتۈنلەي ئۈستىگە

ئالغان ھەمدە شەك - شۈبھىسىز لا ئۆزلىرىنى باج - سېلىق تاپشۇرغۇچىلارنىڭ سىرتىغا قويغانىدى.

بىز بۇ قېتىمقى ئىنقىلابنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئاقسۆڭەكلەر ئىمتىيازىدىن بەھرىمەن بولۇپ باقمىغان شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئەرەبلەر ئاپىرىدە قىلغان شەھەر - بازارلاردا تازا روناق تاپقان، ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودىگەرلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان "مەۋالىي" لارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردىكى نارازىلىق كەيپىياتلىرى ئىچىدىن ئىزدىشىمىز كېرەك. ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بىردىنبىر ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتى — ئىستېلاچىلىق ئۇرۇشى توختىغانلىقتىن، ئۇمەۋىييە سۇلالىسى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ تارىخقا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئىنتايىن كىچىكلەپ كەتتى، مانا بۇ ھال دېھقانچىلىق ۋە سودىگەرلىكتىن ئىبارەت تىنچلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان جەمئىيەت سىستېمىسىنى ئورنىتىش ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى.

بۇ يېڭى جەمئىيەت سىستېمىسى ئەمەلدارلار، سودىگەرلەر، بانكىرلار، يەر ئىگىلىرى، دىنشۇناسلار (جۈملىدىن فەقىھلەر[1]، ئىلاھىيەتچىلەر، مۇدەررىس - مۇئەللىملەر، شۇنىڭدەك ئىسلام دىنىنىڭ ئالىمى دەپ قارالغان دىنىي داھىيلار) دىن تەركىب تاپقان بىر ھۆكۈمرانلار سىنىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئەرەبلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئاجىزلىشىشى ۋە ئىچكى قىسمىدا پۈت تېپىششى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ نۇرغۇنىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتتىن چەتلىشى يېڭى جەمئىيەت سىستېمىسىنىڭ تىكلىنىشى ئۈچۈن ئوڭايلىق شەرت - شارائىت يارىتىپ بەردى.

---

① "فەقىھ" — شەرىئەت ئىلمىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىم. — تەرجىماندىن.

بۇ قېتىمقى ئىنقىلابنىڭ خاراكتېرى ئىنقىلاب غەلىبە قازانغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن بىر قاتار ئۆزگىرىشلەردە ناھايىتى ئوچۇق ئىپادىلىنىپ چىقتى. بىرىنچى يەنە كېلىپ ئەڭ روشەن ئۆزگىرىش دۆلەت مەركىزىنىڭ سۈرىيەدىن ئىراققا يۆتكىلىشى بولدى، بۇ يەر ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرقتىكى قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن چوڭ ئىمپېرىيەلەرنىڭ مەركىزى ئىدى. ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ تۇنجى خەلىپىسى (سەففاھ، 750 — 754 - يىللىرى) فۇرات دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى كۇفەگە يىراق بولمىغان ھاشىمىيە دېگەن بىر كىچىك شەھەرنى پايتەخت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە مۇھاپىزەتچى ئەترىتىنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇردى، كېيىن يەنە ئەنبارغا كۆچۈردى. ئىككىنچى خەلىپە مەنسۇر ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە (754 — 775 - يىللىرى) بۇ يېڭى ھاكىمىيەتنى ھەرقايسى تەرەپتىن مۇستەھكەملىدى ھەمدە دىجلە دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى قەدىمكى ساسانىيە سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بولغان تاشفىننىڭ خارابىسىگە يىراق بولمىغان يەردە كونا شەھەرنىڭ خىش - تاشلىرى بىلەن يېڭى بىر شەھەر بىنا قىلىپ، ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ مەڭگۈلۈك پايتەختى قىلدى. بۇ شەھەرنىڭ رەسمىي نامى ”مەدىنە تۇسسەلام“ (تىنچلىق شەھىرى) دېيىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئادەت بويىچە يەنىلا پارسلارنىڭ شەھەر بىنا قىلىنىشتىن ئىلگىرى بۇ يەردە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بىر كەنتنىڭ ”باغداد“ دېگەن نامى بىلەن ئاتالدى ۋە شۇ نام بىلەن تونۇلدى. مەنسۇرنىڭ بۇ جاينى تاللىشىدىكى سەۋەب بۇ جاينىڭ ياخشى بولغانلىقى ئىدى. بۇ شەھەر فۇرات دەرياسى بىلەن دىجلە دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى قانالغا يېقىن بولغاچقا، بۇ يەر تە-

رەپ ـ تەرەپكە ماڭىدىغان قاتناشنىڭ مەركىزي ۋە ھىندىستانغا بارىدىغان مۇھىم يول ئىدى. جۇغراپىيىشۇناس ياقۇبى بۇ شەھەر-نىڭ بىنا قىلىنغانلىقى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دېگەنىدى: مەنسۇر بىر قېتىم ساياھەتكە چىققاندا باغداد كەنتىدە توختاپ ئۇ يەرنىڭ شەكلى ۋە شارائىتىنى كۆزەتكەندىن كېيىن دېدىكى: "شەرق تەرىپى دىجلە دەرياسىغا، غەرب تەرىپى فۇرات دەرياسىدى-كى ئارالغا يېقىن بۇ يەر ھەقىقەتەنمۇ سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىغا تازا باب كېلىدىغان يەر ئىكەن. ۋاسىت، بەسرە، ئۇبۇللە، ئەھ-ۋاز، پارس، ئومان، يەمامە، بەھرەيىندىن، شۇنىڭدەك بۇلاردىنمۇ يىراق جايلاردىن چىققان كېمىلەر فۇرات دەرياسى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ توختىسا بولىدىكەن. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، موسۇل، دىيار رەبىيئە رايونلىرى، ئەزەربەيجان، ئەرمىنىيە قاتارلىق جايلاردىن دىجلە دەرياسى بىلەن كەلگەن يۈك كېمىلىرى، شۇنىڭدەك، دىيار مۇزەر، رەققە، سۈرىيە، چېگرىدىكى ساسلىق، مىسىر، ئافرىقى-نىڭ شىمالىي قاتارلىق جايلاردىن فۇرات دەرياسى بىلەن كەلگەن يۈك كېمىلىرىمۇ بۇ يەردە توختىسا بولىدىكەن. بۇ يەرلەر تاغلىق رايون، ئىسفاھان ۋە خۇراسانلىق ئاھالىلەرنىڭ ماڭىدىغان يولى ئىكەن. ئاللاھ بۇ يەرنى ماڭا قالدۇرۇپ قويۇپ-تۇ، مەندىن بۇرۇن بۇ يەرگە كەلگەنلەر بۇنى بىلمەي قاپتۇ. مەن بۇ يەرگە بىر شەھەر بىنا قىلىشنى ۋە بۇ يەردە ئۆمۈر بويى تۇرۇشنى قارار قىلدىم؛ مېنىڭ ئەۋلادلىرىممۇ مۇشۇ يەردە تۇرى-دۇ. ئۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ ئاۋات شەھەرگە ئايلانسۇن!"

باغدادنىڭ مەركىزى يۇمىلاق شەكىللىك بولۇپ، ئۇنىڭ ھە-جمى ئىككى مىل كېلەتتى، ئۇ گويا بىر قورغانغىلا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە خەلىپىنىڭ ئوردىسى، ئەمەلدارلارنىڭ ۋە خەلىپە



www.uyghurkitap.com

شەرقتىن كەلتۈرگەن خۇراسانلىق مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئولتۇراق رايونى بار ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ يۇمىلاق شەكىلدىكى شەھەرنىڭ سىرتىغا غايەت زور بىر سودا مەركىزى سېلىندى.

پايتەختنى يۆتكەشنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور بولدى. دۆلەتنىڭ مەركىزى ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىكى سۈرىيەدىن مېسوپوتامىيىگە يۆتكەلدى، بۇ يەر ئىككى چوڭ دەريانىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان مۇنبەت ۋادا بولۇپلا قالماستىن، بىرمۇنچە سودا يولى بىر - بىرىگە تۇتىشىدىغان مۇھىم جاي ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پايتەختنىڭ يۆتكىلىشى بۇ دۆلەتتە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ، ۋىزانتىيىچە ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىدىكى پادىشاھلىقتىن ئوتتۇرا شەرقنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى شەكلىدىكى ئىمپېرىيىگە ئايلانغانلىقىنىڭ سىمۋولى ئىدى. قەدىمكى دەۋردىكى شەرق ئامىلى، گەۋدىلىك بولغىنى پارس ئامىلى بۇ يەردە كۈندىن - كۈنگە كۆپەيمەكتە ۋە كۆپلەپ رول ئوينىماقتا ئىدى.

سۇلالىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۇمەۋىيىيە دەۋرىدە باشلانغان دۆلەت تەشكىلات خىزمىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى تاماملىدى. خەلىپە دېگەن ئەسلىدە بىرەر قەبىلىنىڭ باشلىقى ئىدى، ئۇنىڭ ھوقۇقى ئەرەب ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئىختىيارىيلىق ئاساسىدا بولمىغان قاراردىن كېلەتتى، ئەمدى بولسا ئۇ ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى مۇقەددەس ۋە دەخلىسىز دەپ ئاتىۋالغان ۋە مۇنتىزىم قوراللىق ئارمىيىنى ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ ئارقا تىرىكى قىلغان ھۆكۈمرانغا ئايلىنىپ قالدى. ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، خەلىپە مائاش تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ئەمەلدارلاردىن تەركىب تاپقان بيۇروكراتلار ھاكىمىيىتى تۈزۈلمىسىنى ئورناتتى. ھاكىمىيەت ئامىلىنىڭ بىرى بولغان قوراللىق كۈچنىڭ

www.uyghurkitap.com

مۇھىملىقى ئابباسىيلار خەلىپىسىنىڭ ئوردىسىدىكى جازا ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىلار ئىگىلەيدىغان مۇھىم ئورۇندا تولۇق ئىپادىلىنىپ چىقتى. «مىڭ بىر كېچە» نى ئوقۇپ چىققان ئادەم جازا ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ. يېڭى تۈزۈم ئاستىدا مەنسەپ - ئابرۇيدا تېز ئۆرلەشنىڭ ۋاستىسى ئەمدى قانداشلىق بولماي، بەلكى پادىشاھنىڭ ئىلتىپاتى بولۇپ قالدى. بيۇروكراتلىق تۈزۈمى ئەرەب ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ ئورنىنى باستى. خەلىپىنىڭ ھەيۋىتى نۇرغۇنلىغان يېڭى ئاتاشلاردا گەۋدىلىنىپ چىقتى. ئۇ ئۆزىنى ئەمدى پەيغەمبەرنىڭ ۋاكالەتچىسى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ۋاكالەتچىسى دەپ قارايدىغان، ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى بىۋاستە ئاللاھدىن تاپشۇرۇۋالغان دەيدىغان بولدى. بۇنداق ئىدىيە خەلىپە ئۆزى ئۈچۈن قوللانغان ”ئاللاھنىڭ زېمىندىكى سايىسى“ دېگەن جاراڭلىق ئاتاش ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دەسلەپكى چاغلاردىكى خەلىپىلەر باشقىلارغا ئوخشاشلا ئەرەب ئىدى، ھەرقانداق ئادەم ئۇلارغا يېقىنلىشالايتتى، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرالايتتى، لېكىن ئابباسىيلارنىڭ خەلىپىلىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن قاتتىق ۋە تەبىقىچىلىك ئىدىيىسى ئېغىر بىر ئوردا تۈزۈمىنى ئورناتتى، ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىدىغان ئادەم بۇ تۈزۈم بويىچە بىر قاتار ئوردا خادىمى ئالدىدىن ئۆتۈشى لازىم ئىدى. نەزەرىيە جەھەتتە، خەلىپە ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس قانۇنى — ”شەرىئەت“نىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئەمەلىيەتتە، بۇنداق چەكلىمىنىڭ ئۇنىڭ ھوقۇقىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى چەكلىك بولدى. چۈنكى، خەلقنىڭ قوزغىلىڭىدىن باشقا، ئۇلارنى چەكلەيدىغان ھېچقانداق مەجبۇرلاش ۋاستىسى يوق ئىدى. دېمەك،

ئاباسىيلارنىڭ خەلىپىلىك دۆلىتى ھەربىي كۈچكە تايىنىدىغان
بىر مۇستەبىت دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى، خەلىپىلەر ئۆزىنىڭ
ھوقۇقىنى ئىلاھ بەرگەن دەۋالدى. ئاباسىيلار سۇلالىسى ئەرەب-
لەرنىڭ قوللىشىغا تايانمىغاچقا، ئۇمەۋىيىيە سۇلالىسىگە قارىغاندا
تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار
ئادەتتە سۆز بىلەن قايىل قىلىش چارىسىنى قوللانماي، زورلۇق
بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىش سىياسىتىنى قوللىنىدىغان بولۇپ
قالدى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇلار يىلتىزى چوڭقۇر فېئوداللار
سىنىپىنىڭ ۋە روھانىيلار گۇرۇھىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىمىگەن-
لىكتىن، قەدىمكى شەرقىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمەتلىرىگە قارىغاندا
تېخىمۇ ئاجىز ئىدى.
ئاباسىيلارنىڭ مەمۇرىي تۈزۈمى ئۇمەۋىيىيە سۇلالىسىنىڭ
ئاخىرقى مەزگىلىدىكى مەمۇرىي تۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئىبا-
رەت بولدى. مەنسۇر دۆلەت تەشكىلى جەھەتتە ئۇمەۋىيىيە خەلىپە-
لىرىدىن ھىشامنىڭ ئۆزىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئېتى-
راپ قىلغانىدى. ئەمما مەمۇرىي تۈزۈم جەھەتتە ساسانىيلار سۇلا-
لىسى دەۋرىدىكى پارسلارنىڭ مەنسۇرغا كۆرسەتكەن تەسىرى بار-
غانسېرى كۈچلۈك بولغانىدى. ئاباسىيلارنىڭ مەمۇرىي جەھەتتى-
كى نۇرغۇن مۇراسىم - رەسمىيەتلىرى ئۆز ۋاقتىدا ئەۋج ئالغان
ساسانىيە ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ ئۆلچەملىك كۆچۈرۈلمىسى ئى-
دى. بۇ ئۆرپ - ئادەتلەرمۇ ئاباسىيلارغا ئىرانلىق ئەمەلدارلار
ۋە پارس يېزىلىقىدىكى ئەسىرلەر ئارقىلىق تارقالغانىدى. ئاباسىي-
لارنىڭ مەمۇرىيەت سىستېمىسى ئەمدى ئىرقىي كەمسىتىش،
ئىرقىي يەككىلىمچىلىكنى ئاساس قىلغان سىستېما ئەمەس، بەلكى
ھەرقايسى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، "مەۋالىي"لارنى بارغان-

سىرى كۆپلەپ قوبۇل قىلغان ئەمەلدارلار سىنىپىغا ئايلانغانىدى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. بۇ ئەمەلدار-لار مەركىزىي ئورۇنلارنىڭ بىر قاتار خىزمىتىگە، جۇملىدىن ئەدلىيە ئىشلىرى بۆلۈمى، ھەربىي ئىشلار بۆلۈمى، تامغا - موھۇر باشقۇرۇش بۆلۈمى، دۆلەت خەزىنىسى ۋە ئۆتەڭ - لەڭگەر بۆلۈمى قاتارلىقلارنىڭ خىزمىتىگە قاتنىشاتتى. بۇ ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان زور بىر تۈركۈم ئەمەلدار ئالىي رەھبەرلىك — ۋەزىرنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا بولاتتى. ۋەزىر دېگەن بۇ ئەمەلنى ئابباسىيلار تەسىس قىلغانىدى، بۇ ئەمەل ئېھتىمال پارسلارنىڭ بىر خىل تۈزۈمىدىن ئېلىنغان بولسا كېرەك.

ۋەزىر پۈتۈن مەمۇرىيەت سىستېمىسىنىڭ باشلىقى ئىدى، خەلىپىدىنلا كېيىن تۇرىدىغان ۋە مەمۇرىيەتنىڭ ئاساسىي ئەمەلدا-رى بولغان ۋەزىرنىڭ ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا يېڭىلا ئىسلام دىنىغا كىرگەن بەرمەك جەمەتىدىن كېلىپ چىققان خالىد بەرمەكى ئابباسىيلارنىڭ مەشھۇر ۋەزىرلىرىدىن بىرى ئىدى. بەرمەك جەمەتىنىڭ بىرقانچە ئەۋلاد ئەزاسى تاكى 803 - يىلى ھارۇن رەشىد ئۇلارنى يوقاتقۇچە ۋەزىرلىك ۋەزىپى-سىنى ئۆتەپ كەلگەنىدى.

ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى باشقۇرۇشقا "ئەمىر" (يەنى قوماندان ياكى باش ۋالىي) بىلەن مالىيە نازارەتچىسى بىللە مەسئۇل ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئەمەلدارلىرى ھەم ئارمىيە-سى بار ئىدى ۋە ئۆتەڭ - لەڭگەر باشلىقىنىڭ نازارىتىدە مەلۇم دەرىجىدىكى ئاپتونومىيە ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزەتتى. ئۆتەڭ - لەڭگەر باشلىقىنىڭ ۋەزىپىسى ھەرقايسى جايلاردا يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى باغدادتىكى ئۆتەڭ - لەڭگەر بۆلۈمىگە بىۋاستە مەلۇم

كى كۆمۈش كانلىرىنىڭ زاپىسى ئەڭ كۆپ ئىدى. 11 - ئەسىردە ئۆتكەن بىر تارىخشۇناسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يەردىكى كۆمۈش كانلىرىدا ئون مىڭ كانچى ئىشلەيدىكەنمىش؛ ئىمپېرىيىنىڭ غەربىي قىسمىدىن، بولۇپمۇ نۇبىيە بىلەن سۇداندىن ئالتۇن چىقاتتىكەن؛ مىس ئىسفاھان رايونىدىن چىقاتتىكەن، 9 - ئەسىردە بۇ يەردىكى مىس كانلىرى ھەر يىلى بەش مىڭ دىرھەم قىممىتىدە باج تاپشۇراتتىكەن؛ ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە سىتسىلىسىيە ئاردىلىدىن تۆمۈر چىقاتتىكەن؛ ياقۇت قاتارلىق قىممەت باھالىق تاشلار ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى نۇرغۇن جايدىن چىقاتتىكەن؛ بېلىق بايلىقى كۆپ پارس قولتۇقى رايونىدىن رەڭگارەڭ مەرۋايىتلار يۆتكەپ كېلىنىدىكەن؛ غەربتىكى ئۆلكىلەردىن چىقىدىغان ياغاچ ماتېرىياللار ئاز بولسىمۇ، لېكىن شەرقتىكى ئۆلكىلەردە زاپاس مىقدارى خېلى كۆپ ئىكەنمىش؛ زور مىقداردىكى ئىمپورت سودىسى ئارقىلىق يەنە ھىندىستاندىن ۋە يىراق شەرقنىڭ باشقا جايلىرىدىن نۇرغۇنلىغان ماللار يۆتكەپ كېلىنەتتىكەن.

ئابباسىيلار سۇغىرىش ئىشلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سۇغىرىلىدىغان يەرنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتتى ۋە نۇرغۇنلىغان شورلۇق ۋە ساسلىق يەرلەرنى تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇردى، تارىخشۇناسلار ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدى. بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى كېڭەيتىلىپ، باراۋەرلىككە يېقىن كېلىدىغان بىر خىل باج تۈزۈمى ئورنىتىلدى. دېھقانلار ئىلگىرى دېھقانچىلىق بېجىنى بەلگىلەنگەن نورما بويىچە تاپشۇراتتى، ئەمدى بولسا مەھسۇلاتنىڭ پىرسەنتى بويىچە تاپشۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى. ئىش گەرچە شۇنداق بولسىمۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لېكىن دېھقانلارنىڭ ئەھۋالى ياخشىلانماق تۇگۇل، ئەكسىچە،
بارغانسېرى يامانلىشىپ كەتتى. بۇ بىرىنچىدىن ھاللىق سودىگەر-
لەر ۋە يەر ئىگىلىرىنىڭ پۇرسەتپەرەسلىكىدىن بولغان بولسا،
ئىككىنچىدىن چوڭ قورۇقلاردا قۇللارنى مەجبۇرىي ئەمگەك قىل-
دۇرغانلىقتىن بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئەركىن ئەمگەكچىلەرنىڭ
ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەنلەپ كەتتى.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلام قامۇسىدا قول ھۇنەرۋەنچىلىكى
ئىككى تۈرگە ئايرىلغان. بىرى ئاساسلىق ھۇنەر، يەنى كىشىلەر-
نى تۇپ ئېھتىياجلىق بۇيۇملار بىلەن تەمىنلەيدىغان ھۇنەر؛ يەنە
بىرى قوشۇمچە ھۇنەر، يەنى راھەت - پاراغەت بۇيۇملىرىنى
ياسايدىغان ھۇنەر ئىدى. ئاساسلىق ھۇنەر يەنە كىيىم - كېچەك،
ئوزۇق - تۇلۇك، تۇرار جايدىن ئىبارەت ئۇچ جەھەتكە بۆلۈنگەن.
كىيىم كېچەك كەسپى ئىسلام ئىمپېرىيىسىدە ئەڭ تەرەققىي تاپ-
قان بىر خىل ھۇنەرۋەنچىلىك ئىدى. بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللى-
نىدىغان ئادەم سانى ۋە ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتنىڭ مىقدارى
جەھەتتىن ئېيتقاندا، توقۇمىچىلىقنى مۇھىم بىر خىل ھۇنەرۋەن-
چىلىك دېيىشكە بولاتتى. بۇ ھۇنەرۋەنچىلىك ئۇمەۋىيىە سۇلالىسى
دەۋرىدە باشلانغۇچ كۆلەمگە ئىگە بولغانىدى، ئاbباسىيلار سۇلالى-
سى دەۋرىگە كەلگەندە بولسا تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، ئۆز يېرى-
نىڭ ئىستېمالىنى ۋە سىرتقا چىقىرىشنى تەمىنلەيدىغان ھەر
خىل - ھەر ياڭزا تاۋارلارنى، مەسىلەن، رەخت، كىيىم -
كېچەك، گىلەم، ھەر خىل پەردە - يوپۇق، ئورۇندۇق كۆرپىسى
قاتارلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرالايدىغان بولغانىدى. چىگە تو-
قۇمىچىلىقى مىسىردا ناھايىتى روناق تاپقانىدى. ئۇ يەردىكى قىب-
تىلار بۇ ھۇنەردە مۇھىم رول ئوينىغانىدى، بۇ ھۇنەرۋەنچىلىك-

نىڭ مۇھىم مەركەزلىرى دەميات، تىننىس ۋە ئىسكەندىرىيە شەھەرلىرى ئىدى. پاختا ئەسلىدە ھىندىستاندىن ئىمپورت قىلىناتتى، لېكىن قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە ئىراننىڭ شەرقىي قىسمىدا تېرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، غەربتىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەردە ھەتتا ئىسپانىيىدە كەڭ كۆلەمدە تېرىلىشقا باشلىدى. ۋىزانتىيە ۋە ساسانىيلار ئىمپېرىيىلىرىدىن مىراس بولۇپ قالغان يىپەك توقۇمىچىلىقى ئىراننىڭ شەرق قىسمىدىكى جۇرجان ۋە شىستان ئۆلكىلىرىگە مەركەزلەشكەنىدى؛ گىلەمچىلىك (گىلەم توقۇش) ھەممە يەردە دېگۈدەك بار ئىدى، ئەمما تەبەرىستان بىلەن ئەرمىنىيىنىڭ گىلەملىرى ھەممىدىن داڭلىق ئىدى. قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلىنىڭ بەزىلىرى دۆلەتنىڭ نازارىتى ۋە رەھبەرلىكىدە، يەنە بەزىلىرى شەخسىيلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. ئۇمەۋىيە سۇلالىسىنىڭ ھەر سانلىق ھۆكۈمەتلىرى كىمخاپ توقۇيدىغان نۇرغۇن ئىشخانا ۋە مەركەزلەرنى قۇرغانىدى. كىمخاپ ھۆكۈمرانلارنىڭ كىيىملىرىنى تىكىشكە، شۇنىڭدەك چوڭ ئەمەلدارلارغا ۋە ھەربىي سەركەردىلەرگە كىيىم تىككۈزۈش ئۈچۈن ئىنئام قىلىشقا ئىشلىتىلەتتى. ئادەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرى شەخسىيلەرنىڭ ئائىلىلىرىدە ئېلىپ بېرىلاتتى، ئۇستىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقارغان ماللىرىنى يا ھۆكۈمەتنىڭ يىغىۋالغۇچى خادىملىرىغا سېتىپ بېرەتتى، يا ئۆزى بىلەن توختام تۈزگەنلەرگە سېتىپ بېرەتتى. ئۇستىلار بەزىدە ئىش سائىتىگە قاراپ ھەق ئالاتتى، بىز ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، 9 - ئەسىردە مىسىر ئۇستىلىرىنىڭ ھەربىرى ھەر كۈنلۈك ئىش ھەققى ئۈچۈن يېرىم دىرھەم ئالاتتى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەغەزنى ئەڭ بۇرۇن جۇڭگو

ملادىيەدىن ئىلگىرىكى 105 ـ يىلى ياساپ چىققان. ملادىيىنىڭ 751 ـ يىلى ئەرەبلەر سىر دەرياسىنىڭ شەرقىدە جۇڭگو ئەۋەتكەن قوشۇننى يەڭگەندىن كېيىن، ئەسىرگە چۈشكەن جۇڭگولۇقلار ئىچىدە قەغەز ياساشنى بىلىدىغان بىر تۈركۈم كىشى بولۇپ، ئۇلار قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى ئەرەب دۆلەتلىرىگە تارقاتقان ئىكەن. ھارۇن رەشىد ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغدا، باغدادتا قەغەزچىلىك سانائىتى بارلىققا كەلگەنىدى. شۇنداق بولغاچقا، قەغەز ئىشلىتىش ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېز-دىن ئومۇملىشىشقا باشلىغان. مەسىلەن، قەغەز ئىشلىتىش 800 ـ يىلى مىسىرغا، 900 ـ يىلى ئىسپانىيىگە كېڭىيىشكە باشلىغان، لېكىن قەغەزچىلىك سانائىتى دەسلەپ ئىشقا كىرىشكەن چاغلاردا، قەغەز ئىشلىتىش ھەممىدىن ئاۋۋال يەنىلا ئىمپېرىيىنىڭ شەرق-تىكى ئۆلكىلىرى بىلەن چەكلەنگەنىدى. بىز بۇلاردىن قەغەزچى-لىك سانائىتىنىڭ 10 ـ ئەسىردىن كېيىن ئىراق، سۈرىيە، مىسىرلاردا ھەتتا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بارلىققا كەلگەنلىكى توغ-رىسىدىكى ئېنىق پاكىتلارغا ئېرىشەلەيمىز. شۇنىڭدىن كېيىنلا شىمالىي ئافرىقىدا، ئىسپانىيىدە نۇرغۇنلىغان قەغەزچىلىك فابرى-كىلىرى قۇرۇلغانىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى مەشھۇر قەغەزچىلىك فابرىكىلىرى سەمەرقەنت، باغداد، سۈرىيىدىكى دەمەشق، تىرىپو-لى، ماراكەشتىكى فىس ۋە ئىسپانىيىدىكى ۋالېنسىيە قاتارلىق شەھەرلەردە ئىدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن باشقا، يەنە كۇلالچىلىق، مې-تالچىلىق، سوپۇن ۋە ئەتىرە ياساشقا ئوخشاش بىرمۇنچە قول ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانىلىرى قۇرۇلغانىدى.

ئىمپېرىيىنىڭ بايلىقى ۋە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە

ياۋروپا بىلەن يىراق شەرق ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا سودىسى ئىمپې-
رىيىنىڭ سودا ئىشلىرىنىڭ كەڭ تەرەققىي قىلىشىنى مۇمكىن
بولغان ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىم-
پېرىيىنىڭ ئىچكى تەرتىپىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى، جەمئىيەت-
نىڭ تىنچ ـ خاتىرجەم بولۇشى شۇنىڭدەك قوشنا ئەللەر بىلەن
تىنچ مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىتىلىشى ئۇمەۋىيلەر توختىماي ئېلىپ
بارغان كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشىنىڭ ئورنىنى ئالدى، مانا بۇلارنىڭ
ھەممىسى سودىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق بولدى.

ئابباسىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ سودا پائالىيىتى ئىنتايىن
كەڭ ئىدى. مۇسۇلمان سودىگەرلەر پارس قولتۇقىدىكى سىي-
راف، بەسرە، ئۇبۇللە قاتارلىق شەھەرلەردىن، بەزىدە ئەدىن ۋە
قىزىل دېڭىزنىڭ ھەرقايسى پورتلىرىدىن دېڭىز ئارقىلىق ھىن-
دىستان، سىرى لانكا، شىمالىي ھىندىستان تاقىم ئاراللىرى ۋە
جۇڭگو قاتارلىق جايلارغا باراتتى. ئۇلار ئۇ يەرلەردىن يىپەك
رەخت، خۇش پۇراق ماتېرىيال، ياغاچ ماتېرىيال، قەلەي قاتار-
لىق ماللارنى ئېلىپ كېلىپ، ھەم ئىچكى ئىستېمالنى قامدايت-
تى، ھەم باشقا مەملىكەتلەرگە چىقىراتتى. بۇنىڭدىن باشقا،
سودىگەرلەر يەنە قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىن
ئۆتۈپ ھىندىستان ۋە جۇڭگوغا باراتتى. تارىخىي ماتېرىياللاردا
خاتىرىلىنىشىچە، ئەينى چاغدا ئۇلار جۇڭگودىن خۇش پۇراق
ماتېرىيال، يىپەك رەخت، قاچا ـ قۇچا، قەغەز، قارا سىياھ،
توز، ئارغىماق، ئىگەر ـ توقۇم، ئەدىيال، قوۋزاقدارچىن،
رەۋەن قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلەتتى؛ ۋىزانتىيەدىن ئالتۇن ـ
كۈمۈش جابدۇق، تىللا، دورا ماتېرىيالى، تاۋار ـ دۇردۇن،
دېدەك، ئۇششاق بېزەك، قۇلۇپ، سۇچىلىق تېخنىكلىرى، تاش-

چى، ھەرەم خادىمى قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلەتتى؛ ھىندىستاندىن يولۋاس، يىلپىز، پىل، يولۋاس تېرىسى، قىزىل ياقۇت، ئاق سەندەل، قارا سەندەل، كوكۇس قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلەتتى. بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ساقلىنىپ قالغان دېڭىز سەپىرى قوللانمىسىدىن شۇنى ئېنىق بىلدۇقكى، مۇسۇلمانلارنىڭ دېڭىز ساياھەتچىلىرى شەرقنىڭ دېڭىز ئوكيان ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلەتتى. بەزى ئەرەب سودىگەرلەر 8 - ئەسىردىن باشلاپ جۇڭگودا ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغانىدى.

سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىدىن، بولۇپمۇ شۋېتسىيىدىن تېپىلغان تۈمەنلىگەن ئىسلام ئىمپېرىيىسى قۇيما پۇللىرىنىڭ ئوك يۈزگە چۈشۈرۈلگەن 7 - ئەسىردىن 11 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى سۈرەتلەردىن ئىسلام ئىمپېرىيىسى سودا ئىشلىرىنىڭ گۈللەنگەن مەزگىلىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ۋولگا دەرياسى ۋادىلىرىدىن تېپىلغان پۇللارنىڭ پارچىلىرى ھۆججەتلەردە ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ بالتىق دېڭىزى بويلىرىدىكى دۆلەتلەر بىلەن كاسپىي دېڭىزى، قارا دېڭىز ۋە روسىيە ئارقىلىق كەڭ سودا مۇناسىۋەتتى ئورناتقانلىقى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرۇلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئەرەبلەر بۇ دۆلەتلەردىن ئېرىشكەن ئەڭ مۇھىم تاۋارلار تېرە بىلەن كەھرىۋا ئىدى. 10 - ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب جۇغراپىيىشۇناس مۇقەددەسى بىزگە ئەرەبلەر مۇشۇ جايلاردىن كىرگۈزگەن ھەممە تاۋارنىڭ ئىسمىلىكىنى قالدۇرۇپ قويغان، ئۇلار "قارا بۇلغۇن، خورما رەڭ سۆسەر تېرىسى، كۆل رەڭ سۆسەر تېرىسى، كەمچەت تېرىسى، تۈلكە تېرىسى، توشقان تېرىسى ۋە ئۆچكە تېرىسى يەنە موم، يا ئوقى، قېيىن قوۋزىقى، تۇماق - قولاقچا، بېلىق يېلىمى، بېلىق چىشى، قۇندۇز يېلى-



www.uyghurkitap.com

مى، كەھرىۋا، ھەسەل، مىلتىق، ئورمان ياڭىقى، قارچىغا، خەنجەر، ساۋۇت ۋە دۇبۇلغا، تۈگمۈ ياغىچى، قۇل، كالا ۋە قوي“لاردىن ئىبارەت ئىدى.

ئەينى چاغدىكى ئەرەبلەرنىڭ سكاندىناۋىيىگە بارغانلىقىنى تە-سەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بىرقەدەر مۇمكىن بولىدىغىنى شۇكى، ئۇلار روسىيىدە شىمالىي ياۋروپالىقلار بىلەن ئۇچراش-قان، ۋولگا دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ۋادىسىدا ياشايدىغان خەزەرلەر بىلەن بۇلغارلار ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىك رول ئوينى-غان. ئەرەبلەر بىلەن شىمالىي ياۋروپا ئوتتۇرىسىدىكى سودىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى تۆۋەندىكى پاكىتتا ئىپادىلىنىپ چىققاندى: شۋېتسىيىنىڭ ئەڭ قەدىمكى مەشھۇر پۇللىرىمۇ دىرھەمنىڭ ئې-غىرلىقىنى بىرلىك قىلغاندى؛ ئىسلاندىيىنىڭ قەدىمكى ئەدەبى-ياتىدا نۇرغۇن ئەرەبچە سۆزلەر بار ئىدى.

ئەرەبلەر بىلەن ئافرىقا ئاھالىلىرى ئوتتۇرىسىدا كەڭ كۆلەم-دە قۇل ۋە قۇلۇق سودىسى مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغاندى. ئەرەبلەر ئافرىقىدىن كىرگۈزىدىغان ماللار ئاساسەن ئالتۇن بىلەن قۇل ئىدى. دەسلەپتە ئۇلارنىڭ غەربىي ياۋروپا بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى ئىسلام دىنىنىڭ كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى سەۋەبىدىن توختاپ قالغاندى، كېيىن بىر - بىرىگە دۈشمەن ئىككى دۇنيا ئوتتۇرىسىدا يەھۇدىيلار ۋاستىلىك رول ئوينىغانلىقتىن سودا مۇناسىۋىتى يەنە ئەسلىگە كەلگەن. مىلادىيىنىڭ 9 - ئەسىرىدە ئۆتكەن جۇغراپىيىشۇناس ئىبنى خۇردازبۇھ فرانسىيىنىڭ جەنۇ-بىي قىسمىدىكى يەھۇدىي سودىگەرلەر ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دېگەنىدى: ”ئۇلار ئەرەب تىلى، پارس تىلى، يۇنان تىلى، فرانك تىلى، ئىسپان تىلى ۋە سلاۋيان تىلىدا سۆزلىيەلەيتتى، ئۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غەربتىن شەرققە، يەنە شەرقتىن غەربكە قاتناپ تۇراتتى، ئۇلار قۇرۇقلۇق بىلەن بارسا، دېڭىز بىلەن قايتىپ كېلەتتى، غەربتىن ئاغاۋات قۇللار، دېدەكلەر، كىمخاپ ـ تەتىللا، قۇندۇز تېرىسى، بۇلغۇن تېرىسى، خەنجەر قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلەتتى؛ ئۇلار ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىكى فرانك رايونىدىن كېمە بىلەن فەرماغا بېرىپ، ئۆزىگە كېرەكلىك ماللارنى تۆگىگە ئارتىپ قۇلزۇمغا ئېلىپ كېلەتتى، بۇ ئىككى يەرنىڭ ئارىلىقى 25 فەرسەخ[1] كېلەتتى. ئاندىن قۇلزۇمدىن دېڭىز يولى بىلەن ئەلجارغا ۋە جىددەگە يۆتكەپ، ئاخىردا سىند، ھىندىستان ۋە جۇڭگوغا ئېلىپ باراتتى. ئۇلار جۇڭگودىن ئىپار، سەبرە ياغىچى، كامفورا، قوۋزاقدارچىن قاتارلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى ئېلىپ قۇلزۇمغا كېلەتتى، ئۇ يەردىن فەرماغا ئېلىپ كېلىپ، ئاندىن كېمە بىلەن غەربكە مېڭىپ، بۇ تاۋارلارنىڭ بەزىسىنى كونستانتىنوپول ئارقىلىق يۇنانلىقلارغا ساتاتتى؛ بەزىسىنى فرانك پادشاھلىقىغا ئېلىپ بېرىپ شۇ يەردە ساتاتتى".

"ئەگەر ئۇلار خالىسا، ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىكى فرانك رايونىدىن ئۆزىنىڭ ماللىرىنى ئېلىپ ئەنتاكىيىگە، ئۇ يەردىن قۇرۇقلۇق يولى بىلەن ئۈچ كۈن مېڭىپ جابىيىگە بېرىپ، ئاندىن كېمە بىلەن فۇرات دەرياسى ئارقىلىق باغدادقا، باغدادتىن دىجلە دەرياسى ئارقىلىق ئۇبۇللەگە ئېلىپ باراتتى. ئۇ يەردىن يەنە دېڭىز ئارقىلىق ئومان، سىند، ھىندىستان ۋە جۇڭگو قاتارلىق جايلارغا ئېلىپ باراتتى".

ئەگەر ئابباسىيلار خەلىپىلىرى مەلۇم مالىيە مەقسىتى ئۈ-

---

[1] "فەرسەخ" پارسچە ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى بولۇپ، بىر فەرسەخ ئۈچ مىلدىن ئارتۇقراق كېلەتتى. — تەرجىماندىن.

چۇن قول ھۈنەرۋەنچىلىككە قارىتا رىغبەتلەندۈرۈش سىياسىتىنى يولغا قويغان دېيىلسە، بۇنىڭ سودا ئىشلىرىنى يۆلەشكە يېتەرلىك بولمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ھەتتا ئۇلار سودىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇچۇن يولنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئوخشاش خىزمەتلەرنىمۇ ناھايىتى ئاز ئېلىپ بارغانىدى. مۇشۇ سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن، سودىگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتىگە چېقىلغان بيۇروكراتلار سىنىپىغا قارشى مۇرەسسەسىز كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارغانىدى. دۆلەت ئىقتىسادىي جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا باشلىغاندا، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئۇچۇن زۆرۈر بولغان يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ ساتىدىغان ھايانكەشلىكنى چەكلەيدىغان بىرلا پەرمان ئېلان قىلغانىدى. لېكىن پەرمان ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىنمىدى. بۇ پەرمان ئەسلىدە "مۇھتەسىب" دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەر ئەمەلدارىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا ھاۋالە قىلىنغانىدى. بۇ ئەمەلدارنىڭ ۋەزىپىسى بولسا بازار باشقۇرۇش، خام ئەشيا ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى بېكىتىش، جىڭ - تارازىنىڭ ئۆلچەمگە توشىدىغان - توشمايدىغانلىقىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق ئىشلار ئىدى. ئاببasىيلار سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە، دۆلەت سودا ئىشلىرىغا كۆپرەك ۋە بىۋاسىتە ئارىلىشىشقا، ھەتتا بەزى خام ئەشيالارنى دۆلەت مەخسۇس ساتىدىغان مال قىلىپ بېكىتىپ، دۆلەت مونوپول قىلىشقا باشلىغان.

چوڭ كۆلەمدىكى سودا ئىشلىرىنىڭ ۋە چوڭ - چوڭ كارخانىلارنىڭ روناق تېپىشى مىلادىيىنىڭ 9 - ئەسىردىكى بانكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا سەۋەب بولدى. ئىسلام ئىمپېرىيىسى باشتىلا ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن قۇيۇلغان پۇللارنى ئىشلەتكەندى، ئۇنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئۆلكىلەردە ئىراننىڭ كۆ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇش پۇلى دىرھەم، غەربىي قىسمىدىكى ئۆلكىلىرىدە ۋىزانتىيە-
نىڭ ئالتۇن پۇلى دىنار ئىشلىتىلگەنىدى. خەلىپىلەر مۇشۇ ئىك-
كى خىل پۇلنى ئوبوروت قىلىشنى داۋاملاشتۇردى، پەقەتلا
دىرھەمنىڭ ئېغىرلىقىنى 2.97 گرام، دىنارنىڭ ئېغىرلىقىنى
4.25 گرام قىلىپ بېكىتتى. ئۇلار بۇ ئىككى خىل پۇلنىڭ
قىممىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن گەرچە كۆپ قېتىم تەدبىر
قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر قېتىم ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ
باھاسىدا ئۆزگىرىش بولغاندا، بۇ پۇللارنىڭ قىممىتىدە مۇقەررەر
ھالدا داۋالغۇش بولۇپ تۇردى. ئالتۇن - كۈمۈش پۇللارنى ئايرى-
ۋاشلىغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرقايسى بازارلى-
رىنىڭ توپ ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى. 9 - ئەسىردە ئۇلار
كەسىپ دائىرىسى كەڭ بانكىرلارغا ئايلاندى. شەك - شۈبھىسىز-
كى، مەبلەغ قىلىپ سالىدىغان پۇلى بار بايلار بۇ ئىشنى قوللايت-
تى. بىز تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئاساسىي مەركىزى باغدادتا
تەسىس قىلىنغان، ھەرقايسى شەھەرلەردە شۆبىلىرى بولغان بان-
كىلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغانىدۇق. شۇنىڭدەك، بىز
يەنە پۇلنى بىر خىل پۇختا توختام بىلەن ساقلاش ۋە پېرېۋوت
قىلىش تۈزۈمى توغرىسىدىكى ماتېرىياللارغىمۇ ئىگە بولغانىدۇق.
مۇشۇنداق تۈزۈم بولغاچقا، باغدادتا كېسىلگەن چەككە ماراكەش-
تىن نەق پۇل ئالغىلى بولاتتى؛ ئۇ ماتېرىياللاردىن بىز يەنە
شەرقىي قىسمىدىكى ئاساسىي سودا مەركىزى بولغان بەسرە شە-
ھىرىدىكى ھەربىر سودىگەرنىڭ بانكىدا ئۆزىگە تەۋە ھېساب دەپتى-
رى بارلىقىنى، ئادەتتە سودا ئىشلىرىدا نەق پۇل ئىشلەتمەي،
چەك ئارقىلىق ھېسابات قىلىدىغانلىقىنى بىلگەنىدۇق. 10 -
ئەسىرگە كەلگەندە، ”خانلىق بانكا“ دەپ نام قويۇلغان نۇرغۇن

ھۆكۈمەت بانكىسى پەيدا بولدى، ئۇلار ھۆكۈمەتنى مەمۇرىيەتكە
كېرەكلىك نۇرغۇن پۇل بىلەن تەمىنلەيتتى، بۇ بانكىلارغا تېخى
يىغنۇپلىنمىغان باجلار رەنە قىلىپ بېرىلگەنىدى. ئىسلام دىنىدا
ئۆسۈم ئېلىش چەكلەنگەنلىكتىن، بانكا ئاچقانلارنىڭ كۆپىنچىسى
يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلار ئىدى.
بۇ دەۋردىكى گۈللەنگەن سودا تۇرمۇشى ئەينى ۋاقىتتىكى
ئىدىيە ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. دىيانەتلىك
سودىگەر ئەخلاق ـ ھەرىكەتتىكى ئەڭ ئالىي ئۈلگە دەپ قارالغان
ھەمدە بۇ كەسىپكە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى بىلەن ئىل-
ھام بېرىلگەن. مەسىلەن، "راستچىل ـ سەممىي مۇسۇلمان سودىگەر
قىيامەت كۈنى شېھىتلەر بىلەن بىللە بولىدۇ"، "راستچىل سودىگەر
قىيـامـەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئـەرشىنىڭ سايىسىدا تۇرىدۇ"،
"سودىگەرلەر دۇنيانىڭ خەۋەرچىسى ۋە ئاللاھنىڭ زېمىندىكى سا-
دىق قۇلىدۇر" دېگەنگە ئوخشاش. ئادەمنى گۇمانلاندۇرىدىغىنى
شۇكى، "ئۆلۈم مەيدانى ئۆزىنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن سودا ـ سې-
تىق قىلىۋاتقان بازارغا يەتمەيدۇ" دېگەن سۆزلەر خەلىپە ئۆمەر-
نىڭ سۆزى دەپ تەشۋىق قىلىنىدى. ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن
ئەدىب جاھىز «سودىگەرگە مەدھىيە، ئەمەلدارغا قامچا» دېگەن
ماقالىسىدە، ئاللاھ كىشىلەرنىڭ سودىنى تىرىكچىلىك ۋاستىسى
قىلىشى بىلەن خۇشاللىنىدۇ، بۇنى ئاللاھنىڭ قۇرەيش قەبىلىسى
ئىچىدىكى بىر تۈركۈم سودىگەرنى سايلىغۇچىلار قىلىشى ۋە ئۇ-
لارنىڭ ئىچىدىن ئۆزىنىڭ ئەلچىسىنى ئەۋەتىشى ئىسپاتلايدۇ، دەپ
كۆرسەتكەنىدى. بۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىيات توغرا ئىش قىلىدىغان
سودىگەرلەرنىڭ تىپىك ئوبرازىنى ۋە ئۆزىنىڭ بايلىقىنى سودا
ئىشلىرىغا سالغان كىشىلەرنىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالغانىدى. بۇ پەند - نەسىھەتلەر بىرمۇنچە پرىنسىپنى ئۆز ئىچە-
گە ئالاتتى، ئۇنىڭ بىرىدە، سودىگەرلەر ئۆزىنىڭ بايلىقىنى ئاز
ساندىكى كىشىلەرلا ئېھتىياج بولىدىغان تاۋارلارغا سېلىپ ئىس-
راپ قىلماسلىقى كېرەك. مەسىلەن، ئۈنچە - مەرۋايىتقا
پەقەت باي ئائىلىلەرنىڭلا ئېھتىياجى چۈشىدۇ؛ ئىلمىي - دىنىي
كىتابلارغا پەقەت ئالىملارلا ئېھتىياجلىق بولىدۇ، ئالىملار بولسا
ھەرقانداق ئەھۋالدا ئازچىلىق ھەم نامرات بولىدۇ، دېيىلگە-
نىدى. بۇنىڭغا ئوخشاش پەند - نەسىھەتلەر پەقەت نەزەرىيىۋى
تەجرىبىسىلا بار، ئەمەلىيەت تەجرىبىسى يوق بىرەر يازغۇچىنىڭ
ئاغزىدىن چىققان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئادەتتىكى پا-
كىتلار قىممەت باھالىق راھەت - پاراغەت بۇيۇملىرى بىلەن،
مەسىلەن، ئۈنچە - مەرۋايىت، چىرايلىق چىگە رەخت سودىسى
بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ دەل ئەڭ باي، ئەڭ ھۆرمەتكە ئىگە
كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

مانا بۇ بارلىق ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلەر ئۆزگە يارىشا ئىج-
تىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى ھەممە ئاھالىلەر ئىچىدە-
كى ئىرقىي ئامىللار بىلەن ئىجتىمائىي ئامىللار ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەتتە يېڭى سەھىپە ئاچتى. ئەرەب جەڭچىلەر سىنىپى
ئۆزىنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى يوقاتتى، بۇ سىنىپنىڭ ئەزالىرى دۆلەت
خەزىنىسىدىن ئالىدىغان مالىيە قوشۇمچە ياردىمى توختىتىپ قو-
يۇلدى، ئۇلارنىڭ ئىمتىيازى پۈتۈنلەي قولدىن كەتتى. بىز شۇنى
بايقىدۇقكى، مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ئەرەب تارىخشۇناسلىرى
ئەرەب قەبىلىلىرى ئىچىدىكى توقۇنۇش ئەھۋاللىرىنى ئانچە كۆپ
خاتىرىلىمىدى، بۇ ھال بۇنداق ئىچكى توقۇنۇشلارنىڭ جىددىيلىك
دەرىجىسىنىڭ تۆۋەنلەپ قالغانلىقىنى ئەمەس، بەلكى ئەرەب ئاق-

سۆگەكلىرىنىڭ جامائەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ۋە تەسىر كۆر-
سىتىش ئىقتىدارىدىن قالغانلىقىنى، قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى
قارىمۇقارشىلىق ۋە كۈرەشنىڭمۇ ھېچقانداق مۇھىم ئەھمىيىتى
قالمىغانلىقىنى كۆرسىتەتتى. چۈنكى، ھەتتا 19 - ئەسىردىمۇ
سۈرىيىدىكى قەيس قەبىلىسى بىلەن كەلب قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدا
ھايات - ماماتلىق كۈرەش يۈز بەرگەنىدى. ئەنە شۇ چاغدىن
بۇيان، ھەرقايسى قەبىلىگە تەۋە ئەرەبلەر ئۆزلىرى بىنا قىلغان
شەھەرلەردىن ئايرىلدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرى پۈتۈنلەي
ئايرىلىپ كەتمىگەن كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا قايتىپ كەت-
تى، يەنە بەزىلىرى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ ئولتۇراقلاش-
تى. مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىكى شەھەر - بازارلارنىڭ خاراكتېرى-
دىمۇ ئۆزگىرىش بولدى، ئۇ يەرلەر ئەسلىدە ئىستېلا قىلىنغان
رايونلاردىكى ئىشغالىيەتچى قوشۇن ئىگىلەپ تۇرغان شەھەرلەر
ئىدى، ئەمدى بولسا بىر خىل بازارغا ۋە سودا مەيدانىغا ئايلىنىپ
قالغانىدى. ھەرقايسى شەھەرلەردىكى سودىگەرلەر بىلەن ھۈنەر-
ۋەنلەر ئۆزئارا ياردەملىشىش ۋە ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش
ئۈچۈن ھەر خىل كەسپىي ئۇيۇشمىلارنى تەشكىل قىلدى.

ھالبۇكى، ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تې-
خى قولدىن بەرمىگەنىدى. دەسلەپتە، دۆلەتنىڭ ئالىي ھوقۇقى
ئاساسەن ئۇلارنىڭ قولىدا تۇرىۋەردى. ئابباسىيلار جەمەتى يەنىلا
ئەرەبىزىم بىلەن پەخىرلىنىدىغان ئەرەبلەرنىڭ جەمەتى ئىدى. ئە-
رەب يېزىقى يەنىلا ھۆكۈمەتنىڭ ۋە مەدەنىيەتنىڭ بىردىنبىر يېزى-
قى بولۇپ قېلىۋەردى. ئەرەبلەر نەزەرىيە جەھەتتە مۇنداق ھۆ-
كۈمرانلىق ئورنىنى يەنىلا ساقلاپ تۇرۇۋاتقاچقا، ئىدىيە ۋە ئەدەبى-
يات ساھەسىدە ئامىمىۋى خاراكتېرلىك ھەرىكەت يۈز بەردى، بۇ

هال ئەرەب ئەمەسلەرنىڭ ئەرەبلەر بىلەن باراۋەر ياشاشنى تەلەپ
قىلىدىغان كۈچلۈك ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. شۇنىڭ
بىلەن، ”ئەرەب“ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىدە بارا - بارا زور
ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىدى. مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ئەرەبلەر
ئەمدى بېكىنمە هالەتتە هۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئاتىدىن بالىغا
مىراس قالدۇرىدىغان سىنىپتىن مۇمكىن بولغان بىر خىل ئاس-
سىمىلياتسىيە ئۇسۇلى بىلەن ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىغان ۋە
ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بارلىق خەلقنى قوبۇل قىلىدىغان
بىر مىللەتكە ئايلاندى. ”مەۋالىي“لارنىڭ ئىجتىمائىي ئازادلىقى
ئۇلارنىڭ ئەرەب سۈپىتىدە پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىنىشى ئارقىلىق
ئاندىن ئەمەلگە ئاشتى. بۇ چاغدا خەلىپىنىڭ خوراسانلىق مۇهاپى-
زەتچى قوشۇنى پۈتۈنلەي ئەرەبلىشىپ بولغانىدى. قوشۇندىن چې-
كىنگەن ئەرەب ئەسكەرلەر ئىراننىڭ غەرب قىسمىدىكى ئۆلكىلە-
رىگە تارقىلىپ كەتتى. شۇنىڭدەك ئەرەب تىلىنىڭ هەرقايسى
شەهەرلەردە هۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىشى ۋە ئەتراپتىكى
يېزا - كەنتلەرگە قاراپ تەرەققىي قىلىشى بۇ رايونلارنىڭ ئەرەب-
لىشىش جەريانىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ ئىلگىرىلەشنى 831 -
يىلى مىسىردا يۈز بەرگەن ئەرەبلەر - قىبتىلارنىڭ تۈنجى قېتىم-
لىق بىرلەشمە قوزغىلىڭى ئىسپاتلىدى. ئاخىردا سۈرىيە، ئى-
راق، مىسىر ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى خرىستىئانلار، يەهۇدىي-
لارمۇ ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىشكە باشلىدى. ”ئەرەب“ دېگەن بۇ
ئاتالغۇ ئەرەبلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلىتىش ئادىتى بويىچە تېخى
ئولتۇراقلاشمىغان بەدەۋىيلەرنىلا كۆرسىتىدىغان بولدى.

بۇ يېڭى ئىمپېرىيە ئىچىدىكى ئەرەب ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئور-
نىنى بايلار ۋە دىنىي ئالىملاردىن تەركىب تاپقان يېڭى هۆكۈمران-

لار سىنىپى ئىگىلىدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ بايلارنىڭ ھەممى-
سى زور مىقداردىكى پۇل ۋە مال ـ مۈلۈككە ئىگە ئىدى. بۇ
بايلىقنى ئۇلار ھۆكۈمەتتە ۋەزىپە ئۆتىگەن چاغدا شۇلۇۋالغانىدى.
ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى يۇقىرى مائاش ئالغاندىن
تاشقىرى، يەنە قوشۇمچە كىرىم قىلىدىغان تولۇق پۇرسەتكە ئىگە
ئىدى، مەسىلەن، خىزمەت ئورنىدىن پايدىلىنىپ سودا ئىشلىرى
بىلەن، ئالتۇن ـ كۈمۈش ئالماشتۇرۇش، ھايانكەشلىك قىلىش
بىلەن شۇغۇللىناتتى. مەنسىپىدىن پايدىلىنىپ، باج ئىشلىرىنى
ئىگىلىۋېلىش ياكى ھۆددىگە ئېلىۋېلىش ۋاستىسى ئارقىلىق يەر-
لىك ئورۇنلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى. بىز تارىخىي ماتېرى-
ياللاردىن مۇنداق بىر مىسالنى ئۇچراتتۇق: ئەمەلدار ئائىلىسى-
دىن كېلىپ چىققان بىر ياش يىگىت ئاتىسىدىن قالغان 40 مىڭ
دىنارنى مەبلەغ قىلىپ سېلىپ كۆپەيتمەكچى بوپتۇ، شۇنىڭ بى-
لەن، ئۇ مىڭ دىنار خەجلەپ، ئاتىسىدىن مىراس قالغان ئۆرۈ-
لۈپ چۈشكەن بىر يۇرۇش ئۆيىنى رېمونت قىلدۇرۇپتۇ، يەتتە
مىڭ دىنارغا ئۆي سەرەمجانلىرى، كىيىم ـ كېچەك، دېدەك ۋە
باشقا راھەت ـ پاراغەت بۇيۇملىرى سېتىۋاپتۇ، ئىككى مىڭ
دىنارنى تىجارەت قىلىپ پايدىسىنى بېرىش ئۈچۈن ئىشەنچلىك بىر
سودىگەرگە دەسمايە قىلىپ بېرىپتۇ، ئون مىڭ دىنارنى كېيىن
زۆرۈر بولغاندا ئىشلىتىش ئۈچۈن بىر يەرگە كۆمۈپ قويۇپتۇ،
قالغان 20 مىڭ دىنارغا ھوسۇلى بىلەن تۇرمۇشىنى قامداش
ئۈچۈن بىر پارچە تېرىلغۇ يەر سېتىۋاپتۇ.

بۇ يەردە بىز ئىمپېرىيىنىڭ غەيرىي مۇسۇلمان
پۇقراسى —"زىممىيلار"نىڭ ئورنى ئۈستىدىمۇ توختىلىپ ئۆتۈ-
شىمىز زۆرۈر.

ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ "زىممىيلار"غا قىلغان كەڭچىلىكگە

شەك كەلتۈرۈشكە بولمايتتى. لېكىن، بەزى ئالىملار ئىسلام ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمىتى ئۇلارنى پۈتۈنلەي مۇسۇلمانلارنىڭكىدەك ئورۇندىن بەھرىمەن قىلىۋەتتى دەپ قاراپ، بۇ كەڭچىلىكنىڭ دەرىجىسىنى ھەددىن زىيادە مۇبالىغە قىلىۋەتتى. شۇڭا، ”زىممىيلار“نىڭ ئورنىنى غايىۋىلەشتۈرۈۋەتتى. ئەمەلىيەتتە، ”زىممىيلار“ ئىمپېرىيىنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك پۇقراسى ئىدى. ئۇلار تاپشۇرىدىغان باجنىڭ مىقدارى مۇسۇلمانلارنىڭكىدىن كۆپ ئېغىر ئىدى، ئۇلار ھېچقانداق ئىمتىيازدىن بەھرىمەن ئەمەس ئىدى، بەزى ئەھۋاللاردا تېخى ئوپئوچۇق زىيانكەشلىككە ئۇچرايتتى. لېكىن ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى شۇ مەزگىلدە غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى چېركاۋلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان باشقا دىندىكى گۇرۇھلارنىڭ ئەھۋالىدىن كۆپ ياخشى ئىدى. ئۇلار دىنىي مۇراسىملىرىنى ئەركىن ھالدا ئۆتكۈزەلەيتتى ۋە مال - مۈلۈككە ئىگىدارلىق قىلىشتا ئادەتتىكى ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولالايتتى؛ ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشقان، ھەتتا بەزىلىرى تېخى مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەنىدى؛ ئۇلار يەنە ھەر خىل كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىغا قاتناشقان، بەزى ئۇيۇشمىلارنى ئەمەلىيەتتە ئۇلار كونترول قىلىۋالغانىدى. ئۇلار ھېچقانداق جىھادقا قاتنىششقا مەجبۇر قىلىنمىغانىدى، ئۆزلىرىنىڭ دىنىي سەۋەبىدىن سۈرگۈن قىلىنىشقىمۇ ئۇچرىمىغانىدى.

بىر مەزگىل چاقنىغان بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئالدى بىلەن زاۋالغا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ ئالامىتى سىياسىي جەھەتتىكى پارچىلىنىشتىن ئىبارەت بولدى. خەلىپە مەنسۇر تىكلىگەن ئىسلام ئىمپېرىيىسى بىرنەچچە قېتىملىق قوزغىلاڭنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى باشتىن كە-

چۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا مۇستەھكەم تۇرنۇەرگەندى، ھارۇن رەشىد ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋر (786 — 809 ـ يىللىرى) نى بولسا ھەرقايسى جەھەتتىن ئابباسىيلار ھاكىمىيىتى-نىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرى دېيىشكە بولاتتى. ئاباسىيلارنىڭ خەلىپىلىرى دۆلەت قۇرۇش ھەرىكىتىگە قاتناشقان پارس ئاقسۆ-ڭەكلىرى بىلەن بولغان ئىتتىپاقنى بار كۈچى بىلەن ساقلاپ كەلگەندى، شۇڭا، پارس ئاقسۆڭەكلىرىدىن بولغان بەرمەك جە-مەتى كۆپ قېتىملىق ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتىدە مۇھىم رول ئوينىغانىدى. ھارۇن رەشىد دەۋرىدە بىر قېتىملىق چوڭ مالىمانچىلىق يۈز بەرگەن، ئۇنىڭ تۈپ سەۋەبى ۋە كونكرېت جەريانىنى كىشىلەر ئانچە بىلىپ كەتمەيدۇ، بۇ تارىختا دېيىلىپ كەلگەن "بەرمەك ۋەقەسى" ئىدى. بۇ ۋەقە بەرمەك جەمەتىنىڭ بەربات بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ تەسىر كۈچى، بايلىقى ھەم ھايات ئادەملىرىنىڭ يوقىلىشى بىلەن ئاياغلاشقان.

ھارۇن رەشىد ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەمىن ۋە مەئمۇن دېگەن ئىككى ئوغلى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزەڭگە سوقۇشتۇ-رۇش ئاشكارا ئىچكى ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كەتتى. ئەمىننىڭ ئاسا-سى كۈچى ئىراق تەرەپلەردە، مەئمۇننىڭ ئاساسى كۈچى ئىران تەرەپلەردە ئىدى. بەزىلەر تازا ئىشەنچلىك بولمىغان پاكىتلارغا ئاساسلىنىپلا بۇ قېتىمقى ئىچكى ئۇرۇشنى ئەرەبلەر بىلەن پارس-لار ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ۋە پارسلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشقان مىللىي ئۇرۇش دەپ چۈشەندۈردى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇرۇش ئەرەبلەر بىلەن پارسلار ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي ئۇرۇش بولماستىن، بەلكى ئالدىنقى مەزگىللەردىن داۋاملىشىپ كەلگەن ھەر خىل ئىجتىمائىي ئۇرۇشلارنىڭ بىر خىل رايون خاراكتېر-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىك داۋامى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. مەئمۇننىڭ قوللىغۇچىلىرى-
نىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى شەرقىي قىسمىدىكى ئۆلكىلەردە بولغاچ-
قا، ئۇ بىر مەزگىل پايتەختنى باغدادتىن خۇراساندىكى مەرۋەگە
يۆتكەش ئويىدا بولغانىدى. بۇنداق قىلىش باغدادنىڭ مۇھىم ئور-
نى ئۇچۇن ئېيتقاندا، شەكسىزكى، زور تەھدىت ئىدى، بۇ ھال
باغدادتىكى ئاھالىلەرنى قەتئىي نىيەت بىلەن ئەميننى قوغداش،
تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇش ئۇچۇن ئەميننىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇش-
تۇراتتى. ئاخىردا مەئمۇن غەلىبە قىلدى، باغدادنى ئىشغال قىل-
غاندىن كېيىن ئاقىلانىلىك بىلەن، باغدادنىڭ يەنىلا ئىمپېرىيە-
نىڭ پايتەختى ۋە مۇھىم سودا يولى بولۇش ئورنىنى ساقلاپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، پارس ئاقسۆڭەكلىرى ۋە رايون دائىرى-
لىك بۆلگۈنچىلىك بىرمۇنچە خانلىقلارنى قۇرۇش ئارقىلىق ئۆز-
لىرىنى كۆرسەتتى. مىلادىيىنىڭ 820 ـ يىلى، مەئمۇننىڭ قولى
ئاستىدىكى تاھىر ئىبنى ھەسەن ناملىق بىر ھەربىي باشلىق
ئىراننىڭ شەرقىي قىسمىدا مۇستەقىللىققا ئېرىشىپ، ۋارىسلىق
قىلىش تۈزۈمىدىكى جەمەت خانلىقىنى قۇردى. كەينىدىنلا سافا-
رىيلار 867 ـ يىلى، سامانىيلار 892 ـ يىلى ئىلگىرى ـ كېيىن
بولۇپ ئىراننىڭ باشقا جايلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ خانلىقلىرىنى قۇ-
رۇشتى. بۇ خانلىقلار خاراكتېر جەھەتتە بىر ـ بىرىگە ئوخشى-
مايتتى. تاھىرىيە خانلىقىنى ئۆزىنى "ئەمىر" دەپ ئاتىۋالغان بىر
قارا نىيەت قوماندان قۇرغان بولسىمۇ، لېكىن، ئومۇمەن ئېيت-
قاندا، ئۇ يەنىلا ئىسلام ـ ئەرەب مەدەنىيىتى دائىرىسىدىن چىقىپ
كەتمىگەنىدى: سافارىيە خانلىقى پارس خەلق ھەرىكىتىنىڭ دول-
قۇنىغا ۋەكىللىك قىلاتتى؛ سامانىيلار خانلىقىدا بولسا پارس
ئاقسۆڭەكلىرى ئۆزىنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈ-

ۋالغان ھەمدە ساسانىيلار دەۋرىدىكى بارلىق ئىمتىيازلىرىغا ئىگە بولۇۋالغانىدى.
ئىمپېرىيىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئۆلكىلەرگە كەلسەك، بۇنىڭدىن بۇرۇنلا ئۇ يەرلەردە سىياسىي بۆلۈنۈش ئەھۋالى كۆرۈلگەنىدى. پايتەختنىڭ شەرققە يۆتكىلىشى بىلەن، غەربىي قىسمىدىكى ئۆلكىلەرگە بولغان قىزىقىش سوۋۇپ قالدى، ئاخىردا بۇ ئۆلكىلەرگە بولغان كونتروللۇق قولدىن چىقىپ كەتتى. ئىسپانىيە 756 ـ يىلى، ماراكەش 788 ـ يىلى، تۇنىس 800 ـ يىلى كەينى ـ كەينىدىن يەرلىك جەمەتلەرنىڭ كونتروللۇقىدا مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى؛ مىسىر 868 ـ يىلى باغداد ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدىن ئايرىلىپ چىقتى. بۇ چاغدا باغدادتىن مىسىرغا باش ۋالىي قىلىپ ئەۋەتىلگەن، تۈركىيلىك قۇلدىن كېلىپ چىققان ئەھمەد ئىبنى تۇلۇن (835 — 884 ـ يىللىرى) ئاسانلا مۇستەقىللىقا ئېرىشىپ تۇلۇن خانلىقىنى قۇردى، ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ زېمىنىنى سۇرىيىگىچە كېڭەيتتى. تۇلۇن خانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، مىسىردا تۈرك ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەنە بىر خانلىق باش كۆتۈرۈپ چىقتى.
مىسىردا مۇستەقىل ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى، سۇرىيىنىڭ ھەمىشە ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇشى نەتىجىسىدە، سۇرىيە بىلەن ئىراق ئارىسىدا ئادەم تۇرمايدىغان بىر يېڭى بوش يەر پەيدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن سۇرىيىنىڭ قۇملۇقلىرىدا ۋە چەت چېگرىلىرىدا ياشايدىغان ئەرەب قەبىلىلىرى ئۇمەۋىييە سۇلالىسىنىڭ يوقىلىشى بىلەن قولدىن كەتكەن مۇستەقىللىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش شارائىتىغا ئىگە بولۇپ قالدى. ھەتتا بەزى قەبىلىلەر ھەربىي ھاكىمىيەتنىڭ ئاجىزلىقى ياكى سىياسەتنىڭ بىرلىككە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كەلمىگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى سۈرىيە ۋە مېسوپوتامىيە تەرەپلەردىكى ئاھالىلەر رايونىغىچە كېڭەيتىپ، بەزى شەھەرلەرنى ئىگىلىۋالدى ھەمدە ئۆمرى كالتە بولسىمۇ بىر مەھەل دەۋر سۈرگەن بىر قانچە بەدەۋىيلەر خانلىقىنى قۇردى. 10 - ئەسىردە، مەۋسىل ۋە ھەمەداندا قۇرۇلغان ھەمەدان خانلىقى بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر. مۇشۇنىڭدىن ئېتىبارەن، خەلىپە ئىراقنىلا بىۋاسىتە تۇتۇپ تۇرالايدىغان، ئىمپېرىيىنىڭ باشقا ئۆلكىلىرىدىكى ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىدىكى يەرلىك خانلىقلار قەرەلسىز ھالدا جىزيە تاپشۇرۇپ، خەلىپىنىڭ ئورنىنى ئاغزىدا ئېتىراپ قىلىپ، ھەر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىنىڭ خۇتبىسىدە خەلىپىگە ئاتاپ دۇئا قىلىپ① ۋە قويما پۇلىنىڭ بىر يۈزىگە خەلىپىنىڭ ئىسمىنى چۈشۈرۈپ تۇرسىلا شۇنىڭغا رازى بولىدىغان بولدى.

باغداد ھۆكۈمىتى باغدادتىن ئۆتىدىغان بارلىق سودا يوللىرىنى كونترول قىلىپ تۇرغان مەزگىللەردە سىياسىي جەھەتتىكى بۆلۈنۈش ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا دەخلى يەتكۈزمىگەن، ئەكسىچە، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى مەلۇم ئۇسۇللار بىلەن ئەمەلىيەتتە ئىلگىرى سۈرگەنىدى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي، بەزىبىر تېخىمۇ ئېغىر ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى؛ خەلىپىنىڭ نوپۇزى ۋە باغدادنىڭ دائىرىسى كىچىكلەپ

---

① ”خۇتبە“ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ”نۇتۇق“، ”ۋەز“، ”سۆز“ دېگەن بولىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىمىسىدە ھەر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىدا ”خۇتبە“ ئوقۇلىدۇ. ئىسلام خەلىپىلىرى دەۋرىدە جۈمە نامىزىدىكى ”خۇتبە“نى خەلىپە ئۆزى ئوقۇيتتى، خەلىپىلىك تەۋەسىدىكى باشقا جايلاردا يەرلىك باش ۋالىي ئوقۇيتتى ۋە ”خۇتبە“دە خەلىپىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئۇنىڭغا بەخت تىلەپ دۇئا قىلاتتى. — تەرجىماندىن.

كەتتى. ئوردىدىكى بەتخەجىلىكنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشى، ئەمەلدارلار سىنىپىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن، مالىيىدە كرىزىس كېلىپ چىقتى ۋە پۇل يېتىشمەيدىغان ئەھۋال ئېغىرلاشتى؛ بەزى كانلار قۇرۇپ كەتتى ياكى تاجاۋۇزچىلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىندى، بۇنىڭ بىلەن ئەھۋال تېخىمۇ يامانلاشتى.

خەلىپىلەر باج - خىراجنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىدىن كىرزىسنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى تاپتى، ئاخىردا، جايلاردىكى باش ۋالىيلار باج - خىراجنى يىغقۇچى ۋە كونترول قىلغۇچىلارغا ئايلاندى، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بەلگىلەنگەن مىقداردىكى پۇلنى تاپشۇرۇش ۋە ئۆز جايىدىكى ھەربىيلەر بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ خىراجىتىگە كېپىللىك قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. شۇنىڭ بىلەن باج - خىراج ھۆددىگە بېرىلگەن باش ۋالىيلار بۇ ئىمپېرىيىنىڭ ئەمەلدىكى ھۆكۈمرانلىرى ۋە ھەربىي قوماندانلىرى بولۇپ قالدى. مۇئتەسىم (833 — 842 - يىللىرى) بىلەن ۋاسىق (842 — 847 - يىللىرى) دەۋرلىرىدىن بۇيان، خەلىپىلەر ئارمىيە ۋە مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىغا بولغان كونتروللۇقىنى بارا - بارا قولدىن بېرىپ قويۇپ، مۇشۇ كىشىلەرنىڭ قولىدىكى قورچاققا ئايلىنىپ قالدى. ئارمىيىنىڭ گېنېراللىرى بىلەن مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى خەلىپىنى ۋەزىپىگە قويۇش ھەم ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالدى، ئۇلار كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتقان تۈرك قۇللار (يەنى مەملۇكلار) دىن تەركىب تاپقانىدى.

مىلادىيىنىڭ 935 - يىلى "ئەمىرۇل ئۇمەرا" (ئەمىرلەرنىڭ ئەمىرى ياكى ئالىي گېنېرال) دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئەمەل نامى پەيدا بولدى. بۇ پايتەختتىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۇقىرى مەرتىۋىسىنى كۆرسەتتى. ئىراننىڭ غەربىي قىسمىدا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمىتىنى قۇرغان بۇۋەيھى جەمەتى 945 ـ يىلى پايتەختكە باستۇرۇپ كىرىپ، خەلىپىلىكنىڭ بار بىلەن يوقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان مۇستەقىللىق ئالامەتلىرىنى يوقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئايرىم مەزگىللەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خەلىپە ئاساسەن ئىرانلىق ياكى تۈركىيلىك ھەرەم ئاغىلىرىنىڭ كونتروللۇقىدا ئۇلارنىڭ قوماندانلىقىدىكى قوراللىق كۈچلەرگە تايىنىپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. خەلىپە ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق (يەنى دىن بىلەن دۆلەتنىڭ، ياكى توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن بىر ئورگاننىڭ داھىيسىلىق) ئورنى ۋە ئابرۇيىنى تېخىچە ساقلاپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى قالمىغانىدى، ئۇنىڭ ھەربىي گېنېراللار ۋە يەرلىك باش ۋالىيلارنى تەيىنلىشى، شەكىل جەھەتتە، ئەمەلىيەتكە ئايلىنىپ بولغان پاكىتنى ئېتىراپ قىلىشتىنلا ئىبارەت بولغانىدى.

# ئالتىنچى باب

## ئىسلام قوزغىلاڭلىرى[1]

”بىر قېتىم مەن باغدادتىكى بىر كوچىنىڭ ئاۋات
يېرىگە بارسام، توپ ـ توپ كىشىلەر ئۇ يەردىكى يېڭى
ئىشلارغا خۇشال بولۇپ ناخشا ئېيتىشىۋېتىپتۇ.“

—— رامبونىڭ «نۇر توپلىمى» دىن.

ئاباسىيلار خەلىپىلىك دۆلەتنى قۇرغاندىن كېيىنكى بىر-
نەچچە ئەسىر ئىچىدە، ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق ئىقتىسادىنىڭ
چاپسان تەرەققىي قىلىشى بۇ ئىمپېرىيىگە بىر قاتار ئىقتىسادىي
كرىزىسلەرنى ئېلىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن مەۋجۇت ئىجتىمائىي

---

① ”ئىسلام قوزغىلاڭلىرى“ ئەنگلىيىلىك داڭلىق رومانتىك شائىر
شېللىي (1792 — 1822 ـ يىللىرى) يازغان بىر داستاننىڭ
نامى. شائىر مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ مۇستەبىت زالىملارنىڭ هۆ-
كۇمرانلىقىغا قارشى هەرىكىتى ئارقىلىق، سىمۋوللۇق ئۇسۇل بىلەن، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يۈز بەرگەن فرانسىيە بۇر-
ژۇئا ئىنقىلابىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى
”ئىسلام قوزغىلاڭلىرى“ دېگەن سۆزنى نەقىل ئېلىپ ئىشلىتىش
ئارقىلىق، دەل ئاباسىيلارنىڭ خەلىپىلىك دۆلىتىدە خەلقنىڭ فې-
ئوداللىق مۇستەبىت هۆكۈمرانلىققا قارشى ئىلگىرى ـ ئاخىر ئې-
لىپ بارغان قوزغىلاڭ هەرىكىتىنى كۆرسەتكەن. —— خەنزۇچە
تەرجىماننىڭ ئىزاهى.

تۈزۈمگە قارشى تۇرىدىغان كۆپ قېتىملىق نارازىلىق ھەرىكەتلىرى ۋە ئاشكارا قوزغىلاڭلار يۈز بەردى. بۇ ھەرىكەت ۋە قوزغىلاڭلارنىڭ يىلتىزى ئاساسەن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بولسىمۇ، يەنە مىللىي خاراكتېر ئالغانلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ قوزغىلىش سەۋەبى، كونكرېت مۇھىتى ۋە قاتناشقۇچىلىرىنىڭ تەركىبى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار مۇنداق بىر نۇقتىدا ئورتاقلىققا ئىگە ئىدى: بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دىنىي شەكىلدە قوزغالغانىدى. ھەر قېتىمقى نارازىلىق كەيپىياتى ۋە مەنپەئەت توقۇنۇشى بىرەر دىنىي مەزھەپنى ئوتتۇرىغا چىقارغاندا، بۇ مەزھەپ ئۆزىنىڭ تەشەببۇسىنى دىنىي ئەقىدە ئورنىغا قويىدى، مەزھەپنى قورال، ئۆزىنىڭ ۋاكالەتچىسىنى دىنىي دەۋەتچى قىلدى ھەمدە ھەمىشە ئۆزىنىڭ يولباشچىسى (ياكى داھىيسى) نى قۇتقۇزغۇچى نىجاتكار ياكى ۋەكىل قىلىۋېلىشتى. ئەمما، ئىجتىمائىي سەۋەبتىن كېلىپ چىققان بۇ دىنىي بىدئەتلەرنى ئەقىل كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي ماددىي مەقستىنى يوشۇرۇپ مۇسۇلمانلارنى ئالداش ئۈچۈن كىيىۋالغان "تون"ى ياكى تارتىۋالغان "چۈمپەردە"سى دېيىشمۇ تارىخنى بۇرمىلىغانلىق بولىدۇ. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە قۇرغان "ئۇممە"دىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەن، قەدىمكى شەرقنىڭ ھەر خىل مۇقەددەس خانلىق ھوقۇقى قارشى بىلەن يېتىشىپ چىققان ئىسلام دۆلىتى نەزەرىيە جەھەتتىمۇ ۋە كىشىلەرنىڭ ئىدېئولوگىيىسىدىمۇ بىر ئىلاھىي ھاكىمىيەتنىڭ فورمىسى ئىدى. بۇ يەردە ھاكىمىيەت بىلەن ئىمتىيازنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى ئاللاھ ئىدى، پادىشاھ بولسا ئاللاھنىڭ يەر يۈزىدىكى ۋاكالەتچىسى ئىدى، خالاس. دىنىي ئەقىدە مەۋجۇت ئىجتىمائىي

تەرتىپنىڭ تۈپ نىزامى ئىدى، دىنىي مۇراسىم ئۇنىڭ بىرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى ئىپادىلەيدىغان كونكرېت تاشقى كۆرۈنۈشى ئىدى. بۇ ئەقىدە ۋە مۇراسىمنى يولغا قويۇش، گەرچە كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ، ساداقەتمەنلىكنىڭ ئىپادىسى ۋە كاپالىتى دەپ قارىلاتتى. ئەنئەنىدە چىڭ تۇرۇش مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمنى قوبۇل قىلىش لازىملىقىدىن، بىدئەتلىك ياكى مۇرتەدلىك① بۇ خىل تۈزۈمنى تەنقىد قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشتىن دېرەك بېرەتتى.

مۇشۇنداق تەركىبلەردىن تۈزۈلگەن جەمئىيەتتە، دىن بىلەن دۆلەت، مەيلى ھۆكۈمەت ئاپپاراتىدا ياكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدا بولسۇن، بىر - بىرى بىلەن ئارىلىشىپ، ئاسان پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. دىنىنىڭ ۋە دىنىدىكى ھەر خىل بەس - مۇنازىرىلەرنىڭ ئوينىغان رولى ھازىرقى زامان دۇنياسىدىكى سىياسىينىڭ ئوينايدىغان رولىغا باراۋەر بولۇپ قالغانىدى. ھەربىر ھەرىكەت، مەيلى ئۇنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى نېمە بولسا بولسۇن، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار نىيىتى ۋە تىت - تىتلىق كەيپىياتىنى ئىپادىلەپ، ئۆز تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ دىنىدىن ئىزدەيدىغىنى بىر چۈمپەردە ئەمەس، بەلكى زۆرۈر ۋە ئورگانىك ئىپادىلەش شەكلىدىن يەنى ئاممىۋىلاشقان بىر خىل ئىجتىمائىي تىلدىن ئىبارەت بولدى.

ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەھۋالمۇ بولغان. مەسىلەن، سىياسىي ئاجىزلىشىپ قالغان چاغلاردا ئوردىدا سىياسىي ئۆزگىرىش ۋە ھەربىي خائىنلىق يۈز بەرگەن، ئىقتىسادىي كرىزىس مەزگىلىدە دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە شەھەرلەردە پاراكەندىچىلىك

---

① "مۇرتەدلىك"— دىنىدىن يۈز ئۆرۈش، دىنغا ئاسىيلىق قىلىش؛ "مۇرتەد" دىنىدىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەم. — تەرجىماندىن.

كۆتۈرۈلگەن ھەم باشقا ئىشلار بولغان. لېكىن، بۇنداق ھەرىكەت-لەرنىڭ ھېچقاندىقى ئۇزاق ۋاقىت داۋاملىشالمىغان، بەلكى تۇ-رۇپ قوزغىلىپ، تۇرۇپ پەسكويغا چۈشۈپ قالغان، بۇنىڭ مۇت-لەق كۆپ قىسمى تەشكىللىنىز بولغاچقا، يۈز بەرگەن ۋاقتى ياكى يۈز بەرگەن جايىدىلا يوقىتىۋېتىلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەرىكەت-نىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى كۆپىنچە ئۇنىڭغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ئۆزى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان. بىرەر ئىجتىمائىي گۇرۇھ ئەگەر مەۋ-جۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمگە قارىتا داۋاملىق ۋە تەشكىللىك جەڭ ئېلان قىلماقچى بولسا، بىرەر دىنىي گۇرۇھنى ئۆزىگە ۋاستە قىلغان. بۇ خۇددى ھازىرقى زاماندىكى ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ئېلىپ بارماقچى بولغان ھەر خىل گۇرۇھلار سىياسىي پارتىيىنى ئۆزىگە ۋاستە قىلغاندەك بىر ئىش ئىدى، بۇنداق بولۇشى ناھايى-تى تەبىئىي ۋە مۇقەررەر ئىدى.

ئابباسىيلار خەلىپىلىكى تىكلەنگەندىن تارتىپ مۇشۇنداق قوزغىلاڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ خىرىسىغا ۋە تەھدىتىگە ئۇچراپ كەل-دى. مىلادىيىنىڭ 752 ـ يىلى سۈرىيىدە ئاغدۇرۇپ تاشلانغان ئۇمەۋىييە سۇلالىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قوللايدىغان بىر ھەرىكەت يۈز بەردى. چۈنكى، ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە، سۈرىيە ئۇمەۋىيلەرگە بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ كەلگەنىدى. لېكىن، ئۇزاققا بارماي، بۇ ھەرىكەتمۇ ئومۇمىي تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە بويسۇندى. ئۇمەۋىيلەر جەمەتىگە سادىق بىر قىسىم كىشىلەر دەسلەپتە ئۇمەۋىيلەر ئىچىدە بىر نىجاتكار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، بۇ نىجاتكار بىر كۈنى ئۆزىنى ئاشكارىلىغاندىن كېيىن ھەققانىيەتنى قوغدايدىغان بىر ھاكىمىيەت قۇرىدۇ، دېگەن بىر گەپنى تارقات-تى. شىئەلەرنىڭ ئۆزى ياردەملىشىپ تىكلىگەن بۇ يېڭى دۆلەت-

تىن كۈتكەن ئۈمىدى تېزلا يوققا چىقتى. ئەلىنىڭ ئەۋلادىدىن
چىققان ۋە ئۆزىنى ”پاك روھقا ئىگە مۇھەممەد“ دەپ ئاتىۋالغان
بىر كىشى ئاببا سىيلارغا قارشى سۇيىقەستلىك ھەرىكەت ئېلىپ
باردى ۋە يېروسالىمدا ئۆزىنى ”كىشىلەر تەقەززا بولغان نىجات-
كار — مەھدى“ دەپ ئېلان قىلدى. ئۇ پەلەستىندە مەغلۇب
بولغاندىن كېيىن مەدىنىگە بېرىپ توپىلاڭ كۆتۈردى، نەتىجىدە
يەنە مەغلۇب بولدى ۋە 752 - يىلى كاللىسى ئېلىندى.
پارسلار ئېلىپ بارغان بىر قاتار ھەرىكەتلەر تېخىمۇ مۇھىم
ئىدى. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ مەنبەسى ئاببا سىيلار ئىلگىرى قاتناش-
قان گۇرۇھلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئەسلىدە ئاببا سىيلار-
نىڭ قوزغىلىڭى ئۇمەۋىييە سۇلالىسىگە قارشى تۇرغۇچى بىرمۇن-
چىلىغان ۋە ئوخشاش بولمىغان ئامىللارنىڭ بىرلىشىشى بىلەن
كۆتۈرۈلگەنىدى، بۇ ئامىللار ئەرەب ۋە پارس مىللەتلىرى ئىچىدى-
كى نارازى بولغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. پارسلار بولسا
ئاقسۆڭەكلەر بىلەن تۆۋەن قاتلامدىكىلەردىن ئىبارەت ئوخشاش
بولمىغان ئىككى سىنىپنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. لېكىن بۇلارنىڭ
بىرلەشمىسى قوزغىلاڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىنلا بۇزۇل-
دى، ھەرقايسى ئامىللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىلگىرىكى كونا كۈرەش-
لەر يېڭىۋاشتىن ئوتتۇرىغا چىقتى ھەمدە بۇ كۈرەشلەر ئۈمىدسىز-
لىك ۋە مەغلۇبىيەت سەۋەبىدىن تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى.
ئاببا سىيلارنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشغا تۆھپە قوشقان
پارس — ئەبۇ مۇسلىم ئاببا سىيلارنىڭ ئىككىنچى خەلىپىسى مەن-
سۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى، بۇ گۇرۇھنىڭ باشقا داھىيلى-
رىمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاش تەقدىرگە ئۇچرىدى. ئاببا سىيلارنىڭ
خەلىپىلىرى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويۇشتا داۋاملىق تۈردە

پارسلارنىڭ، بولۇپمۇ خۇراسانلىقلارنىڭ قوللىشىغا تاياندى، ئوخشمايدىغان يېرى ئەبۇ مۇسلىمغا ئوخشاش كىشلەرنىڭ ئورنىنى بەرمەك جەمەتىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى ئالدى، خالاس. بەرمەك جەمەتى بىر نەچچە خەلىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە پايتەخت باغدادنىڭ تۇرمۇشىدا ئالاھىدە رول ئوينىغان، ئابباسىيلار ھۆكۈمىتىنى كونا پارس ھۆكۈمرانلىرى سىنىپىنىڭ قوللىشىغا كاپالەتلىك قىلغانىدى.

ئىستېلا قىلىنغان جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نارازىلىقى پارسلارنىڭ زېمىنىدا كۆتۈرۈلگەن، ئاساسەن دېھقانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بىر قاتار دىنىي ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ چىقتى. بۇ ھەرىكەتلەر مەلۇم دەرىجىدە مىللىي تۈس ئالغانىدى، ئالدى بىلەن ئۇلار قارشى تۇرغان ھاكىمىيەت ئۇلارنىڭ قارىشىچە يەنىلا ئەرەب مىللىتىنىڭ ھاكىمىيىتى ئىدى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنىڭ دىنىي ئارقا كۆرۈنۈشى ئىران مىللىتىگە خاس ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ تەلىماتى زوروئاستېر دىنىنىڭ ئەقىدىسى ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇ دىنىنىڭ ئەنئەنىچىلىرىگە ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئومۇمەن ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلەپ تۇرغان ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ ئەزالىرى ئىدى، بۇلار بولسا يېڭى ھاكىمىيەت بىلەن ۋاقىتلىق بىرلەشكەنىدى. تاكى خەلىپە مەئمۇن دەۋرىگە كەلگۈچە، پارسلار ئىچىدىكى كىنەزلەر ۋە تۆرىلەر شەرقىي قىسمىدىكى ئۆلكىلەردە ئاپتونوم بەگلىكلەرنى قۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. بۇ ھەرىكەتنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قاتلامدىكىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلغان ۋە ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرى ساسانىيلار سۇلالىسىگە قارشى چىق-

قان قەدىمكى پارس بىدئەتچىلەر مەزھىپىدىن ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغانلار ئىدى. ئۇلار ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەڭ مۇھىم كىشى پرولېتارىيات ئىنقىلابىنى تەشەببۇس قىلغان مەزدەك ئىدى، ئۇ 4 ـ ئەسىردە ساسانىيلار ئىمپېرىيىسىنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە ئازلا قالغانىدى. پادىشاھ خۇسىراۋ نۇشىرۋان مەزدەك ھەرىكىتىنى قانلىق باستۇرۇش ۋە قىرغىن قىلىش ئارقىلىق تىنچىتقان بولسىمۇ، بۇ ھەرىكەت دېھقانلاردا ئۆچمەس تەسىر قالدۇرغانىدى. مەزدەكىنىڭ تەلىماتى ئۇمەۋىيىيە سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە بولۇپ ئۆتكەن دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغانىدى. ئەبۇ مۇسلىمنىڭ ئىش ئىزلىرى پارس قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ ۋارىسلىرى دەپ قارىغان ھەمدە ئۇنى ئۆلتۈرگەن خەلىپىدىن ئۆچ ئېلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ھەرىكەتنىڭ دەسلەپىدە ئۇلار ئىراننىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ئەمەل قىلغان بولسىمۇ، كېيىن ئۆزگىرىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ تەشۋىق قىلغىنى مەزدەك تەشەببۇسى بىلەن شىئە رادىكاللىرى ئەقىدىسىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بىر خىل تەلىماتتىن ئىبارەت بولدى. ئەنئەنىچى زوروئاستېر مۇخلىسلىرى بولسا بىتەرەپ مەيداندا تۇردى ياكى ئىنتايىن ئۆچمەنلىك پوزىتسىيىسىدە بولدى.

بۇ ھەرىكەتلەردە ئالدى بىلەن يېزىپ قالدۇرۇلغان كىشى بىھافەرىد بولدى. ئۇ ئەسلىدە زوروئاستېر دىنىنىڭ مۇخلىسى ئىدى، ئۇ تەخمىنەن 749 ـ يىللىرى نىشاپۇردا ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ ئاتىۋالدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ تىجارەت ئىشلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن جۇڭگوغا بېرىپ بىرنەچچە يىل تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. بىز ئۇنىڭ دەسلەپكى چاغلاردىكى ھاياتى توغرىسىدا كۆپ بىر نەرسە بىلمەيمىز. بىھافەرىدكە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي كۈچى بۇ ھەرىكەتكە زادىلا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان مۇسۇلمانلاردىن ئەمەس، بەلكى ئەنئەنىچى زوروئاستېر مۇخلىسلىرىدىن، بولۇپمۇ ئۇلار ئىچىدىكى روھانىيلار تەبىقىسىدىن كەلدى. ئۇلار بۇ قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئۈچۈن ئابباسىيلارنىڭ خەلىپىلىرىدىن ياردەم تىلىگەنىدى. بىھافەرىد ھەرىكىتىنىڭ ئىككى يىل ئىچىدە مەغلۇب بولۇشىغا ئاساسەن ئاشۇلار مەسئۇل بولۇشى كېرەك ئىدى.

ئەبۇ مۇسلىمنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى مۇھىم بىر ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولدى: ئۇنى ھىمايە قىلىدىغان رادىكاللار تەشكىلاتى بىر قاتار دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قوزغىدى، ئۇلار ئادەتتە، ئەبۇ مۇسلىم راستتىنلا ئۆلمىدى، ئۇ پەقەت بىر يەرگە يوشۇرۇنۇۋالدى، ئۇ ھامان بىر كۈنى ئۆز خەلقى ئىچىگە قايتىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ ئىشىنى تاماملايدۇ، دېگەننى تەشۋىق قىلدى. 755 - يىلى ئەبۇ مۇسلىمنىڭ بىر كونا بۇرادىرى سۇنبادمۇ (ئېھتىمال مەزدەكنىڭ بىر مۇخلىسى بولسا كېرەك) نىشاپۇر ئەتراپىدىكى بىر كەنتتە قوزغىلاڭ كۆتۈردى ۋە ناھايىتى تېزلا ئىراننىڭ غەربىدىكى دېھقانلارنىڭ غايەت زور قوللىشىغا ئېرىشتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە زوروئاستېر دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى بار ئىدى، ئەنئەنىۋى ئېتىقادتىن چەتنەپ كەتكەن مۇسۇلمانلارمۇ بار ئىدى. بۇ ھەرىكەت تېزدىنلا كېڭىيىپ، ئۇنىڭ قاتناشقۇچىلىرى چاپسانلا بىر بۆلۈك شەھەرنى ئىشغال قىلدى. ئەرەبچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى مۆلچەرگە ئاساسلانغاندا، سۇنبادنىڭ ھىمايىچى-

لىرى تەخمىنەن 100 مىڭغا يېتىپ بارغان، لېكىن ئۇلار ئۇزاققا قالماي خەلىپە مەنسۇر ئەۋەتكەن قوشۇن تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىنغان. ئىككى يىلدىن كېيىن، ئەبۇ مۇسلىمنىڭ يەنە بىر ۋاكالەتچىسى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر قېتىملىق قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلدى. بۇ ئادەم ئىسهاق تۈرك دەپ ئاتالدى، چۈنكى ئۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەۋەتىلگەن تۈركلەر ئارىسىدا شۇ گۇرۇھنىڭ تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلغانىدى. لېكىن بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭمۇ ئاخىر يوقىتىلدى. مىلادىيىنىڭ 767 ـ يىلى ئۇستادسىس رەھبەرلىك قىلغان خۇراسان قوزغىلىڭى ئابباسىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە بىر مەزگىل ئېغىر خەۋپ پەيدا قىلغانىدى.

"مۇقەننە" ("نىقابلىق ئادەم") ھەرىكىتىنىڭ خەۋپى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بارلىق قوزغىلاڭلارنىڭكىدىن كۆپ ئېغىر بولدى. ئۇ ئادەم يۈزىنى نىقابلاپ يۈرىدىغان بولغاچقا "مۇقەننە" (يەنى نىقابلىق ئادەم) دەپ ئاتالغانىدى. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى: ئۇ يۈزىدىن يېغىپ تۇرغان خاسىيەتلىك نۇرنى يوشۇرۇش ئۈچۈن نىقاب تارتىۋالغان دەيتتى؛ ئۇنىڭغا قارشى تۇرغۇچىلار بولسا ئۇ سەت چىرايىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن يۈزىنى نىقابلىۋالغان دەيتتى. مۇقەننە ئىرانلىق بىر بىدئەتچى بولۇپ، كىر يۇيۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇ دەسلەپتە مەرۋەدە ئۆزىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلغانىدى. ئۇنىڭ تەشەببۇسلىرى كېيىن خۇراساندا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا تېزلا تارقالدى، بۇخارا بىرمەھەل ئۇنىڭ ھەرىكەت بازىسىغا ئايلىنىپ قالدى. بىز بۇ يەردە ئۇنىڭ مەزدەك بىلەنمۇ، ئەبۇ مۇسلىم بىلەنمۇ مەلۇم مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بىلىۋالىمىز. ئەنئەنىچىلەرنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا

ئۇ ھەدەپ "مال ـ مۈلۈك ئومۇمىيلىقى بىلەن خوتۇن ئومۇمىيلىقى"نى تەشۋىق قىلدى ۋە ئۇنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلدى دەپ ئەيىبلەنگەنىدى. ئۇ قوزغىغان ھەرىكەت ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكىلەر قوزغىغان بىرقانچە قېتىملىق ھەرىكەتتىن ئۇزۇنراق ئۆمۈر كۆرۈپ، 776 ـ يىلىدىن 789 ـ يىلىغىچە جەمئىي 13 يىل داۋام قىلغانىدى.

بۇ تارىخىي مەزگىلدە يۈز بەرگەن ئەڭ مۇھىم قوزغىلاڭ بابەك قوزغىلىڭى (816 — 837 ـ يىللىرى) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەرىكەت دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئىچكى جەھەتتىكى ئىتتىپاقلىقى ۋە رەھبەرلىكىنىڭ مۇستەھكەملىكى بىلەن داڭق چىقارغانىدى. بابەك ئەسلىدە كۆرۈنەرلىك ھەربىي ۋە سىياسىي ئىقتىدارغا ئىگە بىر بىدئەتچى ئىدى. ئۇنى ھىمايە قىلغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى دېھقانلار ئىدى. دېھقانلار ئۇنىڭ چوڭ فېئوداللارنىڭ يەرلىرىنى بۆلۈشۈۋېلىش توغرىسىدىكى تەشۋىقاتىنى ۋە ئۇ يەرلەرنى يېڭىۋاشتىن تەقسىم قىلىش توغرىسىدىكى تەشەببۇسىنى قوللاش يۈزىسىدىن ئۇنى قاتتىق ھىمايە قىلغانىدى. يەنە باشقا ماتېرىياللارنىڭمۇ ئىسپاتلىشىچە، بابەك دېھقانلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگەنىدى، بۇ كىشىلەر ئەسلىدە پارسلار ئىچىدىكى يەر ئىگىلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىسى ئادەتتىكى دېھقانلارنىڭكىدىن پەرقلەنمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ئىلگىرىكى ئېسىل تۇرمۇشى توغرىسىدىكى ئەسلىمىنىلا ساقلاپ قالغانىدى. بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ مەركىزى ئەرەب جۇغراپىيىشۇناس ياقۇت ھەمەۋى (1179 — 1229 ـ يىللىرى) جىددىي يوسۇندا ئىزچىل ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتقۇلۇق قىلىپ كەلگەن مەركەز دەپ

كۆرسەتكەن ئەزەربەيجان ئىدى. ھەرىكەتنىڭ دولقۇنى ئەزەربەيجاندىن ئىراننىڭ غەربىي جەنۇبىي رايونىغا قاراپ كۆتۈرۈلگەن، شۇ يەردىكى كۇردلار بىلەن پارسلارنىڭ ھەممىسى ھەرىكەتنىڭ قايىنىمىغا كىرىپ كەتكەنىدى؛ بۇ ھەرىكەت شىمالغا قاراپ كاسپىي دېڭىزى بويلىرىدىكى ئۆلكىلەرگە، غەربكە قاراپ ئەرمىنىيىگىچە كېڭەيگەنىدى. روشەنكى، بابەك بۇ ھەرىكەتنىڭ مەلۇم باسقۇچىدا ۋىزانتىيە پادىشاھى بىلەن ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالىغاندەك ئىدى. بابەكنىڭ پائالىيەت رايونى توغرىسىغا كېڭىيىپ شىمالدىكى سودا يولىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى، بۇ ھال ئۇنى ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەقىقىي خەتەرلىك دۈشمىنىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدى. ئۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يەتتە يىل قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ خەلىپە مەئمۇننىڭ تۆت سەركەردىسىنىڭ ھۇجۇمىنى بىتچىت قىلغانىدى. لېكىن خەلىپە مۇئتەسىم دەۋرىدە ئىمپېرىيىنىڭ ئامانلىق ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلانغانلىقتىن، خەلىپە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ۋە تېخىمۇ كەسكىن ھەربىي تەدبىر قوللىنىپ، بابەكچىلەرنى ئەزەربەيجانغىچە قوغلاپ بېرىپ، ئاخىردا ئۇلارنى يوقاتتى.

مىلادىيىنىڭ 869 ـ يىلىدىن 883 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگەن ”زەڭگىلەر قوزغىلىڭى“ دەپ ئاتالغان قارا قۇللار قوزغىلىڭى پۈتۈنلەي باشقىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. ئىسلام دىنىدا قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇلغانىدى، ھازىرغىچە بۇنداق ئەھۋال ئايرىم جايلاردا مەۋجۇت. لېكىن ئىسلام ئىمپېرىيىسىدىكى قۇللار رىم ئىمپېرىيىسىدىكى قۇللارغا ئوخشاش ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسىي كۈچى ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئىسلام ئىمپېرىيىسىدە ئىشـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لەپچىقىرىش ئاساسەن ئەركىن دېھقانلار، يېرىم ئەركىن دېھقانلارغا ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرگە تايىنىپ ئېلىپ بېرىلاتتى. قۇللار ئاساسەن ئائىلە ئىشلىرىغا ۋە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەشكە ئىشلىتىلەتتى. ھەربىي ئورۇنلاردا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان قۇللار ”مەملۇك“ دەپ ئاتىلاتتى، ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولىدىغان ھەربىيلەر سىنىپىنى شەكىللەندۈرگەنىدى، كېيىنكى چاغلاردا ئۇلار دۆلەت ئىشلىرىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. ئەمما يۇقىرىقىدىن باشقىچە ئەھۋالمۇ مەۋجۇت ئىدى، قۇللار يەنە چوڭ كۆلەملىك كارخانىلاردىكى قول ئەمگەكلىرىگە، مەسىلەن، كان قۇدۇقلىرى، ھەربىي پاراخوتلار ۋە سازلىقلاردىكى سۇ چىقىرىۋېتىش خىزمەتلىرىگە ئوخشاش ئىشلارغىمۇ سېلىنغانىدى. نۇرغۇنلىغان ئەركىن كاپىتالغا ئىگە سودىگەرلەر ۋە كارخانا ئىگىلىرى سىنىپىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا، قۇللارنى زور تۈركۈمدە سېتىۋالىدىغان ۋە ئۇلارنى دېھقانچىلىق ئەمگەكلىرىگە كۆپلەپ سالىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقتى. تۈركۈم - تۈركۈملىگەن قۇللار بىر يەرگە يىغىۋېلىنىپ ئىشقا سېلىناتتى، بىرەر يەر ئىگىسى ياكى كارخانا ئىگىسى كۆپىنچە مىڭلىغان قۇللارغا ئىگىدارلىق قىلاتتى، بۇ قۇللارنىڭ كۆپىنچىسى ئافرىقىدىن ئەسىرگە ئېلىنغانلار ياكى سېتىۋېلىنغان نېگىرلار ئىدى، بەزىلىرى بېقىندى ئەللەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى تەرىپىدىن ئولپان سۈپىتىدە ھەدىيە قىلىنغانلار ئىدى.

بەسرەنىڭ شەرقىدىكى شورلۇق يەرلەردە ئىشلەيدىغان قۇللارنىڭ ئەھۋالى ئەنە شۇنداق ئىدى. ئۇ يەردىكى شەھەر بايلىرى مىسلىسىز دەرىجىدە نۇرغۇنلىغان قۇللارنى شورلۇق ۋە سازلىق يەرلەرنى ئۆزگەرتىشكە ئىشلىتەتتى، ئۇلار بۇنداق ئەمگەكلىرى

ئارقىلىق، تېرىقچىلىق قىلىشقا بولىدىغان ئېتىزلارنىلا بىنا قىلىپ قالماستىن، يەنە سېتىشقا بولىدىغان تۇزلارنىمۇ كۆپلەپ ئىشلەپچىقىراتتى. قۇللار ئەترەتلەرگە بۆلۈنۈپ ئەمگەك قىلاتتى، ھەربىر ئەترەتتىكى ئادەم سانى ئوخشاش ئەمەس ئىدى، بەزى ئەترەتتە 500 دىن 5000 غىچە ئادەم بولسا، بەزىسىدە 15 مىڭدىن ئاشاتتى. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە ناچار ئىدى، ئۇلار ئىنتايىن جاپالىق ۋە ئېغىر ئەمگەكلەرگە سېلىناتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئەمگەك قىلىپ تاپقىنى قورسىقىنى تويغۇزۇشقىمۇ يەتمەيتتى. ئەرەب يېزىقىدىكى بىر تارىخىي ماتېرىيالدا ئېيتىلغاندەك، ئۇلار ئازغىنا ئۇن، كېپەك ۋە خورمىغىلا ئىگە بولاتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يېقىنلا ئافرىقىدىن ئېلىپ كېلىنگەن بولاتتى، بەزىسى ئەرەبچىنى ئاز - تولا بىلسىمۇ، بەزىسى زادىلا بىلمەيتتى. بىر تارىخىي ماتېرىيالدا ئېيتىلىشىچە، ئۇلارنىڭ يولباشچىسى ئۇلار بىلەن تەرجىمان ئارقىلىق سۆزلىشەتتىكەن. بۇ يولباشچى پارس بولسىمۇ، ئۆزىنى ئەلى ئىبنى مۇھەممەد دەپ ئاتاپ، مەن ئەلىنىڭ ئەۋلادى دەيدىكەن. ئۇ ئېھتىمال ئەرەب قان سىستېمىسىدىن بولسا كېرەك. ئۇ بىرنەچچە يەردە توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قوزغىلاڭ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسىدە مەغلۇپ بولغان، بەسرەدە تېخى زىندانغا تاشلىنىشقا تاس قالغان. كېيىن، 869 - يىلى 9 - ئايدا ھېلىقى شورلۇق ۋە سازلىق يەرلەردە ئىشلەۋاتقان قۇللارنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ تەلىماتىنى تارقاتقان. تارىخشۇناس تەبەرىي (839 — 923 - يىللىرى) نىڭ يېزىشىچە، ئۇ قۇللارغا ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان شارائىتنىڭ ناچارلىقىنى تونۇشقا ئەسكەرتىپ: ”ئاللاھ مەن ئارقىلىق سىلەرنى بۇنداق يامان شارائىتتىن قۇتقۇزماقچى، ئاللاھ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىلەرنىڭ مەرتىۋەڭلارنى كۆتۈرمەكچى، سىلەرنى قۇلغا، مال - مۈلۈككە ۋە ئۆي - جايغا ئىگە قىلماقچى" دېگەنىكەن. تەبەرىي بۇ گەپلەردىن كېيىن بۇ ھەرىكەتنىڭ ئېغىر ئاجىزلىقىنى ئېچىپ: ئۇ ھەرىكەتنىڭ ھەقىقىي ئىنقىلابىي پروگراممىسى يوق ئىدى. بۇ ھەرىكەت قۇللۇق تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك بىكار قىلىشنى ئەمەس، بەلكى بىر قىسىم قۇللارنىڭ ئورنىنى ياخشىلاشنىلا مەقسەت قىلغان ئالاھىدە قوزغىلاڭدىن ئىبارەت ئىدى دەپ كۆرسەتكەن. ئۇلارنىڭ يولباشچىسى ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئۆزىنىڭ ۋەدىسىنى مۇنداق بىر ھەرىكىتى بىلەن ئىشقا ئاشۇرغان: ئۇ بەزى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئەسىرگە ئېلىنغان مۇسۇلمانلارنى قۇل سۈپىتىدە ئۆز ئادەملىرىگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن.

زەڭگىلەر قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى گەرچە ئۆزىنى ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئەۋلادى دەۋالغان بولسىمۇ، لېكىن شىئەلەرنىڭ سېپىگە قاتناشماي، بەلكى ھۆكۇمەتسىز خاۋارىجلارنىڭ تەلىماتىنى قوبۇل قىلغانىدى، چۈنكى بۇ مەزھەپ باراۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلىپ، ھەرقانداق ئادەم، ھەتتا ھەبەشىستانلىق قۇلمۇ خەلىپە بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە دېگەننى تەرغىب قىلاتتى. بۇ مەزھەپ يەنە ئۆزلىرىدىن باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنى مۇرتەد دەپ قارايتتى، ئەگەر ئۇلارنى ئەسىرگە ئېلىۋالىدىغان بولسا، ئۇلارنى قۇل قىلىۋالاتتى ياكى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى.

زەڭگىلەر ھەرىكىتى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى، تۈركۈملىگەن قۇللار ئارقا - ئارقىدىن بۇ ھەرىكەتكە قاتناشتى، كېيىنچە ھەرقايسى شەھەرلەر ۋە يېزىلاردىن قېچىپ چىققان قۇللارمۇ بۇ ھەرىكەتكە قاتناشقان بولۇشى مۇمكىن. ئىمپېرىيە ھۆ-

كۇمتى جازا يۇرۇشى ئۇچۇن ئەۋەتكەن قوشۇن ئىچىدىكى زەڭگى (نېگىر) جەڭچىلەرمۇ ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ كەتكەنلىكتىن زەڭگىلەر قوزغىلىڭى تېخىمۇ كۆپ قورال - ياراغ ۋە ئەسكىرىي كۈچكە ئىگە بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ياشايدىغان بەدەۋىيلەرمۇ ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىگە ئېرى-شىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھىمايىچىلىرىگە ئايلانغانىدى. شۇ نەرسە ئېنىقكى، يەرلىك ئەركىن دېھقانلارنىڭمۇ قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى-نىڭ ئەتراپىغا يىغىلىشى ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، يەر ئىگى-لىرى سىنىپىغا قارشى تۇرۇش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بەزى ماتېرىياللاردا زەڭگىلەر ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى ئەلى ئىبنى مۇھەممەدنىڭ يارەمچىلىرى ئىچىدە بىر تۇگمەنچى بىلەن يەنە بىر لىمۇن شىرنىسى ياسايدىغان باققالنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بىز بۇ ھەرى-كەتنىڭ شەھەرلەردىكى ئەركىن ئاھالىلەر ئىچىدىكى نارازى بول-غۇچىلارنىڭمۇ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچ-قانچە پاكىتقا تېخى ئىگە بولالمىدۇق.

زەڭگىلەر ھەرىكىتى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەندى. ئۇلار ئىمپېرىيىنىڭ جازا يۇرۇشى قىلغۇچى قوشۇنلىرىنى كەينى - كەينىدىن مەغلۇب قىلىپ، نۇرغۇنلىغان قۇل ۋە غەنىي-مەتلەرنى قولغا چۈشۈرگەن، بولۇپمۇ نۇرغۇنلىغان قورال - يا-راغقا ئىگە بولغانىدى. مىلادىيىنىڭ 869 - يىلى 10 - ئايدا زەڭگىلەر بەسرەگە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىشغال قىلالمىدى. بەسرەلىكلەرنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمى تارمار قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، زەڭگىلەر ھېلىقى شورلۇق - سازلىق يەرلەر ئىچىدىن بىر پارچە قۇرۇق يەردە ئۆزلىرىنىڭ

پايتەختىنى بىنا قىلىپ، ئۇنىڭغا ”مۇختارە“ (تاللانغان يەر) دەپ ئات قويدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بىز تېخى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت تەشكىلى توغرىسىدىكى تارىخىي ماتېرىيالنى ئۇچراتمىدۇق. مىلادىيىنىڭ 870 - يىلى 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى زەڭگىلەر گۈللەنگەن ئۇبۇللە سودا پورتىنى ئىشغال قىلىپ ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، ئازاد قىلىنغان قۇللار بىلەن ئۆزىنىڭ كۈچىنى زورايتتى، ئۇزاق ئۆتمەي، زېمىنىنى ئىراننىڭ غەربىي جەنۇبىي رايونىغىچە كېڭەيتىپ، ئۇ يەردىكى مۇھىم شەھەر ئەھۋازنى ئىشغال قىلدى.

بۇ ۋاقىتتا كەلگەندە، زەڭگىلەر ھەرىكىتى ئابباسىيلار ئىمپېرىيىسى ئۇچۇن ئاساسىي تەھدىتكە ئايلاندى. زەڭگىلەر ئىراقنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە ئىراننىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى مۇھىم رايونلارنى كونترول قىلىپ ۋە بىر قىسىم شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىپ، ئىمپېرىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئىككىنچى چوڭ شەھەر بەسرىگە قىستاپ كەلدى، ئىمپېرىيە پايتەختىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قاتناش لىنىيىسىنىمۇ ئۈزۈپ تاشلىدى. 871 - يىلى 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۇلار بەسرە شەھىرىنى تارتىۋالغان ۋە ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، لېكىن دەرھال يەنە ئاقىلانىلىك بىلەن ئۇ يەردىن چېكىنىپ چىقتى. بۇ ئارىلىقتا ئۇلار يەنە ئىمپېرىيىنىڭ بىرقانچە قوشۇنىنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى ھەمدە 878 - يىلى قەدىمكى ھەربىي شەھەر ۋاسىتنى ئىشغال قىلدى. ياندۇرقى يىلى ئۇلارنىڭ كۈچى پايتەخت باغدادقا 17 مىل كېلىدىغان يەرگىچە يېتىپ باردى. بۇ ھال ئۇلارنىڭ غەلىبىسىنىڭ يۇكسەك پەللىگە يەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئەينى چاغدا خەلىپىنىڭ ئاكىسى مۇۋەففەق نائىب خەلىپە

بولۇپ تۇرۇۋاتقاندى، ئۇ ناھايىتى ئىقتىدارلىق ئادەم ئىدى، ئۇ چىقىمىنىڭ قانچىلىق كۆپ بولۇشىغا قارىماي بىر جازا يۈرۈشى قوشۇنى تەشكىللەپ، 881 - يىلى 2 - ئايدا زەڭگىلەر ئىگىلىۋال- غان يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ پايتەختى مۇختارە شەھە- رىنى قورشىۋالدى. ئۇلارنىڭ يولباشچىسى ”كەڭچىلىك بىلەن بىر ياقلىق قىلىش“، ”دۆلەتنىڭ ئىلتىپاتىغا ئىگە بولۇش“ قاتارلىق تەسلىم بولۇش شەرتلىرىنى رەت قىلدى. بۇ شەھەر ئۇزاق ۋاقىت مۇھاسىرە قىلىنغاندىن كېيىن، ئاخىر 883 - يىلى 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىددەتلىك بىر قېتىملىق ھۇجۇم بىلەن قولدىن كەتتى. شۇ يىلى 11 - ئايدا ئەلى ئىبنى مۇھەممەدنىڭ بېشى بىر تال ياغاچقا ئۆتكۈزۈلۈپ باغدادقا ئېلىپ بېرىلدى.

پارس دېھقانلارنىڭ ۋە جەنۇبىي ئىراقتىكى قۇللارنىڭ قوز- غىلاڭ ھەرىكەتلىرى ئىسلام دىنىنىڭ تارىخىي جەريانىغا چوڭقۇر- راق تەسىر كۆرسىتەلمىدى، شۇنداقلا ئىسلامىيەت جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلمىسىدىمۇ تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلالمىدى. پەقەتلا دەۋرىيلىك خاراكتېردە يېرىم يولدا چۈشۈپ بىلەن ئاخىر- لىشىدىغان بىر قاتار ھەرىكەت بولۇپ ئىپادىلەنگەن، نارازىلىق ۋە بۆلۈنۈشتىن شەكىللەنگەن بىر يوشۇرۇن ئېقىمنىلا قالدۇرۇپ قويدى. لېكىن ئىمپېرىيە ئاھالىلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك بولغان، كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ بېرىۋاتقان نارازىلىق كەيپىياتى تېخى- مۇ مۇھىم ۋە تەسىرى تېخىمۇ چوڭقۇر بولغان باشقا بىر ھەرىكەتتە ئىپادىلىنىپ چىقتى. بۇ ھەرىكەت شىئە مەزھىپىنىڭ بىر تارمىقى بولغان ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ھەرىكىتىدۇر. بىز يۇ- قىرىدا شىئەلەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە قانداق قىلىپ ئەرەبلەر- نىڭ بىر مەزھىپىدىن ”مەۋالىي“لارنى ئاساسىي ئەزا قىلغان بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەزھەپكە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى ۋە بۇ مەزھەبنىڭ قولغا كەل-
تۈرگەن تۇنجى ھەم روشەن مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ئابباسىيلارنىڭ
ھاكىمىيىتىنى قولغا ئېلىشىغا ياردەم قىلغانلىقى ئىكەنلىكىدىن
خەۋەردار بولغانىدۇق. بۇ قېتىمقى غەلىبە مۇھەممەد ئىبنى ھەنە-
فىيىەنىڭ شىئەلەر ئىچىدىكى مۇھىم ئورنىغا خاتىمە بەردى. مۇ-
شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، شىئەلەرنىڭ داھىيسى پاتىمە سىستېمىسى-
دىكىلەردىن، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى پاتىمە بى-
لەن ئەلىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولىدىغان بولدى. بۇ داھىيلار ئېتى-
قادچىلىرى تەرىپىدىن "ئىمام" دەپ ئاتالدى. ئۇلار ئۆز ئېتىقاد-
چىلىرىنىڭ نەزىرىدە بىردىنبىر قانۇنىي خەلىپە بولۇپ ھېسابلى-
ناتتى. ھالبۇكى، ئۇلار تەلەپ قىلىدىغان ھوقۇق ئابباسىيلار
خەلىپىسى تەلەپ قىلىدىغان ھوقۇقتىن تېخىمۇ ئۈستۈن ئىدى.
شىئەلەرنىڭ ئىمامى ئۆزلىرىنى ئاللاھ بىلەن بىۋاستە ئالاقىمىز
بار، گۇناھىمىز كەچۈرۈم قىلىنغان دەۋالاتتى، ئېتىقادچىلىرى-
دىن ئۆزگە مۇتلەق بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلاتتى.

ئىمام جەئفەر سادىق مىلادىيىنىڭ 765 - يىلى ئالەمدىن
ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئېتىقادچىلىرى ئىككىگە بۆلۈنۈپ،
بىر قىسمى ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى مۇسانى، بىر قىسمى ئۇنىڭ
كىچىك ئوغلى ئىسمائىلنى ئىمام قىلىپ تىكلىدى. مۇسانىڭ
ھىمايىچىلىرى تاكى ئەلىدىن كېيىنكى 12 - ئىمامغىچە مۇسانى
ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئىمام دەپ ئېتىراپ قىلدى. ئۇلار
بۇ 12 - ئىمامنى سىرلىق بىر ھالەتتە غايىب بولۇپ كەتكەن
دەپ ئىشىنىدۇ، تاكى ھازىرغىچە، شىئەلەر ئىچىدىكى 12 ئىمام-
چىلار ئۇنىڭ قايتا ئوتتۇرىغا چىقىشىنى كۈتمەكتە. ئۇلارنىڭ
تەشەببۇسى ئومۇمەن ئېيتقاندا مۆتىدىل، سۈننىيلەرنىڭ تەشەببۇ-

سىدىن ھېچقانچە پەرقلەنمەيدۇ. فرانسىيىلىك بىر ئالىم ئۇلارنى ئاببىاسىيلارنىڭ خەلىپىلىك دۆلىتىدىكى ”ئۆكتىچىلەر“ دەپ تەسۋىرلىگەن، بۇ گەپ جايىدا دېيىلگەن بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈنلەي توغرا بولۇشى ناتايىن.

ئىسمائىلچىلار ئىلگىرى كۆپ قېتىم بولۇپ ئۆتكەن ھەرىكەتلەرنىڭ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە ئىنقىلابچىل بولۇش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭ تەرەققىياتى 12 ئىمامچىلارنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمىدى. 8 ـ ئەسىرنى ۋە 9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىنى بۇ مەزھەپنىڭ تەييارلىق باسقۇچى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئىسمائىل، ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ۋە ئۇلارنىڭ مۇخلىسلىرى بۇ مەزھەپنى تىكلەش ئۈچۈن تەشۋىقات خىزمىتى ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ تەلىماتى يېڭى ئەپلاتونچىلىق ۋە ھىندىستان ئىدىيىسىنىڭ نۇرغۇن ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، سۈننىيلەرنىڭ تەشەببۇسىدىن ئېنىق پەرقلىنەتتى. ئۇلار ئۇ ئامىللارنى بىر خىل مەخپىي چۈشەندۈرۈش يولى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تەلىماتىغا كىرگۈزدى. بۇ چۈشەندۈرۈش بويىچە بولغاندا، «قۇرئان كەرىم» دىكى ھەربىر ئايەتنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بار ئىكەن. بىر خىلى روشەن، يەنى خەت مەنىسى؛ يەنە بىر خىلى يوشۇرۇن، يەنى ئىچكى مەنىسى بولۇپ، بۇنداق مەنىنى ئالاھىدە مۇسۇلمانلار چۈشىنەلەيدىكەن. بۇ مەزھەپنىڭ مەخپىي تەلىماتى ئەزا قوبۇل قىلغۇچى مەزھەپ تەشكىلىنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ ئۆگىتىلەتتى. مەزھەپنىڭ مۇشۇنداق ئالىي دەرىجىلىك تەشكىلىگە كىرگەن ئېتىقادچىسىلا ئۇنىڭ پۈتكۈل تۈزۈمىنى ئۆگىنىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولاتتى. مۇشۇنداق مەخپىي تەشكىلى بولغاچقىلا بۇ مەزھەپ ئاببىاسىيلار سۇلالىسىنىڭ ساقچى ئەمەلدارلىرىدىن

ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قى-
لىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالىغانىدى. بۇ مەزھەپنىڭ نامدىكى
ئاقساقىلى ئىمام دەپ ئاتىلاتتى، ئىمام بولسا ئىسمائىلدىن تارقال-
غان ئەلى سىستېمىسىدىكى، مەڭگۈ گۇناھكار بولمايدىغان دىنىي
داھىي ئىدى. ئالاھىدە ئەھۋالدا، ئىمام ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى بىر
خىل روھىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق باشقا بىر ئادەمگە ھاۋالە قىلسا
بولاتتى. بۇ ئادەم ئىمامنىڭ ۋارىسى ياكى ۋاكالەتچىسى بولۇپ،
ئىمامنىڭ ھەممە ھوقۇقىنى ئەمەس، كۆپ قىسىم ھوقۇقىنى
يۈرگۈزسە بولاتتى.

مىلادىيە 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئىسلام ئىمپېرىيىسى-
دىكى ئىجتىمائىي كرىزىس پارتلاش نۇقتىسىغا يەتكەنىدى. نارا-
زىلىق كەيپىياتى باستۇرۇلغان دېھقانلار بىلەن قۇللارنىڭ قەلبىدە
ئۇلغايماقتا ئىدى. ئەمگەك بىلەن كاپىتالنىڭ بارغانسېرى جۇغلى-
نىشى نەتىجىسىدە شەھەر ئاھالىلىرى ئىچىدىن مەۋجۇت ھالەتكە
نارازى بولۇۋاتقان بىر تۈركۈم يوقسۇللار بۆلۈنۈپ چىقماقتا ئى-
دى. مىلادىيىنىڭ 920 — 921 - يىللىرى ئىچىدە، ئەينى
ۋاقىتتىكى ۋەزىر مالىيە جەھەتتە قوللانغان بىر قاتار تەدبىر
پايتەختتە نان تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن بىر قېتىملىق توپىلاڭنىڭ
يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولدى، شۇنىڭ بىلەن، پۈتۈن ئىمپېرىيىنى
قاپلىغان نارازىلىق تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. بۇ نارازى بولغۇچى-
لارنىڭ ھەممىسى ئىسمائىلچى تەرغىباتچىلارنىڭ چاقىرىقىغا ئاك-
تىپلىق بىلەن ئاۋاز قوشقانىدى. ئىسمائىلچىلار ئۆزلىرىنىڭ
ئىجتىمائىي تەشەببۇسى توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى قالدۇرۇپ
قويمىدى، لېكىن سۈننىي مەزھىپىدىكى ئىلاھىيەتشۇناسلارنىڭ
ئۇلارنىڭ تەشەببۇسىغا قاراتقان تەنقىدلىرىدىن شۇنى ئېنىق كۆر-

گىلى بولىدۇكى، بۇ مەزھەپنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمگە بولغان تەھدىتىنى دىنىي خاراكتېر ئالغان دېگەندىن كۆرە ئىجتىمائىي خاراكتېر ئالغان دېگەن تۈزۈك ئىدى.

ناھايىتى ئېنىقكى، ئىسمائىلچىلار ھەرىكەتنىڭ دەسلېپىدە ئاساسەن دېھقانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى، لېكىن ناھايىتى تېزلا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ قول ھۈنەرۋەنلەر ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. ئىسمائىلچىلار ئىس-لام دىنىدىكى ھەر خىل كەسپىي جەمئىيەتلەرنى بەرپا قىلدى ھەمدە چوقۇم ئۇلاردىن ئۆزلىرىنىڭ تەشكىلىي قورالى سۈپىتىدە پايدىلاندى. نەچچە ئەسىردىن بۇيان، ئىسلام دىنىدىكى كەسپىي جەمئىيەتلەرنىڭ تەشەببۇس ۋە قۇرۇلمىلىرى ئىسمائىلچىلارنىڭ چوڭقۇر تەسىرىدە بولۇپ كەلدى. ئىسمائىلچىلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان سۈننىيلەر ئۇلارغا "مال ـ مۈلۈك ئومۇمىيلىقى بىلەن خوتۇن ئومۇمىيلىقى" سىياسىتىنى يولغا قويىدى دېگەن بىر گۇناھنى ئارتقانىدى. ئەرەب يېزىقىدىكى بىر تارىخىي ماتېرىيالدا 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسمائىلچىلارنىڭ بىر تەرغىباتچى-سىنىڭ كۇفە رايونىدا ئېلىپ بارغان پائالىيىتى توغرىسىدا تۆۋەن-دىكىدەك خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان:

ئۇ بىرمۇنچە شەھەرنىڭ ئاھالىسىنى ئۆزى تەرغىب قىلغان ئەقىدىگە ئىشەندۇرگەندىن كېيىن، ھەسسىلەپ ئۆسۈپ بارىدىغان بىر قاتار باجنى ئۇلارغا ئارتىپ قويغان. ئاخىردا ئۇلارغا بىر تەشكىلاتنىڭ ۋەزىپىسىنى بېكىتىپ بەرگەن، ئۇ "ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى بىر يەرگە يىغىپ چوڭ بىر ئائىلە تەشكىل قىلغان ۋە بۇ ئائىلىنىڭ ھەربىر ئەزاسىنى بايلىقنى ئىگىلەش جەھەتتە باشقا شېرىكلەر ياكى قېرىنداشلار بىلەن باب ـ باراۋەر قىلغان، ئاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى
www.uyghurkitap.com

ئۇلارغا مۇنۇ ئىككى ئايەتنى ئوقۇپ بەرگەن: ’ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار‘ (3 ـ سۈرە، 103 ـ ئايەت). ’سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ؛ لېكىن ئاللاھ (ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامىلەسى بىلەن) ئۇلارنى ئىناق قىلدى. شۈبھەسىزكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر‘ (8 ـ سۈرە، 63 ـ ئايەت). بۇ تەرغىباتچى ئاندىن ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى مال ـ مۈلكىگە ئىگە بولۇشىنىڭ ئەمدى زۆرۈر بولمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ سەۋەبى يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسە باشقىلارغا ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن. ئۇ يەنە ئۇلارغا: ’بۇ — سىلەر ئۈچۈن بىر سىناق، مەن سىلەرنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىڭلارنى بىلىمەن‘ دېگەن ھەمدە ئۇلارغا پەقەت قورال ـ ياراغ بىلەن ھەربىي لازىمەتلىكلەرنىلا سېتىۋېلىشنى تاپىلىغان. بۇ — ھىجرىيىنىڭ 267 ـ يىلى (مىلادىيىنىڭ تەخمىنەن 880 ـ يىلى) دىكى ئىش. ئۇ تەرغىباتچى ھەربىر كەنتكە ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىدىن ئەۋەتىپ، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ قوي ـ كالا، مال ـ مۈلۈك ۋە زىننەت بۇيۇمى قاتارلىق ھەممە نەرسىسىنى يىغدۇرۇپ كەلگەن، كىيىمى يوقلارغا كىيىم ـ كېچەك ھەم يېتەرلىك تۇرمۇش راسخوتى بەرگەن. ئۇ يەردە نامرات ـ يوقسۇل دېگەنلەر بولمىغان، ئاجىز ۋە سائىل (تىلەمچى) دېگەنلەرمۇ بولمىغان. ھەربىر ئادەم ئۆز ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغان، تېخىمۇ يۇقىرى مەرتىۋىگە چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئىشلىگەن. ئاياللار بىر يەرگە يىغىلىپ

توقۇمچىلىق ئەمگىكىگە سېلىنغان، بالىلار ئېتىزلىقتىكى زىيان-
داش ھاشاراتلارنى قوغلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ھەق ئالىدىغان بول-
غان. ھەربىر ئادەمدە ئۆزىنىڭ خەنجىرى ۋە ئۇرۇش قورالىدىن
باشقا ھېچنېمە بولمىغان. تەرغىباتچى ھەممە ئىشنى ئورۇنلاشتۇ-
رۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەممە ئادەم قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ بۇي-
رۇق كۈتۈپ تۇرغاندا، ئۇ بىر بايرام كۈنى ئاخشىمى ئۇلارغا
بارلىق ئاياللارنى يىغىپ، ئەرلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بۇي-
رۇغان. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت ھەقىقىي
دوستلۇق ۋە قېرىنداشلىق ھېسسىياتىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئى-
بارەت ئىكەن.“

ئىسمائىلچىلارغا دائىر ماتېرىياللار ئىچىدىن ئۇلارنىڭ يۇقى-
رىقىدەك تۈزۈمنى يولغا قويغانلىقى توغرىسىدىكى پاكىتنى تېپى-
بايقىمىدۇق. لېكىن يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن ئىسمائىلچىلار
مال ـ مۈلۈك ئومۇمىيلىقىنى يولغا قويدى دېگەن ئەيىبلەشنىڭ
دەل ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئازادلىقنى تەلەپ قىلىش ئارزۇسىنى
ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكىنى، يەنە شۇنىڭدەك، ئۇلار شەھۋا-
نىيلىقنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتى دېگەن ئەيىبلەشنىڭ دەل ئۇلار-
نىڭ ئاياللارنى ئىلگىرىكىدىن يۇقىرىراق ئورۇنغا ئىگە قىلماقچى
بولغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكىنى كۆردۇق.

10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ”قەرمەتلەر“ دەپ نام چىقارغان
ئىسمائىلچىلار ھەرىكىتى كۆتۈرۈلدى. 901 ـ يىلىدىن 906 ـ
يىلىغىچە، ئىسمائىلچى قەرمەتلەرنىڭ ”قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى“
سۈرىيە، پەلەستىنلەرگە ۋە ئىككى دەريا ۋادىسىنىڭ شىمالىدىكى
رايونلارغا ھۇجۇم قىلدى. تارىخىي ماتېرىياللاردا ئىسمائىلچىلار
ھۇمۇس شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندا ئوقۇغان بۇ دۇئا خاتىرىلەپ

قويۇلغان: "ئى رەببىم! سەن خەلىپىنى، يەنى ۋارىسلىق قىلىدىغان، ئۈمىد كۆتۈشكە بولىدىغان، ئائىلىنى قۇتۇلدۇرىدىغان، زامانغا لايىقلىشىدىغان، مۆمىنلەرنىڭ داھىيسى بولىدىغان خەلىپىنى بىزنى توغرا يولغا باشلايدىغان قىلغىن! ئى رەببىم! يەر يۈزىنى ھەققانىيەت ۋە ئادالەت بىلەن تولدۇرغىن! بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزنى ھالاك قىلغىن، يوقاتقىن!"

ئەرەب قولتۇقىدىكى بەھرەين ئۆلكىسىدە يەنى ھازىرقى ھىسا شەھىرىدە كۆتۈرۈلگەن قەرمەتلەر ھەرىكىتى مۇھىم رول ئوينىغانىدى. بۇ يەر ئىنقىلابىي ھەرىكەتنى ئەۋج ئالدۇرۇشقا باب كېلىدىغان زېمىن، شۇنداقلا ئاسان كىرگىلى بولمايدىغان ئەمما دۈزىيادىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان رايون ئىدى، بۇ يەردىكى ئاھالىلەر ھەر خىل ئامىللارنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى زەڭگىلەر قوزغىلىڭىغا قاتناشقانلار ئىدى. قەرمەتلەر ھەرىكىتىنىڭ تەرغىباتچىسى 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باغدادتىن ئەۋەتىلگەن ئەمەلدارنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن بۇ رايوننىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالغانىدى. لېكىن ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇلار تىكلىگەن ھاكىمىيەتكە دائىر تارىخىي ماتېرىياللاردىن بىزنىڭ ئىگىلىگەنلىرىمىز بەكمۇ ئاز بولدى. بىزنىڭ ئاساسلانغانلىرىمىز ئاساسەن شۇ رايونغا ساياھەتكە بارغان ۋە ئىسمائىلچىلار ھەرىكىتىگە ھېسداشلىق قىلغان ئىككى سەيياھ يەتكۈزۈپ بەرگەن ماتېرىياللاردىن ئىبارەت بولدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئۇ رايونغا 10 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بارغان بولۇپ، ئۇ قەرمەتلەر دۆلىتىنى بىر خىل ئولىگارخىيە تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەت قىلىپ تەسۋىرلىگەنىدى. ئۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى ئوخشاش مەرتىۋىدىكى بىر توپ كىشىلەر ئىچىدىكى بىر مويسىپىت بولۇپ،

هۆكۇمەت ئىشلىرىنى ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىدىن تەركىب تاپقان كېڭەشنىڭ ياردىمىدە باشقۇرغانىكەن. ئۇلارنىڭ يەنە بىرى 11 ـ ئەسىردە بەھرەيندە زىيارەتتە بولغان ئىرانلىق بىر ئىسمائىلچى ئىدى. ئۇ تەمىنلىگەن ماتېرىياللار يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋاللارنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئەينى چاغدا قەرمەت جۇمھۇرىيىتىنىڭ خېلىلا گۈللەنگەنلىكىنى، ئۇنىڭ پايتەختى بولغان ھىسادا 20 مىڭدىن ئارتۇق جەڭچى بارلىقىنى، يەنە ئالتە كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر كېڭەشنىڭ ئۇ دۆلەتنى پاكلىق ۋە ئادىللىق بىلەن باشقۇرۇۋاتقانلىقىنى، كېڭەش ئەزالىرىنىڭ كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكەندە كەمتەر ۋە يېقىملىق پوزىتسىيىدە بولغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇمايدىغان ۋە روزا تۇتمايدىغانلىقىنى كۆرگەن. بۇ يەردە بىرلا مەسچىت بولۇپ، ئۇنى سۇنني مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن شەخسىلەر پۇل چىقىرىپ ياساتقانىكەن. بۇ يەردە ھېچقانداق باج ـ خىراج ۋە ئۆشرە دېگەنلەر يوق ئىكەن (ئالدىنقى سەييياھ بۇ يەردە بىرنەچچە خىل باج بارلىقىنى ئېيتقانىدى). ھېلىقى كېڭەشنىڭ قارىمىقىدا دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 30 مىڭ قارا قۇل (نېگىر قۇل) بار ئىكەن. ئەگەر بىرەر ئادەم نامرات بولسا ياكى قەرزدار بولۇپ قالسا، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ قىيىنچىلىقتىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم قىلىدىكەن. ياقا يۇرتلۇق بىر ھۈنەرۋەن ھىسا شەھىرىگە كېلىپ قالسا، كىشىلەر ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىشىغا ھەم ئىش تېپىۋېلىشىغا ياردەم قىلىدىكەن. كەمبەغەل ئائىلىلەر دۆلەتنىڭ ياردىمىدە ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلىۋالىدىكەن. ئاشلىقى بار ھەممە ئائىلە تۈگمەنلەردە ھەقسىز ئۇن تارتتۇۋالىدىكەن. سودا ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان قانۇني پۇلنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۆلەت سىرتىغا ئېلىپ چىقىشقا بولمايدىكەن. قولغا چۈشكەن ۋە ھېلىقى كېچەشىنىڭ نامى بىلەن قۇيۇلغان پۇللار ئاشۇ ئىككى سەيياھنىڭ بۇ ھاكىمىيەت توغرىسىدىكى باياناتلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىغان.

ئىسمائىلچىلارنىڭ تەرغىباتى يەمەننىڭ بەزى جايلىرىدىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان. 901 ـ يىلى بۇ مەزھەپ ئەۋەتكەن بىر تەرغىباتچى يەمەننى ئۆزىنىڭ پائالىيەت بازىسى قىلغان. ئۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا كېڭىيىپ كەتكەن. بۇ تەرغىباتچى بۇ يەردىن ھىندىستانغا، شىمالىي ئافرىقىغا ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەن. بەلكىم باشقا جايلارغىمۇ ئەۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. شىمالىي ئافرىقىغا ئەۋەتىلگەن ۋەكىللەر ئۈمىدكى تۇنىستا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكەن، شۇنىڭ بىلەن ئىمام ئۇبەيدۇللا 908 ـ يىلى ئۇ يەردە ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان ھەمدە فاتىمىيە سۇلالىسىنىڭ تۇنجى خەلىپىسى بولغان. بۇنىڭدىن شۇنى بىلىمىزكى، فاتىمىيلار نۇرغۇن جەھەتتە ئابباسىيلارنىڭ ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان. ئۇلار سۈننىيلەرگە قارشى تۇرغۇچىلارنى مەخپىي ئۇسۇل بىلەن تەشكىللىگەن ھەمدە ئىمپېرىيىنىڭ مەركىزىگە يىراق بىر ئۆلكىدە ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئۈستىدە ھەل قىلغۇچ بىر سىناق ئېلىپ بارغان. لېكىن ئۇلار تۆۋەندىكى ئىككى ئىشتا ئابباسىيلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئۇسۇللارنى قوللانغان، بۇ ئىككى ئىش ئېھتىمال بىر ـ بىرى بىلەن سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدە بولۇشى مۇمكىن. بىرىنچى، ئۇلار ئابباسىيلارغا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا كېڭەيتەلمىدى؛ ئىككىنچى، ئۇلار ئاببا سىيلارنىڭ ئەكسىچە، ئۆزلىرىنىڭ تەختكە

چىقىشىنى ھىمايە قىلغان بىر مەزھەپنىڭ داھىيلىق ئورنىنى مەڭگۈگە ساقلاپ قالدى.

فاتىمىيە سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى ئۈچ خەلىپىسىنىڭ ھاكىمىيىتى شىمالىي ئافرىقا بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. بۇ يەردە ئۇلار نۇغۇن قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. چۈنكى، بىر دۆلەتنى ياكى بىر ھۆكۈمران سۇلالىنى تىكلەش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەرتلەر مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىشقا قارشى تۇرىدىغان بىر پارتىيىنىڭ تەلىپىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. دەسلەپتە، بەزى رادىكاللار ھەمىشە ئۇلارنى ئىسمائىلچىلارنىڭ پرىنسىپىنى ئۆزگەرتىۋەتتى ۋە ئۇنىڭدىن چەتنەپ كەتتى دەپ ئەيىبلىگەندى، كېيىن يەنە مۇشۇ سەۋەبتىن فاتىمىيە سۇلالىسى بەھرەيندىكى قەرمەتلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. بۇ ئىككى سۇلالە تۆتىنچى خەلىپە مۇئىز (931 — 975 - يىللىرى) نىڭ ئۈچ قېتىملىق سىنىقىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن ئاندىن شەرققە كېڭىيىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

مۇئىز 969 - يىلى مىسىرنى ئىستېلا قىلدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇ ئۇزاق ۋاقىت تەييارلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەندى، جۇملىدىن كۆپلىگەن مەخپىي ئەلچىلەر ۋە تەرغىباتچىلارنى ئەۋەتىپ مىسىر خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىرادىسىنى بىخۇتلاشتۇرۇپ، مىسىرنى ئىستېلا قىلىشقا يول ھازىرلىغانىدى. فاتىمىلار مىسىرنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن قەرمەتلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. بۇ چاغدا قەرمەتلەر بۇ ئىككى ھاكىمىيەت ئۈچۈن ھەقىقىي خەۋپكە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئەلۋەتتە، ئۇلار كېيىنكى دەۋرلەردە يەنە فاتىمىلارغا بولغان سادىقلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەممىي ـ ساداقەتلىك بىلەن مۇئىزنىڭ كەتمىنىنى چاپقان ئىككى ئادەم بولغان: بىرىنچىسى ئۇنىڭ ھەربىي قوماندانى جەۋھەر، ئۇ ياروپا قان سىستېمىسىدىكى قۇل بولۇپ، مىسىرنى ھەقىقىي ئىستېلا قىلغۇچى دەپ قارىلاتتى. ئۇ قاھىرە شەھىرىنى بىنا قىلىپ، فاتىمىيە سۇلالىسىنىڭ پايتەختى قىلغان؛ شۇنىڭدەك ئۇلۇغ ئەزھەر جامەسىنى بىنا قىلىپ، ئۆز مەزھىپىنىڭ ئەقىدىسىنى تارقىتىدىغان مەركەز قىلغان. بىرنەچچە ئەسىردىن كېيىن، ئەزھەر جامەسى سۈننىيلارنىڭ ئۆز ئەقىدىسىنى ئوقۇتىدىغان بىلىم يۇرتىغا ئايلانغانىدى. تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۇ ھېلىمۇ ئىسلامىيەت ئىدىيىسى ۋە دىنىي تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلمەكتە. ئىككىنچىسى يەئقۇب ئىبنى كىللىس (930 — 991 ـ يىللىرى) بولۇپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەن باغدادلىق يەھۇدىي ئىدى. مۇئىز تۇنىستىكى ۋاقتىدا ئۇ مۇئىزنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن، مىسىر ئىستېلا قىلىنغان چاغلاردا مۇئىزغا ياردەمچى بولغانىدى. يەئقۇب ئىبنى كىللىس مالىيە جەھەتتە بەكمۇ تالانتلىق بولغاچقا، ئۇ تۈزۈپ چىققان باج تۈزۈمى بىلەن خەلق ئىشلىرى تۈزۈمى پۇتكۇل فاتىمىيە سۇلالىسى دەۋرىدە ئىزچىل قوللىنىلىپ كەلگەنىدى.

مىسىر ئىستېلا قىلىنغاندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، فاتىمىيلار دۆلەت زېمىنىنى كېڭەيتىش ھەرىكىتىنى باشلىغانىدى. ئۇلار پەلەستىن، سۈرىيە ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىنى ئىستېلا قىلغاندا، ئۇلارنىڭ كۈچى ۋە تەسىرى بىر مەزگىل ئابباسىيلار خەلىپىلىرىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. خەلىپە مۇستەنسىر ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋر (1036 — 1094 ـ يىللىرى) فاتىمىيلار مىسىردا تازا كۈچەيگەن دەۋر ئىدى. فاتىمىيە ئىمپېرى-

يىسىنىڭ زېمىنى بۇ چاغدا پۈتۈن شىمالىي ئافرىقىنى، مىسىرنى ستىسلىيە ئارىلىنى، سۇرىيىنى ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. 1056 — 1057 - يىللىرىدا فاتىمىيە سۇلالىسىنى قوللايدىغان بىر سەركەردە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا باغدادنى تارتىۋېلىپ، ئابباسىيلارنىڭ پايتەختىدىكى مەسچىتلەرنى ھەر جۈمە نامىزىدا ئوقۇلىدىغان خۇتبەدە فاتىمىيە سۇلالىسى خەلىپىلىرىنىڭ ھېقىقىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلغانىدى. لېكىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ باغدادتىن قوغلاپ چىقىرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، فاتىمىيە سۇلالىسىنىڭ كۈچى بارغانسېرى ئاجىزلىششقا قاراپ ماڭدى، بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئاجىزلىششى ئالدى بىلەن مۈلكىي ئەمەلدارلىق تۈزۈمىدىن باشلاندى. بۇنداق ئاجىزلىشش نەتىجىسىدە بىر قاتار ھەربىي مۇستەبىتلەر كېلىپ چىقتى، ئۇلار خۇددى ئالدىنقى بىر مەزگىلدە ئۇلارنىڭ رەقىبى باغدادتا قىلغاندەك، قاھىرە ۋە خەلىپىنى كونترول قىلىۋالدى. فاتىمىيلارنىڭ خەلىپىسى ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ، ھەربىي باش ۋالىي خالىغىنىچە نېرى - بېرى قىلىدىغان قورچاققا ئايلىنىپ قالغاندا، ئۆز مەزھەپىدىكىلەرنىڭمۇ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئاخىردا سالاھىددىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندا، مىسىردا يەنە سۈننىيلارنىڭ ئەقىدىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

فاتىمىيلارنىڭ مىسىردا يۈرگۈزگەن ھۆكۈمرانلىقى بەزى جەھەتلەردە بۇ يەردە ئىلگىرى ئۆتكەن سۇلالىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن باشقىچىرەك بولدى. فاتىمىيە سۇلالىسىنىڭ باشلىقلىرى مەڭگۈ گۇناھكار بولمايدىغان ئىمام ۋە مۇتلەق ھۆكۈمرانلاردۇر،

www.uyghurkitap.com

ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان مۇقەددەس ھوقۇق ئاللاھ ئالاھى-
دە تاللىغان جەمەتنىڭ قولىدا بولىدۇ، دەپ قارالدى. فاتىمىيە
سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قاتتىق تەبىقىچىلىك تۈزۈمىنى يولغا قوي-
غان، ھوقۇق مەركەزگە يىغىۋېلىنغان تۈزۈمدىكى ھۆكۈمەت ئى-
دى. ئۇنىڭدا دىن مەھكىمىسى، ھەربىي ئىشلار مەھكىمىسى ۋە
خەلق ئىشلىرى مەھكىمىسى دېگەن ئۈچ مەھكىمە بار ئىدى.
كېيىنكى ئىككىسى ۋەزىرنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە بولاتتى،
ۋەزىر دېگەن خەلىپىنىڭ سىزىقىدىن چىقمايدىغان مۇلكىي ئەمەل-
دار ئىدى؛ دىن مەھكىمىسى دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان بىر-
مۇنچە تەرغىباتچىدىن تەشكىل قىلىنغان ئورگان بولۇپ، باش
تەرغىباتچىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولاتتى، باش تەرغىباتچى دېگەن
كەڭ ھوقۇققا ئىگە سىياسىي ئەربابتىن بولاتتى. ئالىي مەدرىسە-
لەرنىڭ ئوقۇتۇش ۋە مەمۇرىي ئىشلىرىنى، ئىسمائىلچىلارنىڭ
تەشۋىقات ۋە تەشكىلات خىزمەتلىرىنى دىن مەھكىمىسى باشقۇرات-
تى. بۇ مەھكىمىنىڭ ئوينايدىغان رولى خۇددى ھازىرقى زاماندى-
كى بىر پارتىيە دىكتاتورىلىقىدىكى دۆلەتلەردە ھاكىمىيەت يۈرگۈ-
زۈۋاتقان پارتىيىنىڭ رولىغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتەتتى.

ئىسمائىلچىلارنىڭ تەرغىبات ئاپپاراتى نۇرغۇنلىغان تەرغى-
باتچىلارنى نامدا تېخى باغدادتىكى ئابباسىيلارنىڭ خەلىپىلىك
ھاكىمىيىتىگە تەۋە بولۇپ تۇرۇۋاتقان شەرقىي قىسمىدىكى ئۆلكى-
لەرگە ئۆزىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى تارقىتىشقا ئەۋەتكەنىدى. بىز
بۇ تەرغىبات پائالىيىتىنىڭ ھاسىل قىلغان ئەمەلىي ئۈنۈمىنى
بىرنەچچە جەھەتتىن چۈشىنىپ باقساق بولىدۇ: ئىراقتىن ھىن-
دىستان چېگرىسىغىچە بولغان زېمىندا بىر يەردە توختىسا بىر
يەردە قوزغىلىۋاتقان بىر قاتار توپىلاڭلار ئىسمائىلچى تەرغىباتچى-

لارنىڭ جانلىنىپ كەتكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىدىيىۋى تۇر-مۇشىمۇ ئۇلارنىڭ تەرغىباتىنىڭ ئىلىم تەبىقىسىدىكى ئۆزىنى تۇ-تۇۋالالمىغانلارغا قارىتا جەلپ قىلىش ۋە قىزىقتۇرۇش رولىنى ئوينىغانلىقىنى ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر بىلەن ئىسپاتلاپ بەردى.

ئىسمائىلچىلارنىڭ ئىدىيىسى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب شا-ئىرلىرىدىن مۇتەنەببى (915 — 965 - يىللار) بىلەن ئەبۇلئەلا مەئەررى (973 — 1057 - يىللىرى) گە كۈچلۈك تەسىر كۆر-سەتكەن. ئىراقتا ”بەسرە سەمىمىي قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى“ نى قۇرغان بىر تۈركۈم كىشىلەر قامۇس تۈزۈش ھەرىكىتى دېگەن بىر ھەرىكەتنى قوزغاپ، ئەينى چاغدىكى ھەرقايسى پەننى بىلىم-لەرنى مۇھاكىمە قىلىشقا دائىر 51 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. بۇ ماقالىلەردە ئىسمائىلچىلارنىڭ خاھىشى ئېنىق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ماقالىلەر ھىندىستاندىن ئىسپانىيىگىچە بولغان كەڭ رايونلاردا تارقىلىپ، كېيىنكى چاغلاردىكى يازغۇچىلارغا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ”سەمىمىي قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى“ نىڭ رەھبەرلىكىدە تەسىس قىلىنغان بەزى يېرىم مەخپىي ھالەتتىكى ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرى ئىسمائىلىيىە مەزھىپىنىڭ ئەقىدىسىنى تارقىتىشتا ياردەمچى رولىنى ئوينىغان.

فاتىمىيلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋر مىسىرنىڭ سودا ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرى گۈللەپ ياشنىغان مەزگىل ئىدى. گەرچە كېيىنكى چاغلاردا نىل دەرياسىنىڭ ئوبدان باشقۇرۇلماي قېلىشى ياكى كۆپ قېتىم ھەربىي توپىلاڭ يۈز بېرىشى سەۋەبىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا

گۈللىنىش دەۋرى بولغانىدى. چۈنكى، فاتىمىيە سۇلالىسى ھۆكۈمىتى سودىنىڭ دۆلەتنى ۋە خەلقنى بېيىتىش، دۆلەتنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش جەھەتتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى باشتىلا تونۇپ يەتكەنىدى. يەئقۇب ئىبنى كىللىس كېيىنكى ھۆكۈمرانلارنىڭ يولغا قويۇشى ئۈچۈن بىر يۈرۈش سودا تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ قويغانىدى. مىسىرنىڭ سودا ئىشلىرى بولسا فاتىمىيلار كېلىشىتىن ئىلگىرى خېلىلا ئاجىزلاپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەلۇم چەكلىمىلىككە ئىگە ئىدى. فاتىمىيلار دېھقانچىلىق ۋە ھۈنەرۋەنچىلىكنى كېڭەيتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنىمۇ ئېلىپ بارغان ھەمدە مىسىرنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئېكسپورت قىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار يەنە چەت ئەللەر بىلەن بولۇپمۇ ھىندىستان ۋە ياۋروپا بىلەن كەڭ سودا مۇناسىۋىتى ئورناتقانىدى. ئۇلار تېخى تۇنىستا تۇرغان دەسلەپكى چاغلاردىلا غەربتىكى ئىتالىيە جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن بولۇپمۇ ئامالفى، پىزا ۋە ۋېنېتسىيە قاتارلىق ئۈچ شەھەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى. ھەر خىل ماللار بېسىلغان سودا كېمىلىرى مىسىر بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى دېڭىز يوللىرىدا قاتناپ تۇراتتى. مىسىرنىڭ سودا كېمىلىرى بىلەن سودىگەرلىرى ھەتتا ئىسپانىيىگىچە قاتنايتتى. ئىسكەندەرىيە پورتى بىلەن سۇرىيىدىكى ترىپولى فاتىمىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاساسىي پورتلىرى ھەم ئەينى چاغدا دۇنياۋى مەشھۇر بازارلار ئىدى. فاتىمىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەربىي پاراخوتلىرى ئەينى چاغدا ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىسمىنى تىزگىنلەپ تۇرغانىدى.

فاتىمىيلار بارا - بارا ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى جەنۇبقا كېڭەيتىپ قىزىل دېڭىزنىڭ بويلىرىغا كەلگەندىن كېيىن، شەرق-

تىكى ھىندىستان بىلەن مۇھىم مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى. ئۇلار ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا شەرق رايونى بىلەن بولغان سودىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا پارس قولتۇقىدىن قىزىل دېڭىز تەرەپكە، بولۇپمۇ سۇداننىڭ دېڭىز بويىدىكى ئەيزاب پورتىغا يۆتكىگەنىدى. ئۇلار ۋىزانتىيە بىلەن ھەم سودا جەھەتتە ئانچە مۇھىم بولمىغان بەزى ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەنمۇ سودا ئىشلىرىنى يولغا قويغانىدى. ئىش قىلىپ، مىسىرلىق سودىگەرلەرنىڭ ئايىغى يەتكەنلىكى يەرگە ئىسمائىلچىلارنىڭ تەرغىباتچىلىرى بىللە بارغانىدى. ئۇلارنىڭ دىنىي تەرغىباتى ھىندىستاندىن ئىسپانىيىگىچە بولغان پۈتكۈل رايوندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەنىدى.

فاتىمىيلارنىڭ خەلىپىلىك دۆلىتىنىڭ ئىچكى جەھەتتە زاۋالغا قاراپ مېڭىشىغا ئەگىشىپ، ھاكىمىيەت يۇرگۇزۇۋاتقان فاتىمىيە سۇلالىسىنىڭ ئىسمائىلچىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئاجىزلىشىپ، ئاخىردا بەربات بولدى. فاتىمىيە سۇلالىسىنىڭ خەلىپىلىرى كېيىنكى چاغلاردا گەرچە مىسىرغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ سۇلالە سالاھىددىن تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلانغانغا قەدەر، ئۇلار ھوقۇقلۇق ھەربىي سەركەردىلەرنىڭ قولىدىكى قورچاق بولۇپ قالغانىدى. ئاببا سىيلار خەلىپىلىرىنىڭ سالجۇق تۈركلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان شەرقتىكى دۆلەت زېمىنىغا كەلسەك، ئىسمائىلچىلارنىڭ ئىنقىلابىي تەشكىلاتلىرى ئۇ يەرلەردە باشقا بىر خىل ئۇسۇل قوللانغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يەتتىنچى باب

## ئەرەبلەر ياۋروپادا

”ئاۋۇ چاقناپ تۇرغان كاتتا بىنالار قايسى قورغانلار؟
— خوجام، ماۋۇ قىزىل ئوردا، ئاۋۇ بىر مەسچىت.“

— «ئىبنى ئۆمەر غەزەللىرى» دىن.

ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرىكى ئەرەبلەر ئۇچۇن دېڭىز - ئوكيان دېگەنلەر ناتونۇش ئەمەس ئىدى، ئىسلام دىنىدىن بىرقانچە ئەسىر بۇرۇنلا، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدا ياشايدىغان ئاھالىلەر كېمە ياسىيالايتتى ھەمدە قىزىل دېڭىزدا ۋە ھىندى ئوكياندا قاتناپ يۇرۇپ سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. لېكىن شىمال تەرەپتىكى ئاھالىلەر، بولۇپمۇ ھىجازدىكى ۋە سۇرىيە، ئىراق چېگرىلىرىغا يېقىن يەردىكى ئەرەبلەر ئاساسەن تېخى قۇرۇقلۇق ئاھالىلىرى بولغاچقا، دېڭىز ئوكيان ۋە دېڭىز قاتنىشى دېگەنلەرنى ئانچە بىلىپ كەتمەيتتى. ئىسلام دىنىنىڭ سىرتقا كېڭىيىش يولىدىكى ئۇلۇغ ھەرىكىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئۇلارنى دېڭىزدا كېمە ھەيدەپ مېڭىش پائالىيىتىگە ماسلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلغانلىقىدۇر. يېرىم ئارالنىڭ قۇملۇقلىرىدا ياشايدىغان ئەرەبلەر مىسىر ۋە سۇرىيەدىكى دېڭىز بويلىرىنى ئىگىلىگەندىن كېيىنكى بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئۇزاق ۋاقىتلىق مەشىقنى باشتىن كەچۈرگەن قۇدرەتلىك ۋىزانتىي-

يە فلوتى بىلەن قارشىلىشىپ، خەلىپىلىك دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە سىرتقا كېڭىيىشىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ تۇپ شەرتىنى ھازىرلاش، يەنى ئوتتۇرا دېڭىزنى دېڭىز ئارمىيىسى بىلەن كونترول قىلىش ئۇچۇن غايەت زور دېڭىز فلوتىنى قۇرۇپ چىقتى.

مىسىر ۋە سۇرىيىنىڭ ئىستېلا قىلىنىشى بىلەن ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان رايون ئەرەبلەرنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىگە كىردى، بۇ رايوندا بىرمۇنچە پورت ۋە دېڭىز قاتنىشىغا پىششىق ئاھالىلەر بار ئىدى. ئىلگىرى ۋىزانتىيىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرۇپ كەلگەن ئەرەبلەر ئەمدى ئۇنىڭ دېڭىز ئارمىيىسىگىمۇ تاقابىل تۇرالايدىغان بولدى ھەم شۇنداق بولۇشى لازىم ئىدى. ۋىزانتىيىلىكلەرنىڭ 645 - يىلى دېڭىز يولى ئارقىلىق ئىسكەندىرىيىگە يېڭىۋاشتىن قايتىپ بېرىشى ۋە بۇ شەھەرنى قىسقا ۋاقىت ئىشغال قىلىۋېلىشى ئەرەبلەرگە دېڭىز ئارمىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئەسكەرتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەرھال تەدبىر قوللاندى.

ئەرەب دېڭىز فلوتىنىڭ قۇرۇلۇشى خەلىپە مۇئاۋىيە بىلەن شۇ چاغدا مىسىرغا باش ۋالىي بولۇپ تۇرغان ئابدۇللا ئىبنى سەئد ئىبنى ئەبى سەرھكە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. مۇسۇلمانلار ئىسكەندىرىيە ۋە سۇرىيە پورتلىرىدا قۇرغان دېڭىز فلوتى ناھايىتى تېزلا ئەرەبلەرنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىگە ئوخشاشلا شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۇردى. مىلادىيىنىڭ 655 - يىلى ئەرەبلەرنىڭ دېڭىز فلوتى ۋىزانتىيە دېڭىز فلوتى بىلەن ئاناتولىيە دېڭىز بويلىرىدا تۇنجى قېتىم قاتتىق جەڭ قىلدى، ئەرەبلەرنىڭ فلوتى سان جەھەتتە ئۆزىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ۋىزانتىيە فلوتىنى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇب قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاббاسىيلار سۇلالىسى خەلىپىلىكىنىڭ مەركىزىنى سۈرىيە-
دىن باغدادقا كۆچۈرگەندىن كېيىن، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئوتتۇ-
را دېڭىزغا ئەھمىيەت بېرىشنى بوشاشتۇرۇپ قويدى. لېكىن
مىسىردا ۋە شىمالىي ئافرىقىدا مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قالغان
مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلار ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئۆزىنىڭ دېڭىز فلو-
تىنى ساقلاپ، ئۇلار ئارقىلىق پۈتكۈل ئوتتۇرا دېڭىزنى كونترول
قىلىپ كەلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مىسىردىكى فاتىمىيە
سۇلالىسىگە قاراشلىق دېڭىز فلوتىدا بەش مىڭدەك جەڭچى بار
ئىكەن. مىلادىيە 9 ــ ئەسىردە ئەرەبلەرنىڭ كۈندىن ــ كۈنگە
كۆپىيىپ بېرىۋاتقان سودا كېمىلىرى ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى
مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلار ئىگىلەپ تۇرغان پورتلار بىلەن ئالاقىلى-
شىپ تۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىمالىي قىسمىدىكى خرىس-
تىئان مۇخلىسلىرى كونترول قىلىپ تۇرغان پورتلار بىلەنمۇ
ئالاقىلىشىپ تۇرغان.

يېڭى گۈللەنگەن ئەرەب فلوتى تۇنجى ئېلىپ بارغان ھەربىي
ھەرىكەت ۋىزانتىيىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىزدىكى سىپرۇس، كرىت ۋە
رودىس قاتارلىق ئاراللىرىنى ئىستېلا قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.
بۇ ئاراللار ۋىزانتىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىزدىكى
ئاساسىي بازىلىرى ئىدى. ئەرەب تارىخشۇناسلىرى بىزگە شۇنى
ئۇقتۇردىكى، دەسلەپكى چاغلاردىكى خەلىپىلەرنىڭ ھەممىسى دې-
ڭىز ئارقىلىق يۈرۈش قىلىشقا قارشى ئىدى. خەلىپە ئۆمەر
ھەربىي سەركەردىلەرنىڭ دېڭىز ئارقىلىق يۈرۈش قىلىشىنى مەن-
ئى قىلغاندا: "سىلەر مېنى ئۆزۈڭلاردىن دېڭىز ئارقىلىق ئايرى-
ۋەتمەڭلار! مەن تۆگىگە مىنىپ بېرىپ سىلەر بىلەن كۆرۈشمەك-
چى بولغاندا سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا بارالماي قالماي يەنە!"

دېگەن. 649 ـ يىلى، خەلىپە ئوسمان مۇئاۋىيىنىڭ تۇنجى قېتىم سىپرۇسنى ئىستىلا قىلىشقا بېرىشقا ئىجازەت بېرىش ۋاقتىدا خېلى ئىككىلىنەنگەندى. سىپرۇسنى مۇشۇ قېتىم ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن، ئەرەبلەر سىپرۇس ۋە كرېت ئاراللىرىنى كۆپ قېتىم ئىشغال قىلغانىدى، لېكىن ۋاقتى ھەر قېتىم قىسقىلا بولدى. ئۇمەۋىيىيە سۇلالىسى مەزگىلىدە، ئۇلار مەرمەر دېڭىزىدىكى سىزىكاس يېرىم ئارىلىنى بىر مەھەل كونترول قىلغان ۋە ئۇ يەرنى دېڭىزدىكى بازا قىلىپ تۇرۇپ، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى بولغان كونستانتىنوپولغا قۇرۇقلۇق يولى ھەم دېڭىز يولى ئارقىلىق ھۇجۇم قىلغانىدى.

ئەرەبلەرنىڭ شەرقىي ئوتتۇرا دېڭىز ئاراللىرىنى ئىشغال قىلىشى ئومۇمەن ئېيتقاندا ۋاقىتلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ سىتسىلىيە ئارىلىغا قىلغان ھۇجۇمى بولسا بەكمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئالدى بىلەن ئۇ ئارالغا مۇئاۋىيە ھۇجۇم قىلدى، ئۇ يېقىن شەرق بىلەن لىۋىيىنى ئۇ ئارالغا ھۇجۇم قىلىدىغان بازا قىلغانىدى. كېيىنكى چاغلاردىكى ھەربىي ھۇجۇمنىڭ كۆپىنچىسىدە يېقىن شەرقنى ئەمەس، بەلكى تۇنىسنى بازا قىلدى. مىلادىيىنىڭ 700 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئەرەبلەر پەنتىلارىيە ئارىلىنى ئىشغال قىلدى، بۇ ئارالنى ئىشغال قىلىشنىڭ سىتسىلىيە ئارىلىنى ئىستىلا قىلىشقا بولغان ياردىمى چوڭ ئىدى. 740 ـ يىلى ھەبىب ئىبنى ئەبۇ ئۇبەيدە قوشۇن باشلاپ بېرىپ سىراكۇزىنى قورشىۋالدى ھەمدە يەرلىك ئاھالىلەردىن ”جىزيە“ ئالدى، بۇ ئىستىلاچىلىقنىڭ تۇنجى قېتىملىق ھەل قىلغۇچ سىنىقى بولۇپ قالدى. لېكىن شىمالىي ئافرىقىدىكى بەربەرلەرنىڭ توپىلىڭى ئۇنى بۇ سىناقتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەرلەرنىڭ قوزغىلىڭىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، مەملىكەتكە قايتتى. ئۇ ئارقىدىنلا 752 — 753 - يىللىرى پەنتىلارىيە ئاردىلىغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، مۇقىم بولۇپ كەتمىگەن بىرمەھەللىك تىنچلىق دەۋرى باشلاندى. بۇ مەزگىلدە سىتسىلىيە ئارىلىدىكى ۋىزانتىيە دائىرىلىرى ئەينى چاغدا تۇنىستا ئەمەلىي مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلىرى بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىدى.

ھەقىقىي ئىستېلاچىلىق 825 - يىلى باشلاندى. ئەھۋال مۇنداق بولغانىدى: ئەينى چاغدا ۋىزانتىيىنىڭ دېڭىز ئارمىيىسى گېنېرالى يۇفېمىس بىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، پادىشاھنىڭ جازالىشىدىن قورقۇپ كەتكەنلىكتىن پادىشاھقا قارشى چىقىدۇ ۋە سىتسىلىيە ئارىلىنى بېسىۋالىدۇ. كېيىن ئۇ ۋىزانتىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىنغاچقا، ئۆزىنىڭ كېمىسى بىلەن تۇنىسقا قېچىپ بېرىپ ئەينى چاغدىكى ئەغلەب سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانى زىيادەتۇللا (817 — 838 - يىللىرى) دىن ياردەم سورايدۇ ھەمدە زىيادەتۇللانى سىتسىلىيە ئارىلىغا ئەسكەر چىقىرىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ، زىيادەتۇللا بۇ ئىشتىن سەل ئىككىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىردا يەنىلا 70 تىن 100 گىچە كېمىدىن تەركىب تاپقان بىر قوشۇننى ئەۋەتىدۇ، بۇ قوشۇن 827 - يىلى مازارانى ئىشغال قىلىدۇ. بۇ تاجاۋۇزچى قوشۇن دەسلەپتە تېزلا ئىلگىرىلىگەن بولسىمۇ يەنە بەزى ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرايدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا ئويلىمىغان بىر ئىش يۈز بېرىدۇ: ئىسپانىيىلىك بىر تۈركۈم تەۋەككۇلچىنىڭ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشى ئۇلارنى مۇشكۇل ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىر 831 - يىلى پالېرما

شەھىرىنى ئىشغال قىلىشقا ياردەملىشىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبا-
رەن، بۇ شەھەر مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بۇ ئارالغا ھۆكۈم-
رانلىق قىلغان چاغدىكى پايتەختى بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار مۇشۇ
يەرنى بازا قىلىپ تۇرۇپ سىرتقا قارىتا كېڭىيىشنى باشلايدۇ.
ۋىزانتىيە ئارمىيىسى ئەرەب ئارمىيىسى بىلەن مۇشۇ ئارالدا ۋە
ئىتالىيە چېگرىسى ئىچىدە ئۇرۇش قىلىدۇ، بۇ ئۇرۇش داۋاملى-
شىپ تاكى 895 — 896 - يىللىرىغا بارغاندا، ئۇلار تىنچلىق
سۈلھىگە ئىمزا قويىدۇ. بۇ سۈلھىگە ئاساسەن، ۋىزانتىيە سىتسى-
لىيە ئارىلىدىن ۋاز كېچىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مۇسۇلمانلار 843 -
يىلىلا مېسسىنانى ئىشغال قىلغان، ئارقىدىنلا يەنە 859 - يىلى
كاستروگىئوۋاننىنى، 878 - يىلى سىراكۇزىنى ئىشغال قىلغان-
دى. ئۇلار يەنە مۇشۇ مەزگىلدە تېخى ياۋروپا قۇرۇقلۇقىغا تاجا-
ۋۇز قىلىش غەرىزىدە بولغان ھەمدە بارى ۋە تارەنتولاردا ئىستېھ-
كام قۇرغانىدى. مۇسۇلمانلار يەنە ناپولىغا، رىمغا، ھەتتا شىما-
لىي ئىتالىيىگە قىستاپ بېرىپ، ئەينى چاغدىكى بىر پاپانى ئىككى
يىل ئولپان تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلغانىدى. 882 - يىلى ۋە
915 - يىلى مۇسۇلمانلار گۇارىگلىئانودا ئەسكەر توختىتىپ،
كامپانىيە بىلەن لازىئوغا تەھدىت سالغانىدى. بۇ قوشۇن تەمىنات
يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن سىتسىلىيە ئارىلىدىن ئەۋەتىلگەن بولۇ-
شى مۇمكىن ئىدى.

ئەرەبلەر ئىشغالىيىتىدىكى سىتسىلىيە ئارىلى دەسلەپكى
چاغلاردا تۇنىسقا قاراشلىق بولغاچقا، سىياسىي ۋە مەمۇرىيەت
جەھەتتە تۇنىس بىلەن ئالاقە قىلاتتى. ئەغلەب سۇلالىسى مۇنقەرىز
بولغان ۋە فاتىمىيە سۇلالىسى ئۇنىڭ ئورنىنى باسقاندىن كېيىن،
ئۇ ئارالغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىمۇ يېڭى ھۆكۈمرانلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قولىغا ئۆتتى. ئارالنىڭ باش ۋالىيسى ئەسلىدە شۇ يەرنى ئىگە-
لەپ تۇرغان دۆلەت تەرىپىدىن تەيىنلىنەتتى، ئەمما جىددىي پەيت-
لەردە پالېرمودىكى ئاقسۆڭەكلەرمۇ ئۆزىنىڭ باش ۋالىيسىنى ساي-
لاپ چىقسا بولىۋېرەتتى. فاتىمىيە سۇلالىسى 972 - يىلى
پايتەختنى مىسىرغا كۆچۈرگەندىن كېيىن، مەركىزىي ھۆكۈمەت
ئاجىزلىشىپ قالدى، ئۇ ئارال ئۆزىچىلا ھەسەن ئىبنى ئەلى
كەلبى جەمەتى ۋارىسلىق تۈزۈمى بويىچە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان
دۆنياغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ جەمەتنىڭ ۋارىسلىق تۈزۈمى بويىچە
ھۆكۈمرانلىق قىلىشى 1040 - يىلىغىچە داۋام قىلدى، بۇ مەز-
گىل مۇسۇلمانلارنىڭ كۆچى ۋە تەسىرى بۇ ئارالدا تازا گۈللەنگەن
مەزگىل ئىدى. 10 - ئەسىردىكى سەيياھ ئىبنى ھەۋقەل
(943 — 977 - يىللىرى) پالېرمودىن ئىبارەت بىر يەردىلا
300 مەسچىت بارلىقىنى بايقىغان، بۇ ھال مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ
ئارالغا قانچىلىك دەرىجىدە ئىچكىرىلەپ كىرگەنلىكىنى جانلىق
ئىسپاتلاپ بەردى. كېيىنكى يازغۇچىلار بىزگە ئەرەب مەدەنىيىتى-
نىڭ ئۇ يەردە گۈللىنىپ تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئۇقتۇرغانىدى.
ئەپسۇسكى، بۇ ماتېرىياللارنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىرى ناھايىتى
ئاز بولدى. ھەسەن ئىبنى ئەلى كەلبى جەمەتىنىڭ ھاكىمىيىتى
ئارالنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىقنىڭ سىتسىلىيە ئارىلى
بىلەن ئافرىقا مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇلمەي يۈز بەرگەن
ئىچكى ئۇرۇشنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن پارچىلىنىپ كەتتى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، پالېرمودىكى ئاقسۆڭەكلەر پار-
لامېنتى بۇ شەھەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى،
باشقا رايونلارغا يەرلىك ئامباللار ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بول-
دى. دەل مۇشۇ چاغدا، جەنۇبىي ئىتالىيىنى ئىگىلەپ تۇرغان

نورمانلار سىتسىلىيە ئارىلىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى بويسۇن-
دۇردى ۋە ئىشغال قىلدى. 1061 - يىلى روگېر I مېسسىنانى
ئارتىۋالدى، 1091 - يىلىغا كەلگەندە ئارالدىكى كىچىكرەك بىر-
نەچچە ئىستېھكامنى يەنىلا مۇسۇلمانلار ئىگىلەپ تۇرغاندىن تاشقى-
رى، قالغان يەرلىرىنىڭ ھەممىسى روگېر I نىڭ ھۆكۈمرانلى-
قى ئاستىغا ئۆتۈپ كەتتى. نورمانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تاكى
1194 - يىلىغىچە داۋاملاشتى، بۇ ئارىلىقتا ھەرقايسى شەھەرلەر-
دىكى زىيالىيلار تەبىقىسىنىڭ كۆپ قىسمى شىمالىي ئافرىقىغا ۋە
مىسىرغا قېچىپ كەتتى.

ئەرەبلەر سىتسىلىيە ئارىلىدا شەرقىي ئۆلكىلەردە يولغا قو-
يۇپ ئۇنۇم ھاسىل قىلغان ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىنى يولغا قوي-
دى، ئۇلار يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش ۋە تەقسىمات جەھەتتە خېلى
مۇھىم ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. بىز ئۇ يەردە
ھېلىمۇ ساقلىنىۋاتقان ئەرەبچە يەر ئىسىملىرىدىن ئەرەبلەرنىڭ
تەسىرىنىڭ چوڭقۇر بولغانلىقىنى كۆرۈۋالىمىز. سىتسىلىيە ئا-
رىلىدىكى خەلقىنىڭ ئېغىز تىلىدا ساقلىنىپ قالغان ۋە ھېلىمۇ
ئىشلىتىلىۋاتقان ئەرەبچە سۆزلەر ئۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئەھ-
مىيەت بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئەرەبلەر ئاپېلسىن،
ئۈجمە، شېكەر قومۇشى، كېۋەز، خورما قاتارلىقلارنى سىتسىلى-
يە ئارىلىغا ئېلىپ بارغان. ئۇلار بولۇپمۇ سۇغىرىش ئارقىلىق
تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتكەن، ھەتتا بۈگۈنكى سىت-
سىلىيە ئارىلى، بولۇپمۇ پالېرمودىكى ھازىرمۇ ئىشلىتىلىۋاتقان
بىر مۇنچە قۇدۇقلارنىڭ ئىسمىنى بىر ئاڭلاپلا ئۇنىڭ ئەرەبچە ئى-
كەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئەرەبلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان
مەزگىلدىكى نۇرغۇن مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى ھازىر تاپقىلى بول-

www.uyghurkitap.com

مايدىغان بولۇپ قالدى، ئۇلار يېزىپ قالدۇرغان كىتابلارنىڭ ئانچە ـ مۇنچە ۋاراقلىرىلا قالدى. سىتسىلىيىدە ئۆتكەن ئەڭ ئۇلۇغ شائىر ئىبنى ھەمدىس (1055 — 1131 ـ يىللىرى) قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسەرلىرىنىڭ ھازىر ئىسپانچە ۋە سۇرىيىچە نۇسخىسىلا قېپقالغان. سىتسىلىيىدىكى ئەرەب مەدەنىيىتى ئىزنا- لىرىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىگە مەدەنىيەت خاتىرىلەنگەن ماددىي نەرسىلەرنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكى ۋە زىيالىيلار تەبىقىسىنىڭ نورماللار بويسۇندۇرغاندىن كېيىن چەتكە كۆچۈپ كېتىشى سەۋەب بولغان، لېكىن ئاساسەن يەنىلا ئىستېلا قىلغۇچىنىڭ بۇزغۇنچى- لىق قىلغانلىقى سەۋەب بولغاندۇر.

ئەمما، نورمانلار بۇ يەردە بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەتكە تېز- دىنلا ماسلىشىپ كەتكەنىدى. ئەرەب ۋە ئىسلام دىنى ئالىملىرى نورمانلارنىڭ ئوردىلىرى ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدە ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلىگەن. مۇشرىكلىك نامى بىلەن تونۇلغان روگېر II (1130 — 1154 ـ يىللىرى) مۇسۇلمانلارنى ياخشى كۆرگەن- لىكتىن، جەنۇبىي ئىتالىيىگە ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىدا ئەرەب قوشۇنلىرىنى ۋە ئەرەبلەرنىڭ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش تېخنىكى- سىنى قوللانغان؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىناكارلىق جەھەتتىمۇ ئەرەب ئىنژېنېرلارنى ئىشقا سالغان. شۇڭا، ئۇلار يېڭىياچە بىر خىل "ئەرەب ـ نورمانچە" بىناكارلىق شەكلىنى ياراتقان. ئېھ- تىشلارغا قارىغاندا، پالېرمو خان جەمەتىنىڭ كەشتىچىلىك زاۋۇ- تى پادىشاھ تەختكە ئولتۇرغاندا كىيىدىغان بىر كىيىمنى تىككەندە ئۇنىڭغا كۇفە نۇسخىسىدىكى بىر ئەرەبچە خەتنى كەشتىلەپ چىقار- غان ۋە ئاخىرىغا ھىجرىيە يىلنامىسى — 528 ـ ھىجرىيە (تەخ- مىنەن مىلادىيىنىڭ 1133 — 1134 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ)

نىمۇ كەشتىلەپ چىققان. روگېر II ئەرەبلەرنىڭ ئادىتىنى دوراپ
ئۆزىنىڭ ئوردىسىدا بىر تۈركۈم مەدھىيىچى شائىرلارنى باققان.
كېيىنكى چاغلاردىكى بىر مۇسۇلمان يازغۇچى بۇ پادىشاھنى مەد-
ھىيىلەپ يېزىلغان بىرنەچچە مىسرا شېئىرنى بىزگە قالدۇرۇپ
قويغان ۋە بۇ مەدھىيىچى شائىرلارنى "بىر كاپىرنى مەدھىيىلەي-
مەن دەپ ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى تۆككەن" دەپ ئەيىبلىگەن ھەمدە
"ئاللاھ ئۇلارنى جەھەننەمگە تاشلىسۇن!" دېگەن. ئەرەبلەرنىڭ
ئەڭ ئۇلۇغ جۇغراپىيىشۇناسى ئىدرىس (1100 — 1165 - يىللى-
رى) روگېرنىڭ ئوردىسىدا «جۇغراپىيە تېزىسلىرى» دېگەن بىر
ئۆلمەس ئەسەرنى يېزىپ، نورمانلار پادىشاھىغا سوۋغا قىلغان،
بۇ ئەسەر بولسا "روگېرنىڭ كىتابى" دېگەن نام بىلەن جاھانغا
تونۇلغان. ئىسپانىيىلىك مۇسۇلمان سەييياھ ئىبنى جۇبەير
(1145 — 1217 - يىللىرى) بۇ ئارالنى زىيارەت قىلغاندىن
كېيىن نورماللار پادىشاھى ۋىللىيام II (1186 — 1189 - يىللى-
رى) نىڭ ئەرەبچە يېزىقنى ئوقۇيالايدىغانلىقى ۋە يازالايدىغانلى-
قىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەندە: "ئۇ مۇسۇلمانلارغا بەكمۇ ئىشىنىدى-
كەن، نۇرغۇن خىزمەتنى ئۇلارنىڭ ئىشلىشىگە تاپشۇرۇپتۇ،
ھەتتا ئۇنىڭ مەخسۇس ئاشپىزىنى باشقۇرغۇچىمۇ مۇسۇلمان
ئىكەن...، ئۇنىڭ قولى ئاستىدىكى ۋەزىرلىرى ھەم قوغدىغۇچى-
لىرى ئىچىدىمۇ مۇسۇلمانلار ئاز ئەمەس ئىكەن" دېگەن. بۇ
سەييياھ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ھەتتا پالېرمودىكى خرىس-
تىئانلار يۇرۇش - تۇرۇش ۋە كىيىم - كېچەك جەھەتتە مۇسۇل-
مانلاردىن پەرق قىلمايدىكەن ھەمدە ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدى-
كەن. نورمانلارنىڭ پادىشاھلىرى قۇيدۇرغان پۇللارنىڭ يۈزىگە
ئەرەب نۇسخىسىدىكى سۈرەتلەر ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ھىجرىيە يىلى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نامىسى چۈشۈرۈلگەنىكەن، دەسلەپتە تېخى ”لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ“ دېگەن كەلىمە چۈشۈرۈلگەنىكەن. ھۆكۈمەتنىڭ نۇرغۇن ھۆججەتلىرى، جۈملىدىن ئوردىنىڭ ھۆججەتلىرىمۇ ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغانىكەن.

كېيىنكى چاغلاردا، نورمانلاردىن كېيىنكى سۋابىئان سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە لاتىن يېزىقى ئاندىن ئەرەب يېزىقىنىڭ ئورنىنى بېسىپ ھۆكۈمەت يېزىقى بولۇپ قالغان. سىتسىلىيە ئارىلىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئەرەب يېزىقىدىكى ھۆججەتنى مىلادىيىنىڭ 1242 ـ يىللىرىدىن ئىزدەشكە بولىدۇ. ھالبۇكى، ئەرەب يېزىقى فرېدېرىخ II (1215 — 1250 ـ يىللىرى) دەۋرىدىمۇ ناھايىتى گۈللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغانىدى ھەمدە فرېدېرىخ II نىڭ شەرقتىكى ئىسلام دىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتى يەنىلا كەڭ ۋە كۈچلۈك بولغان، ھەتتا مانفرېد (1266 ـ يىلى ۋاپات بولغان) دەۋرىدىمۇ ئەرەبلەرنىڭ تەسىرى قالدۇرغان ئىزلارنى تېخى ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. فرېدېرىخ II ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا تۇرغۇزغان سىتسىلىيە مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ لوسېرا گازارمىسىدىكىلەر بەش ۋاخ ناماز ئوقۇپ تۇرغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي كونا مەدەنىيەت يوقىلىش يولىغا مېڭىۋەرگەن، 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەب يېزىقى بۇ ئارالدا يوقالغان. مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا يەرلەرگە كۆچۈپ كېتىشى ياكى دىنىدىن يېنىپ كېتىشى سەۋەبىدىن ئىسلام دىنىمۇ بۇ ئارالدا شۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئۆچكەن. ئومۇمەن ئېيتقاندا، سىتسىلىيە ئارىلىنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىنى ياۋروپاغا يەتكۈزۈش جەھەتتىكى مۇھىملىقى كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك ئۇنداق زور بولمىغان. ئۇنىڭ ئاساسى مۇۋەپپەقىيىتى فرېدېرىخ II نىڭ دەۋرىدىن باشلانغان. ئۇ ۋاقىتتا

بىر تۈركۈم تەرجىمان (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خرىستىئان دىنى بىلەن يەھۇدىي دىنىنىڭ مۇخلىسلىرىمۇ بار ئىدى) نۇرغۇنلىغان ئەرەبچە ئەسەرلەرنى، جۈملىدىن ئەرەب يېزىقىدىكى ئەسلىي ئەسەرلەرنى ۋە يۇنانچىدىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنى لاتىنچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ تەرجىمانلار ئىچىدىكى شەرق بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار مۇنەججىم①تېئودور تېبابەتچىلىك ۋە قارچىغا بېقىش ھەققىدىكى كىتابلارنى تەرجىمە قىلغان؛ يەنە داڭلىق تەرجىمان مىخائىل سكوت ئەسلىدە شوتلاندىيىلىك (ياكى ئىرلاندىيىلىك) سېھىرگەر ۋە مۇنەججىم بولۇپ، ئىسپانىيىدە ئەرەب تىلى بىلەن ئىبرىي تىلىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن سىتسىلىيە ئارىلىغا بېرىپ فرېدېرىخ Ⅱ نىڭ ئوردىسىدا تاكى ئۆلگۈچە ئۇنىڭ كەتمىنىنى چاپقان؛ يەنە فەرەج ئىبنى سالىم دېگەن يەھۇدىي دوختۇر (تېۋىپ) ئانجۇ پادىشاھى چارلىز I (1285 - يىلى ۋاپات بولغان) غا ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپالىقلار "ئەرەبلەردىن چىققان گالىنۇس" دەپ تەرىپلىگەن تېبابەت ئالىمى مۇھەممەد ئىبنى زەكەرىييا رازىنىڭ تېببىي ئىلمىغا دائىر داڭلىق بىر كىتابىنى لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىپ بەرگەن.

ئەرەبلەر ياۋروپادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ ئۇزاق داۋاملاشقان غەلىبىگە ئىسپانىيىدە ئېرىشكەن. مىلادىيە 709 - يىلى بەربەرلەر ئارمىيىسى غەربىي گوتانىڭ ھۆكۈمەتتىن يۈز ئۆرۈگەن باش ۋالىيسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئالگىسىراسقا كىرىپ ئورۇنلاشقان. كېيىنكى يىلى بەربەرلەرنىڭ سەركەردىسى تەرىفە قوشۇنىنى باشلاپ ئالگىسىراسقا ۋە ھېلىغىچە تەرىف دەپ ئاتىلىۋاتقان بىر

① "مۇنەججىم" ھازىرقى "ئاسترونوم"نىڭ كونا ئاتىلىشى. — تەرجىماندىن.

بوش جايغا ھۇجۇم قىلغان. سىناق تەرىقىسىدىكى بۇ ھەربىي مانېۋىرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئەينى ۋاقىتتا شىمالىي ئافرىقىدا تۇرۇۋاتقان ئەرەب باش ۋالىي مۇسا ئىبنى نۇسەيرنىڭ قولى ئاستىدىكى بەربەر سەركەردە تارىق ئىبنى زىيادقا ئىلھام بولغان، شۇنىڭ بىلەن تارىق ئىبنى زىياد كىچىكلىك بىر قوشۇننى باشلاپ جەبەلتارىق، كارتىيە ۋە ئالگىسىراس قاتارلىق جايلارغا بېسىپ كىرىپ ئۇ يەرلەرنى ئىشغال قىلغان، ئاندىن ئىچكى قۇرۇقلۇققا كىرىپ غەربىي گوتالارنىڭ قوشۇنىنى بىتچىت قىلىپ، قۇرتۇبە بىلەن تولېدونى ئىشغال قىلغان. لېكىن، مۇشۇ ۋاقىتتا كەلگۈچە ئىسپانىيىدە جەڭ قىلىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بەربەرلەر ئىدى. 712 ـ يىلى مۇسا ئىبنى نۇسەيرنىڭ ئۆزى ئون مىڭ كىشىلىك بىر ئەرەب قوشۇنىنى باشلاپ ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سېۋىلىيە بىلەن مېرىدانى ئىگىلىگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئەرەبلەرنىڭ ھۇجۇم بىلەن ئىلگىرىلىشى ئىنتايىن تېز بولغان. 718 ـ يىلىغىچە ئىسپانىيە يېرىم ئارىلىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەپ بولغان، تېخى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ پىرېنېي تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، فرانسىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا ئىچكىرىلەپ بارغان. ئۇلارنىڭ توسالغۇسىز ۋە ئۇدۇرۇشلۇق ئىلگىرىلىشى ئاخىر 732 ـ يىلى بولغان پۋاتىيە ئۇرۇشىدا چارلىز مارتېل رەھبەرلىك قىلغان فرانكلار تەرىپىدىن توسۇپ قېلىنغان.

ئەرەبلەر ئىستىلا قىلىشتىن ئىلگىرى، ئىسپانىيە خېلىلا ئاجىز ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنىدى. دەسلەپكى چاغلاردىكى بىر تارىخشۇناس ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى مۇنداق تەسۋىرلىگەنىدى: ”ئىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىسپانىيىنىڭ ھېچنېمىسى يوق

ئىدى“ ئەينى چاغدا، ئۇ يەردىكى كەڭ كەتكەن يەرلەرنى ئىگىلەپ تۇرغان بىر ئوچۇم يەر ئىگىلىرى سىنىپىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دېھقان قۇللار ۋە قۇللار كۆپ سانني ئىگىلەيتتى. ئوتتۇرا بۇرژۇ-ئازىيە سىنىپى ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى؛ ئې-سىلزادىلەر تەبىقىسى باج تاپشۇرماسلىق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولغاچقا، ھاياسىز ئەيش - ئىشرەت بىلەن ياشايتتى؛ تۆۋەن قاتلامدىكى كەڭ ئامما بولسا ئاچ - يالىڭاچلىق ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزەتتى ۋە مەۋجۇت ئەھۋالدىن ئىنتايىن نارازى ئىدى. يېزى-لاردىكى ئاچارچىلىقتىن قېچىپ چىققان سەرگەردان دېھقان قۇللار ۋە قۇللار نۇرغۇنلىغان توپىلاڭچىلار گۇرۇھىنى شەكىللەن-دۈرگەنىدى. 616 - يىلى كەڭ كۆلەمدە يۈز بەرگەن يېرىم ئارالدا ئولتۇرۇشلۇق يەھۇدىيلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ۋەقەسى ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەتكە يېڭى بىر نارازىلىق ئامىلىنى قوشقا-نىدى. بۇ نارازى بولغۇچىلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ھۆكۈمەت تەرەپ-تىكى ھەرقانداق ئۆزگىرىش ئۇلارغا ھېچقانداق زىيان كەلتۈر-مەيتتى، بەلكىم بۇنىڭدىن ئۇلار ئاز - تولا نەپكە ئېرىشىشى مۇمكىن ئىدى.

گوتالارنىڭ ئارمىيىسىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى زورلاپ ئەسكەرلىككە ئېلىنغان دېھقان قۇللار ئىدى، بۇنداق كىشىلەردىن تەشكىل قىلىنغان ئارمىيە ئەلۋەتتە ئىشەنچلىك بول-مايتتى. ئەرەبلەرنىڭ ھەربىي جەھەتتە دەسلەپتە قولغا كەلتۈر-گەن غەلىبىلىرى چىرىپ كەتكەن گوتا دۆلىتىنى تېزلا گۇمران قىلىۋەتتى. دېھقان قۇللار داۋاملىق ئىش تاشلىدى، يەھۇدىيلار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، چەتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلارغا تەسلىم بول-دى ھەمدە تولېدو شەھىرىنى تاجاۋۇزچىلارغا ئىككى قوللاپ تۇتتى.

www.uyghurkitap.com

ئەرەبلەرنىڭ يېڭى ھاكىمىيىتى ئەركىنلىك بېرىش ۋە كەڭ-
چىلىك قىلىش سىياسىتىنى قوللاندى، شۇ سەۋەبتىن، ئىسپانىيە
تارىخشۇناسلىرى: ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى شىمالىي قىسىم-
دىن كەلگەن فرانكلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ياخشىراق بولدى،
دەپ ھېسابلىدى. ئەرەبلەرنىڭ بۇ يەردە ياراتقان ئەڭ زور تۆھپى-
سى كونا ئاقسۆڭەكلەر ۋە پوپلار سىنىپىنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ
يەرلىرىنى يېڭىۋاشتىن تەقسىم قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت بول-
دى، بۇ ئازقىلىق ئاز يەر ئىگىلىگۈچىلەر سىنىپى دېگەن يېڭى
بىر سىنىپنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئىمكانىيەت تۇغۇلدى، بۇ سى-
نىپ مۇسۇلمان ئىسپانىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇ-
رۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. دېھقان قۇللارنىڭ ئەھۋالىدا زور
ئۆزگىرىش بولدى، بايلار سىنىپى كۆپلەپ ئىسلام دىنىغا كىر-
گەنلىكى ۋە ئەرەبلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن
نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇلۇپ قالدى.

تاجاۋۇزچى قوشۇن ئىسپانىيىنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن،
شۇ يەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ قالدى ۋە يەرلىك خەلقلەر بىلەن توي
قىلىشتى. مىلادىيە 8 ـ ئەسىردە شىمالىي ئافرىقىدا ۋە شەرقتە
بىرقانچە قېتىم يېڭىدىن ئاھالە كۆچۈرۈش ھەرىكىتى قوزغالغان-
دا، نۇرغۇنلىغان ئەرەبلەر ۋە تېخىمۇ كۆپ شىمالىي ئافرىقىلىقلار
ئىسپانىيىگە كۆچۈرۇلدى. 741 ـ يىلىغىچە، بەربەرلەر ئىسپاند-
يىدە خېلىلا كۆپىيىپ قالغانىدى. ئۇلار ئەرەبلەرگە قارشى بىر
قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك توپىلاڭ كۆتۈرگەن بولسا كېرەك،
خەلىپە ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىك سەركەردە بەلج ئىبنى بىشرى
ئىياز باشچىلىقىدا ئاساسەن سۇرىيىلىكلەردىن تەشكىل قىلىنغان
بىر ئەرەب قوشۇنىنى ئۇ يەرگە ئەۋەتتى، بۇ قوشۇن ئۇزاق يول

يۇرۇپ، 742 ـ يىلى ئىسپانىيىگە يېتىپ بېرىپ ئاندىن بۇ توپىلاڭنى ناھايىتى تېزلا تىنجىتتى. خەلىپە ئۇلارنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئىسپانىيىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى يەرلىرىنى بۇ جەڭچىلەرگە بەخشەندە قىلىپ بەردى. بۇ يېڭى مۇستەملىكىچىلەر — سۇرىيىلىكلەر ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن جەڭچىلەرنى ئىسپانىيىدە ئولتۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، سۇرىيىدە يولغا قويۇلۇۋاتقان ھەربىي تۈزۈم بويىچە ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە مەلۇم كۆلەمدىكى يەرنى تەقسىم قىلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن دەمەشقتىن كەلگەن جەڭچىلەر ئېلۋىراغا، ئېئوردانىيىدىن كەلگەن جەڭچىلەر مالەقەگە، پەلەستىنىدىن كەلگەن جەڭچىلەر سىدونىيىگە، ھومۇستىن كەلگەن جەڭچىلەر سېۋىلىيىگە، زىننەسرىندىن كەلگەن جەڭچىلەر جەييانغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بېجا بىلەن مۇرسىيىگە مىسىردىن كەلگەن جەڭچىلەر ئورۇنلاشتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىسپانىيىدىكى ئەرەبلەرنىڭ پايتەختى بولغان قۇرتۇبەدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي خىزمەت ئۆتەشكە چىقارغان چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ كەلگەنلەر ئىدى. ئۇلار ئادەتتە پۈتۈنلەي يەردىن كىرگەن كىرىمگە تايىنىپ ياشايتتى. لېكىن مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگۈچە ئەرەبلەر دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا تېخى كۆنۈپ كېتەلمىگەندى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزلىرىگە يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن جايلاردىكى بازارلاردا ئولتۇراقلىشىپ، يەرلىك دېھقان قۇللار ياكى ئورتاقچى دېھقانلارنىڭ ئالغان ھوسۇلىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشقا تايىنىپ ياشاشنى خالايتتى. بۇ كىشىلەر بىر يېڭى شەھەر ئاھالىسىنى، يەنى يەر بېجىغا تايىنىپ ياشايدىغان ئەرەب جەڭچىلەر سىنىپىنى شەكىللەندۈردى. بۇلارنى بۇ يەرنى تۈنجى قېتىم ئىستېلا قىلغان چاغدا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەرەبلەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، كىشىلەر "شاملىقلار" ياكى سۈرىيىلىكلەر دەپ ئاتىشاتتى.

بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن سۈرىيە ئاملى ئىسپانىيىدە كۆچەيدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇمەۋىييە سۇلالىسىنىڭ شاھزادىسى ئابدۇراھماننىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئىسپانىيىگە قېچىپ كېلىشى ئۈچۈن مۇۋاپىق مۇھىت ھازىرلاپ بېرىلدى. ئابدۇراھمان مۇتلەق كۆپچىلىك ئادىمى ئۇمەۋىييە سۇلالىسىگە سادىق بولغان بەلج ئىبنى بىشرى ئىيازنىڭ ئارمىيىسىدە بىرەر قۇر قۇترانقۇلۇق قىلغاندىن كېيىن، 755 - يىلى مۇنەققەرگە باردى ھەمدە ئاببىاسىيلار ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلغان يەرلىك باش ۋالىينى تېزدىن مەغلۇپ قىلدى. ئۇ 756 - يىلى قۇرتۇبەنى ئىشغال قىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئىسپانىيىدە مۇستەقىل بىر ئۇمەۋىييە سۇلالىسى قۇرۇلۇپ تاكى 1031 - يىلغىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى.

ئۇمەۋىيلەر ئىسپانىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان 1 - ئەسىر داۋالغۇپ تۇرغان بىر دەۋر بولدى، قۇرتۇبەدىكى باش ۋالىيلار دۆلەت ئىچىنى تىنچلاندۇرۇش خىزمىتى بىلەن ۋە خەلق ئارىسىدىكى نارازىلىق ئامىللىرىنىڭ ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن قارشىلىق ھەرىكىتىگە تاقابىل تۇرۇش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئەرەبلەرنىڭ كۆپ قىسمى شەھەرلەردە ئولتۇراتتى، ئۇلار ئاقسۆڭەكلەر ھەربىي رايونىغا بېقىنىدىغان چوڭ ئەمەلدارلار گۇرۇھى بولۇپ ئۇيۇشتى. يېرىم ئارالنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدا ئۇلارنىڭ كۆچى زور بولغاچقا ھۆكۈمەتكە قارىتا ئېغىر تەھدىت بولۇپ قالدى. مىلادىيىنىڭ 9 - ئەسىردە ئەرەبلەرنىڭ غەربكە كۆچۈشىنىڭ توختىشى، شۇنىڭدەك ئەرەبلەر بىلەن ئەرەبلىشىپ

كەتكەن ئىسپانىيىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇزلۇكسىز يۇغۇرۇلۇپ بېرىشى ئارقىسىدا، ئەرەبلەرنىڭ ھەرقايسى چوڭ ئائىلىلىرىنىڭ تەسىرى بارا - بارا ئاجىزلاشتى، ئۇمەۋىييە سۇلالىسىنىڭ ئاخىر-قى مەزگىللىرىدە ئۇلار جامائەت ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينىغى-تىن قالدى. بەربەرلەر سان جەھەتتە ئەرەبلەردىن ئېشىپ كەتتى، ئۇلار تېخىمۇ زور خەتەرلىك خاراكتېرگە ئىگە ئىدى. بەربەرلەر-نىڭ كۆچۈشى تاكى 11 - ئەسىرگىچە داۋاملاشتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ سانى توختىماي كۆپەيدى. ئۇلار شەھەرلەردە بىر ئاز سانلىق بولۇپ شەكىللەندى ۋە ناھايىتى تېزلا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئەسلىدە ماراكەش-نىڭ تاغلىق رايونلىرىدا ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىلەر ئىدى. ئىسپانى-يىگە بارغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنىلا تاغلىق ئۆلكىلەردە ئولتۇراق-لاشتى، چۈنكى بۇ يەردىكى چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئۇلارغا تونۇشلۇق بولغان ھەربىي رايوننىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇلارنى بەكمۇ جەلپ قىلىۋالغانىدى. بۇ-نىڭدىن باشقا يەنە ئىسپانىيىلىك يەرلىك ئاھالىلەر بار بولۇپ، ئۇلار خرىستىئان دىنى ۋە يەھۇدىي دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى ئە-مەس، بەلكى ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەر ئىدى. بۇ يەردە ئىسلام دىنىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ياشاۋاتقان غەيرىي مۇسۇلمانلار، مەي-لى سان جەھەتتە ياكى تەشكىلىي جەھەتتە بولسۇن، ئىسلام دىنى ھۆكۈمرانلىقىدا ياشاۋاتقان باشقا ھەرقانداق جايدىكىدىن كۆپ ھەم ياخشى ئىدى. ھۆكۈمەت ئۇلارغا قارىتا ئەركىنلىك ۋە كەڭچىلىك سىياسىتىنى يولغا قويغانىدى. ئەگەر ئۇلار بىرەر خورلۇققا ئۇچ-راپ قالىدىغان بولسا، بۇنىڭ كۆپچىنىسى سىياسىي جەھەتتىكى سەۋەبتىن بولاتتى. لېكىن ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا زورلۇق ۋاسى-

تىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى جەلپ قىلىش يولى بىلەن ئۆتكۈزۈش خىزمىتى چاپسانلىق بىلەن كەڭ دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئىسپانىيىلىك مۇ-سۇلمانلار، جۇملىدىن ئەركىن ئاھالىلەر، ئازاد قىلىنغان قۇللار ۋە ئادەتتىكى قۇللار يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ قالدى. ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى دىنىغا سادىق كىشىلەرمۇ ئەرەبچىنى بەس - بەس بىلەن ئۆگىنىۋاتاتتى. 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇرتۇبەلىك ئالۋارو ئىسىملىك بىر خرىستىئان ھەسرەتلەنگەن ھالدا مۇنداق دېگەنىدى:

"بىزنىڭ دىنىمىزدىكى نۇرغۇن كىشى ئەرەبلەرنىڭ شې-ئىر - ناخشا ۋە ھېكايىلىرىنى ئوقۇماقتا. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنى ئالىملىرى ۋە پەيلاسوپلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلماقتا. ئۇلار ئەرەب ئۆلىمالىرىغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ئە-مەس، بەلكى ئۆزلىرىنى ئەرەب تىلىدا قانداق قىلىپ تېخىمۇ توغرا ۋە تېخىمۇ مۇكەممەل ئىپادىلەشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن شۇن-داق قىلماقتا. بۈگۈنكى كۈندە، ئادەتتىكى بىر ئادەمنىڭ لاتىن يېزىقىدىكى مۇقەددەس كىتابلارنى ۋە ئۇنىڭ شەرھىنى ئوقۇۋاتقان-لىقىنى كىم كۆرۈپتۇ؟ ئىنجىلنى، پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھاۋا-رىيونلىرىنىڭ[1] تەرجىمىھالىنى ئۆگىنىۋاتقانلارنى كىم كۆرۈپتۇ؟ ئەقىللىق خرىستىئان ياشلىرى ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتىدىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ؛ ئۇلار ئەرەب يېزىقىدىكى كىتابلارنى ئاك-تىپلىق بىلەن ئوقۇماقتا ۋە ئۆگەنمەكتە، قانچىلىك كۆپ مەبلەغ كېتىشىدىن ئايانماي، ئەرەب يېزىقىدىكى كىتابلارنى ساقلايدىغان

[1] ھەزرىتى ئىيسانىڭ ساھابىلىرى "ھاۋارىيون" دەپ ئاتىلاتتى. — تەرجىماندىن.

ھەيۋەتلىك كۇتۇپخانىلارنى سالماقتا، يەنە تېخى ھەممە يەردە ئە-رەب ئەدەبىياتىنى قانچە ماختىسا ماختاشقا ئەرزىيدۇ ۋاھاكازا دەپ داۋراڭ سالماقتا. مىڭلىغان خرىستىئان ياشلارنىڭ ئىچىدىن ئۆ-زىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ۋە دوست - بۇرادەرلىرىگە لاتىن يېزىقىدا چۈشىنىشلىك قىلىپ بىر پارچە خەت يازالايدىغىنىدىن بىرنى تاپقىلى بولمايدۇ. ھالبۇكى، ئەرەب يېزىقىدا ماقالە يازالايدىغان، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلالايدىغان ۋە يېزىقچىلىق جەھەتتە ئەرەب-لەردىن ئېشىپ چۈشىدىغانلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.“

تەخمىنەن مۇشۇ مەزگىللەردە بولسا كېرەك، سېۋىلىيىدىكى باش ئېپىسكوپ «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل»نى ئەرەبچىگە تەرجە-مە قىلىپ شەرھلەش لازىم، بۇنىڭدىن مەقسەت دىن تارقىتىش ئەمەس، بەلكى ئۆز مىللىتىمىزدىكى دىنداشلارنىڭ ئوقۇشىغا ئا-سانلىق تۇغدۇرۇش دەپ قارىغانىدى. نۇرغۇنلىغان خرىستىئان مۇخلىسلىرى دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ خىزمىتىگە قاتناشقان، ھەتتا ئۇمەۋىيە سۇلالىسىنىڭ بەگ - خوجىلىرىمۇ مۇھىم دىپلو-ماتىيە ۋەزىپىلىرىگە خرىستىئان ئېپىسكوپلىرىنى بەلگىلىگەنە-دى. ئەرەبچە سۆزلەيدىغان خرىستىئانلار بىلەن يەھۇدىيلار ”ئەرەبلەشكەنلەر“ دېيىلەتتى. ئىسلام دىنىغا كىرگەن كىشىلەر ئىسپانىيە تارىخىدا ”خائىن“ دەپ ئاتالغانىدى، ئەرەبلەر بولسا ئۇلارنى ئانچە كۆزگە ئىلماي، ”مۇۋەللەد“ (بېقىۋېلىنغان) دەپ ئاتايتتى.

ئابدۇراھمان II ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن 30 يىل (822 — 852 - يىللىرى) بىرقەدەر مۇقىم ئۆتكەن بىر باسقۇچ بولدى. ئۇ ئاббاسىيلار سۇلالىسىنىڭ مەمۇرىيەتنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە، قۇرتۇبە پادىشاھلىقىنى يېڭىۋاشتىن تەرتىپكە سېلىپ،

هوقۇق مەركەزگە يىغىلغان بيۇروكرات هاكىمىيەت تۈزۈمىنى ۋە ئاباسىيلارچە خانىدانلىقنى ئورناتتى ھەمدە ئەدەبىيات ئىشلىرىغا زور كۈچ بىلەن ئىلھام بېرىپ، شەرقتىن كۆپلىگەن ئالىملارنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، نۇرغۇنلىغان كىتابلارنى يىغدى. شۇنداق قىلىپ، ئىسپانىيىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ شەرقتىكى ئىسلام مەدەنىيىتى مەركىزى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتتى. شەرقتىن ئىسپانىيىگە كەلگەن مەشھۇر ئالىملار ئىچىدە ئىرانلىق مۇزىكا مۇتەخەسسىسى زىرياب بار ئىدى. ئۇ هارۇن رەشىدنىڭ ئوردىسىدا ئۆز ئۇستازىنىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچراپ ئوردىدىن چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن، قۇرتۇبەدىكى ئوردىغا كەلگەن ۋە ئاخىردا ئىسپانىيە پايتەختىدىكى يېڭى كەيپىيات، يېڭى ئادەتلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى بولۇپ قالغاندى. ئۇ ياۋروپالىقلار بىلمەيدىغان شەرق مەدەنىيىتى ئىچىدىكى نۇرغۇن مۇنەۋۋەر نەرسىلەرنى، يەنى مۇزىكىنىڭ رىتىمىدىن تارتىپ چىرايلىق پەرىجە كىيىش ۋە مەرۋايىت گۈلنى يېيىشكىچە بولغان ئىشلارنى ئىسپانىيىگە تونۇشتۇرغانىدى.

ئابدۇراهماننىڭ ۋارىسى هاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋردە، ئىچكى مالىمانچىلىق ئاساسىي جەھەتتىن تىنچىدى، ئەرەبلەر، بەربەرلەر ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئىسپانىيىلىكلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، بىردەك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاھالە بولۇپ شەكىللەندى. ئۇلار ئېپتىخارغا تولغان ئۆزگىچە سىياسىي ۋە مەدەنىيەت بىلەن كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان ئىبېرىئان (ئىسپانىيە) لاشقان يول بىلەن ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلدى.

سىياسىي بىلەن مەدەنىيەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە قاراپ ماڭغان بۇ خىل ھەرىكەت 11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۈز بەرگەن

ئىشلاردىن زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە بولدى. فاتىمىي-
لارنىڭ شىمالىي ئافرىقىدا باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە كەڭ كۆ-
لەملىك بۆلۈنۈش ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلغان غەيرىي ئەنئەن-
ۋى خەلىپىلىك دۆلىتىنىڭ تىكلىنىشى ئابدۇراھمان III
(912 — 961 - يىللىرى) نىڭ ئۆزىنى خەلىپە ۋە ئىسپانىيە
مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئالىي داھىيسى دەپ جاكارلاپ، شۇنىڭدىن ئې-
تىبارەن شەرق بىلەن بولغان ئەڭ ئاخىرقى ئالاقىنى ئۈزۈپ
تاشلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. خەلىپە ئابدۇراھمان III نىڭ ھۆ-
كۈمرانلىقى ئۇمەۋىيلەرنىڭ ئىسپانىيىدىكى ھاكىمىيىتىنىڭ ئال-
تۇن دەۋرىنىڭ باشلىنىشى بولدى، بۇ مەزگىل سىياسىي جەھەتتە
مۇقىم، ئىچكى جەھەتتە تىنچ بىر مەزگىل بولدى. ئەرەب فېئو-
داللار بىلەن تاغلىق رايوندىكى بەربەرلەرنىڭ ھەممىسى مەركىزىي
ھۆكۈمەتكە قەتئىيلىك بىلەن سادىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
بۇ باسقۇچتا، شەرقنىڭ تەسىرى ئاستا - ئاستا يوقىلىپ، باشقىچە
ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەرەب - ئىسپانىيە مەدەنىيىتى بارلىققا كەل-
دى. بۇ يەردە، قەدىمكى ئەرەب ئەنئەنىسى ئاستا - ئاستا يەرلىك
تۈسكە ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شەرق بىلەن سودا
ئىشلىرى داۋاملىشىپ تۇردى. ۋىزانتىيە بىلەن ئورنىتىلغان دىپ-
لوماتىك مۇناسىۋەت بۇ ئۇمەۋىييە ھۆكۈمىتىنىڭ قۇدرەتلىك ۋە
ئابرۇيلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ھەكەم II (961 —
976 - يىللىرى) مەدەنىيەتنى سۆيۈش، زىيالىيلارنى ئەسەر
يېزىشقا رىغبەتلەندۈرۈش بىلەنلا قالماستىن، يەنە نەچچە مىڭ
پارچە كىتابى بار چوڭ بىر كۇتۇپخانا سالدۇردى، بولۇپمۇ ئۆزى-
نىڭ ۋەزىرى (بۇ دۆلەتنىڭ ئەمەلىي ھۆكۈمرانى) مەنسۇر بىلەن
بىللە، ئابدۇراھمان III نىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ھو-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قۇق مەركەزگە يىغىلغان ھاكىمىيەت بىلەن خەلقنىڭ بىرلىكىنى چىڭىتتى.

ھىشام ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىل (976 — 1008 - يىللىرى) دە، مەنسۇرنىڭ ئۆلۈمى دۆلەتنىڭ بۆلۈنۈشىگە سەۋەب بولدى. مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ بوشاپ كېتىشى تۆۋەندىكى ئىككى گۇرۇھنىڭ كۈرىشىگە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەردى: بۇ گۇرۇھلارنىڭ بىرى بارلىق ئىسپانىيە مۇسۇلمانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان "ئاندالۇسىيىلىكلەر"، يەنە بىرى يېقىندا شىمالىي ئافرىقىدىن ئىسپانىيىگە كۆچۈپ كەلگەن بەربەرلەر ئىدى. ئۇلار ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغان ۋە ئىچكى ئۇرۇشتىن كېيىنلا ئوتتۇرىغا چىققان مالىمانچىلىق مەزگىلىدە، "سلاۋيانلار" دەپ ئاتالغان ئۈچىنچى خىل كۈچ ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. "سلاۋيان" دېگەن سۆز ئەسلىدە شەرقىي ياۋروپادىن سېتىۋېلىنغان قۇللارنى ئاتاشقا ئىشلىتىلگەنىدى، كېيىنكى چاغلاردا بولسا ئومۇمەن خەلىپىنىڭ ئوردىسىدا مۇلازىمەتچىلىك قىلىدىغان، ياۋروپا قان سىستېمىسىغا ئىگە قۇللارنى ئاتاشقا ئىشلىتىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىغان ئىتالىيانلار ۋە ئىسپانىيىنىڭ شىمالىدىكى تېخى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنمىغان خرىستىئانلار بازىسىدىن كەلگەنلەر بار ئىدى. بۇ قۇللار كىچىك چېغىدىلا بۇ يەرگە سېتىۋېتىلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان مۇسۇلمانلارغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئارمىيە ۋە ئوردىدىكى مۇھىملىقى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ باردى. ئابدۇراھمان III نىڭ زامانىدا، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ سانى 13 مىڭ 750 ئادەمگە يەتكەن ئىكەن، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى ئازاد قىلىۋېتىلگ-

ـەن ۋە مال ـ مۈلۈككە، مەرتىۋىگە ئىگە بولغانىكەن. ئۇمەۋىي-
لەرنىڭ تۈرلىرى ئەرەب فېئودالالارغا قارشى تۇرۇشتا ئۇلاردىن
پايدىلىنىپ، ئۇلار ئىچىدىن نۇرغۇن كىشىنى تاللاپ ھۆكۈمەتنىڭ
يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلىرىغا ۋە ئارمىيىدىكى رەھبەرلىك ۋە-
زىپىلىرىگە قويدى. لېكىن ئويلىمىغان يەردىن دەل مۇشۇ كىشى-
لەرنىڭ يۈز ئۆرۈشى ۋە ئۇلارنىڭ بەربەرلەر بىلەن ئۆزئارا ئۇزەڭ-
گە سوقۇشتۇرۇشى ئۇمەۋىييە سۇلالىسىنىڭ گۇمران بولۇشىنى
تېزلىتىۋەتتى.

11 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى ئىسپانىيىنىڭ سىياسىي
جەھەتتىن بۆلۈنۈش دەۋرى بولدى. بۇ دەۋردە چوڭ ـ كىچىكلىكى
ئوخشاش بولمىغان، بەربەرلەردىن، ئاندالۇسىيە (ئىسپانىيە)
لىكلەر ۋە سلاۋىيانلاردىن كېلىپ چىققان نۇرغۇن ـ نۇرغۇن
تۆرىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇلار تارىختا "كىنەزلەر" دەپ ئاتال-
دى. مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقى قوش ئا-
پەت ئېلىپ كەلدى: فرانكلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن خرىستى-
ئانلار شىمالىي تەرەپتىن بېسىپ كىرسە، بەربەرلەر جەنۇبىي
تەرەپتىن بېسىپ كىردى. 1085 ـ يىلى خرىستىئان ئىستېلاچى-
لىرىنىڭ تولېدو شەھىرىنى ئىشغال قىلىشى مۇسۇلمان ئىسپان-
يىسىگە ئەجەللىك زەربە بولدى. لېكىن، دۆلەت ئاجىزلاشقان ۋە
بۆلۈنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، "كىنەزلەر" دەۋرى يەنىلا مەدەنىيەت
گۈللەنگەن بىر دەۋر بولدى. "كىنەزلەر"نىڭ ئوردىسى بىلىم،
پەلسەپە، ئىلىم ـ پەن ۋە ئەدەبىيات قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش
مەركىزىگە ئايلاندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلىپىلىك
تۈزۈمىنىڭ يوقىلىشى شەرق بىلەن سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەت-
تە ھەقىقىي ئالاقە ئورنىتىش ئۈچۈنمۇ يول ھازىرلاپ بەردى.

"كىنەزلەر" ھاكىمىيىتى شىمالىي ئافرىقىلىق بەربەرلەرنىڭ يەنە بىر قېتىم بېسىپ كىرىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. يۈسۈپ ئىبنى تاشفىن (مۇرابىت خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى) ئىسپانىيە-لىكلەرنىڭ تەكلىپى بىلەن خرىستىئانلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىسپانىيىنى ئىشغال قىلدى. ئۇ 1086 - يىلى خرىستىئانلارنىڭ ھۇجۇمىنى بىتچىت قىلغاندىن كېيىن، بۆلۈ-نۈپ چىقىپ مۇستەقىل بولۇۋالغان ئۇششاق كىنەزلەرنى ئۆزى قۇرغان مورىس ئىمپېرىيىسىگە قوشۇۋالدى. مۇرابىت خانلىقى-نىڭ ئورنىنى ئافرىقىدا كېيىن باش كۆتۈرۈپ چىققان باشقا بىر خانلىق — مۇۋەھھىد خانلىقى ئىگىلىدى. مۇۋەھھىدلار بەربەرلەر-نىڭ بىر تارمىقى ئىدى. بۇ ئارىلىقتا خرىستىئانلار يەنىلا ئىسپانى-يىنى قايتۇرۇۋېلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى. 1195 - يىلى مۇسۇلمانلار ئالاركوس ئۇرۇشىدا ئاخىرقى قېتىملىق زور غەلىبىگە ئېرىشتى. 1212 - يىلى لاس ناۋاس دى تولوزا ئۇرۇ-شىدا مۇسۇلمانلار قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، بۇ ھال خرىس-تىئانلارنىڭ كەينى - كەينىدىن غەلىبە قىلىشىغا يول ئېچىپ بەردى. خرىستىئانلارنىڭ ھۇجۇمى 1236 - يىلى قۇرتۇبەنى ۋە 1248 - يىلى سېۋىلىيىنى ئىشغال قىلىش بىلەن دولقۇنغا كۆتۈ-رۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مۇرابىت خانلىقى يىگىمۇاشتىن يەنە بىر قانچە ئۇششاق كىنەزلىككە بۆلۈنۈپ كەتتى. 13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، خرىستىئانلار ئىسپانىيە يېرىم ئارىلىنىڭ گرانادا ئۆلكىسى بىلەن گرانادا شەھىرىدىن باشقا ھەممە يېرىنى قايتۇرۇۋالدى. گرانادا ئۆلكىسى بىلەن گرانادا شەھىرى مۇسۇل-مانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك تۇردى. ئىسپانىيە ئىسلام دىنى ئاجىزلىشىۋاتقان چاغدا، قىزىل ئوردىدىن

بىر دىنلا پارلاق نۇر چېچىلدى، بۇ خەلىپىنىڭ مەدەنىيەت يارىتىش تالانتىنىڭ ئاخىرقى شانلىق ئىپادىسى ئىدى. 1492 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، كاستىيا پادىشاھلىقى بىلەن ئاراغون پادىشاھلىقىنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى گرانادا ئۆلكىسىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي بىر يارلىق ئېلان قىلىنىپ، ئۇنىڭدا كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئىسپانىيە يېرىم ئارىلىدىن قوغلاپ چىقىرىش تەلەپ قىلىندى. ئەرەب تىلى كاتولىك دىنىغا مەجبۇرىي ئېتىقاد قىلدۇرۇلغان كىشىلەر ئارىسىدا بىر مەزگىل ئىشلىتىلگەنىدى، كېيىن بۇ كىشىلەرنىڭمۇ 17 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئافرىقىغا ھەيدەپ چىقىرىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەرەب تىلى ئىسپانىيىدە ئاخىرقى ھېسابتا يوقىتىلدى.

مۇسۇلمانلار ئىسپانىيىسى تازا گۈللەنگەن دەۋردە، ئۇ يەردە مەغرۇرلانغۇدەك بىر مەنزىرە بارلىققا كەلگەنىدى. ئەرەبلەر يېرىم ئارالنىڭ تۇرمۇشىنى نۇرغۇن جەھەتتە بېيىتقانىدى: دېھقانچىلىق جەھەتتە، ئىلمىي سۇغىرىش ئۇسۇلىنى ۋە نۇرغۇن يېڭى مېۋە سورتلىرىنى، مەسىلەن، ئاپېلسىن، كېۋەر، شېكەر قومۇشى ۋە گۈرۈچ قاتارلىقلارنى كىرگۈزگەنىدى. ئەرەبلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدىكى ئىسپانىيە دېھقانچىلىقى ئاساسەن ئەرەبلەرنىڭ يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمى جەھەتتە ئېلىپ بارغان بىرمۇنچە ئىسلاھاتىنىڭ شاراپىتىدىن راۋاج تاپقانىدى. ئۇلار يەنە توقۇمىچىلىق، فارفورچىلىق، قەغەزچىلىك، يىپەك توقۇمىچىلىق ۋە قەنت - شېكەر ئىشلەپچىقىرىشقا ئوخشاش نۇرغۇن قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرغانىدى؛ شۇنىڭدەك ئالتۇن - كۈمۈش كانلىرىغا ئوخشاش مۇھىم كانلارنى ئاچقانىدى. قۇرتۇبە،

www.uyghurkitap.com

مالەقە ۋە ئالمىرىيىنىڭ يۇڭ، يىپەك توقۇلمىلىرى، مالەقە بىلەن
ۋالېنسىيىنىڭ فارفورلىرى، قۇرتۇبە بىلەن تولېدونىڭ قورال -
ياراغلىرى، قۇرتۇبەنىڭ تېرە بۇيۇملىرى، بېسا بىلەن كالسىنا-
نىڭ گېلەملىرى ۋە شاتىبە بىلەن ۋالېنسىيىنىڭ قەغەزچىلى-
كى — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى داڭلىق ئىدى. قەغەز
ياساش تېخنىكىسىنى ئەرەبلەر يىراق شەرقتىن كىرگۈزگەنىدى.
باشقا مۇسۇلمان رايونلىرىغا ئوخشاش، توقۇمىچىلىق بۇ يەردىمۇ
ئاساسىي قول ھۈنەرى ھېسابلىناتتى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا،
پەقەت قۇرتۇبىنىڭ ئۆزىدىلا 13 مىڭ توقۇمىچىلىق ئىشچىسى
بولغانىكەن. مۇسۇلمانلار ئىسپانىيىسى شەرق بىلەن كەڭ سودا
مۇناسىۋەتتى ئورناتقانىدى. شۇڭا، ئىسپانىيىنىڭ ھەرقايسى دېڭىز
پورتلىرىدىن چىققان سودا كارۋانلىرى يەرلىك مەھسۇلاتلارنى
ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى رايونلارغا ئېلىپ باراتتى. شىمالىي
ئافرىقا (بولۇپمۇ مىسىر) ۋە كونستانتىنوپول ئۇلارنىڭ ئاساسىي
بازىرى ئىدى. ۋىزانتىيە سودىگەرلىرى ئىسپانىيىنىڭ مەھسۇلات-
لىرىنى سېتىۋېلىپ ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا
ئېلىپ بېرىپ ساتاتتى. يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە ۋە باشقا كەسىپ-
لەردە ھازىرغىچە ئىشلىتىلىۋاتقان بەزى ئەرەبچە ئاتالغۇلار بىزنى
ئەرەبلەرنىڭ تەسىرىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر بولغانلىقىنى چۈشى-
نىش ئىمكانىيىگە ئىگە قىلىدۇ. ھەتتا سىياسىي جەھەتتە يەرلىك
مەمۇرىي ئىشلار ۋە ھەربىي ئىشلارغا دائىر ئەرەبچە ئاتالغۇلار
ئىسپان تىلىدا ھېلىمۇ ئىشلىتىلىۋاتىدۇ، بۇ ھال ئەرەب مەدەنى-
يىتىنىڭ ئۇ يەردە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاي-
دۇ. 14 - ئەسىردە، سېۋىلىيە رايونىدىكى ئالكازار ئوردىسىنى
قايتۇرۇۋالغان ھېلىقى كاتولىك پادىشاھ ئۆزىنىڭ تۈھپىسىنى

تۆھپە تاختىسىغا ئەرەب يېزىقىدا: ”شەرەپ بىزنىڭ سەردارىمىز دون پېدرو سۇلتانىغا مەنسۇپ“ دەپ يېزىپ قويغان. كاتالوكلار بۇ يەرنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئۇ يەردە ئېقىۋاتقان پۇلمۇ ئەرەبچە شەكلىنى ساقلاپ كەلگەن.

مۇسۇلمانلار ئىسپانىيىسى پۈتكۈل ئەرەب كلاسسىك مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە مۇھىم تۆھپە ياراتقان. بۇ مەدەنىيەت گەرچە بىرقەدەر يىراق يەردە تۇرغان ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئەرەب مەدەنىيىتى كاتېگورىيىسىگە تەۋە ئىدى. ھەتتا قەدىمكى يۇنان مىراسلىرىمۇ شەرقتىن ئىسپانىيىدىكى ئەرەبلەرگە تارقالغان، بولۇپمۇ ئابدۇراھمان II دەۋرىدە، شەرقتىكى تەرجىمە مەركىزىدىن ئىسپانىيەگە ئېلىپ كېلىنگەن كىتابلار يەرلىك ماتېرىياللاردىنمۇ كۆپ ئېشىپ كەتكەن. ئىسپانىيىنىڭ رايون خاراكتېرلىك تەسىرى ئەرەب ناخشىلىرىدا خېلى روشەن ئىپادىلەنگەن، ئىسپانىيىلىك ئەرەبلەر بۇ جەھەتتە شەرق مۇسۇلمانلىرىغا تونۇش بولمىغان يېڭى شەكىلنى ياراتقان، ئۇنىڭ كاتولىكلار ئىسپانىيىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى شېئىر ـ نەزمىلىرىگە، ھەتتا غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. مۇسۇلمانلار ئىسپانىيىسىنىڭ گەۋدىلىك بىر تۆھپىسى ئۇنىڭ نەپىس سەنئەت ۋە بىناكارلىق جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ جەھەتلەردە يېقىن شەرق ئەرەبلىرى بىلەن ۋىزانتىيە شەكىللىرىنى ئۈلگە قىلىش ئاساسىدا شۇ جايلارنىڭ يەرلىك ئامىللىرى قوبۇل قىلىنغان ۋە بۇ ساھەلەر يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلىپ، ئۆزگە خاس ئۆزگىچىلىككە ھەم باي ئىجادچانلىققا ئىگە يېڭى بىر خىل نەپىس سەنئەت ۋە بىناكارلىق بولۇپ شەكىللەنگەن. ئابدۇراھمان I

دەۋرىدە ئۆل سېلىنغان مەشھۇر قۇرتۇبە جامەسى ئەرەبچە، ئىسپانچە شەكىللىنىڭ يېڭى باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، سېۋىلىيەدىكى گىرالدا مۇنارى ۋە ئالكازار ئوردىسى، شۇنىڭدەك گراناداكى قىزىل ئوردىغا ئوخشاش سەلتەنەتلىك بىنالار قەد كۆتۈرگەن.

پەرەز قىلىنىشقا بولىدۇكى، ئىسپانىيە تارىخشۇناسلىرى ئەرەبلەر ئىشغالىيىتىنىڭ ئىسپانىيە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا ۋە تۇزۇمىگە كۆرسەتكەن چوڭقۇر تەسىرىدىن ئانچە خۇش بولۇپ كەتكەن ئەمەس. ھازىرقى زامان ئىسپانىيە ئالىمى سانچېز ئەلبورنوز ئوبدان يېزىلغان بىر پارچە ماقالىسىدە كاتولىك ئىسپانىيىسىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ غەربىي ياۋروپاغا كىرىشىنى توسۇش ئۈچۈن ئۇزاققىچە ھوشيارلىق ھالىتىنى ساقلىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك دۆلەت زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىش جەريانىدا داۋاملىق تۈردە جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى، ھەتتا ئۆزىنىڭ نەزىرىدە ئەرەبلەرنىڭ بېسىپ كىرىشىنىڭ ئۇزاققىچە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىقىنى بايان قىلغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ ئاقىۋەت ئالدى بىلەن دۆلەتنىڭ سىياسىي جەھەتتە بۆلۈنۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان. يېرىم ئارالنىڭ ئىستېلا قىلىنىش ۋە قايتۇرۇۋېلىنىش جەريانىدا، رىملىقلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە خېلى كۆلەمگە ئىگە بولۇپ قالغان سىياسىي بىرلىك يوقالغان؛ دۆلەت زېمىنىنىڭ بىر پارچە - بىر پارچىدىن قايتۇۋېلىنىشى ئارقىسىدا، ئىسپانىيەدىكى كونا بۆلگۈنچىلەر قايتا باش كۆتۈرۈپلا قالماستىن، يەنە تېخى سىياسىي جەھەتتە كۈچەيگەن، نەتىجىدە ھوقۇقنى مەركەزگە يىغىش جەھەتتە ئىسپانىيە ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئارقىسىدا قالغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە،

ئوخشاشلا مۇھىمى شۇكى، دۆلەت زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ
جاپالىق جەريانىدا، دۆلەتنىڭ ماغدۇرىدىن كېتىشى ئىقتىسادنىڭ
ئارقىدا قېلىشىغا سەۋەب بولغان. بۇنداق ئەھۋالدا دۆلەتنىڭ
سودا - سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرغۇدەك دەرمانى قالمىغان.
ئىسپانىيە ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان ئوتتۇرا
دېڭىز — ئافرىقا دۇنياسىدىن غەربىي ياۋروپا دۇنياسىغا ئۆتكەن-
لىكتىن ئۇنىڭ سودا - سانائىتى، روشەنكى، ئۇزۇكچىلىك ھالى-
تىدە تۇرۇپ قالغان. غەربىي ياۋروپا دۇنياسىنىڭ يېڭى ئەزاسى
بولغان ئىسپانىيە تەرەققىيات جەھەتتە باشقا دۆلەتلەردىن كېيىن
قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئورنى بەك چەتتە بولۇپ قالغان.
ئۇ ئالىم ئاخىردا مۇنداق دېگەن: ”ئەرەبلەرنىڭ ئىسپانىيىگە قىل-
غان بەختسىز ھۆكۈمرانلىقى ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ
تەرەققىياتىغىلا توسالغۇ بولۇپ قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ سىياسىي
تەشكىلاتىنىڭ ساغلاملىقىغىمۇ تەسىر يەتكۈزگەن. بۇ ھۆكۈمران-
لىق تەپەككۇرغا ئەڭ باي ئىسپانىيە ئىدىيىسىدە ئېغىر ئاقىۋەتكە
ھامىلدار بولغان بىر خىل ئىنكاسنى پەيدا قىلغان.“ دۆلەت
زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىش يولىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك تىرىشچان-
لىق ئۇرۇش تەۋەككۇلچىلىكى ئىدىيىسىنى ئۆستۈردى ۋە سىيا-
سىي ئاڭنى تۆۋەنلىتىۋەتتى، بۇ ھال ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ خەلقنى
جاپاغا سېلىپ مال - مۈلۈكنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان بىر قاتار
مۇستەملىكىچىلىك ۋە كېڭەيمىچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بې-
رىشىغا سەۋەب بولدى. ئۇرۇشنىڭ دىنىي تۈسى دىنىي خادىملار-
نىڭ سانىنى ئاشۇرۇپ ۋە راھىبلار كۈچىنىڭ تەسىرىنى كېڭەي-
تىپ، ئىسپانىيىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا ئېغىر ئاپەتلەرنى كەلتۈردى.
ئىسپانىيە ئالىملىرى گايىدا: خەلىپىلىك دۆلەتنىڭ مەدەنى-

www.uyghurkitap.com

يىتىنىڭ مول مەزمۇنلۇق بولۇشىدا شەك يوق — ئەمەلىيەتتە ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئومۇملىشىۋاتقان ياۋروپا مەدەنىيىتىگە قارىغاندا مەزمۇنغا بەكمۇ باي ئىدى — لېكىن بۇ هال ئۇ ئېلىپ كەلگەن زىيانىنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايتتى؛ يەنە كېلىپ بۇ مەدەنىيەتنىڭ خېلى زور بىر قىسمى ئەرەبلەرنىڭ مەغلۇب بولۇشىغا ئەگىشىپ بۇ دۆلەتتىن كېتىپ قالغان، پەقەت ئاز قىسمىلا كاتولىك ئىسپا-نىيىسىنىڭ مەدەنىيىتىگە سىڭىپ كەتكەن؛ ئەمما كېيىنكى مەدە-نىيەتكە ئاساس بولغىنى يېرىم ئارالنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ شانلىق مەدەنىيىتى ئەمەس، بەلكى يېرىم ئارال-نىڭ شىمالىي قىسمىدىكى مۇستەقىل بولۇۋالغان كەمبەغەل - قالاق ئۇششاق كىنەزلىكلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئىدى، دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرىدۇ.

هالبۇكى، ئەرەبلەرنىڭ ئىسپانىيىگە كۆرسەتكەن تەسىرى پارسلارنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرىدەك ئۇزاق داۋام قىلمىدى. پارس يېزىقىدا، مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى تۇرمۇش توغرىسىدىكى سۆزلەر-نىڭ هەممىسى دېگۈدەك ئەرەبچە ئىدى، ئىسپان يېزىقىدا بۇ سۆز-لەرنىڭ هەممىسى لاتىنچە بولۇپ كەتكەنىدى. ئەمما، ئىسپان يېزىقىدا ساقلىنىپ قالغان، ماددىي تۇرمۇش بىلەن زىچ مۇناسى-ۋەتلىك بولغان نۇرغۇن سۆزلەر ئەرەبلەرنىڭ ئىسپانىيە ئىقتىسا-دىغا ۋە جەمئىيىتىگە، شۇنىڭدەك مەلۇم دەرىجىدە ئۇنىڭ سىيا-سىي ئىشلىرىغا زور تۆهپە قوشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. مەدەنىيەت جەهەتتە كەلسەك، شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئەرەبلەر قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسلار ئىسپانىيىگە، ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل غەربىي ياۋروپاغا نىسبەتەن مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە ئىدى. هەر-قايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن خىرىستىئانلار ئىسپانىيىگە كېلىپ

يەرلىك كىشىلەر بىلەن بىللە ئەرەبچە سۆزلەشكەن مۇسۇلمانلار
ۋە يەھۇدىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىلىم تەھسىل قى-
لىپ، نۇرغۇن ئەرەبچە كىتابلارنى لاتىنچىغا تەرجىمە قىلغانىدى.
غەربلىكلەر قەدىمكى يۇنان ئەسەرلىرىنى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئە-
رەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرى ئارقىلىق چۈشەنگەنىدى.
1085 - يىلى ئىسپانىيىلىكلەر قايتۇرۇۋالغان تولېدو شەھىرى
ئىسلام دىنى غەرب خرىستىئانلىرىغا مەدەنىيەت تارقاتقان تۇنجى
مۇھىم بازا ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ شەھەردە نۇرغۇنلىغان مۇ-
سۇلمان ئالىملار بار ئىدى، مۇسۇلمانلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان
جەنۇبىي قىسىمدىن قېچىپ كەلگەن يەھۇدىيلارمۇ بار ئىدى.
جەنۇبىي قىسىم ئۇ چاغدا دىن ئەسەبىيلىرى قۇرغان مۇۋەھھىد
خانلىقىنىڭ ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇۋاتاتتى، ئۇلار
مۇسۇلمانلار ئىسپانىيىسىدە رەھىمسىزلارچە دىنىي زىيانكەشلىك
ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇنلىغان يەھۇدىيلارنى بىرقەدەر ئەركىن تو-
لېدو شەھىرىگە قېچىپ بېرىپ ۋاقىتلىق پاناھلىنىشقا مەجبۇر
قىلغانىدى. 12 - ۋە 13 - ئەسىر ئارىلىقىدا، بولۇپمۇ كاستىيا
پادىشاھى ”ئەقىللىق ئەلفونسو“ (1252 — 1284 - يىلى) ھاكى-
مىيەت يۈرگۈزۈۋاتقاندا، تولېدو شەھىرىدىكى تەرجىمە ئاپپاراتى
يۇنانىنىڭ نۇرغۇن مەشھۇر ئەسەرلىرىنى، جۈملىدىن ئارىستوتېل-
نىڭ «لوگىكا» سىنى ۋە ئېۋكلىد، پتولېمى، گالېن، بۇقرات
قاتارلىق ئالىملارنىڭ بىرمۇنچە ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان-
دى. ئەرەبلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىزباسارلىرىنىڭ شەرھلىشى بىلەن
بۇ ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى تېخىمۇ بېيىغانىدى. تەرجىمانلار تەر-
جىمە خىزمىتىنى ئادەتتە ئىككى خىل تىل بىلىدىغان يەرلىك
كىشىلەرنىڭ ياردىمىدە ئېلىپ باراتتى، بۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەھۇدىيلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى ھەمدە يەرلىك ۋە چەت ئەللىك
ئالىملارمۇ بار ئىدى. ئېيتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى،
ئۇلار ئىچىدە يەنە دومىنگو گىندىسالۋى، يەھۇدىي دىنىدىن ئىسلام
دىنىغا كىرگەن سېۋىلىيىلىك جون بىلەن پېترۇس ئالفونسى ۋە
يەنە باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەن تەرجىمانلار، مەسىلەن، ئىتالىيە
كرېموناليق گېرارد، گېرمانىيە دالماتىيىلىك ھېرمان، برىتانىيە
باسلىق ئادېلارد، مورلايلىق دانىيېل ۋە مىخائىل سكوت قاتارلىق-
لار بار ئىدى.

ئەرەبلەر ئىسپانىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىغا، قول
ھۈنەرۋەنچىلىك تېخنىكىسىغا ۋە بۇ ئىككى خىل تېخنىكىنى ئىپا-
دىلەيدىغان سۆزلۈكلەرگە، يېرىم ئارالنىڭ سەنئىتىگە، بىناكار-
لىقىغا ۋە مۇزىكىسىغا، ھەتتا ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپا
ئىلىم - پەنلىرىگە ۋە پەلسەپىسىگە — مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى-
گە ئۆزىنىڭ تامغىسىنى بېسىپ قويغانىدى؛ ئالدى بىلەن ئۇلار
قەدىمكى دەۋردىن قالغان مىراسلارنى سەممىيلىك بىلەن قوغدى-
غان، ساقلىغان ۋە تولۇقلىغان، شۇنداق قىلىپ، غەربىي
ياۋروپانىڭ ئىلىم - پەنلىرىنى ۋە پەلسەپىسىنى بېيىتقانىدى.
شىمالىي ئافرىقىغا قوغلىۋېتىلگەن ئەرەبلەر مۇسۇلمانلار ئىسپانى-
يىسىنى ئىزچىل تۇردە ئېسىدە ساقلاپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ نۇر-
غۇنى ھېلىمۇ "ئاندالۇسىيە" ئىسمىنى ئىشلىتىپ كەلمەكتە، يەنە
كۆپلىگەنلىرى ئۆزلىرىنىڭ قۇرتۇبە ۋە سېۋىلىيىدىكى ئۆيلىرىنىڭ
ئاچقۇچلىرىنى ھېلىغىچە ساقلاپ، ئۇنى ماراكەش ۋە كاسابلانكادى-
كى ئۆيلىرىنىڭ تېمىغا ئېسىپ قويغان. يېقىنقى زاماندىن بۇيان،
مىسىر شائىرى ئەھمەد شەۋقى (1868 — 1932-يىللىرى)،
سۇرىيە ئالىمى مۇھەممەد كۇرد ئەلى (1876 — 1953 - يىللى-

رى) قاتارلىق بىرمۇنچە شەرقشۇناس ئىسپانىيىدە زىيارەتتە بول-
دى ھەمدە زىيارەت تەسىراتلىرىنى يازدى، بۇ ھال شەرقتىكى
ئەرەبلەرنىڭ ئىسپانىيىلىك قېرىنداشلارغا ئىلگىرى ناھايىتى ئۇ-
لۇغ تۆھپىلەرنى يارىتىپ بەرگەنلىكىگە بولغان دىققەتنى قوزغاپ،
مۇسۇلمانلار ئىسپانىيىسىنىڭ تارىخىنى ئەرەبلەرنىڭ مىللىي ئوي-
غىنىشىدا يېڭىۋاشتىن بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە قىلدى.

www.uyghurkitap.com

# سەككىزىنچى باب

## ئىسلام مەدەنىيىتى

”دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پەنلەر ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىندى؛ ئۇلار تۇزىتىلگەن – سىلىقلانغاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، ئۇلارنىڭ تىل گۈزەللىكى كىشىلەرنىڭ تومۇرىدا توختىماي ئېقىپ تۇرماقتا.“

—— ئەبۇ رەيھان بىرونى: «سەيىدەنا» توپلىمىدىن.

ئەرەب ئىمپېرىيىسى بىلەن ئىسلام ئىمپېرىيىسى گۈللەنگەن دەۋردە، ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرقتە يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان بىر مەدەنىيەت بارلىققا كەلدى، بۇ مەدەنىيەت ئادەتتە ئەرەب مەدەنىيىتى دەپ ئاتالدى. ئۇ تاجاۋۇزچى ئەرەبلەر قولىلۇقتىن ئېلىپ كەلگەن تەييار نەرسە ئەمەس، بەلكى ئىستېلاچىلىق دەۋرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇنى ئەرەبلەر، پارسلار، مىسىرلىقلار ۋە باشقا نۇرغۇن مىللەتلەر بىللە ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. ھەتتا ئۇ نوقۇل ئىسلام دىنىنىڭمۇ ئەمەس، چۈنكى ئۇنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشكە نۇرغۇنلىغان خرىستىئانلار، يەھۇدىيلار ۋە زوروئاستېر مۇخلىسلىرى قاتناشقان. لېكىن ئۇنى ئىپادىلەشتە ئەرەب تىل – يېزىقى ئاساسي ۋاستە بولغان، ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇش قارىشى بۇ مەدەنىيەتتە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. پەقەت مۇشۇ

ئىككى خىل نەرسە يەنى ئۇلارنىڭ يېزىقى بىلەن دىنىلا تاجاۋۇزچى ئەرەبلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا تەرەققىي تاپقان يېڭى مەدەنىيەتكە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەرەب يېزىقى سېمىت يېزىقىنىڭ بىر خىلى، يەنە كېلىپ نۇرغۇن جەھەتتە ھەممىدىن باي بىر خىلدۇر. ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرىكى ئەرەبلەر ئاددىيلا ئىپتىدائىي تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان، مائارىپى ياكى مۇنتىزىم مەدەنىيىتى تولۇق شەكىللەنمىگەن، ھېچقانداق يازما تارىخى يوق دېگۈدەك ئىپتىدائىي ئادەملەر توپى ئىدى. لېكىن ئۇلار بىر خىل شېئىر تىلىنى ۋە مەزمۇنغا باي ئالاھىدە بىر خىل رىۋايەت ـ چۆچەكنى تەرەققىي قىلدۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، گۈزەل ۋە مۇرەككەپ رىتىمگە، ئاھاڭدار-لىققا ۋە ئىستىلىستىك ئالاھىدىلىككە، شۇنىڭدەك كلاسسىك ۋە تەلەپچان شەكىلگە ئىگە بىر خىل شېئىرنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىنكى چاغلاردا كۆپ قىسىم ئەرەب شېئىر-لىرىنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ قالدى. ئۇ مول ھېسسىيات ۋە ئوبرازغا ئىگە بولغانلىقى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ تېما دائىرىسى بىرقەدەر تار ھەم چەكلىملىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ بەدەۋىيلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئەينەن ئىپادىلەپ بەردى، شاراب، مۇھەببەت، ئۇ-رۇش، ئوۋچىلىق قاتارلىقلارنى ۋە قورقۇنچلۇق تاغ ـ ئېدىر ھەم قۇملۇق مەنزىرىلىرىنى مەدھىيىلىدى، قەبىلە ئەزالىرىنىڭ كۈ-رەشتىكى باتۇرلۇقلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ رەزىل ـ پەسكەشلىكلىرىنىمۇ سۈرەتلەپ بەردى. كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنى-دەك، ئۇ بىر خىل ئابستراكت ياكى نوقۇل خىيالىي مەدەنىيەت ئەمەس.

ھەربىي كېڭەيمىچىلىك ئەرەب يېزىقىنى بىر ئىمپېرىيىنىڭ يېزىقىغا ئايلاندۇردى، ئۇزاق ئۆتمەي يەنە ئۇنى ئۇلۇغ ھەم كۆپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەزمۇنلۇق بىر خىل يېزىققا ئايلاندۇردى. ئەرەب يېزىقى مۇشۇ ئىككى خىل ئېھتىياجغا ماسلاشقانلىقتىن تەرەققىي قىلدى، ئۇنىڭ ئاز قىسمى چەتتىن كەلگەن سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغانلىقتىن تەرەققىي قىلغان بولسا، لېكىن ئاساسەن يەنىلا يېزىق ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىدىن تەرەققىي قىلدى، كونا سۆزلەرنىڭ يىلتىزىدىن يېڭى سۆزلەر ياسىلىپ، كونا سۆزلەرگە يېڭى مەنە بېرىلدى. يېڭى ياسالغان بۇنداق سۆزلەرنىڭ يىلتىزىنى نوقۇل ئەرەب تارىخى ۋە رىۋايەتلىرىدىن تاپقىلى بولىدۇ.

بۇنداق بېيىتىلگان ئەرەب يېزىقى ساپ ئەرەب پادىشاھلىقلىرى ھالاك بولغاندىن كېيىن ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە يەنىلا مەدەنىيەتنىڭ بىردىنبىر قورالى بولۇپ كەلدى. ئەرەب يېزىقىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كلاسسىك شەكىلگە ئىگە ئەرەب شېئىرلىرى ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مول ئىدىيىلەر بارلىققا كەلدى، قىسقىسى، ئەرەب ئەدەبىياتىدا، سۆز بىلەن شەكىلگە ئەھمىيەت بېرىش ئىدىيىنى ئىپادىلەشكە قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ كەلدى.

ئەرەبلەرنىڭ كېڭەيمىچىلىك ھەرىكىتىدىكى ھەقىقىي مۆجىزە ئۇلارنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى غەلىبىسى ئەمەس، بەلكى ئىستېلا قىلىنغان رايونلارنىڭ ئەرەبلىشىشىدۇر. مىلادىيە 11 - ئەسىرگىچە، ئەرەب تىلى ئىراندىن پىرېنېي تاغلىرىغىچە بولغان جايلارنىڭلا ئاساسلىق كۈندىلىك تىلى بولۇپ قالماستىن، يەنە ئاساسلىق مەدەنىيەت قورالى سۈپىتىدە، قىبتى تىلى، ئارامىي تىلى، يۇنان تىلى ۋە لاتىن تىلىغا ئوخشاش قەدىمكى زامان مەدەنىيەت تىللىرىنىڭ ئورنىنى باستى. ئەرەب يېزىقىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەرەب ئىستېلاچىلىرى بىلەن ئەرەبلەشكەن ئىستېلا قىلىنغۇچىلار

ئوتتۇرىسىدىكى چەك ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى، ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىر جەمئىيەتكە تەۋە بولدى، شۇ سەۋەبتىن، ”ئەرەب“ دېگەن بۇ نام يەنە ئىلگىرى مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنى ياكى ئىقتىساد جەھەتتە ۋە جەمئىيەتتە ھېچقانچە مۇھىملىقى قالمىغان ئاقسۆڭەكلەر ئەۋلادىنى كۆرسىتىدىغان بولدى.

ھەتتا مەڭگۈلۈك ئەرەبلىشىپ كەتكەن ئاشۇ كەڭ رايونلاردىن تاشقىرى، ئەرەب يېزىقى باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ يېزىقىغىمۇ غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. مۇسۇلمان پارسلار ۋە تۈركلەرنىڭ يېزىقلىرى، شۇنىڭدەك كېيىنكى ئۇردۇ يېزىقى، مالاي يېزىقى، سۇۋاھىلى يېزىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەرەبچە ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان يېڭى يېزىقلار بولۇپ، بۇلاردا ئەرەبچە سۆزلەر كۆپ ئىدى. ئۇلار ئىشلىتىۋاتقان ئەرەبچە سۆزلەر خۇددى ئىنگلىز تىلىدا يۇنانچە سۆزلەر بىلەن لاتىنچە سۆزلەر كۆپ بولغانغا ئوخشاش كۆپ ئىدى، يەنە كېلىپ ھەممىسى ئىدىيە ۋە ئۇقۇم جەھەتتە چېتىلىدىغان سۆزلەر ئىدى.

ئەرەب يېزىقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە كېڭىيىشى يېزىقنىڭ ئۆزى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشىنىڭ ئەھمىيىتى لاتىن يېزىقىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەربىي ياۋروپادا داۋاملىق ئىشلىتىلگەنلىكىنىڭ ئەھمىيىتىدىنمۇ چوڭ بولدى. ئەرەب يېزىقىنىڭ ئۇ مىللەتلەردە ئىشلىتىلىشىگە ئەگىشىپ، تېما تاللاش بىلەن يېزىقچىلىق جەھەتتىمۇ ئەرەب ئۇسلۇبى ۋە ئەنئەنىسى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەگەر بىز مىلادىيە 11 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى پارسلار ئەرەب يېزىقىدا يازغان شېئىرلارنى كېيىن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كى چاغلاردىكى مۇسۇلمان پارسلار ئۆزىنىڭ مۇستەقىل مەدەنىيە-
تىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەزگىلىدە پارس يېزىقى بىلەن يازغان
شېئىرلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، بۇنىڭدىن بىز
خېلى ئىلھام ئالىمىز. پارسلارنىڭ ئەرەبچە شېئىرلىرى دەسلەپكى
چاغلاردىكى ئەرەبلەر ئۆزى يازغان شېئىرغا كۆپ جەھەتتە ئوخشى-
مايدۇ، لېكىن ئۇ ئەرەبلەرنىڭ ئۇسلۇبىغا ئاساسىي جەھەتتىن
ئۇيغۇن كېلىدۇ، ھەتتا ئەرەبلەر ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ مىراسى دەپ
قارايدۇ. ئۇ كېيىنكى چاغلاردىكى پارسچە شېئىرلار ئىگە بولغان-
دەك ئېپىك ۋە لىرىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەمەس.

ئەرەب يېرىم ئارىلى ۋە ئەرەب پەيغەمبەرنىڭ مەھسۇلى بول-
غان ئىسلام دىنى بىر خىل ئېتىقاد ۋە مۇراسىم سىستېمىسىلا
بولۇپ قالماستىن، ئۇ يەنە دۆلەت، جەمئىيەت، قانۇن، ئىدىيە
ۋە سەنئەتنىڭ بىر سىستېمىسىدۇر — ئۇ دىنىنى ئۆزىنىڭ بىرلىك-
كە كەلگەن، ئاخىردا يەنە يېتەكچى ئامىلغا ئايلانغان مەدەنىيىتى
قىلغان. مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنى
كىشىلەردىن يېگى دىنغا ئىتائەت قىلىشنىلا تەلەپ قىلىپ قالماس-
تىن، يەنە ئۇلاردىن يېڭى جەمئىيەتكە — ئەمەلىيەتتە مەدىنە
ھاكىمىيىتىگە ۋە پەيغەمبەرگە، شۇنىڭدەك كېيىنكى خەلىپىلەر-
نىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا ئىتائەت قىلىشنىمۇ تەلەپ قىلدى.
ئىسلام دىنى ئەڭ دەسلەپتە ئەرەبلەرنىڭ پۇقرالىق سالاھىيىتى
ئىدى، كېيىن يەنە ئىسلام ئىمپېرىيىسى پۇقراسىنىڭ سالاھىيى-
تى بولدى. ئۇ ئىمپېرىيىنىڭ قانۇنى "شەرىئەت" دېيىلەتتى، ئۇ
بولسا قانۇنشۇناسلار «قۇرئان كەرىم» ۋە "ھەدىس"كە ئاساسەن
ئوتتۇرىغا قويغان مۇقەددەس قانۇن ئىدى. "شەرىئەت" بىر يۇ-
رۇش قانۇن توپلىمى بولۇش بىلەنلا قالماستىن، يەنە تېخى جەمئى-

يەت ۋە سىياسەت جەھەتتىمۇ بىر ھەرىكەت مىزانى، شۇنداقلا كىشىلەر ۋە پۇتكۇل جەمئىيەت تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تېگىشلىك غايىدۇر. ئىسلام دىنى ھەرقانداق بىر قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، چۈنكى قانۇن (شەرىئەت ئەھكام-لىرى) نى پەقەتلا ئاللاھ ۋەھيى قىلىپ چۈشۈرىدۇ؛ ئەمما، بىر-خىل ئادەت قانۇنى ۋە ھەق تەلەپ قانۇنى يەنى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىرادىسى بار بولۇپ، ئۇ ھەر ۋاقىت قانۇنشۇناسلارنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ غەيرىي رەسمىي رەۋىشتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مۇقەددەس ”شەرىئەت“تە تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنىڭ مىزانى بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئۇ ئېتىقاد بىلەن مۇراسىمنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، يەنە جامائەت قانۇنى (ئاساسىي قانۇن، خەلقئارا قانۇن) ۋە خۇسۇسىي قانۇن (جىنايى ئىشلار قانۇنى ۋە ھەق تەلەپ قانۇنى) نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەرىئەتنىڭ غايىۋى ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىي قانۇن جەھەتتە ھەممىدىن روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ”شەرىئەت“ بويىچە، جەمئىيەتنىڭ داھىيسى خەلىپە بولىدۇ، خەلىپە ئاللاھنىڭ تاللى-غان ۋاكالەتچىسى بولۇپ، ئۇ ھەربىي، مەمۇرىي ۋە دىنىي ئىشلار جەھەتتىكى ئالىي ھوقۇقنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ، ئۇ پەيغەمبەر روھى-نىڭ ۋە ئۇنىڭدىن قالغان ماددىي مىراسنىڭ زىيانغا ئۇچرىماسلى-قىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. خەلىپىنىڭ ئۆزىنىڭ روھىي نوپۇزى يوق. ئۇ ئەقىدىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، يېڭى ئەقىدىنىمۇ تىكلىيەلمەيدۇ؛ ئۇ روھانىيلار سىنىپىنىڭ قوللىشىغا ئىگە ئە-مەس، پەقەت ئۆلىمالار سىنىپىنىڭلا قوللىشىغا ئىگە، ئۆلىمالار-نىڭ ھوقۇقى شەرىئەتنى شەرھلەش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئەمەلى-يەتتە، مىلادىيە 9 - ئەسىردىن كېيىن خەلىپە ھەربىي ئىشلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

داھىيسى ۋە سىياسىي قارا نىيەتلەرنىڭ قورچىقىغا ئايلىنىپ قال-
غان، بۇ ھەربىي ۋە سىياسىي خادىملار ئىسلام دىنىنىڭ ئەمەلدىكى
ھۆكۈمرانلىرى بولۇپ قالغان. مىلادىيە 11 ـ ئەسىرگە كەلگەندە،
خەلىپىدىن سىرت يەنە دىندىن خالىي پادىشاھ — ”سۇلتان“ بارلىققا
كەلدى، ئۇنىڭ ھوقۇقى پاكىتقا ئايلاندى. فەقىھلەر بۇنى ئېتىراپ
قىلماي تۇرالمىدى. قانۇننى ئىجرا قىلىش جەھەتتە، بىز شۇنىڭغا
ئوخشاشلا بىر ئىشنى كۆرىمىز: ”قازى“ شەرىئەتنى ئىجرا قىلغاندا،
بىر تەرەپتە دىندىن خالىي سوت مەھكىمىسىمۇ بولغان بولىدۇ،
ئۇنىڭ كۆرۈنۈشتىكى مەقسىتى ”قازى“ سورايدىغان دەۋالار دائى-
رىسىگە كىرمەيدىغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئادىل بول-
ماي قالغان ئىشلارنى ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى ئارقىلىق تۈزە-
تىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

ئەرەبلەرنىڭ بۇ ئىككى ئىلاھىدىلىكى — يېزىق بىلەن
ئېتىقاد — خېلى بۇرۇندىن تارتىپلا چەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.
ھەتتا ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرىكى شېئىرلاردىلا چەتتىن قوبۇل
قىلىنغان سۆزلەر بار ئىدى، ئىستېلا قىلىش ئۇرۇشى يۈز بەر-
گەن مەزگىلگە كەلگەندە، چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر تېخى-
مۇ كۆپ بولغان. پارس تىلى بىلەن يۇنان تىلىدىن كىرگەن
سىياسىي تېرمىنلاردا، ئىبرىي تىلى بىلەن سۇرىيە تىلىدىن كىر-
گەن ئىلاھىيەتشۇناسلىق ۋە دىنغا دائىر تېرمىنلاردا، يۇنان تىلى-
دىن كىرگەن پەن ۋە پەلسەپە تېرمىنلىرىدا ھەرقايسى جايلاردىكى
كونا مەدەنىيەتنىڭ تۇغۇلۇۋاتقان يېڭى مەدەنىيەتكە كۆرسەتكەن
غايەت زور تەسىرى مانا مەن دەپ ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مەدەنىيەت
گۈللىنىۋاتقان مەزگىلدىكى ئىسلامىيەت جەمئىيىتى ئۇنىۋېرسال
تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى ئىدى، ئۇ كېلىش مەنبەسى ئوخشاش

بولمىغان ھەر خىل ئامىللارنى، يەنى خرىستىئان دىنى، يەھۇدىي دىنى ۋە زوروئاستېر دىنىنىڭ "پەيغەمبەر"، "قانۇنلۇق دىن"، "قىيامەتتىكى مۇكاپات ۋە جازا"، تەسەۋۋۇپچىلىق توغرىسىدىكى ئىدىيىلىرىنى، شۇنىڭدەك ساسانىيلار خانلىقى بىلەن ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ مەمۇرىي ۋە خانلىق تۈزۈملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇنىڭ ئىچىدە يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى، بولۇپمۇ پەن، پەلسەپە، سەنئەت ۋە بىناكارلىق جەھەتتىكى تەسىرى ھەممىدىن مۇھىم بولۇشى مۇمكىن، ھەتتا ئەدەبىيات جەھەتتىمۇ ئاز - تولا تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى شۇ قەدەر چوڭ بولغانكى، ئىسلام دىنىنى بەزىلەر يۇنان مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئۈچىنچى ۋارىسى دەپ تەسۋىرلىگەن، يۇنان خرىستىئانلىرى بىلەن لاتىن خرىستىئانلىرىنى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ۋارىس دەپ قارىغان. لېكىن ئىسلام دىنى قوبۇل قىلغان يۇنان مەدەنىيىتى ئارامىيلار ۋە خرىستىئان دىنىنىڭ سەۋەبىدىن يېرىم شەرقلەشكەن ۋە كېيىنكى مەزگىلگە تەۋە بولغان يېقىن شەرق يۇنان مەدەنىيىتىدۇر، بۇ خىل مەدەنىيەتنى كلاسسىك ئافېنا مەدەنىيىتىنىڭ غەربتىكى ئەھۋالىغا ئوخشاش قايتا نامايان بولۇشى دېگەندىن كۆرە، ئۇزاق قەدىمكى زامانىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى يېقىن شەرق يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ ئۇزلۇكسىز داۋاملىشىشى دېگەن تۈزۈك.

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى گەرچە ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ قەدىمكى دەۋردىكى ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئاڭسىز بىرىكىشى ئەمەس، بەلكى بىر يېڭى ئىجادىيەتتۇر. ئىجادىيەت جەريانىدا، بۇ بارلىق ئامىللار يۇغۇرۇلۇپ، يېڭى ۋە ئۆزگىچە بىر مەدەنىيەتكە ئايلىنىپ، ئەرەب - ئىسلام شەكلىدە ئوتتۇ-

رىغا چىقتى؛ بۇ يېڭى مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەردىكى مۇۋەپپەقىيىتى تونۇۋېلىشقا بولىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئەرەبلەرنىڭ ئۆزى بىلىدىغان ئالىي مۇۋەپپەقىيىتى، ۋاقىت تەرتىپى جەھەتتىن ئېيتقاندا ئەڭ دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيىتى شېئىر ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرىككەن ئىستىلىستىكىدۇر. ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرىكى شېئىر ئىجتىمائىيلىق ۋە ئاممىۋىلىق رولىغا ئىگە ئىدى، شائىر مۇھىم سىياسىي ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان بولۇپ، دائىم مەدھىيىچى ياكى ھەجۋىچى قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقاتتى. ئۇمەۋىييە سۇلالىسى دەۋرىدە، ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرىكى ئەرەبلەرنىڭ ئېغىز ئارقىلىق تارقىلىپ كەلگەن شېئىرلىرى رەتلەپ چىقىلىپ، كېيىنكى چاغلاردىكى شېئىر تەرەققىياتىنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ قالدى. ئابباسىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە، ئەرەب شېئىرلىرى نۇرغۇن غەيرىي ئەرەب شائىرلىرىنىڭ، بولۇپمۇ پارس شائىرلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن بېيىدى. بۇ پارس شائىرلىرى ئىچىدە ھەممىدىن بۇرۇن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن تالانتلىق شائىر بەششار ئىبنى بۇرد (714 — 784 ـ يىللىرى) بولدى. ئوتتۇرىغا چىققان بۇ شائىرلارنىڭ يېڭى تېمىلىرى ۋە يېڭى شەكىللىرى كونا شائىرلار بىلەن يېڭى شائىرلارنىڭ بىر قېتىملىق جىددىي ئېلىشىشىدا ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرىكى تىپلاردىن بىرمەھەل ئۈستۈن ئورۇندا تۇردى. ئەمما بۇ يېڭىلىق تەرەپدارلىرى ھۆكۈمرانلار بىلەن رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ ئەرەب ئۇسلۇبىنى ياخشى كۆرۈشىگە يول قويۇش زۆرۈرىيىتىدىن ئاخىردا يەنىلا يېڭى كلاسسىكچىلارغا ئورۇن بەردى، يېڭىلىق تەرەپدارلىرى ئىچىدىكى ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگىنى مۇتەنەببى (905 — 965 ـ يىللىرى) ئىدى، ئەرەبلەر ئۇنى شېئىرىيەتتىكى چولپان دەپ قارايتتى.

«قۇرئان كەرىم» — ئەرەبچە تۇنجى نەسرىي ئەسەردۇر. ئىسلام دىنى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەڭ دەسلەپكى بىر نەچچە ئەسىردە نەسرىي ئەسەر بىلەن نەزمىي ئەسەر زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن ئىلمىي ئەسەرلەرمۇ تەرەققىي قىلدى. ئەمرۇ ئىبنى بەھر، جاھىز (775 — 868 ـ يىللىرى) قاتارلىقلار ئەڭ ئۇلۇغ يازغۇچىلار ئىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئەڭ ئۇلۇغ ئەرەب نەسرچىلىرى ئىدى. جاھىز بەسرىلىك بىر زەنگى قۇلنىڭ نەۋرىسى ئىدى. ئۇنىڭ كۆپ خىل ماھارەتكە ئىگە بولۇشى، ئىجادچانلىقى ۋە تەسىرلىك قەلىمى ئۇنى ئەرەب مەدەنىيىتىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە قىلدى. پەن بىلەن تەتقىقات ئەسلىدىلا دىنىي خاراكتېردىكى ئىش ئىدى. گرامماتىكا بىلەن يېزىقشۇناسلىق «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىش ۋە شەرھلەش ئېھتىياجىدىن بارلىققا كەلگەن. مەدىنىلىك ئالىملارنىڭ كونا ئېقىمدىكىلىرى دىققىتىنى يىغىپ نوقۇل دىنىي پەن تەتقىقاتى — «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىش، ئەھكاملارنى يېشىش ۋە "ھەدىس"نى رەتلەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. "ھەدىس"نى رەتلەش خىزمىتى ئارقىلىق ئىسلام شەرىئىتى ۋە تارىخىي ئېقىملار بارلىققا كەلدى، شەرىئەت بىلەن تارىخ ئەمەلىيەتتە "ھەدىس"تىكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنى يېزىپ قالدۇرۇش توغرىسىدىكى ماتېرىياللار ئاساسىدا تەرەققىي قىلغاندى. شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۇرغۇزۇش تەرەققىي قىلىپ تەپسىلىي ئىسلام قانۇنلىرىغا ئايلاندى. ئەرەبلەرنىڭ تارىخىغا كەلسەك، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىدىن باشلانغانىدى؛ ئەرەبلەرنىڭ ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرىكى ئاغزاكى تارىخىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ رەتلىنىشىگە، بولۇپمۇ كېيىنكى چاغلاردىكى

پارس مۇسۇلمانلار تارقاتقان پارس ساسانىيلار سۇلالىسى ئوردا يىلنامىسىنىڭ ئۆلگىلىك رول ئوينىشىغا ئەگىشىپ، ئەرەبلەرنىڭ تارىخى زور دەرىجىدە بېيىدى. ئەرەبلەر كۈچلۈك تارىخ ئۇقۇمىغا ئىگە خەلق بولغاچقا، ناھايىتى تېزلا نۇرغۇنلىغان تارىخلارنى — دۇنيا تارىخى، يەرلىك تەزكىرە، ئائىلە شەجەرىسى، مىللەت شەجەرىسى، شۇنىڭدەك ھەر خىل ئورگانلارنىڭ تارىخى قاتارلىقلارنى يېزىپ چىقتى. ئەڭ دەسلەپكى ئەرەب تارىخى ئىپتىدائىي ماتېرىياللارنى رەتلەپ چىقىشتىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇ «ھەدىس توپلىمى» شەكلىدە يېزىپ چىقىلغانىدى، ئۇ ھەدىسنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ، شۇنىڭدەك باشقا ئىشەنچلىك رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىملىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغاندى. ئەرەبلەرنىڭ تارىخى مانا مۇشۇنداق بايان قىلىش شەكلىدىكى، بەزىدە ئىزاھلاش شەكلىدىكى رىۋايەتلەر ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان. ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ تارىخچىسى، ئېھتىمال ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ تارىخچىسى ئىبنى خەلدۇن (1332 — 1406 - يىللىرى) دەۋرىگە كەلگەندە بۇ ئىش يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

ئىسلام ئەدەبىياتى خرىستىيان دىنى بىلەن يەھۇدىي دىنىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان. بولۇپمۇ دەسلەپكى چاغلاردا، خرىستىيان دىنىنىڭ بېشارەتنامىسى ۋە يەھۇدىي دىنىنىڭ قانۇن دەستۇرلىرىدىكى ماتېرىياللار ئىسلام دىنىنىڭ "ھەدىس"لىرىگە قوشۇلۇپ قالغانىدى. ئىسلام ئەدەبىياتى ئۆزى دەسلەپتە سۇرىيە خرىستىيان دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى، كېيىنكى چاغلاردا يەنە يۇنان ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. يۇناننىڭ تەسىرى ئەرەبنىڭ پەلسەپىسىدە ۋە بارلىق پەنلىرىدە، مەسىلەن، ماتېماتى-

ىكا، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، خىمىيە، فىزىكا، مېدىتسىنا
قاتارلىق پەنلىرىدە ئاساسىي ئورۇندا ئىدى. يۇناننىڭ كىتابلىر-
نى ئەسلىي نۇسخىسىدىن ياكى سۇرىيە نۇسخىسىدىن تەرجىمە
قىلىش جەھەتتىكى غايەت زور تىرىشچانلىق 9 — 10 - ئەسىر-
لەردە يېڭى ئىلمىي تەتقىقات كەيپىياتىنىڭ شەكىللىنىشىگە سە-
ۋەب بولدى. ئىسكەندىرىيە، ئەنتاكىيە رايونلىرىدا يۇنانچە مەك-
تەپلەر داۋاملىق تۇرۇۋەرگەن؛ ساسانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى
پارسلار، ۋىزانتىيىدىن قېچىپ كەلگەن نېستورى دىنىدىكى مۇسا-
پىرلار جۇندىسابۇردا بىر پارس ئىنستىتۇتى قۇرغانىدى. تەرجىمە
ھەرىكىتى ئۇمەۋىييە سۇلالىسى زامانىدا باشلىنىپ، ئەينى چاغدا
يۇنان يېزىقى بىلەن قىبتى يېزىقىدىكى خىمىيىگە ئائىت بەزى
كىتابلار تەرجىمە قىلىنغانىدى. ئۆمەر II دەۋرىدە بەسرىلىك
ماسەرجۇۋەيھ ناملىق بىر يەھۇدىي سۇرىيىنىڭ تېبابەتكە دائىر
كىتابلىرىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىپ، ئەرەب تېبابىتىگە ئاساس
سالغانىدى. تەرجىمانلارنىڭ كۆپىنچىسى خرىستىئانلار ۋە يەھۇ-
دىيلار بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن سۇرىيىلىكلەر ئىدى. ئۇمەۋىييە
سۇلالىسى دەۋرىدە، تەرجىمە خىزمىتى تارقاق ۋە ئايرىم - ئايرىم
ئېلىپ بېرىلغانىدى؛ ئاbbاسىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە،
تەرجىمە خىزمىتى ھۆكۈمەتنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشىغا ئېرىشكەن
تەشكىللىك خىزمەتكە ئايلاندى. مىلادىيىنىڭ 9 - ئەسىرى،
بولۇپمۇ خەلىپە مەئمۇن (813 — 833 - يىللىرى) ھاكىمىيەت
يۈرگۈزگەن دەۋر تەرجىمە ھەرىكىتىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرى
بولدى. خەلىپە مەئمۇن باغدادتا بىر تەرجىمە مەكتىپى قۇرغان
ۋە ئۇنىڭدا بىر كۇتۇپخانا ۋە مەسئۇل ئورگانلارنى تەسىس قىلغان-
دى. ھەممىدىن داڭلىق تەرجىمان ھۇنەين ئىبنى ئىسھاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

(809 — 877 ـ يىللىرى) جۇندىسابۇرلۇق يەھۇدىي تېۋىپ ئىدى. ئۇ گالېننىڭ «ماقالىلەر توپلىمى» نى، بۇقراتنىڭ «ھېكمەتلىك سۆزلەر» دېگەن ئەسىرىنى ۋە باشقا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغانىدى. باشقا تەرجىمانلار ئاسترونومىيە، فىزىكا، ماتېماتىكا قاتارلىق پەنلەرنى تەتقىق قىلغان ۋە ئۇ ئەسەرلەرنى يۇنان تىلىدىن سۇرىيە تىلىغا تەرجىمە قىلغان، تېخىمۇ كۆپرەك كىتابلارنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلغانىدى. خەلىپە ئالىملارنى ھەرقايسى جايلارغا، ھەتتا ۋىزانتىيىگە بېرىپ داڭلىق قوليازما ئەسەرلەرنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدى.

دەسلەپكى دەۋرلەردىكى بۇ تەرجىمانلاردىن بەزىلەر ئۆزىمۇ ئەسەر يازغانىدى، ئەمما ئۇلار ئادەتتە يۇناننىڭ ئەسلىي ئەسەرلىرىنىڭ قىسقارتىلمىسىنى يېزىپ چىققان ۋە ئۇ ئەسەرلەرگە شەرھ يازغانىدى. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي، بىر تۈركۈم مۇسۇلمان ئىجادكارلار يېتىشىپ چىقتى، ئۇلار ئاساسەن پارسلاردىن بولۇپ، مەشھۇر زات ۋە تېۋىپ مۇھەممەد ئىبنى زەكەرىييا رازى (864 — 932 ـ يىللىرى)، تېۋىپ ۋە پەيلاسوپ ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا (980 — 1037 ـ يىللىرى)، ئەبۇ رەيھان بىرونى (973 — 1048 ـ يىللىرى) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بىرونى ئەڭ ئۇلۇغ تېۋىپ، ئاسترونوم، ماتېماتىك، فىزىك، خىمىك، جۇغراپىيىشۇناس ۋە تارىخشۇناس بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام تارىخىدا ئىجادىي روھقا باي ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ھېسابلىناتتى. تېبابەتچىلىك جەھەتتە، ئەرەبلەر يۇناننىڭ توپ تەلىماتىغا چېقىلمىدى، بەلكى ئەمەلىي كۆزىتىش ۋە داۋالاش تەجرىبىلىرى ئارقىلىق يۇناننىڭ تەلىماتىنى بېيىتتى. ماتېماتىكا، فىزىكا ۋە خىمىيە جەھەتتە ئەرەبلەرنىڭ تۆھپىسى تېخىمۇ

ئۇلۇغ ۋە ئىجادچانلىقتا تېخىمۇ باي بولدى. سىپىر ("0") نىڭ
تەتبىق قىلىنىشى ۋە ئەرەب رەقىمى دېگەنلەر گەرچە ئەرەبلەرنىڭ
ئەسلىي كەشپىياتى بولمىسىمۇ، لېكىن ئەڭ دەسلەپتە ئۇ نەرسى-
لەرنى ئەرەبلەر ماتېماتىكىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىگە كىرگۈزدى
ۋە ھىندىستاندىن ياۋروپاغا تارقاتتى. ئالگېبرا ۋە گېئومېترىيە،
بولۇپمۇ ترىگونومېترىيە دېگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ئەرەبلەر تە-
رەققىي قىلدۇردى.

پەلسەپە جەھەتتە يۇنان ئىدىيىسىنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى ئالا-
ھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ئىدىيە ئەڭ دەسلەپتە خەلىپە
مەئمۇن دەۋرىدە تونۇشتۇرۇلغانىدى، ئەينى چاغدا ئارىستوتېل
ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى ئىسلام پەلسەپىسى ۋە ئىلاھ-
ىيىتىدىكى بارلىق كۆز قاراشقا تەسىر كۆرسەتكەن ھەمدە ئىجاد-
چانلىقتا ئىگە ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ بىر قاتار ئەسەرلىرىگە
تەسىر كۆرسەتكەنىدى. بۇ مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى
كىندى (796 — 873 - يىللىرى)، مۇسۇلمان مۇتەپەككۇرلار
ئىچىدە بۇ كىشى بىردىنبىر ئەرەب ئىدى)، ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد
فارابى (873 — 950 - يىللىرى)، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ۋە
ئىبنى رۇشد (1126 — 1198 - يىللىرى) قاتارلىقلار ئىدى.

كىشىلەر ھەمىشە: شەرقلىقلەر بىر تەرەپتىن قەدىمكى يۇنان-
نىڭ ئىلىم - پەن ۋە پەلسەپە مىراسلىرىنى ناھايىتى ياخشى
ساقلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن پەقەت غەربلىكلەرلا بىلىدىغان ئەدە-
بىيات بىلەن گۈزەل سەنئەتكە سەل قارىدى، دېيىشىدۇ. بۇنداق
دېيىش تازا توغرا ئەمەس. ئەرەبلەر يۇنان ۋە رىم سەنئىتى،
بىناكارلىقىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلدى ھەم ئۇنى ئۆزىنىڭ
ئالاھىدىلىكىگە ئىگە باي مەزمۇنلۇق قىلىپ ئۆزگەرتتى. ۋىزانتى-

يە سەنئىتىدىكى ئابستراكتلىق ۋە شەكىل جەھەتتىكى خاھىشچان-
لىق ئىسلام دىنىدا كۈچەيتىلدى؛ ئىسلام دىنىنىڭ ئادەم سۈرىتى-
نى سىزىشقا قارشى تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكى ئاخىردا خەتتاتلىق
سەنئىتى بىلەن گېئومېتىرىيىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

ئىسلام سەنئىتى ئىران ۋە جۇڭگونىڭمۇ زور تەسىرىگە ئۇچ-
رىغان ھەم ئۇلاردىن نەپكىمۇ ئېرىشكەنىدى. بېزەكچىلىك ۋە
ھۈنەر ـ سەنئەت جەھەتتە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ كېلىشتۈرمىچى-
لىك تەرىپىنىمۇ، ئىجادچانلىق تەرىپىنىمۇ ئىنتايىن ئوچۇق كۆ-
رىمىز. سۈرىيىدىكى ئۇمەۋىييە سۇلالىسىدىن قالغان قەلئەلەردە
بولسۇن ياكى ئىراق ۋە مىسىرلاردىن قېزىۋېلىنغان قاچا ـ قۇچا
ھەم يادىكارلىقلاردا بولسۇن، بىز ئەرەبلەرنىڭ باشقىلارنىڭ سەن-
ئەت بۇيۇملىرىدىن، ھەتتا سەنئەتكارلىرىدىن قانداق قىلىپ ئال-
دى بىلەن پايدىلىنىپ ۋە ئۇلارغا بىرمۇبىر تەقلىد قىلىپ،
ئاخىردا ئۇ نەرسىلەرنى يۇغۇرۇپ، يېڭى ۋە ئىجادىي تەقلىدىي
بۇيۇم قىلىپ ياساپ چىققانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، ئىراقتا
تۇپىدىن قېزىۋېلىنغان 9 ـ ئەسىرگە خاس ساپال بۇيۇملار ئىچىدە
ۋىزانتىيە ۋە ساسانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئىشلەنگەن ھۈنەر ـ
سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ، ئىمپورت قىلىنغان جۇڭگو تاۋارلىرىنىڭ
ھەم يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئۇ نەرسىلەرگە تەقلىد قىلىپ ياسىغان
بۇيۇملىرىنىڭ، شۇنىڭدەك سىرتتىن كىرگۈزگەن ۋە ئەنئەنىۋى
مودېللارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ سىناق تەرىقىسىدە ياسىغان، ئان-
دىن تەرەققىي قىلدۇرغان يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ بارلىقىنى كۆرى-
مىز. ئىسلام سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن
بىرى رەڭلىرى ئوچۇق ۋە سىپتا ياسالغان داڭلىق ساپال بۇيۇملار-
دۇر، بۇ نەرسىلەر ئىسلام دىنى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە

ئىراندىن ئىسپانىيىگە تارقىلىپ بارغان. ئىسلام ئىمپېرىيىسى-
نىڭ سەنئەتكارلىرى يەنە ئوخشاش ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئال-
تۇن، ياغاچ، تاش، پىل چىشى، ئەينەك بۇيۇملارنى ياساش
سەنئىتىنى، بولۇپمۇ توقۇمىچىلىق ۋە گىلەمچىلىك سەنئىتىنى
تەرەققىي قىلدۇرغان، تەقلىد قىلىش ۋە سىناپ ياساش ئارقىلىق
باشقا مەدەنىيەتنىڭ نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزگىچە ئالا-
ھىدىلىككە ۋە روشەن ئىسلام ئۇسلۇبىغا ئىگە يېڭى مەھسۇلاتلارنى
ياساپ چىققانىدى.

قەدىمكى مەدەنىيەتلەردىن "كىتاب" توغرىسىدىكى ئۇقۇممۇ
ئەرەبلەرگە تارقىلىپ كىرىش بىلەن، ئۇلار كىتابنىڭ بىر ماددىي
جىسىم بولۇپ، نۇرغۇن بەتلەردىن تۈپلىنىپ چىقىدىغانلىقىنى،
ئۇنىڭ ئىسمى، ماۋزۇسى، بېشى ۋە ئاخىرى بولىدىغانلىقىنى،
كېيىنچە ئۇنىڭدا قىستۇرما سۈرەتلەرنىڭمۇ بولىدىغانلىقى ۋە سىپ-
تا مۇقاۋىلىنىدىغانلىقىنى بىلگەن. دەسلەپكى چاغلاردا ئەرەب ئە-
دەبىياتىدىن بىرەر پارچە ئەسەر ئېلان قىلىنسا، پەقەتلا ئېغىز
ئارقىلىق تارقىلاتتى، شۇڭا، ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان، ئېغىز
تىلى ئاما ئېتىراپ قىلغان بىردىنبىر ئېلان قىلىش شەكلى
بولۇپ كەلگەنىدى. ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدە ئەسەرنىڭ سانى-
غا بولغان ئېھتىياجنىڭ ئېشىشى نەتىجىسىدە، يازغۇچىلار كۆپىيە
يازىدىغان، ۋائىزلىق قىلىپ سۆزلەيدىغان، خاتىرە يازىدىغان،
كاتىپ ئىشلىتىدىغان، ئاخىردا كىتابنى پۈتكۈزۈپ قولدىن چىقى-
رىدىغان بولدى. مىلادىيە 8 ـ ئەسىر ئالدى ـ كەينىدە، جۇڭگو-
نىڭ قەغەزچىلىك تېخنىكىسى جۇڭگودىن ئەرەب ئەللىرىگە تارقى-
لىپ كىرىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنى زور دەرىجىدە ئىل-
گىرى سۈردى. بۇ ھال كىتابنىڭ پۈتۈپ چىقىشىغا ۋە تەننەرخى-

ننىڭ تۆۋەنلىشىگە سەۋەب بولدى. مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا بولغان تەسىر جەھەتتە، قەغەزنىڭ ئىشلىتىلىشى كېيىنكى چاغلاردىكى غەربنىڭ مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىلىشىغا ئوخشاش ئۇنۇم بەردى، شۇنداقتىمۇ بېسىلىدىغان سان ئازراق بولۇپ تۇردى.

ئىسلام دىنىنىڭ يۇنان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوبۇل قىلىشى كونا، يېڭى ئىدىيىدىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۈرەش قوزغىۋەتتى؛ بىر تەرەپتە يېڭىچە ئىلمنىڭ ئىلمي، ئەقلي خاھىشى تۇراتتى؛ يەنە بىر تەرەپتە ئىسلام ئىدىيىسىدىكى ئاتوم نەزەرىيىسى ۋە بىۋاستە كۆزىتىش نەزەرىيىسى خاھىشى تۇراتتى. كۈرەش جەريانىدا، ئىككى تەرەپتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى مول ۋە رەڭگارەڭ مەدەنىيەتلەرنى ئىجاد قىلدى، ئۇنىڭ نۇرغۇنى ئىنسانىيەت تارىخىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. كۈرەش نەتىجىسىدە، ئىسلام دىنىدىكى ئەنئەنىچىلەر كۆز قارىشى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ئىسلام دىنى دىنىي جەمئىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ پرىنسىپى قىلىپ تۇرۇپ، دىنىنىڭ ئاساسىي تەلىپىگە خىلاپ كېلىدىغان بارلىق تەلىمات ۋە ئىدىيىلەرگە قارشى تۇردى، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بۇ تەلىمات، ئىدىيىلەرنىڭ نەتىجىلىرىنى قوللاندى، ھەتتا تەجرىبە قىلىش ۋە كۆزىتىش ئارقىلىق ئۇنى تەرەققىي قىلدۇردى. ئىسمائىلچىلار — ئىسلام دىنىدىكى مەغلۇپ بولغان ئىنقىلابچىلار — ئىسلام دىنى ئىدىيىسىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يۇنانلاشتۇرۇشقا يېتەكلىگەنىدى، بۇ ھال ئۇلارنىڭ غەربچە ئادەمگەرچىلىكنى گۈللەندۈرۈپ، «قۇرئان كەرىم» دىن كېلىدىغان توسالغۇنى تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ شەرھلەش ئۇسۇلى بىلەن تۈگەتمەكچى بولغانلىقىدىن، شۇنىڭدەك شەرىئەتتىن كېلىدىغان توسالغۇنى مەڭگۈ گۇناھ ئۆتكۈزمەيدىغان ئىمامنىڭ چەكسىز ھوقۇ-

مى ئارقىلىق تۈگەتمەكچى بولغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. لېكىن ئىسمائىلچىلارنىڭ ئىنقىلابىنى قوللايدىغان كۈچ ئاجىز كېلىپ قالغانلىقتىن، ئىنقىلاب زور غەلىبە قازىنىش ئالدىدا تۇرغان پەيتتە، ئۇلار ئىنقىلابنىڭ مەغلۇب بولغانلىقىنى جاكارلىدى.

ئەگەر بىز مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلماقچى بولساق، بۇ بىر بىھۇدە ئىش بولىدۇ، ئۇنى پەقەت ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن قىلسا بولىدۇ — بۇنداق تەھلىلنى تەھلىل قىلىنغۇچى ئوبيېكتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ دېگەندىن كۆرە، تەھلىل قىلغۇچىنىڭ ئۆزىنى كۆپرەك چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، دېگەن تۈزۈك. مىللەت دېگەن ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە تارماقلىرى كۆپ بىر ئورگانىك جىسىم، ئۇنى توغرا ستاتىستىكىلىق سانلار بىلەن كۆزەتكىلى بولمايدۇ، پەقەت ئىلمىي ھۆكۈمدىلا تامامەن توغرا ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. زامان ۋە ماكان جەھەتتە بىزدىن ناھايىتى يىراقتا قالغان مەدەنىيەتنى تەھلىل قىلىش تېخىمۇ تەس، بىز ئۇنى ئاساسەن ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسىغا قاراپ چۈشىنىمىز. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولىدىغان ئاز ساندىكى ھۆكۈمرانلار سىنىپىدىن كەلگەن، ئۇلارنىڭ ئىمتىيازى يېزىقچىلىق تېخنىكىسىنى ۋە ئەدەبىيات ئىشلىرىنى مونوپول قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئادەتتىكى پۇقرالار بولسا بۇنىڭدىن پەقەتلا خەۋەرسىز قالاتتى، ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى يەنى ئىنكاسىنى پەقەت ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرلا ئاران - ئاران ئاڭلاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئەگەر بىز بۇ خىل ھالەتنى ساقلاپ قېلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا بىز ئەرەبلەرنىڭ سەنئىتى ۋە ئەدەبىياتىدىن ئەرەبلەرگە ۋەكىللىك قىلالمى-

www.uyghurkitap.com

غان تەقدىردىمۇ ھېچبولمىغاندا ئوتتۇرا ئەسىردە ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرغان ئىسلام مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بەزى تىپىك ئالاھىدىلىكلەرنى بايقاپ قېلىشىمىزمۇ مۇمكىن.

بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغايدىغان بىرىنچى ئالاھىدىلىك ئە- رەب مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئىقتىدارىدۇر، بۇنى كۆپ ھاللاردا كىشىلەر بىر خىل دورامچى- لىق دەپ خاتا چۈشىنىۋالىدۇ. ئەرەبلەر ئىستېلاچىلىق تارىخىدا تۇنجى قېتىم جۇڭگو ۋە ھىندىستان چېگرىسىدىن تارتىپ، يۇنان، ئىتالىيە ۋە فرانسىيىلەرگە يېقىن جايلارغىچە بولغان كەڭ زېمىن- نى يۇتۇۋالدى. ئەرەبلەر بىر مەھەل ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن- كى كۈچىدىن، تېخىمۇ ئۇزاقراق ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىنىڭ يېزىقى ۋە دىنىدىن پايدىلىنىپ، بىر جەمئىيەتتىكى بىر - بىرىگە زىت ئىككى خىل مەدەنىيەتنى بىرلىككە كەلتۈردى — ئۇنىڭ بىر خىلى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىختىن بۇيان كۆپ خىل خاراكتېر ئالغان ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدىكى يۇنان، رىم، ئىسرائىلىيە ۋە يېقىن شەرقنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى؛ يەنە بىر خىلى ئۆزىنىڭ تۇرمۇ- شى ۋە ئىدىيىسىگە ئىگە بولغان، يىراق شەرقنىڭ ئۇلۇغ مەدەنى- يىتى بىلەن تولۇق ئۇچرىشىپ تۇرۇۋاتقان تىپىك ۋە خىلمۇخىل پارس مەدەنىيىتى ئىدى. نۇرغۇن مىللەت، دىن ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئىسلامىيەت جەمئىيىتى دائىرىسىدە بىر - بىرى بىلەن ئارىلى- شىپ كېتىشى نەتىجىسىدە يېڭى بىر خىل مەدەنىيەت بارلىققا كەلدى، بۇ مەدەنىيەتنىڭ مەنبەسى ۋە ياراتقۇچىلىرى ھەر خىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بارلىق ئىپادە شەكىللىرى ۋە ئالاھىدى- لىكلىرىگە ئەرەب - ئىسلام تامغىسى بېسىلدى.

ئىسلامىيەت جەمئىيىتىنىڭ مۇرەككەپلىكى يەنە ئۇنىڭ ئىك-

كىنچى ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈردى، ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ بىر-
قەدەر كەڭ قورساقلىق روھىدۇر. ياۋروپا كۆزەتكۈچىلىرىگە نىس-
بەتەن ئېيتقاندا، بۇ نۇقتا ئالاھىدە روشەن. شۇ دەۋردىكى غەرب-
لىكلەرنىڭ ئەكسىچە، ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇسۇلمانلار ئۆزىمىز-
نىڭ ئېتىقادىنى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى خەلققە تېڭىشنىڭ
ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق دەپ ئويلىغانىدى. شۇ دەۋردىكى
غەربلىكلەرگە ئوخشاش، مۇسۇلمانلار ئاخىرەت كۈنىدە سوراق
بولىدىغانلىقىغا، ئېتىقادىغا خىلاپ ئىش قىلغانلارنىڭ دوزاختا
ئازابلىنىدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشەنگەنىدى. لېكىن ئۇلار يەنە غەرب-
لىكلەردىن پەرقلەنگەن ھالدا، بۇ دۇنيادا مۇقەددەس ھۆكۈمنى
كۈتۈشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ قارايتتى. كۆپ
ئەھۋاللاردا، ئۇلار ئۆزىنىڭ كۆپ خىل دىن مەۋجۇت بولۇپ
تۇرۇۋاتقان جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمران ئورۇندىكى دىنىنىڭ
ئېتىقادچىسى بولغانلىقىغا قانائەت قىلاتتى. ئۇلار ئۆزىنىڭ ھۆ-
كۈمرانلىق ئورنىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، مۇسۇلمان ئە-
مەسلەرگە بەزىبىر ئىجتىمائىي ۋە قانۇنىي چەكلىمىلەرنى قويغان-
دى، بۇنداق قىلغاندا، ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغان كىشىلەرگە ئۇنۇم-
لۈك ئەسكەرتىش بېرىپ تۇرغىلى بولاتتى. بۇنىڭدىن باشقا،
مۇسۇلمانلار يەنە باشقىلارنىڭ دىنىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىلمىي
ئىدىيە ئەركىنلىكىنى ساقلىشىغا رۇخسەت قىلغان، ئۇلارنىڭ ئىسلام
مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئوبدان تۆھپە قوشۇشىغا پۇرسەت بەرگەنىدى.

ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى بار باشقا ھەممە مىللەتلەرگە ئوخ-
شاش، ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇسۇلمانلار ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئەۋ-
زەللىكىگە ۋە بۇ مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنىنىڭ مۇكەممەللىكىگە ئى-
شەنگەن. مۇسۇلمانلار ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ تارىخىي نۇقتىئىنەزە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رى توغرىسىدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن ۋەھيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھالقىسىدىن، يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيئانلار بولسا ئۇنىڭ دەسلەپكى چاغلاردىكى ھالقىسىدىن ئىبارەت ئىدى؛ يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيئانلار قەدىمكى، تولۇق بولمىغان كىتابلارغا ئىگە بولغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا تولۇق كىتابقا ئىگە بولغان دەپ قارايتتى. خرىستىيئان دىنى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىنىشتىن ئىلگىرى، كەمبەغەللەرنىڭ دىنى سۈپىتىدە بىرقانچە ئەسىر تارقالغانىدى؛ ئىسلام دىنى بولسا ئۇنداق بولمىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاساسچىسى ھايات ۋاقتىدىلا كۈنسېرى تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋە غەلىبە قازىنىۋاتقان بىر ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ يېتەكچى ئىدىيە سىستېمىسىغا ئايلانغانىدى. ئىسلام دىنى دەسلەپكى دەۋرلەردە ئورۇنلىغان كەڭ كۆلەملىك كېڭىيىش مۇسۇلمانلاردا: مۇسۇلمانلار ئاللاھ ئىلتىپات قىلغان قانۇن بويىچە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بىردىنبىر جامائە، ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادا ئېرىشكەن ھوقۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاللاھ قىلغان ئىلتىپاتنىڭ ئىپادىسى، مۇسۇلمانلار ئېتىقادى ئوخشىمايدىغان ئاقىل غەيرىي مۇسۇلمانلاردىن ئۆگەنسە بولىدۇ، لېكىن ئۆگەنگەن بىلىمنىڭ ئۇنۇمى ئاللاھ بىۋاستە ۋەھيى قىلىپ چۈشۈرگەندىن كېيىن مۇقەددەس تۈس ئالغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قازىنىشى ئارقىلىق ئىسپاتلانغان ئىسلام شەرىئىتىنىڭ سىنىقىنى قوبۇل قىلىشى لازىم، دەيدىغان بىر ئىشەنچنى تۇغدۇرغانىدى.

"ئاتوم نەزەرىيىسى" دېگەن بۇ ئاتالغۇ دائىم ئادەت بولۇپ كەتكەن بىر خىل ئىدىيە ۋە نۇقتىئىنەزەرنى سۈرەتلەشكە ئىشلىتىلىدۇ. بۇنداق ئىدىيە ۋە نۇقتىئىنەزەر ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ

بىرمۇنچە جەھەتتە ئىپادىلەنگەن ۋە ئەرەب تارىخىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان. "ئاتوم نەزەرىيىسى" تەرەپدارلىرى ھاياتلىق بىلەن ئالەم جىمجىت تۇرىدىغان، كونكرېت ۋە تارقاق بىر قاتار ئەمەلىي جىسىمدىن ئىبارەت، بۇ نەرسىلەرنى مۇئەييەن مۇھىت ياكى شەخسنىڭ ئىدىيىسى بىر خىل مېخانىكىدلىق ھەتتا تاسادىپىي بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن بوشقىنا بىرلەشتۈرگەن، ئەمما ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئورگانىك باغلىنىش مەۋجۇت ئەمەس، دەيدىغان قاراشقا مايىل. بۇ خىل خاھىش ئومۇميۈزلۈك بولمىسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن جەھەتتە ئەرەبلەرنىڭ تۇرمۇشىغا تەسىر يەتكۈزمەكتە. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەرەب جەمئىيىتى ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن قىسىملاردىن تەركىب تاپقان ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدە ئەمەس، بەلكى تۆۋەندە يەر - زېمىن، يۇقىرىدا ھۆكۈمەت تەرەپتىن قوراشتۇرۇلغان بىرمۇنچە تارقاق گۇرۇھتىن، مەسىلەن، دىن، مىللەت، سىنىپ قاتارلىقلارنىڭ بىرىكمىسىدىن ئىبارەت. ئەرەبلەرنىڭ شەھەرلىرى رايونلار، كەسپىي جەمئىيەتلەر، ئائىلە ئۇرۇقلىرى ۋە ئۆي - جايلارنىڭلا قوشۇلمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ شەھەر مەمۇرىيىتى بىرلىككە ئىگە بولغانلىرى ناھايىتى ئاز. ئادەتتىكى ئەنئەنىچى فەقىھلەر①، ئۆلىمالار ياكى ئىلىم ئەھلىلىرى ياكى پەننىي ئالىملارغا ۋە پەيلاسوپلارغا ئوخشىمايدۇ، ياكى تەسەۋۋۇپچىلارغىمۇ ئوخشىمايدۇ، ئۇلار ئىلىمگە مۇئامىلە قىلىشتىمۇ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلىگەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئوخشاش بولمىغان ئىلىم تۈرلىرى ئوخشاش

---

① "فەقىھ" — شەرىئەت ئىلمىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىم. — تەرجىماندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىر قەلبكە تۇتىشىدىغان باشقا ـ باشقا يولمۇ ئەمەس، ھەر خىل پەن بىلىملىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بىر پۈتۈن گەۋدىمۇ ئەمەس، بەلكى بىر ـ بىرىگە چېتىشمايدىغان چېچىلاڭغۇ تارماقتىنلا ئىبارەت، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى مۇئەييەن ساندىكى پارچە ـ پۇرات بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، بۇ بىلىملەرنى ئۇزلۇكسىز جۇغلاپ تولۇق بىلىم قىلىپ شەكىللەندۇرگەن. ئەرەب ئەدەبىياتىدا داستان ياكى تىياتىر يوق، ئەسىر كىتابخانىنى ئايرىم ـ ئايرىم كۆزىتىشلەر ۋە ئىزچىل بولمىغان بايانلار ئارقىلىق تەسىرلەندۇرىدۇ، بۇ كۆزىتىش ۋە بايانلار ناھايىتى ئىنچىكە، جانلىق، لېكىن ناھاتتى چۇۋالچاق بولىدۇ، پەقەت يازغۇچى بىلەن كىتابخانلار سۇبيېكتىپ قۇراشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە ئۇلايدۇ، لېكىن بۇنىڭدا ئومۇمىيۈزلۈك پىلان ئاز بولىدۇ. ئەرەب شېئىرلىرى ئايرىم ـ ئايرىم بولغان ۋە بۆلۈۋېتىلگەن بىر گۇرۇپپا شېئىرىي جۈملىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، كۆپ چاغلاردا ئورنىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان تولۇق بىر تىزىق مەرۋايىتقا ئوخشايدۇ. ئەرەب مۇزىكىسى ھېسسىيات ۋە رىتىمغا باي بولۇپ، ئۇنىڭ ئەۋجى ئۆزئارا ماسلىشىش بىلەن ئەمەس، بەلكى تەسەۋۋۇر ۋە ئۆزگىرىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەرەب سەنئىتىنىڭ (ئاساسەن ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان ۋە بېزەك ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سەنئەتنىڭ) ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە قوشۇمچە مەنزىرىسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىنچىكىلىكى ۋە مۇكەممەللىكىدۇر. يازغۇچىنىڭكىگە ئوخشاش، تارىخچى ۋە تەرجىمىھال يازغۇچىلار يازغان بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەر چالا ـ بۇلا توتاشتۇرۇلغان بىر قاتار ۋەقەدىن ئىبارەت بولىدۇ. ھەتتا شەخسلەر ئۇستىدىكى تەسۋىرلەرمۇ ئەخلاق ـ پەزىلەتتىن

چىقىرىلغان خۇلاسىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ، ئۇنى تىزىش ئۇسۇلى، يېقىنقى زاماندىكى بىر يازغۇچى ئېيتقاندەك، كۆپ چاغلاردا خۇددى پاسپورت ئۇچۇن جەدۋەل تولدۇرغانغا ئوخشاش بولىدۇ.

ئاخىرقى بىر نۇقتا "شەخس قوشۇمچىسىنىڭ تاشلىنىشى"دۇر، كوللېكتىۋىزم خاھىشى ئەرەبلەرنىڭ نەسر ئەدەبىياتىدا ھەتتا دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكىدۇر. قەدىمكى ئەرەبلەرنىڭ كۈچلۈك شەخسىيەتچىلىكى بەدەۋىيلەر ئىچىدە يەنىلا كۈچلۈك دەرىجىدە ساقلانماقتا، مەدەنىيەت مەركىزىدە بولسا پاسسىپ ھەتتا ئىسمىنى يوشۇرۇش خاھىشىغا ئورۇن بېرىلگەن. بىرەر كىتابنى ئېلان قىلىش كۆپ ھاللاردا ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى قىلىنماي، بەلكى تارقىتىش سىستېمىسىنىڭ بىر ھالقىسى قىلىنغان. ئاپتور ئۆزىنىڭ شەخس قوشۇمچىسىنى ئابرۇيلۇق نوپۇز ئىگىسى بىلەن ئالدىنقى ئەۋلاد تارقاتقۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوشۇرۇپ قويىدىغان بولدى. ھەتتا شېئىرنى ئالىدىغان بولساق، ئۇ ئەسلىدە شەخسىي ھېسسىياتنىڭ ئىپادىسى ئىدى، ئەمدىلىكتە شەخسنىڭ ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئادىمىنىڭ لىرىكىسى بولماي، بەلكى جامائەت ۋە جەمئىيەت خاراكتېرىدىكى نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. گۇمانىزملىق ئەمەس، بەلكى كوللېكتىۋىزملىق پوزىتسىيە ئىسلام دىنى ئىدىيىسى ۋە تۈزۈمىنىڭ ھەربىر تەرىپىدە ئىپادىلىنىدىغان بولدى، ئېھتىمال، مۇسۇلمانلارنىڭ "مۇكەممەل ئادەم" ۋە "مۇكەممەل دۆلەت" غايىسىدە ھەممىدىن ئوچۇق ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. بۇنداق غايە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن سىرتقى ئۈلگە رولىنى ئوينىماقتا. نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، بارلىق مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي يوشۇرۇن كۈچىنى چىن دىلىدىن تەرەققىي قىلدۇرماي، بەلكى تىرىشىپ بۇ غايىگە تەقلىد قىلىشى ۋە كونك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىپ ئىشلار بىلەن بۇ غايىگە ماسلىشىشى لازىم.

ئاتوم نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ئەشئەرىي (873 — 935 ـ يىللىرى) نىڭ مەدرىسە پەلسەپىسى ئاساسىدىكى ئىلاھىيەت ئىلمىدە تولۇق ئىپادىسىنى تاپتى. ئەشئەرىينىڭ ئىلاھىيەت ئىلمىدە ھەر خىل شەكىللىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېقىپ يۈرۈشى بىر چاغلاردا شانلىق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ۋە بىرقەدەر ئەركىن ھالدا پىكىر قىلىدىغان ھەم مۇھاكىمە يۈرگۈزىدىغان روھنىڭ ئاجىزلاشقانلىقى ۋە مۇتەئەسسىپلەرنىڭ ئاخىر غەلىبە قىلغانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئەشئەرىيچىلىك كىشىلەردىن ئاللاھنىڭ قانۇنى ۋە ۋەھيىسىنى شەكسىز قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ ئىككىنچى ئورۇندىكى سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى يوققا چىقىرىدۇ، ھەتتا ئاللاھنى يارانقۇچى دەپلا ئاتايدۇ، (ئالەمنىڭ) "بىرىنچى سەۋەبى" دەپ ئاتىمايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، مۇقەررەر نەتىجىمۇ بولمايدۇ، تەبىئىي قانۇنىيەت ياكى سەۋەبمۇ بولمايدۇ. يېمەكلىكنىڭ كەملىكى مۇقەررەر ھالدا ئاچارچىلىق پەيدا قىلمايدۇ، بەلكى پەقەت ئادەت بويىچە ئاچارچىلىققا ئەگىشىپلا كېلىدۇ. بارلىق شەيئى بىۋاستىلا ئاللاھنىڭ ئىرادىسىدىن تۇغۇلىدۇ، ئۇ كەينى ـ كەينىدىن تۇغۇلىدىغان ۋە تەڭلا تۇغۇلىدىغان ئادەتلەرنى يارانقان. ھەر سېكۇنت (ئاتوم) ۋاقىتتا يۈز بېرىدىغان ھەربىر ئىش بىۋاستە، مۇستەقىل يارىتىلغان ھەرىكەت بولىدۇ.

بارلىق سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋەتنى ئاخىرقى ھېسابتا ۋە ئاڭلىق ھالدا بۇنداق چەتكە قېقىش ئادەم تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ھامان، ئۇ پەلسەپە ۋە تەبىئىي پەن جەھەتتىكى ئەركىن تەپەككۇر ۋە تەتقىقاتنىڭ توختىغانلىقىدىن دېرەك بەرگەن ھەمدە

ئەرەب تارىخىنى يېزىشنىڭ جۇش ئۇرۇپ تۇرغان تەرەققىياتى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان. ئەشئەرىينىڭ ئىلاھىيەت ئىلمى دەل ئىسلامىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشقان، بۇ جەمئىيەتتە، سودىنىڭ-غايەت زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى بىلەن تەڭ بىر مەھەل ئوتتۇرىغا چىققان بىرقەدەر ئەركىن بولغان ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئالغا ئىلگىرىلەشتىن توختاپ قالغان بىر خىل فېئوداللىق تۈزۈمگە ئورۇن بوشىتىپ بەرگەن، بۇنداق تۇرغۇنلۇق ھالىتى بىرقانچە ئەسىرگىچە زادىلا ئۆزگەرمىگەن. كونا ئىدىيىنىڭ كۈرىشى داۋاملىشىۋەرگەن، بۇ "يېڭىچە" ئىسلام دىنى بولسا مىڭ يىل ۋاقىت ئىچىدە ئېغىر خىرىسقا ئۇچرىمىغان، تاكى 19 ـ ۋە 20 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە غەربنىڭ زەربىسى ئىسلامىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى قۇرۇلمىسىغا ۋە بۇ قۇرۇلمىغا ماسلاشقان پىكىر قىلىش ئۇسۇلىغا تەھدىت سالغان چاغدىلا، ھېلىقى ئەھۋالدا ئاندىن ئۆزگىرىش بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# توققۇزىنچى باب

## ئەرەبلەرنىڭ ئاجىزلىشىشى

”ھازىر تۈركلەر بىلەن موڭغۇللار سىنىڭ زېمىنىڭنى پارچە - پارچە قىلىۋېتىش نىيىتىدە ساڭا خەنجىرىنى شىلتىماقتا.“

— مارلو: «بۈيۈك تېمۇر ئىمپېرىيىسى»نىڭ ئىككىنچى قىسمىدىن.

10 - ئەسىر كېلىش ئالدىدا تۇرغاندا، ئىسلام دىنى دۇنياسى ئۆپئوچۇق ئاجىزلىشىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئاجىزلىشىشنىڭ ئالامەتلىرى ئالدىنقى تارىخىي مەزگىلدىلا كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى. بىرىنچىدىن، سىياسىي جەھەتتىكى بۆلۈنۈش خاھىشى مەركىزىي ھۆكۈمەتنى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە چەت - ياقىدىكى ئۆلكىلەرگە بولغان كونتروللۇقنى قولدىن بېرىپ قويۇش ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويىدى، ھەتتا كېيىنكى چاغلاردا ئىراقتىن باشقا بارلىق ئۆلكىلەر مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ چىقتى. ئىككىنچىدىن، خەلىپىنىڭ ئورنى كۈندىن - كۈنگە تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ ۋەزىر ۋە سەركەردىلەرنىڭ قولىدىكى قورچاققا ئايلىنىپ قالدى. مىلادىيىنىڭ 945 - يىلىغا كەلگەندە، خەلىپە دۆلىتى تېخىمۇ زەئىپلەشتى. شۇ يىلى، پارسلاردىن يەرلىك بىر جەمەت —

بۇۋەيھىلار ئىراقنى كىرىپ پايتەخت باغدادنى ئىشغال قىلدى. بۇۋەيھىلار پۈتكۈل 11 ـ ئەسىردە ئابباسىيلار ئىمپېرىيىسى پايتەختىنىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمرانلىرى بولۇپ قالدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىدىن خالىي ھوقۇقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ”سۇلتان“ دېگەن نامنى قوللاندى. بۇۋەيھىلار ئەسلىدە شىئەلەرنىڭ ئېتىقادىدا ئىدى، لېكىن ئۇلار نامدىكى دۆلەت باشلىقى ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى قانۇنىي ئاساسى قىلىش ئۈچۈن، سۈننىي مەزھىپىدىكى ئابباسىيلار خەلىپىسىنى ساقلاپ قالدى. كىشىنى ئويغا سالىدىغىنى شۇكى، شىئەلەرنىڭ مۆتىدىللەر گۇرۇھىنىڭ تۇنجى ھاكىمىيىتى — بۇۋەيھى خانلىقى قۇرۇلۇشتىن سەل ئىلگىرى بۇ گۇرۇھنىڭ ئون ئىككى ئىمامى قىيامەتنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن غايىب بولدى. بۇۋەيھىلار ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ تەرتىپى ۋە گۈللىنىشىنى بىرمەھەل ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە ئىقتىسادىي چېكىنىشنىڭ ئالامەتلىرى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتتى. جۇڭگو بىلەن بولۇۋاتقان پايدىلىق سودا بارا ـ بارا ئازىيىپ، توختاپ قالاي دەپ قالدى، بۇنىڭ قىسمەن سەۋەبى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئەھۋالىدىكى ئۆزگىرىش ئىدى. روسىيە ۋە شىمالدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولۇۋاتقان سودىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئازىيىپ، 11 ـ ئەسىردىن بۇرۇنلا توختاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېسىل مېتاللارنىڭ يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ، ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان بۇ سودا ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى.

شۇنىڭدا شەك يوقكى، مەركىزىي ھۆكۈمەتتىكى ئىسراپچى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىق ۋە تەشكىللىي جەھەتتىكى چېچىلاڭغۇلۇقمۇ ئىقتىسادنىڭ خا-
رابلىشىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئوردىنىڭ ۋە
كۈنسايىن كېلەڭسىزلىشىپ كېتىۋاتقان بيۇروكرات ھاكىمىيەت
تۈزۈمى (بۇ خىل بيۇروكرات ھاكىمىيەت تۈزۈمىدە خەلىپىلىك
ئورۇننى تالىشىش ئەھۋالى يۈز بېرىپ تۇرغاچقا ھەمىشە ئىككى
يۈرۈش ئورگان ساقلىنىپ تۇراتتى) نىڭ غايەت زور چىقىمىنى
زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇۋاتقان قول ھۈنەرۋەنچىلىك
تېخنىكىسى ۋە دۆلەت تەرەققىياتى بايلىقى بىلەن تولدۇرۇش مۇم-
كىن ئەمەس ئىدى. ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرىنىڭ قولىدىكى نەق
پۇللارنى ناھايىتى تېزلا ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن، يۇقىرى
دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ مائاشىنى بېرىشكە ئامال قىلالماي،
دۆلەت بېجىنى يىغىشنى ئۇلارغا ھۆددە قىلىپ بېرىشكە مەجبۇر
بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ باج يىغىشنى
ھۆددىگە ئالغان باش ۋالىيلىرى ئۆز ئۆلكىسىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ
ۋە شۇ ئۆلكىدە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىمنىڭ مائاشىغا مەسئۇل
بولسىلا ھەمدە دۆلەت خەزىنىسىگە كېلىشىمدە پۈتۈشكەن پۇلنى
تاپشۇرسىلا، خەلىپە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى سۈرۈشتە قىلمايدىغان
بولدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ باش ۋالىيلار ئەمەلىيەتتە شۇ ئۆلكى-
لەرنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىرىغا ئايلىنىپ قالدى، ئۇلار بى-
لەن خەلىپە ئوتتۇرىسىدا خەلىپىنى قانۇنىي جەھەتتە ئېتىراپ
قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق مۇناسىۋەت قالمىدى. خەلىپىنىڭ
ھوقۇقى كۈنسېرى كىچىكلەپ، شەكىلدىلا قېپقالدى، كېيىنچە
يەنە باش ۋالىيلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنى ئېتىراپ قىلىش-
تىنلا ئىبارەت بولۇپ قالدى. ئۆلكىلەردىكى باش ۋالىيلار ۋە باج
يىغىشنى ھۆددىگە ئالغان ئەمەلدارلارنى ھەربىي كۈچ بىلەن تەمىن-

لەش زۆرۇرىيىتى تۇغۇلغانلىقتىن، خەلىپىلەر باج يىغىشنى ھۆد-
دىگە ئالغان رايونلارغا قارىتا ھەربىي خادىملارنى ئەۋەتىش چارىسى-
نى قوللاندى، بۇ ھال يەرلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى پارچىلاپ،
ھۆكۈمەت ھوقۇقىنى ئەسلىدە مۇھاپىزەت ۋەزىپىسىنىلا ئۆتەيدى-
غان ھەربىي باشلىقلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

11 - ئەسىرگە كەلگەندە، بۇ ئىمپېرىيىنىڭ ئاجىزلىقلىرى
ئىچكى - تاشقى كۈچلەر بىر ۋاقىتتا دىگۈدەك قوزغىغان بىر قاتار
ھۇجۇم ئالدىدا پۈتۈنلەي ئاشكارىلىنىپ چىقتى. ياۋروپادا، خرىس-
تىئانلار ئارمىيىسى ئىسپانىيىگە ۋە سىتسىلىيە ئارىلىغا ھۇجۇم
قىلىپ، مۇسۇلمانلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان كەڭ رايونلارنى
تارتىۋالدى. خرىستىئانلار بۇ مەزگىلدە دۆلەت زېمىنىنى قايتۇ-
رۇۋېلىش دولقۇنىنى قوزغىدى. بۇ دولقۇن 11 - ئەسىردىكى
ئەھلىسەلىپنىڭ يېقىن شەرققە يېتىپ بېرىشى بىلەن يۇقىرى
چەككە يەتتى. ئافرىقىدا، ماراكەشنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە سېنې-
گال بىلەن نېگىر تەرەپلەردىكى بەربەرلەر ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىق-
قان يېڭى دىن ھەرىكىتى يېڭى بەربەرلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ تىكلى-
نىشىگە سەۋەب بولدى. بۇ ئىمپېرىيە شىمالىي ئافرىقىنىڭ كۆپ
قىسىم رايونلىرىنىلا بويسۇندۇرۇپ قالماستىن، يەنە مۇسۇلمانلار
ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئىسپانىيىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنىمۇ
بويسۇندۇردى. شىمالىي ئافرىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدا، ھىلال
ۋە سۇلەيم دىگەن ئىككى ئەرەب قەبىلىسى توپىلاڭ كۆتۈردى.
ئۇلار ھېلىغىچە ئۆزلىرىنىڭ يۇرتى بولۇپ كېلىۋاتقان يۇقىرىقى
مىسىر رايونىدىن قوزغىلىپ لىۋىيە بىلەن تۇنىسنى سۈرۈپ توقاي
قىلىپ، ھەممىلا يەردە ئوت قويۇش، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئوخشاش
بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. 1056 — 1057 -

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يىللىرى ئىچىدە ئۇلارنىڭ كۆچى خېلى زورىيىپ، تۇنىسنىڭ كونا پايتەختى قەيرۇۋاننى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، شىمالىي ئافرىقىنىڭ تارىختا ئۇچرىغان بۇزغۇنچىلىقلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ 7 - ئەسىردىكى كېڭەيمىچىلىك ھەرىكىتىدىن ئەمەس، بەلكى مۇشۇ ئىككى قەبىلىنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن كۆرۈش كېرەك. مەشھۇر ئەرەب تارىخچىسى ئىبنى خەلدۇن بەدەۋىيلەرنىڭ تاجاۋۇزىنىڭ ئۇنىڭ ۋەتىنىدە پەيدا قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەڭ دەسلەپكى بولۇش ئېھتىمالى بولغان تارىخىي پەلسەپىنى كۆچمەن چارۋىچىلار بىلەن مۇقىم ئولتۇراقلاشقانلار ئوتتۇرىسىدا دەۋرىيلىك ھالدا يۈز بېرىدىغان ئۆزئارا تەسىر نۇقتىسىدىن بايان قىلغان. ئۇ بۇ قېتىمقى تاجاۋۇز ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دېگەن: "ھىجرىيە 5 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھىلال قەبىلىسى بىلەن سۇلەيم قەبىلىسى تۇنىس ۋە مەغرىبتىن ئۆتكەن ۋە بۇ دۆلەتلەرنى ئاياغ ئاستى قىلغاندىن كېيىن، ئۇ دۆلەتلەرنىڭ تۇزلەڭلىكلىرى ئالاھازەل ئۈچ يۈز ئەللىك يىل تاشلىنىپ قالدى. ئىلگىرى سۇدانىدىن ئوتتۇرا دېڭىزغىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەت تەرەققىي تاپقان جايلار ئىدى، ئۇ يەرلەردە ساقلىنىپ قالغان ھەر خىل ئاسارئەتىقىلەر، مەسىلەن، تاش ئابىدىلەر، بىنالار، ئېتىزلىقلار ۋە يېزا - كەنت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇنى ئىسپاتلايدۇ."

ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆتۈرۈلگەن يېڭى تاجاۋۇزچىلىق دولقۇنى، چوڭقۇر تەسىرىدىن قارىغاندا، ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا خېلى بۇرۇنلا تۈركلەر بىلەن ئۇچراشقاندى، كېيىن ئۇلارنى سىتىۋېلىپ ئىسلام دىنى ھۆكۈم

سۇرۇۋاتقان يېقىن شەرققە ئېلىپ كەلدى ھەم كىچىكىدىن تارتىپلا
ئۇلارنى ھەربىي ۋە مەمۇرىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ، ئائىلە ئىش-
لىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەتتىكى قۇللارغا ئوخشىمايدىغان
ئالاھىدە قـۇلغـا ئـايلاندۇردى، كېيىنچە ئـۇلارنىڭ ھەممىسى
”مەملۇك“ (ئىگىلەنگۈچى) دەپ ئاتالدى. يۇقىرىدا بۇنداق تۈرك
قۇللارنىڭ ئابباسىيلارنىڭ دەسلەپكى چاغلاردىكى خەلىپىلىرىنىڭ
خىزمىتىنى قىلغانلىقى، ھەتتا ئۇمەۋىييە سۇلالىسى خەلىپىلىرى-
نىڭمۇ كەتمىنىنى چاپقانلىقى بايان قىلىنغانىدى. لېكىن ئۇلارنى
دەسلەپتە ئىشقا سالغىنى ئابباسىيلارنىڭ سەككىزىنچى خەلىپىسى
مۇئتەسىم بىللاھ بولدى (833 — 842 - يىللىرى تەختتە ئول-
تۇرغان). ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىن بۇرۇنلا تۈركىيلىك
ئەسكەرلەردىن زور بىر قوشۇن تەشكىللىگەنىدى؛ ئۇ ھاكىمىيەت
بېشىغا چىققاندىن كېيىن، مۇشۇنداق ئەسكەرلەرگە داۋاملىق ئىگە
بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شەرقىي قىسمىدىكى ھەرقاي-
سى ئۆلكىلەردىن ھەر يىلى تاپشۇرىدىغان ئولپانىنىڭ بىر قىسمى
سۈپىتىدە ئۇنىڭغا زور بىر تۈركۈم ”مەملۇك“ ئەۋەتىشنى تەلەپ
قىلدى. ئاباسىيلار خەلىپىلىرىنىڭ خۇراساندىكى كونا مۇھاپى-
زەتچى قوشۇنى ئاستا - ئاستا ئەرەبلىشىپ بولغان ۋە يەرلىك
ئاھالىلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە،
پارس ئاقسۆڭەكلىرى مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن ئىران خانلىقىدىن
ئۆزىنىڭ سىياسىي چىقىش يولىنى تېپىۋالدى، شۇڭا ئابباسىيلار
خەلىپىلىرى باشقا بىر يېڭى قوللىغۇچىلارنى تېپىش لازىملىقىنى
ھېس قىلىشتى. ئۇلار تۈرك ئوفىتسېرلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى
تۈرك ”مەملۇك“لارنىڭ يۇرت - ماكانىدىن ئايرىلغان، ھېچقانداق
يەرلىك، قەبىلە ۋە جەمەت قارىشىمۇ يوق، ھېچقانداق مىللەت

www.uyghurkitap.com

ۋە دىن ئالاقىسىمۇ يوق ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ مەركىزىي هۆكۇ-
مەتكە ئەلۋەتتە سادىق بولىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىگە قوللىغۇچى
بولالايدىغانلىقىنى سېزىپ قالدى. تۈركلەر ئەزەلدىن ئۇرۇش قى-
لىشقا ماھىرلىقى بىلەن نام چىقارغانىدى، ئۇلار ئات ئۈستىدە
ئوق ئۈزۈش ۋە كۆچمەنلىك تۇرمۇشىنىڭ تېز ھەرىكەتلىنىشى
جەھەتتە ئۆزگىچە ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن،
خەلىپىلەرنىڭ تۈرك ئەسكەرلەردىن تەشكىللەنگەن قوشۇنغا ۋە
ئۇنىڭ سەركەردىلىرىگە يۆلىنىش خاھىشى تېخىمۇ كۈچەيدى،
لېكىن بۇنداق قىلىش قەدىمىي مەدەنىيەتكە ئىگە ئەرەبلەر ۋە
پارسلارغا پايدىسىز ئىدى. هۆكۇمەتنىڭ ھەربىي ئىشلارنى تەرەق-
قىي قىلدۇرۇش سىياسىتى تۈركلەرنىڭ كۈچىنى ناھايىتى تېزلا
ئاشۇرۇۋەتتى.

11 ـ ئەسىرگە ئاز قالغاندا، تۈركلەر ھەدەپ ئىسلام دۇنيا-
سىغا كىرىۋاتاتتى، لېكىن بۇ قېتىمقى كىرىش ئۇرۇشتا قولغا
چۈشكەن ئەسىر ياكى سېتىۋېلىنغان قۇل سۈپىتىدىكى كىرىش
ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل كۆچمەن چارۋىچى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ
خەلىپىلىك دۆلەتنىڭ تۇپرىقىغا كىرىشى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئۇلار تېخىچە ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تەشكىلىي شەكلىنى ساقلاپ
كېلىۋاتاتتى. ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ سۇڭ سۇلالىسى هۆكۇمى-
تى بىر مەزگىللىك مالىمانچىلىقنى باشتىن ئۆتكۈزگەندىن كې-
يىن مۇستەھكەملىنىپ بولغاچقا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەن
چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ شەرققە قاراپ كېڭىيىش يولىنى توسۇپ
تاشلاپ، ئۇلارنى غەربكە قاراپ كېڭىيىشكە مەجبۇر قىلغانىدى.
بۇ قېتىم ئىسلام دۇنياسىغا بېسىپ كىرگەن تۈركلەر ئوغۇز
قەبىلىسىدىن بولۇپ، بىر ھەربىي جەمەت — ” سالجۇق“ نامى
بىلەن دۇنياغا تونۇلغانىدى.

سالجۇقىيلار مىلادىيىنىڭ 970 ـ يىلى خەلىپىلىك دۆلەت-
نىڭ زېمىنىغا كىرگەندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي ئىسلام دىنىغا
كىرگەنىدى. قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار ئىراننىڭ كۆپ
قىسمىنى ئىستېلا قىلدى. 1055 ـ يىلى تۇغرۇلبەگ بۇۋەيھىلار-
نى مەغلۇب قىلىپ باغدادنى ئىشغال قىلدى ۋە ئىراقنى سالجۇقىي-
لار زېمىنى دائىرىسىگە كىرگۈزدى. ئۇلار بىرنەچچە يىل ئىچىدە
يەرلىك ھۆكۈمرانلار ۋە يىقىلىپ چۈشەي دەپ قالغان فاتىمىيە
سۇلالىسى قولىدىن سۇرىيە بىلەن پەلەستىننى تارتىۋالدى، ھەتتا
ئەرەبلەر ئىلگىرى مەغلۇب بولغان جايلاردىمۇ غەلىبە قازاندى،
ۋىزانتىيە قولىدىن ئاناتولىيىنىڭ كۆپ قىسمىنى تارتىۋالدى،
شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ يەر ئىسلام دىنى بىلەن تۈركلەرنىڭ
زېمىنى بولۇپ قالدى.

سالجۇقىيلار سۈننىي مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار بولغاچقا،
نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۇلارنىڭ باغدادنى ئىشغال قىلىشى بۇ
شەھەرنى بىدئەتچى بۇۋەيھىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد قىلغان-
لىق بولدى دەپ قاراشتى. خەلىپە يەنىلا نامدىكى ھۆكۈمران
سۈپىتىدە تۇرىۋەردى. سالجۇقىيلارنىڭ چوڭ سۇلتانلىرى غەرب
تەرەپتىكى ۋىزانتىيە بىلەن فاتىمىيلارنى مەغلۇب قىلغاندىن كې-
يىن، بۇ ئىمپېرىيىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ھۆكۈمرانى بولۇپ قال-
دى. دەسلەپكى چاغلاردىكى خەلىپىلەردىن كېيىن، بۇ ئىمپېرى-
يىنىڭ كۆپ قىسىم زېمىنى تۈنجى قېتىم بىر ھاكىمىيەت ئاستىدا
بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

ئىمپېرىيىنىڭ يېڭى ھۆكۈمرانلىرى دۆلەتنىڭ مەمۇرىي
ئىشلىرى جەھەتتە پۈتۈنلەي پارسلارغا ۋە پارسلارنىڭ بيۇروكرات
تۈزۈلمىسىگە تاياندى. ئەينى چاغدىكى پارسلاردىن چىققان ئەڭ

مەشھۇر كىشى نىزامۇلمۇلك (1018 — 1092 - يىللىرى) ئىدى. ئۇ ئالدىنقى مەزگىلدىكى باجنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىدە ساقلانغان فېئوداللاشتۇرۇش يۈزلىنىشىنى كۈچەيتتى ۋە سىستېمىلاشتۇردى. ئالدىنقى مەزگىلدىكى تۈرلۈك ئىللەتلەر بۇ يېڭى جەمئىيەت بىلەن يېڭى مەمۇرىي تۈزۈمنىڭ قائىدىسىگە ئايلاندى، ئۇنىڭ ئاساسى پۇل بولماي، يەر بولدى. يەرلەر ھەرقايسى جايلاردىكى ئەمەلدارلارغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلدى، ياكى يەرنى ئۇلار ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى. ئەگەر ئەمەلدارلارغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن بولسا، ئۇ ئەمەلدارلار ئۇنىڭ بەدىلىگە مۇئەييەن ساندا ئەسكەر يەتكۈزۈپ بەردى. يەر سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەنلەر بۇ يەرلەردىن باج ئېلىش ھوقۇقىدىنلا بەھرىمەن بولۇپ قالماستىن، يەنە بۇ يەرلەردىكى بايلىقلارنى باشقۇرۇش ۋە نېرى - بېرى قىلىش ھوقۇقىدىنمۇ بەھرىمەن بولدى. بۇنداق يەرگە ئىگە بولغۇچىلارنىڭ زورلۇق قىلىشى بىلەن بۇ يەرلەر گەرچە ئۇلارنىڭ ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان خۇسۇسىي مۈلكىگە ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن نەزەرىيە جەھەتتە ۋە ئادەت قانۇنىدا، سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن يەرلەرنىڭ يىل چەكلىمىسى بار ئىدى ھەمدە خالىغان چاغدا ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولاتتى.

تارىخشۇناس ئىمادۇددىن (1101 — 1225 - يىللىرى) سالجۇقىيلار دەۋرىنىڭ تارىخىنى يازغاندا، بۇ تەدبىر مۇقىم ئولتۇراقلاشمىغان تۈرك قەبىلىسى ۋە ئەسكەرلىرىنى دېھقانچىلىققا ئېتىبار بېرىشكە باشلاشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىدى، دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: ”ئارمىيىنى بېقىش ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەتتىن باج ئېلىش ئەزەلدىن كېلىۋاتقان ئادەت ئىدى، ھېچكىمنىڭ سۇيۇرغال يېرى يوق ئىدى. نىزامۇلمۇلكنىڭ قارى-

شچە، دۆلەت قالايمىقانلىشىپ باجنىمۇ يىغالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان، جەمئىيەت تەرتىپى ۋە دۆلەت قانۇنى دېگەنلەر كۆچىنى يوقاتقان، ئىشلەپچىقىرىش قىلچە كاپالەتكە ئىگە بولالمىغان ئەھۋالدا، ئەسكەرلەرنى ئۆز تەمىناتىنى يەردىن ئالىدىغان قىلىش ئۈچۈن يەرلەرنى ئۇلارغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىشتىن باشقا چارە يوق ئىدى. مۇشۇ چارىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يەردىن پايدىلىنىش قىزغىنلىقى زور دەرىجىدە ئاشقان. لىقتىن، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئىنتايىن ياخشى بىر گۈللەنگەن مەنزىرە بارلىققا كەلگەن.» ئىمادۇددىن مۇشۇ بىرنەچچە جۈملە سۆز بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەتنىڭ پۇل ئىگىلىكىدىن فېئوداللىق ئىگىلىككە ئۆتۇش ئەھۋالىنى قىسقىچىلا سۈرەتلەپ بەرگەن.

مۇشۇنداق غايەت زور ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان بىر دەۋردە، ئىجتىمائىي ئىنقىلابنىڭ يۈز بېرىشى مۇقەررەر ئىدى. سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن يېرىدە ئولتۇرمايدىغان فېئوداللار سىنىپىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى كونا ھاكىمىيەت دەۋرىدىكى يەر ئىگىلىرىگە قاتتىق زەربە بولدى. سودا - سېتىق ئىشلىرى خارابلاشتى، كىشىلەر سكاندىناۋىيىدىن تېپىلغان بىر دۆۋە پۇلدىن سودا - سېتىق ئىشلىرىنىڭ خارابلاشقانلىقىغا دائىر پاكىتلارنى كۆرۈۋالايدۇ: 9 -، 10 - ئەسىرلەردە ئەرەب پۇللىرى بىلەن پارس پۇللىرى بەك كۆپ ئىدى، 11 - ئەسىرگە كەلگەندە بۇ پۇللارنىڭ مىقدارى ناھايىتى ئازىيىپ كەتتى، كېيىنچە ئۇ زادىلا كۆرۈنمىدى. بۇ باسقۇچتىكى ئەڭ جىددىي قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى يەنىلا ئىسمائىلچىلار قوزغىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شەكلىدە يېڭى ئۆزگىرىش بولدى. مىلادىيىنىڭ 1078 - يىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىسمائىلچىلارنىڭ پارستىن كېلىپ چىققان بىر داھىيسى ھەسەن ئىبنى سەبباھ (1124 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئەينى چاغدىكى فاتىمىيىە سۇلالىسىنىڭ پايتەختى قاھىرەدە زىيارەتتە بولغاندا، بۇ سۇلالىدىكى بىر مىلىتارىست بىلەن زىتلىشىپ قالدى. بۇ مىلىتارىست قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان بوشاڭ خەلىپىنىڭ نامىدىن پايدىلىنىپ سۇلالە تېررىتورىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇۋالدى. 1094 ـ يىلى فاتىمىيىە سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى مۇستەنسىر ئالەمدىن ئۆتكەندە ھەسەن ئىبنى سەبباھ ۋە ئۇنىڭ ھىمايىچىلىرى ھەربىي سەركەردىلەر يۆلەپ تۇرغۇزغان يېڭى خەلىپىنى ئېتىراپ قىلىشقا قارشى چىقتى، چۈنكى بۇ خەلىپە ھەربىيلەرنىڭ قولىدىكى قورچاق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەسەن ئىبنى سەبباھ ھەربىيلەرنىڭ سىزىقىدىن چىقالمايدىغان قاھىرە ھۆكۈمىتىدىن ئالاقىنى ئۈزدى. شەرقتىكى ئىسمائىلچىلار مۇستەنسىرنىڭ ۋارىسلىق مەسىلىسىدە چەتكە قېقىلغان ئوغلى نىزار (1095 ـ يىلى ۋاپات بولغان) غا سادىق بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، شۇ سەۋەبتىن يېڭى بىر تارىخىي مەزگىل، يەنى سالجۇقىيلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايوندا ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت مالىمانچىلىق مەزگىلى باشلاندى. ”يېڭى مەزھەپنى تەرغىب قىلغۇچى“ ھەسەن ئىبنى سەبباھ باشچىلىقىدىكى ئىسمائىلچى يېڭىلىق تەرەپدارلىرى ئادەتتە ”ھەششاشۇن“ دەپ ئاتىلاتتى. ”ھەششاشۇن“ دېگەن ئەرەبچە سۆزنىڭ مەنىسى ”نەشە چەككۈچىلەر“ دېگەن بولاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ گۇرۇھتىكىلەر ئۇنى چېكىش ئارقىلىق خىيالىي دۇنياغا كىرىپ، دىنىي قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتاركەنمىش. غەربلىكلەر بۇ سۆزنى مۇشۇ مەزھەپنىڭ سىياسىي ۋاستىسى دەپ قاراپ، ”ئەسساسىن“ دەپ ئاتىغان.

1090 ـ يىلى ھەسەن ئىبنى سەبباھ ئىراننىڭ شىمالىدىكى
تۇزۇلۇشى خەتەرلىك ”ئەلمۇت“ دېگەن بىر قورغاننى ئىگىلەپ،
بۇ يەردە ”شەيخۇلجەبەل“ (تاغ شەيخى) دېگەن نام بىلەن، ئۆزىگە
سادىقلىقىنى بىلدۈرگەن نۇرغۇن تەلۋە ئېتىقادچىلارغا قوماندانلىق
قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غايىب بولغان ئىمام نامىدىن
مۇسۇلمان بەگ ۋە ئەمەلدارلارغا قارىتا بىر قاتار تېررورلۇق ھەم
يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇنلىغان
مۇسۇلمان سىياسىيون، سەركەردىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغان.
نىزامۇلمولكمۇ 1092 ـ يىلى ئاشۇلار تەرىپىدىن يوشۇرۇن ئۆل-
تۈرۈلگەن. دېمەك، كىشىلەر ئىزچىل تۈردە ”ھەششاشۇن“
لارنىڭ تېررورلۇقىغا ئۇچراپ كەلگەن، بۇ خىل تېررورلۇق تاكى
13 ـ ئەسىردە موڭغۇللار تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەندە ئاندىن ئاخىر-
قى ھېسابتا يوقىتىلغان. ئىسمائىلچىلار مۇشۇ ۋاقىتتىن ئېتىبا-
رەن يۇكسىلىشتىن توختاپ، ئانچە ئېتىبارى يوق بىدئەتچى گۇ-
رۇھقا ئايلىنىپ قالغان.

سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسى دەسلەپكى مەزگىلدە يۈرگۈزگەن
يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت دىنىي تۈرمۇشنى ئۆزىگە مۇناسىپ
كېلىدىغان تەرەققىياتقا ئىگە قىلدى، باغداد ۋە باشقا شەھەرلەرنىڭ
ھەممىسىدە ”مەدرىسە“ دەپ ئاتىلىدىغان نۇرغۇن دىنىي ئىنستى-
تۇت قۇرۇلۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇلىدىغان باشقا دىنىي مەك-
تەپلەر ئۈچۈن ئۈلگە تىكلەپ بەردى. باغدادتا قۇرغۇچىنىڭ نامى
بىلەن ئاتالغان نىزامىيە ئىنستىتۇتى ۋە باشقا ئىنستىتۇتلار سۇن-
نىيلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تارمىقى بولغان ئەشئەرىيلەرنىڭ
تەربىيىلەش مەركىزىگە ئايلانغانىدى. بۇ مەكتەپلەرنى ئەينى چاغدا
دۆلەت بىۋاسىتە باشقۇراتتى، بۇنىڭدىن مەقسەت شۇ چاغدا ئىسما-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىلچىلارنىڭ ئىنقىلابىي خاراكتېر ئالغان بىدئەت تەلىماتىنى، شۇنىڭدەك ئالدىنقى ئەسىردە تارقالغان رادىكال ئىدىيىۋى خاھىشنى توسۇش ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلىرىدىن بىرى بولغان غەززالى (1059 — 1111 - يىللىرى) بۇ مەكتەپتە دەرس ئۆتكەن ۋە پەلسەپە ھەم دىنىي جەھەتتىكى بىدئەتچىلىككە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغانىدى.

نىزامۇلمۇلك ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرقتە يەنە بۆلۈنۈش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى. سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسى بولسا سالجۇقىيلار جەمەتىنىڭ ئەزالىرى ۋە ھەربىي سەركەردىلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان مىراسخورلۇق ئاساسىدىكى بىرمۇنچە ئۇششاق كىنەزلىككە بۆلۈنۈپ كەتتى. دەل مۇشۇ ئاجىزلىشىش باسقۇچىدا ئەھلىسەلىپ يېقىن شەرققە كىردى. گەرچە بۇ ئۇلۇغ ھەرىكەت بىر خىل خام خىيالدىن ئىبارەت بولسىمۇ (بۇ ھال شۇ قېتىمقى باللاردىن تەشكىللەنگەن بىتەلەي ئەھلىسەلىپ ئىچىدە ئالاھىدە ئوچۇق ئىپادىلەنگەن)، لېكىن يېقىن شەرقنىڭ ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان مەنزىرىلىرى ئالدىدا بۇ ئەھلىسەلىپ ماددىي نەرسىنىڭ قىزىقتۇرۇشى ۋە دىنىي قىزغىنلىقنىڭ زورلىشىغا ئۇچرىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئاساسىي جەھەتتىن بىر قېتىملىق مۇستەملىكىچى كېڭەيمىچىلىكنىڭ دەسلەپكى سىنىقىدىن ئىبارەت بولدى. ئەمەلىيەتتە، ئىتالىيىنىڭ ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلىرىدىن شەرقتىكى ۋىزانتىيە ۋە فاتىمىيلار بىلەن بۇرۇنلا سودا مۇناسىۋىتى ئورناتقان سودىگەرلەرنىڭ مەھسۇلاتلارنىڭ چىقىدىغان يېرىنى بىر كۆرگۈسى؛ نەپسى تاقىلداپ كەتكەن تۆرىلەرنىڭ شەرققە كېلىپ بىر تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ باققۇسى؛ ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ سۈيۈرغال يەرگە ئىگە بولغۇسى؛

جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆز جىنايىتىنى يۇيۇشنىڭ ئۇنۇملۇك يولىنى
تاپقۇسى بار ئىدى — دەل مۇشۇ ئادەملەر غەربىي ياۋروپا ئەللىرى-
نىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئاكتىپ ئەزالىرى ئىدى،
ئۇلار ئاللىقانداق مۇقەددەس جاينى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جېنىنى
سېلىپ بېرىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى.

دەسلەپكى 30 يىلدا ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىرلىككە كەلگەن
ۋەزىيىتىنىڭ پارچىلىنىشى غەرب تاجاۋۇزچىلىرىغا يول ئېچىپ
بەردى، ئۇلار ناھايىتى تېزلا سۈرىيە دېڭىز بويلىرى ئارقىلىق
پەلەستىنگە كىرىپ، ئەنتاكىيە، تىرىپولى ۋە يېرۇسالىمنى مەر-
كەز قىلغان ھالدا بىر قاتار فېئودال كىنەزلىكلەرنى قۇردى. بۇ
مەزگىل مۇستەملىكە ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش مەزگىلى بول-
دى، ئىستېلاچىلار بىلەن تاۋاپچىلار سۈرىيىدە ئولتۇراقلىشىپ
قالدى، ئۇلار يەرلىكلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ۋە ئادەتلىرىنى
قوبۇل قىلدى ھەمدە يەرلىك خرىستىيانلار بىلەن توپلاشتى. فۇشە
دى شارتر بىرىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ يۈرۈشىنى خاتىرىلە-
گەندە مۇنداق دېگەنىدى:

"ئەسلىدە غەربلىك بولغان بىز ھازىر شەرقلىقلەرگە ئايلى-
نىپ قالدۇق. بىزنىڭ ئارىمىزدا ئەسلىدە ئىتالىيانلار، فرانسۇز-
لار بار ئىدى، ھازىر بۇ دۆلەتلەردە ئۇلار جالىلىيلار ياكى پەلەس-
تىنلىكلەرگە ئايلىنىپ كەتتى، ئەسلىدىكى رېيم ياكى شارتر
ئاھالىلىرى ھازىر تىرېلىكلەر ياكى ئەنتاكىيىلىكلەرگە ئايلىنىپ
كەتتى. بىز ئۆزىمىزنىڭ تۇغۇلغان يېرىنى ئۇنتۇپ كەتتۇق،
مۇتلەق كۆپچىلىكىمىز ئۆزىمىزنىڭ يۇرتىنى بىلمەيمىز ھەم ئۇنى
ئاڭلاپمۇ باقمىدۇق. بىزنىڭ ھەربىرىمىزنىڭ تۇرالغۇسى ۋە ئائى-
لىسى بار، گوياكى ئۆزىمىزنىڭ ئاتىسىدىن ياكى باشقىلاردىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مىراس قالغاندەك. ئارىمىزدا بەزىلەر ئۆز ۋەتىنىمىزنىڭ قىزلى-
رى بىلەن توي قىلماي، بەلكى سۇرىيىلىك ياكى ئەرمىنىيىلىك
ئايالالار بىلەن توي قىلدى، ھەتتا بەزىلەر خرىستىئانلىشىپ كەت-
كەن ئەرەب ئايالالارغا ئۆيلەندى. بىز ئەسلىدە چەت ئەللىك دەپ
ئاتىلاتتۇق، ئەمدى بولسا يەرلىك مىللەتكە ئايلىنىپ قالدۇق.
بىز بىر چاغدا كۆچمەن دەپ ئاتالغاندۇق، ئەمدى بولسا ئولتۇ-
راقلاشقۇچىلارغا ئايلىنىپ كەتتۇق. ھەر كۈنى غەربلىك نۇرغۇن
تۇغقان ۋە دوستلىرىمىز ئۇ يەردىكى نەرسىلىرىنى تاشلاپ شەرققە
بىزنى ئىزدەپ كېلىدۇ. غەربتە ئۇلارنىڭ ھېچنېمىسى يوق بولى-
دىغان، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئۇلار بېيىپ كەتتى. ئۇلار
يېڭى كەلگەن چاغدا يېنىدا ئاران بىرنەچچە تەڭگىسىلا بار ئىدى،
ئەمدىلىكتە ئۇلار سان - ساناقسىز تىللاغا ئىگە بولدى؛ ئۇلارنىڭ
ئىلگىرى بىرەر مەھەللىسىمۇ يوق ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە خۇدا
ئۇلارغا پۈتۈن - پۈتۈن شەھەرلەرنى ئىنئام قىلدى. شەرق بىزگە
شۇنچىۋالا ئىلتىپات كۆرسىتىۋاتسا، بىزنىڭ غەربكە قايتىپ كې-
تىشىمىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟"

بىز بۇلارنى 12 - ئەسىردە ئۆتكەن سۇرىيە تارىخچىسى
ئۇسام ئىبنى مۇنقىز (1095 — 1188 - يىللىرى) نىڭ خاتىرى-
سى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقايلى: "يېڭىلا ياۋروپادىن كەلگەن
كىشىلەرنىڭ مىجەزى بىزنىڭ بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان
ۋە بىز بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان فرانكلارنىڭكىگە قارى-
غاندا بەكمۇ قوپال." لېكىن ئەھلىسەلىپ دەسلەپتە غەلىبە قازان-
غان چاغلاردىمۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇش رايونى ئاساسەن دېڭىز بويىدى-
كى تۈزلەڭلىك ۋە يانتۇ يەرلەر بىلەنلا چەكلەنگەنىدى، بۇنىڭدا
ئوتتۇرا دېڭىز ۋە ياۋروپا بىلەن بولغان ئالاقىنى ساقلاش كۆزدە

تۇتۇلغانىدى. شەرقىنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى قۇملۇقلاردا ۋە
ئىراقتا قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى پىلانلىنىۋاتاتتى. مىلا-
دىيىنىڭ 1127 - يىلى، سالجۇقىيلارنىڭ گېنېرالى زەنگى مو-
سۇل شەھىرىنى تارتىۋالدى، شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا ئۇ
مېسوپوتامىيە بىلەن سۇرىيىدە ئاستا - ئاستا قۇدرەتلىك بىر
ئىسلام دۆلىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. دەسلەپكى چاغلاردا باشقا
ئىسلام دۆلەتلىرى ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، ئۇنىڭ دۆلەت قۇرۇش
ئىشلىرىغا كاشىلا تۇغدۇردى، بولۇپمۇ دەمەشق پادىشاھلىقىنىڭ
ھۆكۈمرانلىرى بۇ ئورتاق دۈشمەنگە بىللە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن
يېروسالىمدىكى لاتىن پادىشاھلىقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشتىنمۇ
يانمىدى. 1147 - يىلى ئەھلىسەلىپ قاراپ تۇرۇپ ئىتتىپاقنى
بۇزغانلىقتىن، زەنگىنىڭ ئوغلى نۇرىددىنىنىڭ 1154 - يىلى
دەمەشقنى ئىشغال قىلىشىغا ئىمكانىيەت تۇغۇلدى، شۇنىڭ بى-
لەن، ئۇ سۇرىيىدە بىرلىككە كەلگەن بىر ئىسلام ھۆكۈمىتىنى
قۇرۇپ، ئەھلىسەلىپنى تۈنجى قېتىم ھەقىقىي كۈچلۈك بىر
دۈشمەنگە دۇچ كەلتۈردى. مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ئىككى تە-
رەپ دىققىتىنى بۇ قېتىمقى كۈرەشنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان
بىر ھەل قىلغۇچ مەسىلىگە، يەنى مىسىرنى كونترول قىلىش
مەسىلىسىگە بۇرىدى. ئەينى چاغدا مىسىردىكى فاتىمىيلارنىڭ
مۇقىمسىزلىق، قاتمۇقات قىيىنچىلىق ئىچىدە قالغان خەلىپىلىك
دۆلىتى ئاخىرقى ھېسابتا ھالاك بولۇش خەۋپىگە دۇچ كېلىپ
قالغانىدى. ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، ئۇزاققا قالماي ئىش ئايدىڭلى-
شاتتى. نۇرىددىنىنىڭ يېقىن بىر ئادىمى — كۇرد مىللىتىدىن
چىققان سەركەردە سالاھىددىن مىسىرغا بېرىپ فاتىمىيلار دۆلى-
تىگە ۋەزىر بولدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ نۇرىددىنىنىڭ مەنپەئەتىگە

ۋەكىللىك قىلاتتى. 1171 - يىلى سالاھىددىن فاتىمىيلار دۆلىتى-نىڭ مۇنقەرىز بولغانلىقىنى جاكارلاپ، جامە - مەسچىتلەردە ئاببا سىيلار خەلىپىسىنىڭ نامىنى جۇمە نامىزىنىڭ خۇتبىسىگە قوشۇپ ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈردى، خەلىپىلەرنىڭ ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئىسىملىرىنى پۇلنىڭ يۈزىگە قوشۇپ قۇيدۇردى ھەمدە ئۆزىنى مىسىرنىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمرانى دەپ ئېلان قىلدى. سالا-ھىددىننىڭ نۇرىددىنغا بولغان ساداقىتىنىڭ پېيىزى گىچ - گىچ يەرلىرى خېلى بار ئىدى. شۇڭا، 1174 - يىلى نۇرىددىن ئالەم-دىن ئۆتكەندە سالاھىددىن ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى بولىدىغان قورا-مىغا توشمىغان ئوغلىدىن بۇ دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، بىرلىككە كەلگەن مىسىر - سۈرىيە ئىمپېرىيە-سى — ئەييۇبىيلار سۇلالىسىنى قۇردى. 1187 - يىلىغا كەلگەن-دە، سالاھىددىن ئۆزىنىڭ ئەھلىسەلىپكە تاقابىل تۇرغۇدەك يېتەر-لىك كۈچى بارلىقىغا كۆزى يەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ 1193 - يىلى ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن، يېروسالىمنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئەھلىسە-لىپنى ھەممە يەردىن قوغلاپ چىقاردى، ئەھلىسەلىپ پەقەت دېڭىز بويىدىكى ئەككار، تىرى، ترىپولى ۋە ئەنتاكىيە قاتارلىق شەھەر-لەردىلا ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قالدى.

سالاھىددىن قۇرغان بىرلىككە كەلگەن مىسىر - سۈرىيە ئىمپېرىيىسى ئانچە ئۇزاق تۇرالمىدى. سالاھىددىننىڭ ئىزباسارى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋردە سۈرىيە يەنە بىر قېتىم بۆلۈنۈپ بىر مۇنچە ئۇششاق دۆلەتكە ئايلىنىپ كەتتى، لېكىن مىسىر يەنىلا بىرلىككە كەلگەن كۈچلۈك بىر دۆلەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋەردى ھەمدە يېقىن شەرقتىكى مۇھىم ئىسلام دۆلىتى، شۇ-نىڭدەك غەرب بىلەن تىركىشەلەيدىغان ئەڭ قۇدرەتلىك ئىسلام

قورغىنى بولۇپ قالدى، كېيىنكى چاغلاردا ئەھلىسەلىپنىڭ مۇ-
قەددەس جايىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قوزغىغان كۆپ قېتىملىق
ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى.

ئەھلىسەلىپ ھەرىكىتى يېقىن شەرقنىڭ سودا ئىشلىرىغا
چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئەھلىسەلىپ ھاكىمىيىتى ئاستىدا،
ياۋروپا سودىگەرلىرى شەرقىي ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ ھەرقايسى پورت-
لىرىدىكى مۇستەملىكىلەردە روناق تېپىشقا باشلىدى. مۇسۇلمان-
لار بۇ زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىنمۇ بۇ پورتلاردىكى
سودا پائالىيىتى يەنىلا جانلىنىپ تۇردى ۋە بۇ يەرلەردە مۇھىم
ئەھمىيەتلىك ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى بارلىققا كەلدى.
1183 - يىلى، سالاھىددىن باغدادتىكى خەلىپىگە يازغان خېتىدە
بۇنداق سودىغا ئىلھام بەرگەنلىكىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە توختىلىپ
مۇنداق دېگەن: ”ۋېنېتسىيىلىكلەر، پىسالىقلار ۋە گېنويەلىكلەر
بىزگە غەربنىڭ ئېسىل مەھسۇلاتلىرىنى، بولۇپمۇ قورال - ياراغ
ۋە ئۇرۇش لازىمەتلىكلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىۋاتىدۇ، بۇلار خرىس-
تىئان دىنىغا ئەمەس، ئىسلام دىنىغا پايدىلىق.“ ياۋروپانىڭ
دىنىي جەمئىيەتلىرى بۇ سودىغا ناھايىتى تېزلىك بىلەن قارشى
تۇرغان ھەمدە مۇشۇ سودا بىلەن شۇغۇللانغان سودىگەرلەرنى دىن-
دىن چىقىرىۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسىمۇ،
لېكىن بۇ ھېچنېمىگە دال بولالمىدى.

دەل مۇشۇ مەزگىلدە، شەرقتە ئىسلام دىنى ئۈچۈن تېخىمۇ
خەتەرلىك بولغان بىر يېڭى تەھدىت پەيدا بولدى، ئۇ بولسىمۇ
ئاسىيانىڭ شەرقىدىكى موڭغۇللارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى
ئىدى. چىڭگىزخان شىددەتلىك ئېچكى ئۇرۇش ئارقىلىق كۆچمەن
موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈردى ۋە ئۇلارنى ئىنسان-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەت تارىخىدا ئەڭ گەۋدىلىك بولغان بىر قېتىملىق ئىستېلاچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشقا قىستىدى.

مىلادىيىنىڭ 1220 ـ يىلى ئەتراپىدا، موڭغۇللار ئامۇ دەريانىڭ سىرتىدىكى پۈتكۈل رايوننى ئىستېلا قىلدى. 1227 ـ يىلى چىڭگىزخاننىڭ ئۆلۈشى بىلەن، ئىستېلا ھەرىكىتى بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالدى. لېكىن موڭغۇللار شۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېڭى بىر كېڭەيمىچىلىك پىلانىنى تۈزۈش ۋە ئىجرا قىلىشقا كىرىشتى. موڭغۇل شاھزادىسى ھىلاكۇ بۈيۈك خاننىڭ مىسىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلام دۆلەتلىرىنى ئىستېلا قىلىش توغرىسىدىكى يولىيورۇقىغا ئاساسەن، قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، پارسنى سۈرۈپ توقاي قىلىپ، قارشىلىق كۆرسەتكەن بارلىق كۈچنى مەغلۇب قىلدى، ھەتتا قارشىلىق كۆرسىتىشتە نام چىقارغان ئىسمائىلچىلارنى يوقاتتى. 1258 ـ يىلى ھىلاكۇ باغدادنى ئىشغال قىلىپ، خەلىپىنى ئۆلتۈردى ۋە ئاببासىيلار خەلىپىلىكىنى يوقاتتى. ئۇزاقتىن بۇيان، خەلىپىلىك تۈزۈم چېرىكلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇن جەھەتتىكى مەركىزى ۋە بىرلىككە كەلگەن سىمۋولى بولۇپ كەلگەنىدى. شۇڭا، بۇ تارىخىي تۈزۈمنىڭ يوقىلىشى ئىسلام دىنى تارىخىي مەزگىلىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىغا باراۋەر بولدى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ زەربە كىشىلەرنىڭ دېگىنىدەك ئۇنچىۋالا ئېغىر بولمىدى. چۈنكى، خەلىپە ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان ئۆزىنىڭ بارلىق ئەمەلىي ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. پايتەختنىڭ ۋە ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ دىنىدىن خالىي ھۆكۈمرانى بولغان سۇلتانلار خەلىپىنىڭ ھاكىمىيىتىنىلا تارتىۋېلىپ قالماستىن، تېخى ئۇنىڭ مەلۇم ئىمتىيازىنىمۇ ئۆز-

نىڭ قىلىنىۋېلىشقانىدى. موڭغۇللارنىڭ بۇ جەھەتتە قىلغىنى پەقەت ئىسمى بار، جىسمى يوق بۇ تۈزۈمنىڭ جەسىتىنى يەرلىكىگە دەپنە قىلىشتىنلا ئىبارەت بولدى، خالاس.

سالجۇقىيلارنىڭ ئەكسىچە، موڭغۇللار يەنىلا ئۆزىنىڭ بۇتپەرەسلىك ئېتىقادىنى ساقلاپ قالدى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىسى ۋە تۈزۈمىنى زادىلا ئېتىبارغا ئېلىپ قويمىدى. كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئىستېلا قىلىنغان دۆلەتلەردە قىلغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى بەك مۇبالىغە قىلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى سادىر قىلىشتىكى مۇددىئاسى ئاساسەن نوقۇل ئىستراتېگىيىلىك خاراكتېردە بولۇپ، قەستەن قىلغان بۇزغۇنچىلىق ئەمەس ئىدى. بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئۆزى ئىستېلاچىلىق ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى ئىدى، ئىستېلاچىلىق ھەرىكىتىنىڭ توختىشىغا ئەگىشىپ، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىمۇ توختىدى. موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، پارسلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى يېڭىدىن تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. موڭغۇللارنىڭ ئىراقنى ئىستېلا قىلىشىنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسى ئۇ يەردىكى سىياسىي تۈزۈمنى بۇزۇپ تاشلاشتىن، بۇ دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىكى يۆلەنچۈكى — سۇغىرىش سىستېمىسىنى ۋەيران قىلىۋېتىشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇلتۇراقلاشقانلارنىڭ ھوقۇقى ئاجىزلىشىش بىلەنلا، بەدەۋىيلەر قەبىلىسىنىڭ بېسىپ كىرىشى مۇقەررەر بولۇپ قالدى.

ئىراق ئىراننى مەركەز قىلغان شەرق موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ چەت چېگرىدىكى بىر ئۆلكىسىگە ئايلىنىپ قالغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەممىدىن ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى. دىجلە ۋە فۇرات دەريالىرى ۋادىسى بىلەن غەربتىكى يەنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدا قۇملۇق ۋە ھەربىي ئىشلار توسالغۇ بولۇپ تۇرغانلىقى، شەرقىي قىسمىدا ئىراننى مەركەز قىلغان ئىمپېرىيە بارلىققا كېلىپ ئىراقنى ئۆزىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىغا ئېلىۋالغانلىقى سەۋەبىدىن، ئىراق شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم سودا يولى بولۇش ئۈستۈنلۈكىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئەينى چاغدا ئۇ سودا يولى شەرق بىلەن شىمالدا ئىران ۋە تۈركىيىگە، غەربتە مىسىر ۋە قىزىل دېڭىزغا باراتتى. ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئىراقنى ۋە قولدىن كەتكەن خەلىپىلەر پايتەختىنى شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر-قانچە ئەسىر ئىچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ھەرىكەت قىلالمايدىغان تۇرغۇن ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى.

گەرچە سۈرىيە موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەرەب دۇنياسىنىڭ ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزىنىڭ بىۋاستە تەسىرىگە ئۇچرىشى ئىراق بىلەنلا چەكلەندى. ئەينى ۋاقىتتا ئەرەب دۇنياسى ئىراننى مەركەز قىلغان موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەندى. يېڭى تىكلەنگەن ئەييۇبىيىلار سۇلالىسى مىسىر بىلەن سۈرىيىنى بەختكە يارىشا موڭغۇللارنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىدىن ساقلاپ قالدى. ئەييۇبىيلار كۇرد مىللىتىدىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قۇرغان دۆلەت سالجۇقىيلار قۇرغان دۆلەت بىلەن بىر تىپتا ئىدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىرى تۈرك مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىدىكى ھەربىي مۇستەبىتلەر ئىدى، ئۇلار كۆپ چاغلاردا ئەييۇبىيلارنىڭ سۇلتانىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى.

13 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قاھىرەدە سىياسىي جەھەتتىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇۋاتقان مەملۇك تۈركلەر يېڭى بىر

ھاكىمىيەت قۇرۇپ، ئۇنىڭ نامىنى "مەملۇك سۇلتانلىقى" دەپ ئاتىدى، ئۇنىڭ مىسىر بىلەن سۇرىيىگە بولغان ھۆكۈمرانلىقى تاكى 1517 - يىلىغىچە داۋاملاشتى. ئارقىدىنلا ئەييۇبىيلار سۇلا- لىسىنىڭ ئاخىرقى بىر سۇلتانىنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن بىرمە- ھەل قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەندىن كېيىن، 1260 - يىلى بەيبەرەس (1223 — 1277 - يىللىرى) دەپ ئاتىلىدىغان بىر تۈرك (قىپچاق) مىسىردا سۇلتانلىق تەختىگە ئولتۇردى. ئۇ بىرقانچە جەھەتتە سالاھىيىتىنى ئۆزىگە ئۇلگە قىلدى. ئۇ مىسىر بىلەن سۇرىيىنى قوشۇپ بىرلىككە كەلگەن بىر دۆلەتكە ئايلاندۇر- دى، يەنە كېلىپ بۇ دۆلەتنىڭ بۇ قېتىمقى بىرلىككە كەلگەن ۋاقتى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ئۇزۇنراق بولدى. بەيبەرەس چەتتىن كەلگەن دۈشمەننىڭ ھەممىسىنى مەغلۇب قىلدى، شەرقتىن كەل- گەن موڭغۇل تاجاۋۇزچىلىرىنى چېكىندۈردى ھەمدە ئەھلىسەلىپ- نىڭ سۇرىيە چېگرىسى ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى قالدۇقىدىن باشقىسىنى تولۇق يوقاتتى. ئۇ باشقىچە بىر خىل ئۇسۇل بىلەن، قاھىرەگە كېلىپ خەلىپە بولىدىغانغا ئابباسىيلار جەمەتىنىڭ بىر ئەزاسىنى تاپتى. ھالبۇكى، ئابباسىيلارنىڭ خەلىپىسى مەملۇكلارنىڭ ئوردىسىدا ئاران ئادەتتىكى بىر مۇلكىي ئەمەلدارلىق ئورۇنىغىلا ئىگە ئىدى. مىسىر تارىخچىسى مەقرىزى (1364 — 1442 - يىللى- رى) مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: "مەملۇكلار يۆلەپ يېتىشتۈر- گەن خەلىپىنىڭ قۇرۇق نامى ۋە ھەر خىل ئۇنۋانىدىن باشقا ھېچقانداق ئەمەلىي ھوقۇقى يوق ئىدى، ھەتتا ئۆزىنىڭ پىكرىنى بايان قىلىش ھوقۇقىمۇ يوق ئىدى. ئۇ پەقەت يوغان ئەمەلدارلار، ھۆكۈمەت خادىملىرى، سوتچىلار بىلەن كۆن ئۆتكۈزۈشتىن باش- قىنى بىلمەيتتى، يەنە تېخى ھەمىشە بۇ كىشىلەرنى ئىزدەپ بې-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رىپ زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى زىياپەتلەرگە ۋە كېچە-لىك ئولتۇرۇشلارغا تەكلىپ قىلغانلىقىغا تەشەككۇر بىلدۇرۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى.» قاھىرەدىكى خەلىپىلەر خەلىپىلىك تۈزۈمىنىڭ ئاخىرقى خارابىلىشىش باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلاتتى.

بەيبەرەس ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى قۇرغان مەملۇك سۇلتانلىقى تۈزۈمى فېئوداللىق خاراكتېردە بولۇپ، ئەييۇبىيلار مىسىر ۋە سۈرىيىگە ئېلىپ كەلگەن سالجۇق فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ كۆچۈرۈل-مىسى ئىدى. بۇ تۈزۈم بويىچە، ئەمەلدارلار ياكى «ئەمىر»لەر مائاش ئورنىدا بىر پارچە سۆيۇرغال يەرگە ئېرىشەتتى، ئۇنىڭ شەرتى دەرىجىسىگە قاراپ 100دىن 500گىچە مەملۇك ئەسكىرىنى بې-قىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار ئادەتتە كىرىمىنىڭ ئۈچتىن ئىك-كى قىسمى بىلەن ئەسكەرلەرنى باقاتتى. سۆيۇرغال يەرگە ئىگە بولغۇچىلار گەرچە ئۇ يەرنى بالىلىرىغا مىراس قالدۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ھەرقانچە تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى ئەمەلگە ئاشۇ-رالمىدى. بۇ تۈزۈم ئەرەبلىشىپ كەتكەن مەملۇك ئوفىتسېرلىرى-نىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ قولىدىن ئۇ يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىپ، يېڭى-دىن يۆتكەپ كېلىنگەن مەملۇك ئەسكەرلىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىشكە موھتاج بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن، يەر ئىگىلىرىنىڭ يەرنى مىراس قالدۇرىدىغان ئاقسۆڭەكلەر تۈزۈلمىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشىغا ئىمكانىيەت بېرىلمىدى، ياكى ئاشلىق ھالدا ئۇنىڭ ئالدى ئېلىنىدى. مەملۇك ئەمەلدارلىرى سۆيۇرغال يەرلىرىدىن ئۇزاق مۇددەت ياكى ئۆمۈر بويى پايدىلاندى. لېكىن، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇلار قاھىرەدە ياكى سۆيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن يەر-دىكى چوڭ شەھەرلەردە تۇرۇشنى ياخشى كۆرگەچكە، سۆيۇرغال يەرنىڭ ئۆزىدە تۇرۇشنى خالىمىدى. ئۇلار كىرىمنى يەرگە ئىگە-

دارلىق قىلىش هوقۇقىدىن ئارتۇق بىلگەچكە، بۇ تۇزۇم ياۋروپاچە قورغان، قورۇق ياكى كۆچلۈك يەرلىك هاكىمىيەت قۇرۇشقا ئېلىپ بارمىدى؛ مىسىردا يەرنى تەبىقە بويىچە سۇيۇرغال قىلىپ بېرىش تۈزۈمىلا ئورنىتىلماي قالماستىن، هەتتا ئەقەللىيسى يەرنى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىش چارىسىمۇ مۇددەت بويىچە ئۆزگىرىپ تۇردىكى، مۇقىملاشتۇرۇلمىدى.

مەملۇكلار ئەسلىدە باشقا جايلاردىن سېتىۋېلىنىپ مىسىردا تەربىيىلەنگەن قۇللار ئىدى. دەسلەپكى چاغلاردا ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئېقىپ يۈرگەن ۋە قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى رايونلاردىن سېتىۋېلىپ ئەرەب زېمىنىغا كەلتۈرۈلگەن تۈركلەر ئىدى، كېيىنچە، قاچاق موڭغۇل ئەسكەرلەر ۋە باشقا مىللەتلەرنى، بولۇپمۇ چېركەسلەرنى، ئاز ساندىكى گرېكلارنى، هەتتا ياۋروپالىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى. لېكىن تۈرك تىلى ياكى چېركەس تىلى يەنىلا هۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ تىلى ئىدى. ئۇلار ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر، جۈملىدىن سۇدانلىقلارنىڭ ئەرەبچە سۆزلىشى ناهايىتى ئاز ئۇچرايتتى. مەملۇكلار دۆلىتى بەيبەرەس ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى هۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە خەلق ئىشلىرى بىلەن هەربىي ئىشلارنى ئىنچىكە پىلانلاپ تەڭ يولغا قويۇپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى قوللانغانىدى. مەملۇك ئەمەلدارلىرى مۇلكىي ئەمەلدارلارنىڭ ياردىمىدە مۇشۇ ئىككى جەھەتتىكى ئىشلارنى باشقۇرغانىدى. مەملۇك سۇلتانلىرى تاكى مىلادىيىنىڭ 1383 - يىلىغىچە ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە مىراسخورلۇق تۈزۈمىگە ئاساسەن هاكىمىيەت يۈرگۈزگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، سۇلتانلىق ئورنىنى ئۇلار ئىچىدىكى ئەمەلىي كۈچى هەممىدىن چوڭ بولغان سەركەردىلەر ئىگىلەپ كەلدى. هەربىر سۇلتان ئالەمدىن ئۆتۈش

www.uyghurkitap.com

ئالدىدا، ئۇنىڭ ئوغلى ئەمەلىي ئىزباسار بارلىققا كەلگۈچە ۋاقىتلىق ئىزباسار بولۇپ تۇردى.

مەملۇك ھاكىمىيىتى دەسلەپكى چاغلاردا، ئىككى تەرەپتىكى دۈشمەننىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغانىدى، ئۇنىڭ بىرى غەربنىڭ خرىستىئانلىرى، يەنە بىرى شەرقنىڭ موڭغۇللىرى ئىدى. شۇڭا، شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئەڭ زور تۆھپىسى يېقىن شەرقتىكى ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئۇ دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراتماسلىقتىن ئىبارەت بولدى. 15 - ئەسىردە يېڭى بىر ئوسمانىيە دۆلىتى ئاناتولىيە يېرىم ئارىلىدىكى سالجۇقىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ خارابىسىدە گويا ئەنقادەك باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ مەملۇك دۆلىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى دەسلەپتە ئىناق ۋە دوستانە بولغانىدى. لېكىن ئوسمان تۈركلىرى ياۋروپادا ئىز بېسىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن دىققىتىنى ئاسىياغا بۇرىغان چاغدا، بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى.

مىسىرنىڭ ياۋروپا بىلەن بولغان سودىسى، بولۇپمۇ ياۋروپانىڭ يېقىن شەرق ئارقىلىق يىراق شەرق بىلەن بولغان سودىسى مىسىر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىملىقىنى كۆرسەتتى. مىسىر سودىسىنىڭ ئۆزىدىنلا ئەمەس، بەلكى تاموژنا بېجىدىن ناھايىتى زور پايدىغا ئىگە بولدى. مەملۇك ھۆكۈمىتىنىڭ تازا كۈچەيگەن دەۋرلەردە بۇ خىل سودىنى قوغدىشى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشى مىسىرغا غايەت زور گۈللىنىش ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا يېڭى تەرەققىيات ئېلىپ كەلگەنىدى. لېكىن، بەيبەرەس توسماقچى بولغان موڭغۇللارنىڭ تەھدىتى تېخىچە يوقىتىلمىغانىدى. مىلادىيىنىڭ 1400 — 1401 - يىللىرى ئارىلىقىدا، ئاقساق تۆمۈر باشچىلىقىدىكى تۈرك - موڭغۇل قوشۇنلىرى سۈرىيىنى سۈرۈپ

توقاي قىلدى ۋە دەمەشقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ يالىڭاچلاپ
قويدى. ۋابا، چېكەتكە ئاپېتى ۋە ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىماي-
دىغان بەدەۋىيلەر مالىمانچىلىقى موڭغۇللار قىلىپ بولالمىغان
بۇزغۇنچىلىقنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈپ، مەملۇك ھاكىمىيىتىنىڭ
ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئۇنى ئورۇن-
دىن تۇرالماس قىلىپ قويدى.

15 ـ ئەسىردىكى ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ تۈرتكىسىدە،
مەملۇك دۆلىتى چېگرىدىن ئۆتىدىغان سودىدىن كۆپلەپ پايدا
ئېلىش غەرىزىدە يېڭى مالىيە سىياسىتىنى قوللىنىشقا باشلىدى.
سۇلتان بارسباي (1422 — 1438 ـ يىللىرى) سودا ئىشلىرىنى
ئۆزى بىۋاسىتە تۇتۇپ ئۇنى باج ئورنىغا دەسسىتىش ئۈچۈن،
ھىندىستان ۋە جۇڭگو سودىگەرلىرىنى ماللىرىنى مىسىرنىڭ
كونتروللۇقىدىكى پورتلارغا يۆتكەپ ئاپىرىشقا ئىلھاملاندۇردى.
ئۇ دەسلەپتە شېكەر تۈرىدىكى، كېيىن يەنە قارامۇچ قاتارلىق
ماللارنى پادىشاھ جەمەتى نامىدىن مونوپول قىلدى. ئۇنىڭ ۋارىس-
لىرىمۇ مۇشۇ سىياسەتنى يۈرگۈزۈپ، مال باھاسىنىڭ ئۆسۈپ
كېتىشىگە ۋە ياۋروپالىقلارنىڭ ئۆچ ئېلىش ھەرىكىتىنى قوللىنى-
شىغا، ئاخىردا پۈتكۈل ئىقتىسادنىڭ ۋەيران بولۇشىغا سەۋەب
بولدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ھۆكۈمەت پۇلنىڭ قىممىتىگە ۋە ئېغىر
ئالۋان ـ ياساققا تايىنىپ ئۆزىنى ساقلاشقا مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ-
دىن باشقا، ئىنتايىن مۇھىم يەنە بىر ئامىل قول ئېلىپ سېتىش
تۈزۈمىنىڭ زاۋالغا يۈزلىنىشىدىن ئىبارەت بولدى. بۇنداق بولۇ-
شىدىكى سەۋەب: قۇللۇق تۈزۈم كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچ-
رىدى، قارا دېڭىز بويلىرىدىكى قۇل بازىرىدا قىيىنچىلىق تۇغۇل-
دى، شۇنىڭ بىلەن مەملۇك ئەمەلدارلىرى ئۆزىگە ئېھتىياجلىق

www.uyghurkitap.com

قولغا ئېلىگىرىكىدەك ئاسانلا ئېرىشەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، شۇ سەۋەبتىن، مەملۇك دۆلىتىنىڭ مۇھىم بىر ئىقتىسادىي مەنبەسى قولدىن كەتتى.

شۇ چاغدىكى تارىخچىلار بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئېپادىلەنگەن چىرىكلەشكەن — قولدىن ئىش كەلمەيدىغان ئوبرا-زىنى جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەندى. بۇلاردىن بىرەيلەن شۇ چاغ-دىكى ۋەزىرلەر ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: ”ئۇلار رەھىمسىز مۇتەھەملەر بولۇپ، ناھەق ئىشلارنى پەيدا قىل-غۇچىلار ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى يوغان چاغلاپ، ھېچكىمنى كۆزىگە ئىلمايتتى. لېكىن ئۇلار ھېچقانداق بىلىمى يوق ۋە دىنىي ئېتىقادى سۇس ئادەملەر ئىدى. ئۇلار جەمئىيەت ئۈچۈن بىر ئاپەت ئىدى، باشقىلارنى خالىغانچە ئەدەبلەيتتى ۋە ھاقارەتلەيتتى، ئۇلار ئېكسپىلاتاتسىيىگە تايىنىپ كۈن كەچۈرەتتى، ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئىنسانلارغا ھاقارەت ئىدى.“ بارسباي قاھىرىدىكى تۆت قازىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلاردىن شەرىئەت بەلگىلىمىسىدىن ئېشىپ كەتكەن بىر خىل يېڭى باج تۈرىنى بەلگىلەشكە قوشۇلۇشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇلاردىن بىرەيلەن مۇن-داق دەپ جاۋاب بەرگەن:

”سۇلتاننىڭ خوتۇنى ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىنى قىلغان كۈ-نى 30 مىڭ دىنارلىق كىيىم كىيىپ ئولتۇرسا، بىز مۇسۇلمان-لارنىڭ مال - مۈلكىنى تارتىۋېلىشقا قانداقمۇ قوشۇلالايمىز؟ بۇ تېخى بىر خوتۇننىڭ كىيىمى تۇرسا“...

1498 - يىلى مىسلىسىز ۋە غايەت زور بىر ئۆزگىرىش يۈز بەردى. شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، پورتۇگالىيىنىڭ دېڭىز ساياھەتچىسى ۋاسكو. دا. گامانىڭ كېمىسى ياخشى ئۈمىد

تۇمشۇقىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ھىندىستانغا يېتىپ باردى. 1499 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، بۇ كېمە خۇش پۇراق ماتېرىياللارنى لىق بېسىپ، يىراق شەرققە تېخىمۇ ئاسان، تېخىمۇ تىنچ بارغىلى بولىدىغان بىر يېڭى دېڭىز يولىنى ئېچىپ، شۇ يول بىلەن لىسبونغا قايتىپ باردى. ئارقىدىنلا بۇ قېتىمقى دېڭىز سەپىرى-نىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈستىدە كۆپ قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. پورتۇگالىيىلىكلەر ھىندىستاندا بىرقانچە بازا قۇرۇپ، يىراق شەرق بىلەن بىۋاستە سودا ئالاقىسى ئورناتتى. بۇ ئىش مىسىرنىڭ سودا يولىغا رەھىمسىزلارچە زەربە بېرىپ، مەملۇك دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. مەملۇك دۆلىتى بۇ ئىش ئېلىپ كېلىدىغان بىۋاستە ئاقىۋەتنى چۈشەنگەن-دىن كېيىن، سودا يولىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى بىلەن ئوخشاشلا بەختسىزلىككە ئۇچرىغان دوستى — ۋېنتسىيىلىكلەرنىڭ قىزىق-تۇرۇشى بىلەن، دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق، كېيىنچە بولسا قورال كۈچى ئىشلىتىشتىن يانماي، پورتۇگالىيىلىكلەر ئېلىپ كېلىدىغان تەھدىتنى يوقىتىشقا ئاتلاندى. لېكىن، ئۇلارنىڭ بۇ ئىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ئېچىنىشلىق مەغلۇبى-يەتكە ئۇچرىدى. پورتۇگالىيىلىكلەرنىڭ ئاتلانتىك ئوكياندىكى بورانغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قۇرغان فلوتى قۇرۇلما، قورال ـ ياراغ ۋە دېڭىزدا يۈرۈش تېخنىكىسى قاتارلىق جەھەتلەر-دە مۇسۇلمانلارنىڭ فلوتىدىن كۆپ ئۈستۈن بولغاچقا، ئۇزاققا بارمايلا مىسىرنىڭ فلوتىنى مەغلۇب قىلدى، ئەرەبلەرنىڭ ھىندى ئوكياندىكى سودا كېمىلىرىنى سىستېمىلىق ھالدا تارمار قىلدى، ھەتتا ئۆزىنىڭ كۈچىنى پارس قولتۇقى ۋە قىزىل دېڭىزغىچە ئۇزارتتى. 16 ـ ئەسىردە، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىستېلا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چىلىق ھەرىكىتى باشلانغان ۋە ياۋروپا كاپىتالىزمىنىڭ سودا ئىشلىرى باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرق قىسمىدىكى سودا ئىشلىرىدا ئازراق ياخشىلىنىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇردى. ئەرەبلەرنىڭ يېقىن شەرقتىكى ئورنى بىراقلا تۆۋەنلەپ كېتىپ، تاكى 19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە دۇنيا سودىسىنىڭ ئاساسىي يولى ئاندىن بۇ يەرگە قايتىپ كەلدى.

بىز تەتقىق قىلغان بۇ ئۇزاق مەزگىل ئىچىدە مۇھىم ئۈچ ئۆزگىرىش يۈز بەردى:

بىرىنچى ئۆزگىرىش شۇكى، يېقىن شەرقتىكى ئىسلام مەمىلىكەتلىرى سودا پۇلى ئىگىلىكىدىن دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلغان فېئودال ئىگىلىككە ئايلاندى، گەرچە بۇ مەزگىلدە ئىنتايىن كەڭ ھەم مۇھىم چېگرا سودىسى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ.

ئىككىنچى ئۆزگىرىش شۇكى، ئولتۇراقلاشقان ئەرەبلەر بىلەن ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان ھەرقايسى مىللەتلەر سىياسىي جەھەتتىكى مۇستەقىللىقىدىن ئايرىلىپ، تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. ئادىمى ئاز قۇملۇقلاردا ئولتۇرىدىغان ئەرەب قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئابباسىيلار سۇلالىسى خارابلىشىۋاتقان پۇرسەتتە قولغا ئالغان مۇستەقىللىقنى تېخى ساقلاپ قالغان ۋە ئۆزلىرىنى ئىستېلا قىلىش ئۈچۈن سىرتتىن كىرگەنلەرنىڭ بىر قاتار ھەربىي ھۇجۇمىنى مەغلۇب قىلغانىدى. ئۇلار تۈركلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش داۋامىدا چېگرا بويلىرىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىنى ئۆزلۈكسىز ئىگىلەپ تۇردى. بەزى تاغلىق رايونلاردىكى ئەرەب تىلىدا سۆزلەي-

ـدىغان مىللەتلەرمۇ ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتاتـ
تى. بۇلاردىن باشقا، چوڭ شەھەرلەردە، چوڭ دەريالارنىڭ ۋادىـ
لىرىدا ۋە ئىراق، سۇرىيە، مىسىر قاتارلىق تۇزلەڭ رايونلاردا
ياشايدىغان ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان ئاھالىلەر مىڭ يىلغا سوـ
زۇلغان ۋاقىت ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆز قولىدا
تۇتۇپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇلار ئىزچىل ھالدا تۈركلەرلا ھۆـ
كۈمرانلىق قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە دەپ قاراپ كەلگەنىدى. بىز
شۇنى سەزدۇقكى، 14 ـ ئەسىردە ئەرەبىستانلىق بىر مەملۇك
كاتىب ئەرەبلەر بىلەن سۆزلەشكەندە، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى
مىللەتنىڭ كىشىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان تىلىدا سۆزلەپ ئۆزىنىڭ
ئىناۋىتىنى تۆكمەسلىك ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى يەنى ئۆز
ۋەتىنىنىڭ تىلىنى ئىشلەتمەي، بەلكى تەرجىمان ئارقىلىق تۈرك
تىلىدا سۆزلەشكەن. 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ناپالېـ
ئون مىسىرنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ مۇھىم
خىزمەت ئورۇنلىرىغا ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان مىسىرلىقلارنى
قويماقچى بولغانىدى، نەتىجىدە بۇ ئىش ئەپلەشمەي، چاقىرىق
كۈچىگە ئىگە تۈركلەرنى قويۇشقا مەجبۇر بولغان.

ئۈچىنچى ئۆزگىرىش شۇكى، ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان
دۆلەتلەرنىڭ مەركىزى ئىراقتىن مىسىرغا يۆتكەلدى. ئىراق
ئىجتىمائىي تەرتىپى قالايمىقان بولغانلىقى، كۆچى ئاجىزلىشىپ
كەتكەنلىكى ۋە كېيىنكى چاغلاردا سودىگەرلەر ھەم دۈشمەنلەرمۇ
قاتنايدىغان ئوتتۇرا دېڭىزغا بىرقەدەر يىراق بولغانلىقى قاتارلىق
سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئەرەب دۆلەتلەرنىڭ مەركىزى بولۇش ۋەزىـ
پىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا
مىسىرنىڭ بىردىنبىر سودا يولى بولۇپ قېلىشىغا نىل دەرياسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان بىردىنبىر رايوننىڭ بولغانلىقى سە-
ۋەب بولدى، بۇنداق جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىك يېقىن شەرقنىڭ
ئەرەب رايونىدىكى بىردىنبىر قۇدرەتلىك دۆلەت بولالايدىغان ۋە
ھوقۇق مەركەزگە يىغىلغان بىر ھۆكۈمەتنىڭ تىكلىنىشىنى تەبى-
ئىي ھالدا تەلەپ قىلاتتى.

ئەرەبلەرنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ شەرەپ - شانىمۇ مەۋجۇت بولماي قالدى. ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا پارس تىلىدا ۋە تۈرك تىلىدا سۆزلەيدىغان ھۆكۈمرانلار ۋارىسلىق قىلدى، ئۇلار ئۆزىنىڭ قىزىقىشى ۋە ئەنئەنىسىنى تۈرك تىلى ۋە پارس تىلىدا مەدھىيىلەيدىغان شائىرلارنى يېتىش-تۈرۈپ چىقتى.

ئاۋۋال پارسلار، ئاندىن تۈركلەر ئىسلام دىنى مەدەنىيىتىنى مۇستەقىل ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىنى راۋاجلان-دۇردى. ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ سىياسىي رەھبەرلىك ئورنىنى ئىگىلىگەندىن باشقا، ئىسلام دىنى مەدەنىيىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنىمۇ ئۆز قولىغا ئالدى. سالجۇقىيلار ۋە موڭغۇللار ھۆ-كۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە ئىسلام دىنى ئەدەبىيات - سەنئە-تى يېڭىدىن گۈللەنگەندى. پارس ئەدەبىياتى بىلەن تۈرك ئەدەبى-ياتى بىر جەھەتتىن ئەرەبلەر بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن ئۆزىگە خاس مۇھىم ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە بولدى. سالجۇقىيلار سۇلالىسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئاز ساندىكى دىنىي ۋە پەننىي ئەسەرلەر-نى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەرەب يېزىقىنىڭ ئەدەبىيات جەھەتتە ئىش-لىتىلىشى ئەرەب تىلىنى ئومۇمىي قوللىنىدىغان دۆلەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. ئىسلام دىنى مەركىزىنىڭ غەربكە يۆتكىلىشى

سۈرىيىنىڭ مۇھىملىقىنى ئاشۇردى ھەمدە ئەينى چاغدا ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي مەركىزى بولغان مىسىرنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا چىقاردى.

شەكىل بىلەن چەكلىنىپ قالغان تۇرغۇن ھالەتتىكى دىنىي ئىدىيە كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان توختاپ قالغان جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى مۇستەقىل پىكىر قىلىش ۋە ئەركىن مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش روھىنى خاراپ قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئاممىۋى تۇرمۇشتا پۇتۇنلەي ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە يۆلىنىۋېلىشى ئەدەبىيات جەھەتتە ھاياتىي كۈچىدىن ۋە مۇستەقىللىقىدىن ئايرىلىپ قېلىش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. گەرچە سەنئەتكار كونىلىققا ئېسىلىۋالىدىغان، ئالىم ساپلا خاتىرىسىگە ئاساسلىنىدىغان ئەھۋالنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىشى مۇشۇ دەۋرنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى بولسىمۇ، لېكىن ئىلىم ئىدىيىسى ساھەسىدە يەنىلا بەزى مۇھىم شەخسلەر مەيدانغا چىقتى، مەسىلەن، ئىسلام دىنىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدىغان، يېڭى مەدرىسە پەلسەپىسىنى سوفىزم ئاساسىدىكى بىۋاسىتە كۆزىتىش نەزەرىيەسى ۋە تەسەۋۋۇپچىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلغان غەززالى (1059 — 1111 - يىللىرى)؛ ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان ھەر مىللەت خەلقى ھۆرمەتلەپ تىلشۇناس - يېزىقشۇناسلارنىڭ پىرى دەپ ئاتايدىغان قاسىم ئىبنى ئەلى ھەرىرى (1054 — 1122 - يىللىرى)؛ بىئوگراف، جۇغراپىيىشۇناس ۋە ئەدىب ياقۇت ھەمەۋى (1179 — 1229 - يىللىرى)، شۇنىڭدەك موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەيدانغا چىققان بىر قاتار تارىخشۇناسلار ياكى يىلنامەشۇناسلار شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تونۇلغان ئالىم ئىبنى

خەلدۇن (1332 — 1406 ـ يىللىرى) مۇ بار بولۇپ، ئۇ ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ تالانت ئىگىسى، تۇنجى بولۇپ ئىجتىمائىيەت ۋە پەلسەپە نۇقتىئىنەزىرى بىلەن تارىخنى مۇھاكىمە قىلغان كىشى دەپ قارالغاندى.

1517 ـ يىلى، ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان مەملۇك سۇلالىسى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىشى ئارقىسىدا ئاخىر يىمىرىلدى. مىسىر بىلەن سۇرىيە ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنى دائىرىسىدە 400 يىلدەك تۇردى، ھەتتا ماراكەشنىڭ چەت چېگرىسىدىكى بەربەرلەر دۆلەتلىرىمۇ ئوسمان ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنىدى. 1639 ـ يىلى ئوسمانلار پارسلارنىڭ قولىدىكى ئىراقنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ بېقىندىلىرىغا ئايلىنىپ كەتتى.

ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان ھەرقايسى مىللەتلەر ناھايىتى ئاز بىرقانچە رايوندىلا ئەمەلىيەتتىكى مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قالدى. ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى يەمەنمۇ 1537 ـ يىلى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ قالغاندى، كېيىن، 1635 ـ يىلى يەنە مۇستەقىللىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدى. ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرىدىن كېلىپ چىققان مەككە ۋە مەدىنە ھۆكۈمرانلىرى گەرچە ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كونستانتىنوپولغا بولغان بېقىنىشى مىسىرغا بولغان بېقىنىشىغا يەتمەيتتى. يېرىم ئارالنىڭ باشقا جايلىرىدا، بەدەۋىيلەر قاقاس قۇملۇقتا ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ئورنىنى ساقلاپ قالغاندى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۇلار بەزى جەھەتلەردە ئىسلام

دىنى يېڭى ئوتتۇرىغا چىققان چاغدىكىدەك قۇدرەتلىك بىر دىنىي ھەرىكەتنى قوزغىدى. ئۇ بولسىمۇ نەجد رايونىدىكى فەقىھ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب ( 1703 — 1791 - يىللىرى) باشچىلىقىدىكى ۋەھھابىيلار ھەرىكىتى ئىدى. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، تەسەۋۋۇپچىلىققا قارشى تۇرغان، ئىسلام دىنىنىڭ ھىجرىيىنىڭ بىرىنچى ئەسىرىدىكى ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاشنى تەشەببۇس قىلىپ، كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا كېيىن ئارىلىشىپ قالغان ئەقىدە، مۇراسىملارنى چۆرۈپ تاشلاشقا چاقىرغان ۋە ئۇ ئەقىدە، مۇراسىملارنىڭ ھەممىسى بىدئەت ھەم خۇراپاتلىق بولۇپ، ھەقىقىي ئىسلام دىنى بىلەن زادىلا سىغىشالمايدۇ دەپ قارىغان. ئۇ ئەۋلىيالارغا ۋە مۇقەددەس جايلارغا خۇراپاتلارچە چوقۇنۇشقا قارشى تۇرغان، ھەتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ ھۆرمەتنى ھەددىدىن زىيادە ئاشۇرۇۋېتىپ خۇددى چوقۇنغاندەك قىلىپ كېتىشنى چەكلىگەن، ئادەم بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق ۋاستىچىلىك شەكىللىرىنى چۆرۈۋېتىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ دىنىي تۇرمۇش ۋە شەخسىي تۇرمۇش جەھەتتىمۇ قاتتىق پاكلىقنى تەشەببۇس قىلغان، بارلىق ئورۇنسىز قائىدىلەرنى چەكلىگەن. ۋەھھابىيلار نەجد رايونىدىكى قەبىلە ئاقساقىلى مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد (1765 - يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، ھەربىي ۋە سىياسىي مەركەزگە ئىگە بولغان. ۋەھھابىيلارنىڭ تەلىماتى مۇھەممەد ئىبنى سەئۇدنىڭ كېڭەيمىچىلىك ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا كەڭ ۋە تېز تارقالغان. ۋەھھابىيلار ئوسمان ئىمپېرىيەسى نامىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرىدىن مەككە ۋە مەدىنىدىن ئىبارەت ئىككى مۇقەددەس جاينى تارتىۋې-

www.uyghurkitap.com

لىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، ئوسمان ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى سۈرىيە ۋە ئىراقتىن ئىبارەت ئىككى ئۆلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالدى. تاكى 1818 - يىلى مىسىرنىڭ باش ۋالىيسى مۇھەممەد ئەلى (1769 — 1849 - يىللىرى) ئەرەب يېرىم ئارىلىغا تۈركلەر بىلەن مىسىرلىقلاردىن تەشكىل قىلىنغان بىر تاجاۋۇزچى قوشۇننى ئەۋەتىپ، ۋەھھابىيلار دۆلەتىنىڭ كۈچىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئەسلىي كۆتۈرۈلگەن يېرى — نەجد بىلەن چەكلىگەندىن كېيىن، ئەھۋالدا ئاندىن ئۆزگىرىش بولدى. ئەمما ۋەھھابىيلار مۇشۇ يەردە ئۆزىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى ساقلاپ قالغاچقا، 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى بىلەن 20 - ئەسىردە يېڭىۋاشتىن ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى بىر سىياسىي ئامىلغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

لىۋاننىڭ تاغلىق رايونلىرىدا، ئۇزاقتىن بۇيان بىر خىل مۇستەقىللىق ئەنئەنىسى ساقلىنىپ كېلىۋاتاتتى. ئاناتولىيىدىن كەلگەن خرىستىئان تاجاۋۇزچىلىرى ئېگىز تاغلارنى ئىسلام دىنى دېڭىزىدىكى يالغۇز بىر خرىستىئان ئارىلىغا ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. يېرىم مۇستەقىللىققا ئىگە فېئودال كىنەزلەر (بۇلارنىڭ بەزىسى خرىستىئان دىنىغا، بەزىسى ئىسلام دىنىغا، يەنە بەزىسى دىرۇز مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلاتتى) ئوسمان ئىمپېرىيىسىگە قارايدىغان تاغلىق رايونلارنىڭ بىر قىسمىغا يەنىلا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن ھەمدە ئوسمان ھۆكۈمىتى كونتروللۇقىنىڭ ئۈنۈملۈك دەرىجىسىگە ئەگىشىپ مەلۇم مۇستەقىللىقتىن بەھرىمەن بولغانىدى. ئاخىردا، غەربىي قىسمىدىكى چېگرا رايونلاردا ئەرەبلەر بىلەن بەربەر بىرلىشىپ قۇرغان ماراكەش ئىمپېرىيىسى يەنىلا ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالغان ۋە ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى روھىنى ئەۋج ئالدۇرغانىدى.

باشقا رايونلاردا، ئەرەبلەرنىڭ تۈركلەرنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قېلىشى ئابباسىيلار خەلىپىسى مۇئتەسىم (795 — 842 - يىللىرى) دەۋرىدە باشلىنىپ، سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسى ۋە مەملۇك خانلىقى دەۋرلىرىدە مۇئەييەنلەشكەنىدى، ئوسمان ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە بولسا داۋاملىشىۋەردى. بۇ دەۋردە ئەرەبىستاننىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىدە يۈز بەرگەن مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە يەرلىك داھىيلار ئەمەس، بەلكى تۈرك پاشالىرى رەھبەرلىك قىلغانىدى.

ئوسمانلار مىسىردا مەملۇك دەۋرىدىكى تۈزۈمنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇ يەرگە ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ پاشا ۋە ئارمىيىسىنى زورمۇزور ئەۋەتكەنىدى. لېكىن بۇ يەردىكى فېئوداللىق تۈزۈم ئۆزىنىڭ ھەربىي ئالاھىدىلىكىنى ئاللىقاچان يوقاتقان بولغاچقا، ئاساسەن باج ئېلىشنى ئۆزىنىڭ ئاساسى قىلغانىدى. دۆلەت فېئوداللىق سۇيۇرغال يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىدا باجنى ھۆددىگە بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويغان، يەنى دۆلەت خادىملىرىغا مەلۇم چەكتىكى باشقۇرۇش ۋە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى بەرگەنىدى. باجنى ھۆددىگە ئالغۇچى يېرى يوق دېھقانلاردىن باج ئالاتتى. دېمەك، باجنى ھۆددىگە ئالغۇچىمۇ، دېھقانمۇ باج تاپشۇراتتى؛ باجنى ھۆددىگە ئالغۇچىنىڭ ۋارىسى ئەگەر مۇشۇ ئىشقا ۋارىسلىق قىلغان بولسىمۇ مەلۇم ساندا باج تاپشۇراتتى. ھەرقاچان مەركىزىي ھاكىمىيەت خارابلىشىشقا ماڭسا، يەرلىك بەگلەر ئۆز ئارا مەنپەئەت تالىشىشقا چۈشۈپ كېتەتتى، پاشالار بولسا ئۇلارنىڭ كۈرىشىنى كۆزەتكۈچىگە ئايلىنىپ قالاتتى، بەگلەر بەزىدە تېخى ھاكىمىيەتنى بىۋاستە ئۆز قولىدا تۇتاتتى.

ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىستېلا قىلىشى سۇرىيىدە غايەت

زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ دۆلەت ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى دەمەشق، ھەلەب ۋە ترىپولىدىن ئىبارەت ئۈچ ئۆلكىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. 1660 ـ يىلى ئۇنىڭغا يەنە تۆتىنچى ئۆلكە — سەيدا قوشۇلدى. ھەربىر ئۆلكىگە بىر باش ۋالىي ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى، ئۇلار بۇ ئەمەلنى پۇلغا سېتىۋالغان بولۇپ، ئۆز ئۆلكىسىنىڭ ئىشلىرىنى ئەركىن بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. بۇ ھوقۇقنىڭ چوڭ ـ كىچىك بولۇشى كۆپىنچە شۇ چاغدىكى كونكرېت شارائىتقا ۋە شۇ باش ۋالىينىڭ ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىگە باغلىق ئىدى. بۇ ئۆلكىلەر يەنە سۇلتان ئوسماننىڭ يەرلەرنى سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈپ بېرىش تەدبىرىنى يولغا قويغانىدى. سۇيۇرغال يەرگە ئىگە بولغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى تۈركلەر ئىدى. يەرلەرنى سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈپ بېرىش ئادەتتە يېرىم مىراسخورلۇق ئاساسىدا بولاتتى ۋە يەرگە ئىگە بولغۇچىلارنىڭ يىللىق باج ۋە ھەربىي خىراجەت تاپشۇرۇشى تەلەپ قىلىناتتى. فېئوداللىق سۇيۇرغال يەرگە ئىگە بولغۇچىلارنىڭ ھوقۇقى باج يىغىش ۋە دېھقانلارغا قارىتا فېئوداللىق زۇلۇمنى يولغا قويۇش ئىدى. نۇرغۇنلىغان بولۇق يەرلەر باجنى ھۆددىگە ئالغۇچىلار ئارقىلىق سۇلتان ئوسماننىڭ كونستانتىنوپولدىكى ئوردىسىدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان چوڭ ئەمەلدارلىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلەتتى. ھەرقايسى جايلاردىكى پاشالار ناھايىتى چوڭ ھوقۇققا ئىگە ئىدى. بۇ ھوقۇق كونستانتىنوپولغا قانچە يىراق بولغان ياكى ئوسمان ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچى قانچە ئاجىز بولغان جايلاردا شۇنچە چوڭ بولاتتى.

دەسلەپكى چاغلاردا، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بۇ دۆلەتلەرگە مەلۇم مەنپەئەتلەرنى ئېلىپ كەلگەنىدى، مەم-

لۇك سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقتىن كېيىن، بىرقەدەر تىنچ ۋە گۈللەنگەن ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەنىدى. لېكىن 18 - ئەسىرگە كەلگەندە، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ زاۋال تېپىشىغا ئەگىشىپ، ئومۇميۈزلۈك بولغان چىرىكلىشىش ۋە خىيانەت قىلىش، مالىمانچىلىق ۋە ئىلگىرىلىيەلمەسلىك ھادىسىلىرى يۈز بەردى. يات مىللەت ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئۇزاق دەۋردە، ئىككى خىل مەدەنىيەت ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزمەيدىغان ھالەتتە بىرلىشىپ قالدى. بىر تەرەپنىڭ زاۋالغا يۈز تۇتۇشى مۇقەررەر ھالدا يەنە بىر تەرەپكە تەسىر كۆرسەتتى، شۇڭا قالايمىقانچىلىق ۋە ئەنسىزلىك ھادىسىلىرى ھەمىشە يۈز بېرىپ تۇراتتى.

گەرچە ئىسمائىلچىلار ھەرىكىتى موڭغۇللارنىڭ بېسىپ كىرىشى بىلەن ئۆزىنىڭ مۇھىملىقىنى يوقاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئورنىنى ئالغان يېڭى ھەرىكەت باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ھەتتا مەملۇك سۇلالىسى دەۋرىدە، ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان مىسىر خەلقى توختىماي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ كەلگەنىدى. ئوسمان ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە، قارا نىيەت ئۇنسۇرلار تارقاق مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى، بۇلارنىڭ ئۆزى تۈركىيىلىك ئەمەلدارلار ئىدى. ھەقىقىي ئىسلام ئەنئەنىسىگە ئىگە خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى بولسا دىنىي شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىققانىدى. بۇ قېتىم ئۇ سوفىزملىق ھەرىكەت بولۇپ ئىپادىلەندى. سوفىزىم ئەڭ باشتا نوقۇل بىر شەخسنىڭ سىرلىق تەجرىبىسى ئىدى، كېيىن بېرىپ ئۇ بىر خىل ئىجتىمائىي ھەرىكەتكە ئايلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالدى ۋە دائىم ھەر خىل قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ كەسپىي ئۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۇشمىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغان دەرۋىش قېرىنداشلار تەشكىلاتىنى شەكىللەندۇردى. سوفىزم شەكىل جەھەتتە ئىسمائىلچىلاردەك دىنىي بىدئەتچىلەر دەپ قارالمايتتى. ئۇ سىياسىي جەھەتتە مۇرەسسە بىلەن تىنچ ئۆتۈش پوزىتسىيىسىنى تۇتاتتى؛ دىنىي جەھەتتە بولسا تەسەۋۋۇپچىلىق بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بەزىدە ئەنئەنىچىلەرنىڭ ”ۋەھيى ئەقىدىسى“گە تەسىر كۆرسىتەتتى، لېكىن يەنە كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىچىلەرنىڭ پەلسەپىسىگە يەنى ئىلاھىيەت نەزەرىيىسىگە تەسەۋۋۇپچىلىق بىلەن ئەقىدە قىلىشىغا قارشى تۇراتتى. ئەگەر سوفىزىم سىياسىي جەھەتتە ئۇنداق ياكى مۇنداق رول ئوينىغان دېيىلسە، ئۇ ئۇنىڭ مەۋجۇت ئىجتىمائىي تەرتىپكە قارشى چىققانلىقىنى كۆرسىتەتتى. ھالبۇكى، سوفىزمنىڭ روھىي جەھەتتىن سىڭىش ھەرىكىتى، خۇددى ئەينى يىللاردىكى قەيسەر ئىسمائىلچىلارنىڭ زورلۇق كۈچ ئىنقىلابىغا ئوخشاش، ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇب بولدى. جەمئىيەتنى تۇرغۇن ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدىغان ئامىل ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. جەمئىيەتتە ھەقىقىي ئۆزگىرىش قوزغايدىغىنى سىرتتىن كىرگەن يېڭى ئامىل بولىدۇ. بۇ يېڭى ئامىل ئوتتۇرا ئەسىردە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولغان يۇنانلاشتۇرۇشنىڭ تەسىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، ئۇنىڭ تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىمۇ مىسلىسىز بولىدۇ.

# ئونىنچى باب

## غەربنىڭ تەسىرى

”ئەرەبلەرنىڭ بايلىق خەزىنىسىگە كۆز
تىكمەكتىسەن،
تېخى بويسۇندۇرۇلمىغان سەبەلەرنىڭ خانلىرىغا —
تاقابىل تۇرۇشچۇن دەھشەتلىك جەڭ راسلاۋاتىسەن،
سەن مۇدھىش مىدۇ بازغان تۇزۇمىنىڭ زەنجى-
رىدۇرسەن.“

— هوراتسىي: «شېئىرلار» (1 ـ كىتاب، 29 ـ بەت.)

ئەرەبلەر سىرتقا قاراپ كېڭىيىشكە باشلىغان دەسلەپكى چاغ-
لاردىلا ياۋروپا بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى؛ ئۇلار ئىسپانىيىدە
ۋە سىتسىلىيىدە نۇرغۇن ياۋروپا ئاھالىسىگە هۆكۈمرانلىق قىلغان
ھەمدە غەربىي ياۋروپادىكى باشقا ئەللەر بىلەن ھەربىي ئىشلار،
دىپلوماتىيە ۋە سودا جەھەتتە ئالاقە ئورناتقان؛ ئۇلار غەربىي
ياۋروپادىن ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا ئوقۇشقا كەلگەن ئو-
قۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلغان؛ ئەھلىسەلىپمۇ ئەرەب شەرقىنىڭ
يۈرىكىگە غەربىي ياۋروپانىڭ بىر پارچە يېرىنى يۆتكىگەن. گەرچە
غەربلىكلەر ئەرەبلەر بىلەن بولغان ئۇچرىشىشتىن خېلى كۆپ نەپ
ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەرەبلەر بۇنىڭدىن ھېچقانداق نەپكە ئې-
رىشمىگەن. بۇ مۇناسىۋەتلەر ئەرەبلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئىزچىل

هالدا سىرتقى، يۇزەكى نەرسە بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى- غا ۋە مەدەنىيىتىگە تۇزۇك تەسىر كۆرسىتەلمىگەن. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب تارىخى ۋە جۇغراپىيىسىگە دائىر ھۆججەتلەردە ئەرەبلەرنىڭ غەربىي ياۋروپاغا دىققەت قىلمىغانلىقى ئەكس ئەتتۇ- رۇلگەن. ئۇلار غەربىي ياۋروپانى نادان، قالاق ۋە يىراقتىكى بىر دۇنيا، كۈنسايىن گۈللىنىۋاتقان ئىسلام مەملىكەتلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇنىڭ ۋاي دەپ كەتكۈچىلىكى يوق، ئۆگىنىشكە ئەرزى- گۇدەك يېرىمۇ يوق بىر يەر دەپ قارىغان. مىلادىيىنىڭ 10 - ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب جۇغراپىيە ئالىمى مەسئۇدى (956 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) مۇنداق دېگەن: "شىمالىي ياۋروپالىقلارغا كەلسەك، قۇياش ئۇلاردىن بەكمۇ يىراق، ئۇ يەرنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى مۇزدەك سوغۇق ۋە نەملىك قاپلاپ تۇرىدۇ، قار يىلبويى ئېرىمەيدۇ، شۇڭا ئۇلاردا قىزغىن ھاياتى كۈچ كەمچىل. ئۇلار ئۇستىخانلىق، مىجەزى قوپال ۋە غەلىتە، تەپەككۇرى گال، گەپ - سۆزلىرى تاقا - تۇقا، تۇراقلىق ئېتىقادى يوق... كېلىدۇ، شىمالغا بارغانسېرى، ئادەملىرىنىڭ ئەخمەقلىق، غەلى- تە ۋە شەپقەتسىز تەرەپلىرى شۇنچە ئېغىر." 11 - ئەسىردە تولېدودا ئۆتكەن قازى ئىبنى سائىد ئۆزىنىڭ «مىللەتلەرنىڭ قاتلىمى» دېگەن ئەسىرىدە "ھىندىلار، پارسلار، كەلدانلار، يۇ- نانلىقلار (بۇ ۋىزانتىيە ۋە شەرقتىكى خرىستىئانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، مىسىرلىقلار، ئەرەبلەر ۋە يەھۇدىيلار"...نى ئىلىم - مەدەنىيەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان مىللەتلەر قاتارىغا كىرگۈزگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ جۇڭگولۇقلارنى ۋە تۈركلەرنى باشقىلاردىن "پەرقلىنىپ تۇرىدىغان مىللەت" دەپ، بۇلاردىن باشقا مىللەتلەرنى كۆزگە ئىلماي، يا جەنۇبلۇق ياۋايىلار، يا

شىماللىق ياۋايىلار دەپ قارىغان. ئۇ شىماللىق دېگەنلەرنى مۇنداق سۈرەتلىگەن: ئۇلار ”ئۆزى ئۇستىخانلىق، تېرىسى ئاق، چاچلىرى پاخپىيىپ تۇرىدۇ، توغرا چۈشىنىش كۈچى ئاجىز ۋە تەپەككۇرى ئۆتكۈر ئەمەس، گالۋاڭ ۋە قوپال كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ يۇرتىدا ساۋاتسىزلار، مەتۇلار تولا“... تاكى مىلادىيىنىڭ 14 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئىبنى خەلدۇن دېگەن ئالىممۇ مۇنداق مۇجمەل گەپنى قىلغان: ”يېقىندىن بېرى ئاڭلاۋاتىمىز، فرانك دېگەن يەردە، يەنى رىمدا ۋە ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شىمالىدىكى ئۇنىڭغا قارايدىغان بېقىندى دۆلەتلەردە پەلسەپە بەك تەرەققىي قىلىۋېتىپتۇ ... بۇ بىلىمنى تەتقىق قىلىدىغان ئادەملەر كۆپ ئىمىش. لېكىن ئۇ يەردىكى خەقلەرنىڭ زادى نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى پەقەتلا ئاللاھ بىلىدۇ!“ بۇنداق قاراشنىڭ ئەڭ دەسلەپتە مەلۇم توغرا تەرىپى بار ئىدى، لېكىن غەربىي ياۋروپانىڭ ئالغا بېسىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ گەپلەر ۋاقتى ئۆتكەن خاتا گەپكە ئايلىنىپ قالدى.

16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇيان، بىز ئىسلام مەملىكەتلىرى بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا يېڭى مۇناسىۋەتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. بۇ چاغدا مەيلى ئۇرۇش ياكى تىنچلىق، ھۈنەر ـ سەنئەت جەھەتتە بولسۇن، غەرب خېلىلا ئىلگىرىلەپ قالغانىدى؛ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا يېڭى بىر مەنزىرە بارلىققا كەلگەنىدى. فېئودالىزم تۈزۈمىنىڭ غەربىي ياۋروپا ئەللىرىدە يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ، سودا ئىشلىرى ھەر خىل چەكلىمىدىن قۇتۇلدى، كەشپىيات ـ ئىجادىيەت ۋە تەۋەككۈلچىلىك روھى رىغبەتلەندۈرۈلدى ۋە كۈچەيتىلدى. ھوقۇق مەركەزگە يىغىلغان مىللىي دۆلەتلەرنىڭ مۇستەھكەملىنىشى غەربىي ياۋروپا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىڭ كەڭ كۆلەمدە سىرتقا قاراپ كېڭەيىشكە باشلىشىنى پايدىلىق سىياسىي شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈن دۇنيانى ئۆزىنىڭ ئىقتىساد، سىياسەت ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەسىر كۈچىنىڭ دائىرىسى ئىچىگە كىرگۈزۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىلدى.

يېقىن شەرقتە، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ كۆرۈنۈشتىكى قۇدرەتلىكلىكى ئۇنىڭ ئىنتايىن زەئىپ ھەربىي ئىستىبدات تۈزۈلمىسى بىلەن ئىچ ـ ئىچىدىن چىرىپ كەتكەن ئىجتىمائىي تۈزۈمىنى يوشۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭ دىنىي جەھەتتىكى بىرلىكىنى ساقلاپ كەلگەن ئەخلاقىي ئالاقىسى كۈندىن ـ كۈنگە پارچىلاندى، ئىچكى ئىقتىسادىنىڭ تۇرغۇنلۇققا چۈشۈپ قېلىشى، دۆلەت مەمۇرىيىتىنىڭ يامانلىشىشى، قالايمىقانلىشىشى ۋە ئەخلاق قىممىتىنىڭ چۈشكۈنلىشىشىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. ھەربىي ھۆكۈمرانلار سىنىپىي بىلەن زىيالىيلار تەبىقىسى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۆزگىرىشكە ئەھمىيەت بەرمىدى.

16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى يېڭىچە شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقتى. فرانسىيە ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچكى كابىنېتى بىلەن ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا بىر ئىتتىپاق تۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، فرانسۇزلار ئۆزىنىڭ ئاقىلانە دىپلوماتىك ۋاستىسىگە تايىنىپ، بۇ ئىتتىپاقنى بىر خىل سىياسىي كېلىشىمگە ئايلاندۇرۇۋالدى. كېلىشىم بويىچە، فرانسىيە سودىگەرلىرى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى ھەرقايسى جايلاردا سودىگەرچىلىك قىلىدىغان ھوقۇق ۋە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋالدى. بۇ ھوقۇقلار يەنە "1535 ـ يىلىدىكى ئېتىبارلىق

ماددىلار» دەپ نامى چىققان كېلىشىمدە ساقلاپ قېلىنىپ، فرانسۇزلارنىڭ جىسمانىي ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە، ئۇلارنىڭ دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئەركىنلىكى قاتارلىق ئىمتىيازىغا كاپالەتلىك قىلىنىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئەجنەبىيلەر ئىمتىيازىنىڭ بىر خىل شەكلى ئىدى. بۇنداق ئىمتىيازغا دەسلەپتە ئۇلار شەرقتىكى ئاجىز ۋە كىچىك مەملىكەتلەردىن ئېرىشكەن ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئۇلارغا تۈرك سۇلتانلىرى بىر خىل ئىلتىپات سۈپىتىدە تەقدىم قىلغان، بۇنىڭ بىلەن، فرانسۇزلار ئىسلامىيەت جەمئىيىتىدىكى «زىممىيلار»غا بېرىلگەن ھوقۇققا ئوخشاش ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولغان، بۇنداق قىلىش ئىسلام دىنىنىڭ «زىممىيلار»غا قاراتقان ئەنئەنىۋى قانۇنىنى خرىستىئان مۇھاجىرلىرىغا كېڭەيتىپ تەتبىق قىلغانلىق ئىدى.

فرانسۇزلارنىڭ سىڭىپ كىرىشى تېزدىن كۆچەيدى. فرانسىيە سودىگەرلىرى قولغا كەلگەن بارلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاكتىپلىق بىلەن سۈرىيە ۋە مىسىردا نۇرغۇن سودا مەركىزى ھەم كونسۇل ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى تەشكىلاتىنى قۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇنداق ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولۇش دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، ئەنگلىيە (1580 ـ يىلى)، گوللاندىيە (1612 ـ يىلى) ۋە باشقا مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بۇنداق ئىمتىيازغا ئېرىشتى. ياۋروپانىڭ سودىسى 17 ـ، 18 ـ ئەسىرلەردە ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى، تۈركۆملىگەن سودىگەرلەر كونسۇللارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا مىسىر ۋە سۈرىيىنىڭ ھەرقايسى پورت شەھەرلىرىگە ئورۇنلاشتى.

سودا تاجاۋۇزىدىن باشقا، ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرقتىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەرگە قىلغان ھەربىي تاجاۋۇزى

19 ـ ئەسىرگىچە شىمالدىكى چەت جايلار بىلەنلا چەكلەندى. روسىيە بىلەن ئاۋسترىيە بالقاندا ھەم قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي قىرغاقلىرىدا ئوسمان ئىمپېرىيىسىگە پايدىسىز ئۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى، ئەمما ئەرەب مەملىكەتلىرى سودا جەھەتتە ئاساسەن بۇ يەرگە كېلىپ سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە سودىگەرلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. ناپالېئون 1795 ـ يىلى مىسىرنى بويسۇندۇرغانلىقتىن، ۋەزىيەتتە چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. بۇ ئۇرۇش ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ياۋروپا يېقىن شەرقتىكى ئەرەب مەملىكەتلىرىگە قارىتا قوزغىغان بىرىنچى قېتىملىق ھەربىي ھۇجۇم بولۇپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋەت تارىخىنى يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە ئېلىپ كىردى، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ مەملۇك ھاكىمىيىتى تېزلا بىتچىت قىلىندى، فرانسىيە ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا مىسىرنى ئىشغال قىلىۋالدى. گەرچە فرانسۇزلارنىڭ بېسىۋالغان ۋاقتى ناھايىتى قىسقا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەسىرى بەكمۇ چوڭقۇر بولدى. بۇ ئۇرۇش چەت ئەللەرنىڭ ئەرەب مەملىكەتلىرىنىڭ ئىشىغا بىۋاسىتە ئارىلىشىشىنىڭ باشلىنىشى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئاقىۋىتى ئىنتايىن ئېغىر بولدى. فرانسۇزلار ئاسانلا ئېرىشكەن بۇ غەلىبە ئەرەبلەرنىڭ ”ئىسلام دۇنياسى غەيرىي دىندىكى غەربلىكلەر ئالدىدا ئاغدۇرۇۋەتكىلى بولمايدىغان ئۈستۈنلۈككە ئىگە“ دەيدىغان خىيالىنى بۇزۇپ تاشلاپ، مۇسۇلمانلار ئالدىغا، يېڭى مۇناسىۋەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆزىنى قانداق تەڭشەش كېرەك، دېگەن بىر قىيىن مەسىلىنى قويۇپ قويدى. مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىققان روھىي جەھەتتىكى قالايمىقان ھالەت ھازىرغىچە تېخى تۈگەپ كەتمىدى.

فرانسیه تاجاۋۇزچی ئارمییسی مسىردىن چېكىنىپ چىقى-
قاندىن كېيىن پەيدا بولغان ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتى مۇھەممەد
ئەلى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن ئاندىن ئاخىرلاشتى. مۇھەممەد-
ئەلى ئەسلىدە ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئالبانىيىلىك بىر ئەسكى-
رى ئىدى. ئۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا مىسىرنىڭ مۇستەقىل باش
ۋالىيسى بولدى ھەمدە قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا سۈرىيە ۋە ئەرەب
يېرىم ئارىلىنى كونترول قىلدى، كېيىن غەرب دۆلەتلىرى ئۇنى
ئۆزىنىڭ كۈچىنى مىسىر بىلەنلا چەكلەشكە مەجبۇر قىلدى.
كۈچلۈك جاھانگىرلار مۇھەممەد ئەلىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا
كەلتۈرۈش ۋە سىرتقا قاراپ كېڭىيىش يولىدىكى تۇرلۇك تىرىش-
چانلىقلىرىنى بۇزۇۋەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئوسمان ئىم-
پېرىيىسىنىڭ ئاپتونوم ئۆلكىسى بولۇپ قالغان مىسىردا ئاتىدىن
بالىغا مىراس قالىدىغان بىر ھاكىمىيەت ئورناتقانلىقىنى ھېسابقا
ئالمىغاندا، ئۇ باشقا جەھەتتە ھېچقانداق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەل-
مىدى. ئۇ ئەسلىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ ئۇلۇغۋار
پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىققانىدى. بۇ پروگرامما ئاساسي جە-
ھەتتىن ھەربىي خاراكتېردە بولۇپ، ئۇنىڭدا ياۋروپاچە بىر ئارمى-
يە قۇرۇش مەقسەت قىلىنغانىدى. بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇش ئۈچۈن، ئۇ ئىقتىساد ۋە مائارىپ جەھەتتە بىر قاتار ئىسلا-
ھات تەدبىرلىرىنى قوللانغانىدى. ئۇ ئىقتىسادي جەھەتتە ئالاھىدە
مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دۆلەتنى سانا-
ئەتلەشتۈرۈش پىلانى ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇب بولدى. ئۇ مىسىر
بىلەن سۈرىيىنىڭ فېئوداللىق قانۇن - تۈزۈملىرىنى بىكار قى-
لىپ، دىققەتنى يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا قارىتىشقا باش-
لىدى ھەمدە ئۇنى ئەمەلگە مۇۋاپىق يولغا سالدى. مائارىپ جەھەت-

تە، ئۇ يېڭى مەكتەپلەرنى ئاچتى ۋە غەربتىن نۇرغۇن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلدى؛ غەربنىڭ كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىشنى رىغبەتلەندۈردى، شۇنىڭدەك كىتاب بېسىش - نەشر قىلىش ئىشلىرىغا كۆچ چىقاردى، بۇ مەقسەتتە ئۇ قاھىرىدە بىر باسما زاۋۇتى قۇردى. ئۇ يەنە ياۋروپاغا تۇنجى تۈركۈم ئوقۇغۇچى ئەۋەتتى، كېيىن يەنە كۆپ قېتىم ئوقۇغۇچى ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە ئىلىم - پەن ئىشلىرىنى كۆزىتىشكە ياۋروپاغا ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئېھتىياجى ئۈچۈن، مىسىردا كېۋەز تېرىشقا زور كۈچ سەرپ قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن مىسىرنىڭ غەربىي ياۋروپا بىلەن، بولۇپمۇ ئەنگلىيە بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشتى، ئەنگلىيە مىسىر پاختىسىنىڭ ئاساسلىق بازىرى بولۇپ قالدى. ياۋروپانىڭ ئىدىيىسى ۋە تىلى دۆلەت ئىچىدىكى مائارىپ ئىشلىرى ھەم چەت ئەللەردە ئوقۇپ قايتقان ئوقۇغۇچىلار ئارقىلىق تارقىلىشقا باشلىدى، نەتىجىدە ئەنئەنىۋى ئىدىيە يېڭى ئىدىيىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى.

مۇھەممەد ئەلى ئەرەب ئەمەس، بەلكى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ تۈركچە سۆزلەيدىغان ئادىمى ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزى ۋە شۇ چاغدىكى كۆپچىلىك تۈركلەر كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدىغان ئەرەبلەر ئۈچۈن بىر ئەرەب ئىمپېرىيىسى قۇرۇپ بېرىش خىيالى يوق ئىدى، لېكىن ئۇ بىر ئەرەب دۆلىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانلىقتىن، بۇ دۆلەتنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدىكى مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مىسىر بىلەن سۈرىيە ئۈچۈن بىر ئارمىيە قۇرۇشى لازىم ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىم ئەرەب تىلىنى بىلگەندىن تاشقىرى، يەنە تېخى ئەرەب

ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانىدى.

1840 - يىلى مۇھەممەد ئەلى سۇرىيىدىن قوشۇنلىرىنى چېكىندۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، سۇرىيە يېڭىۋاشتىن ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. لېكىن فېئو- داللىق تۈزۈمنىڭ پارچىلىنىشى ۋە ھوقۇق مەركەزگە يىغىلغان تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا داۋام قىلىۋەردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىمپېرىيىنىڭ ئىس- لاھات ھەرىكىتى ھوقۇقنىڭ مەركەزگە يىغىلىش دەرىجىسىنى ئاشۇردى. بۇ ئىمپېرىيە ھەرقايسى ئۆلكىلەرنى ئەمدى ھەربىي ھوقۇقنى تۇتۇپ تۇرغان پاشالارغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرمەي، بەلكى ئۇلارنى دۆلەت بەلگىلىگەن ۋە مائاش ئالىدىغان ئەمەلدارلار باشقۇرىدىغان مەمۇرىي رايونلارغا ئايلاندۇردى. يەر ئىگىلىرى ئۆزلىرىنىڭ فېئوداللىق ئىمتىياز ۋە ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جە- ھەتلەردىكى ئەۋزەللىكىنى تېخى ساقلاپ تۇرۇۋاتاتتى، شۇڭا ئۇلار ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا يەنىلا ھۆكۈمران سىنىپ ھېسابلىناتتى.

دەل مۇشۇ مەزگىلدە، ياۋروپانىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتى يېڭى بىر باسقۇچقا كىردى. ياۋروپالىقلار دىققىتىنى ئەمدى تىجا- رەت ئىشلىرىغا مەركەزلەشتۈرمەي، بىۋاستە ئىجارىگە ئېلىش شەكلى ياكى يەرلىك ھۆكۈمەتنى قەرز پۇل بىلەن تەمىنلەيدىغان ۋاستىلىك شەكىل ئارقىلىق ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ تەبىئىي باي- لىقلىرى ۋە جامائەت ئىشلىرىنى، بولۇپمۇ قاتناش ئىشلىرىنى ئېچىپ راۋاجلاندۇرۇشقا ۋە ئۇلارنى كونترول قىلىشقا باشلىدى.

پورتۇگالىيىلىك ۋاسىق. د. گاما ياخشى ئۈمىد تۇمشۇقىنى بىلگەندىن كېيىن، ياۋروپالىقلار ئۆزىنىڭ ھەربىي ياكى سودا

جەھەتتىن تاجاۋۇز قىلىش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھىندىستانغا بېرىشتا ئوتتۇرا دېڭىزدىن ئۆتمەي، بەلكى ھېلىقى تۇمشۇقتىن ئايلىنىپ ئۆتىدىغان بولدى. ھالبۇكى، مۇشۇ مەزگىلدە، بەزىلەر ئىلگىرىكى قۇرۇقلۇق يولى بىلەن مېڭىشنى ئويلىغان، ھەتتا بەزىلەر بۇنى سىناپ كۆرمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇرۇنۇش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى. ناپالېئوننىڭ مىسىرغا تاجاۋۇز قىلىش ھەرىكىتى كىشىلەردە بۇ ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان ئوخشايدۇ دېگەن بىر ئوينى پەيدا قىلغانىدى. كېيىن، شەرق دېڭىز - ئوكيانلىرىنىڭ پەسىل خاراكتېرلىك بورانلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان ھور تۇربىنىلىق پاراخوت مەيدانغا كەلگەندە بۇ ئارزۇ رېئاللىققا ئايلاندى.

بىرنەچچە ئەسىردىن بۇيان، ھىندىستاندىن يولغا چىققان پاراخوتلار ھەدەپ قىزىل دېڭىز ۋە پارس قولتۇقىدىن ئۆتۈپ، شەرقىي ھىندىستان تاقىم ئاراللىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى بەسرە ۋە جىددە بازارلىرىغا، بەزىدە سۇۋەيش رايونىغا توشۇپ تۇردى. 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇيان، ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندىكى شىركەتلىرى پاراخوتلىرىنى ھەمىشە بەسرە ۋە سۇۋەيشكە ئەۋەتىپ تۇردى. پاراخوتلارنىڭ دېڭىز يۈرۈشىدىكى بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇلار ئەرەب دېڭىزىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىۋالدى ۋە ئەرەبلەرنىڭ شۇ رايونلاردىكى دېڭىز ئۈستى ھەرىكىتىنى قورال كۈچى بىلەن يوقاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پاراخوتقا يول ئۈستىدە كۆمۈر قاچىلاپ ماڭىدىغان مۇھىم جايلار ۋە ئىستراتېگىيىلىك بازىلارنى كونترول قىلىۋالدى.

ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ بومبايىنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، ھەمىشە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى دېڭىز بويلىرىدا

بۇلاڭچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان قەبىلىلەرگە قارىتا قوزغىغان بىر قاتار ھەربىي ھۇجۇمى 1820 ـ يىلى پارس قولتۇقىدىكى قەبىلە ئاقساقاللىرى بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزگەندىن كېيىن ئاخىرلاشتى، شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيىنىڭ بۇ رايوندا زومىگەرلىك قىلىشىغا ئاساس سېلىندى. بۇ زومىگەرلىك 19 ـ ئەسىرنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ باردى. 1839 ـ يىلى ئەنگلىيىلىكلەر ئەدەن سۇلتانلىقىنى دېڭىز بويلىرىدا بۇلاڭچىلىق قىلدى دېگەن باھانە بىلەن بېسىۋالدى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قىزىل دېڭىزغا كىرىش ـ چىقىش ئىشلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈردى. ئوتتۇرا دېڭىزدا ئەنگلىيە دېڭىز ترانسپورتى شىركىتى 1836 ـ يىلى مىسىرغا ۋە سۈرىيىگە قەرەللىك قاتناشقا باشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، فرانسىيە، ئاۋسترىيە ۋە ئىتالىيىلەرنىڭ شىركەتلىرىمۇ ئەنگلىيىنى دوراپ ئاشۇنداق دېڭىز يوللىرىنى ئاچتى.

قىسقىغىنا بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، قىزىل دېڭىز بىلەن ئوتتۇرا دېڭىزنى تۇتاشتۇرىدىغان قۇرۇقلۇق قاتنىشىدا مۇناسىپ دەرىجىدە ئۆزگىرىش بولدى. 1800 ـ يىلىدىن بۇرۇن شەرق ئەرەبلىرىدە تېخى بىرەر تاشيول ۋە يۈك ماشىنىسى يوق ئىدى. ئۇ چاغدا ھەممە نەرسە ئۇلاغ ۋە ئىچكى دەريالار ئارقىلىق توشۇلاتتى. ياۋروپانىڭ كاپىتالى ۋە ئىنژېنېرلىرى بۇ يەرگە كەڭ ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئەنگلىيىنىڭ بىر ئوفىتسېرى 1834 ـ يىلى مىسىر بىلەن ئىراقنىڭ يوللىرىنى ئۆلچەشكە باشلىدى، ئەنگلىيىنىڭ ھور تۇربىنىلىق پاراخوتلىرى ئىراقنىڭ ئىچكى دەريالىرىدا يۈك توشۇشنى باشلىۋەتتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، فۇرات ھەم دىجلە دەريالىرى بەسرە پورتى ۋە پارس قولتۇقى

www.uyghurkitap.com

بىلەن بىۋاسىتە تۇتاشتۇرۇلدى. ئەمما ئەنگلىيە ئاخىردا مۇھىم نۇقتىنى ئىراقتىن ئەمەس، بەلكى مىسىردىن تاللىدى. بۇ جەھەتتە خىزمەتنى ئالدى بىلەن شەرقىي ھىندىستان شىركىتى ئىشلىدى، 1840 - يىلىغا كەلگەندە ئەرەب ۋە شەرق پاراخوت شىركىتى قۇرۇلدى. بۇ ئىككى شىركەت ئىسكەندەرىيەدىن سۇۋەيشكە بارىدىغان يولدىن پايدىلاندى ھەمدە نىل دەرياسىغا ۋە باشقا ئىچكى قانالغا ھور تۇربىنىلىق كىچىك پاراخوتلارنى سالدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېڭى ياسىغان تاشيولغا ئاپتوموبىل سالدى. 1851 - يىلى مىسىرنىڭ باش ۋالىيسى بىلەن گېئورگې ستېفېنسون تۇنجى مىسىر تۆمۈريولىنى ياساش توغرىسىدا توختامنامە ئىمزالىدى. قاھىرە - ئىسكەندەرىيە تۆمۈريولى 1856 - يىلى پۈتتى، ئۇنىڭ كەينىدىلا (يەنى ياندۇرقى يىلى) قاھىرە - سۇۋەيش تۆمۈريولى پۈتتى. تۆمۈريول تېزدىن كۆپىيىشكە باشلىدى، 1863 - يىلى مىسىردا ئاران 245 مىل تۆمۈريول بار ئىدى، 1882 - يىلى مىڭ مىلدىن ئېشىپ كەتتى، 1914 - يىلىغا كەلگەندە بولسا تۆمۈريولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مىڭ مىلدىن ئاشتى. سۈۋەيش قانىلى ئون يىل ئىشلەش ئارقىلىق 1869 - يىلى 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلۇپ، ئاخىردا مىسىر بىلەن قىزىل دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى يول ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە مىسىرنىڭ بۇ يولدىكى تۈگۈن بولۇش ئورنى بېكىتىلدى.

ئەرەبىستاننىڭ ئاساسىي قاتناش يولىدىن يىراقتا قالغان ئاسىيا رايونىنىڭ قاتناش ئىشلىرى كىچىكپىرەك تەرەققىي قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەرەققىياتى ئاستا بولدى. سۈرىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا، فرانسىيە شىركەتلىرى بىرنەچچە تاشيول ياسىدى ۋە

1892 ـ يىلىدىن 1911 ـ يىلىغىچە پەلەستىن بىلەن سۇرىيىدە
500 مىل ئۇزۇنلۇقتىكى تۆمۈريولىغا رېلىس ياتقۇزۇپ، بىرقانچە
چوڭ شەھەرنى تۇتاشتۇردى. تۈركلەر ھەجگە بارىدىغان يولدا
دەمەشقتىن مەدىنىگە بارىدىغان ھىجاز تۆمۈريولىنى ياسىدى؛ شۇ-
نىڭ بىلەن بىللە، گېرمانلار ياسىغان ھەلەب بىلەن موسۇلدىن
ئۆتىدىغان مەشھۇر باغداد تۆمۈريولى 1914 ـ يىلىغا بارغۇچە
پۈتەي دەپ قالغانىدى. پورت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، كۆۋرۈك
ياساش، قانال ئېچىش ۋە تېلېگراف ئىشلىرىنى يولغا قويۇش
جەھەتلىرىدىمۇ ئۆز لايىقىدا تەرەققىياتلار بولدى. ياۋروپا مۇس-
تەملىكىچىلىرىنىڭ سودا شىركەتلىرى 18 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ
يىللىرىدىن باشلاپ ئاساسلىق پورت ۋە شەھەرلەردە تۇرۇبا سۈيى،
كۆمۈر گازى ئىشلىتىشكە تۇتۇش قىلغان، شەھەر ئىچىنىڭ قات-
ناش ئىشلىرى ۋە باشقا جامائەت ئىشلىرىنى يولغا قويغانىدى.
لېكىن بۇ مۇھىم تەرەققىياتلار ئاساسىي جەھەتتىن چېگرى-
دىن ئۆتىدىغان قاتناش لىنىيىسى ۋە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ سودا
ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى مەقسەت قىلاتتى، بۇ تەرەققى-
ياتنىڭ ھەرقايسى قاتناش لىنىيىلىرى كېسىپ ئۆتىدىغان دۆلەت-
لەرنىڭ ئىقتىسادىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ناھايىتى چەكلىك
ئىدى. 1869 ـ يىلى قۇرۇلۇق قاتناش تۈگۈنىنىڭ مىسىر
تۆمۈريولىدىن سۇۋەيش قانىلىغا يۆتكىلىشى قاتناش تۈگۈنىنىڭ
مىسىر ئىقتىسادىغا كۆرسىتىدىغان بىۋاستە تەسىرىنى بىرمەھەل
ئاجىزلاشتۇرۇپ قويدى. شۇ سەۋەبتىن، غەرب مۇستەملىكىچىلە-
رىنىڭ ھەرقايسى ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ مۇھىم بايلىقلىرىنى ئې-
چىش خىزمىتىمۇ چېكىنىپ كەتتى. بۇ مەزگىلدە يۈز بەرگەن
مۇھىم ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىرى غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مى-

سىردا كېۋەز ۋە شېكەر قومۇشى تېرىشنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت بولدى، بۇ ئىش يەر سۇغىرىش قۇرۇلۇشىدا زامانىۋى ئۇسكۇنە-لەرنىڭ ئىشلىتىلىشى بىلەن چاپسان تەرەققىي قىلدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا، تۆمۈريول، تاشيول ۋە پورتلارنىڭ كۆپىيىشى سەۋەبىدىنمۇ پاختا ۋە شېكەر قومۇشى مەھسۇلاتلىرىنى چاپسانلىق بىلەن تېخى-مۇ كەڭ بازارلارغا توشۇپ ئاپىرىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى.

20 - ئەسىردە تېخىمۇ مۇھىم ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەل-دى. ئىچىدىن ياندىغان دېۋىگاتېلنىڭ ياسىلىشى بىلەن، ترانس-پورت قوراللىرىغا ئايروپىلان، موتسىكلىت ۋە يۈك ئاپتوموبىل-لىرى قوشۇلدى. ئايروپىلاننىڭ بارلىققا كېلىشى ئىقتىساد ۋە ئىستراتېگىيە جەھەتتە قاتناش ئىشلىرىغا بىر قېتىملىق ئىنقىلاب ئېلىپ كەلدى. ھەر خىل ئاپتوموبىلللاردىن ھاسىل بولغان قات-ناش تورى پۈتكۈل شەرقنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، كىشىلەرنى ھېچكىم خىيال قىلىپ باقمىغان سۈرئەتتە كەلدى - باردى قى-لىش، تاۋار ۋە ئىدىيە ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. چوڭ - كىچىك تىپتىكى ئاپتوموبىللار ئىلگىرىكى ئات، ئېشەك ۋە تۆگىلەرنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ئەرەب دۇنياسىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىلغا ئايلاندى. مۇشۇ چاغدا يەنە بىر تەرەققىيات — نېفىت بارلىققا كەلدى. نېفىت، چەت ئەللىك-لەرنىڭ قارىشىچە، ئوتتۇرا شەرقتىكى دۆلەتلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم تەبىئىي بايلىقى ئىدى. چەت ئەللەرنىڭ نېفىت شىركەتلىرى تۈر-كىيە ۋە ئىراندا بىرنەچچە يىل ھەرىكەت قىلغاندىن كېيىن، ئىراقتا ئىش باشلىماقچى بولۇۋاتقاندا، 1914 - يىلى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى بىلەن توختاپ قالدى. ئىراقنىڭ نېفىتىنى ئېچىش ئىشى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن

كېيىن ئاندىن ئومۇمىيۈزلۈك ئېلىپ بېرىلدى. بۇ چاغدا، ئەنگلىيە كاپىتالىنى ئاساس قىلغان بەزى شىركەتلەر ئىراقنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىش باشلىۋەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئامېرىكىنىڭ كاپىتالى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ نېفىتىنى ئېچىشتا ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىدى. چەت ئەللەرنىڭ نېفىت شىركەتلىرى يۇقىرى نورمىدا پايدا شۇلۇۋېلىش ئۈچۈن، يوغان - يوغان ئۇسكۇنىلەر ۋە نۇرغۇنلىغان ئەرەب ئەمگەك كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، تۇرۇبىلارنى ياتقۇزدى، نېفىت ئايرىش زاۋۇتلىرىنى قۇردى، شۇنىڭ بىلەن بۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىستراتېگىيىلىك قىياپىتىدە بىر - بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. مىسىرنىڭ سانائەتلەشتۈرۈش ئىشىنىڭ تەرەققىياتى تېخى باشلانغۇچ باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن تەسىرى چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى.

ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ تاجاۋۇزى ئەڭ دەسلەپتە ئاساسەن دىنىي خاراكتېردە بولۇپ، خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغانىدى. 16 - ئەسىردىن باشلاپلا لىۋاندىكى مارۇن دىنى بىلەن ۋاتىكان ئالاقىلىشىپ تۇرغانىدى. ئىتالىيە ۋە فرانسىيىنىڭ ئۈچلۈق كۈلا راھىبلىرى بىلەن خرىستىئان مۇخلىسلىرى سۈرىيىدە ھەدەپ ھەرىكەت ئېلىپ بارغانىدى. مارۇن دىنىنىڭ پوپلىرى ھەمىشە رىمغا ۋە لىۋانغا تاۋاپ قىلغىلى بېرىپ تۇراتتى. ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانلىرى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئەرەب يېزىقى بىلەن تۈرك يېزىقىدا كىتاب بېسىشقا رۇخسەت قىلمىغانىدى، دەسلەپكى چاغلاردا ئوتتۇرا شەرققە كىرگەن مەتبەئە ماشىنىسى ئىبرىي، يۇنان ۋە سۈرىيە يېزىقلىرىدا ئىدى، يەرلىك يەھۇدىيلار ۋە خرىس-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىئانلار بۇ ماشىنىدا كىتاب ۋە ژۇرنال باساتتى. ئەرەب يېزىقىدى-
كى كىتابلارنىڭ ھەممىسى ئىتالىيە قاتارلىق غەرب ئەللىرىدە
بېسىلىپ، ئاندىن يېقىن شەرق دائىرىسىدە تارقىلاتتى. تۈركلەر
1729 ـ يىلى ئاندىن كونستانتىنوپولدا مەتبەئەچىلىك ئىشلىرىنى
يولغا قويغانىدى. ناپالېئون ئەرەب ۋە تۈرك يېزىقلىرىدا گېزىت
ۋە ئېلان بېسىش ئۈچۈن، ئەرەب يېزىقىدىكى بىر مەتبەئە ماشىنى-
سىنى قاھىرەگە ئېلىپ بارغانىدى. ئـەرەب دۇنيـاسـى بويىچە
ئىسلام دىنىنىڭ تۇنجى باسما زاۋۇتىنى مۇھەممەد ئەلى مىسىردا
قۇرغان. بۇ باسما زاۋۇتى 1822 ـ يىلى قۇرۇلغاندىن تارتىپ
1842 ـ يىلىغىچە بولغان 20 يىل ئىچىدە 243 پارچە كىتاب
باسقان بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپىنچىسى مۇھەممەدئەلى ئاچقان يېڭىچە
مەكتەپلەر بىلەن كەسپىي ئىنستىتۇتلارنىڭ دەرسلىكلىرى ئىدى.
دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، تۈرك يېزىقىدىكى كىتاب
ئەرەب يېزىقىدىكى كىتابتىن كۆپ ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىي
ئىشلار، دېڭىز ئارمىيىسى، ماتېماتىكا، ماشىنىسازلىق قاتارلىق
كەسپلەرگە مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تۈرك
يېزىقىدا بېسىلغانىدى.

19 ـ ئەسىردە، كۈچلۈك غەرب جاھانگىرلىرى مۇقەددەس
جايىنى ۋە خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاز سانلىق مىل-
لەتلەرنى قوغداشنى باھانە قىلىپ قوزغىغان دىنىي جاڭجال تېخى-
مۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى. ئەرەب دۇنياسىدا ھەممىدىن بەك
جانلىنىپ كەتكەن چېركاۋ فرانسىيىنىڭ خرىستىئان چېركاۋى
بىلەن ئامېرىكىنىڭ يېڭى دىن چېركاۋى بولدى. ئۇلار سۈرىيىدە
مىسسىئونېرلار مەكتىپى بىلەن ئىنستىتۇتلارنى ئېچىپ، ئەرەب
يېزىقىدىكى باسما زاۋۇتلىرىنى قۇرۇپ، ئۇنتۇلۇپ كېتەي دەپ

قالغان ئەرەب كلاسسىك ئەسەرلىرىنى ۋە غەربلىكلەر يازغان ئە-
سەرلەرنىڭ تەرجىمىسىنى مەخسۇس نەشر قىلدى. مىسسىئونېر-
لار مەكتەپلىرى يېڭى بىر ئەۋلاد ئەرەبلەرنى تەربىيىلەپ چىقتى،
ئۇلار ئەرەبلەرنىڭ قەدىمكى مىراسلىرىنى ناھايىتى تېزلا ياخشى
كۆرۈپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، غەرب ئامىللىرىنىڭ تەسى-
رىگە خېلى چوڭقۇر ئۇچرىدى.

ھالبۇكى، بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى كىشى-
لەرنىڭ مۆلچەرىدىكىدىن كۆپ چەكلىك بولدى، چۈنكى بۇ دۆلەت-
لەردىكى يېڭى ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ئاساسەن ئاز سانلىق مىللەت-
لەردىن كېلىپ چىققان سودىگەرلەر بىلەن زىيالىيلاردىن تەركىب
تاپقانىدى. بۇ سىنىپنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى مۇقىم بولمىغانلىقى
ۋە كەڭ ئاھالىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى كەمچىل بولغانلىقى
ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۆز سىنىپىنىڭ بارلىق ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ
كەتكۈدەك ئىقتىدارى يوق ئىدى. لېكىن بۇ يېڭى سىنىپ ئەرەب
تىلى ۋە ئەرەب يېزىقىنى قوللىناتتى. غەربنىڭ چېركاۋ مائارىپى-
نىڭ تەربىيىسىنى ئالغان سۇرىيە خرىستىئانلىرى مىسىر بىلەن
سۇرىيىدە گېزىت - ژۇرنال چىقىرىشقا باشلىدى. ئىقتىسادىي ۋە
ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان يەرلىك ئاھالىلەر
بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقتىن، بۇ گېزىت - ژۇرناللارنىڭ تار-
قىلىش دائىرىسى بارغانسېرى كېڭەيدى. ئەرەب مىللەتچىلىكى
دەل مۇشۇ مەزگىلدە بارلىققا كەلدى. ئۇ ئوخشاش بولمىغان ھەر
خىل ئامىللاردىن تەركىب تاپقانىدى: ئەرەبلەرنىڭ تۈركلەرگە
بولغان كونا ئۆچمەنلىكى ۋە سىرتتىن كەلگەن غەرب تاجاۋۇزچى-
لىرىغا بولغان قاتتىق ئەنسىرەش ئەنسىرەشلىكىدىن باشقا، ئۇنىڭغا يەنە ياۋ-
روپانىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيىۋى ئېقىمى ۋە ئەرەبلەرنىڭ تىل -

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى قوشۇلغانىدى. مىللەتچىلىك پانئىسلامىزمنىڭ تەسىرىگە ئازراق، ئىقتىسادىي ئۆزگىرىش ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە بولسا كۆپرەك ئۇچرىغان خرىستىئانلار ئارىسىدا بەكمۇ كۈچلۈك ئىدى. خرىستىئانلارنىڭ پانئىسلامىزمغا ياردەم قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇ ھازىرقى زامان سىياسىي شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىپ چىققان قەدىمكى زامان ئىسلامىيەت جەمئىيىتىنىڭ غايىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىزدەيدىغىنى بولسا شەرقنىڭ بىرلىكىنى ۋە غەرب تاجاۋۇزچىلىرىغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى دىنىنىڭ يېڭى شەكلى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىر خىل مىللەتنىڭ يېڭى شەكلى بىلەن ئىپادىلەشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئىككى خىل ئىپادىلەش شەكلىدە مۇسۇلمانلار ئۇچۇن ئېيتقاندا بەك روشەن پەرقمۇ يوق ئىدى، ئۇلارنىڭ ئورتاق ھېسسىياتى ھەم دىنىي، ھەم ئىجتىمائىي ئىدى. مۇكەممەل بىر ئىسلامىيەت جەمئىيىتى بەزىدە مىللىي ئاتالغۇ بىلەن ئىپادىلىنىپ چىقسا، بەزىدە دىنىي ئاتالغۇ بىلەن ئىپادىلىنىپ چىقاتتى، بۇ ئاتالغۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان، ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتسىمۇ بولىدىغان مەنىداش ئاتالغۇلار ئىدى.

ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ جەريانىنى تېزلەتتى. مۇستەملىكىچىلەر ئالدى بىلەن ئەرەب دۇنياسىدىكى چەت جايلارنى كونترول قىلدى. (مەسىلەن، فرانسىيە 1830 - يىلى ئالجىرىيىنى، ئەنگلىيە 1839 - يىلى ئەدىنىنى ئىشغال قىلدى)، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئەرەب دۇنياسىدىكى يادرو جايلارنى كونترول قىلدى. مەسىلەن، 1882 - يىلى ئەنگلىيە ئەرەب دۇنياسىنىڭ مەر-

كىزى — مىسىرنى ئىشغال قىلدى. بۇ ئىشغالىيەتلەر ئۇ يەرلەردىكى مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ يەنىمۇ ئەۋج ئېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ھالبۇكى، بۇ قېتىمقى ھەرىكەت ئىنتايىن كۈچلۈك نارازىلىق كەيپىياتىغا ۋە روشەن مەقسەتكە ئىگە ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ يەرلىك تۈسى تېخىمۇ قويۇق بولدى.

ئەينى ۋاقىتتا، مىللىي ھەرىكەت سىياسىي شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىققانىدى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭدا سىياسىي تەشكىلات بارلىققا كەلدى، كېيىن ئۇ سىياسىي پارتىيە بولۇپ شەكىللەندى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە زور بىر ئۆزگىرىش ئىدى. لېكىن ئىجتىمائىي مەقسەتنى ئىپادىلەيدىغان قەدىمكى دىنىي شەكىل كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىدىن تامامەن چىقىپ كەتمىگەنىدى. شۇڭا، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئابدۇلئەزىز ئىبنى سەئۇد (1880 — 1953 - يىللىرى) كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا باشلىغاندا، ۋەھھابىيلار ھەرىكىتى قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ئەسەبىيلەشكەن ۋەھھابىي جەڭچىلەر ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ كۆپ قىسىم رايونىنى سەئۇدىينىڭ زېمىنى دائىرىسىگە كىرگۈزدى. ئىبنى سەئۇد 1913 - يىلى ھىسا (ئېھسا) ئۆلكىسىنى، 1921 - يىلى شەممەر رايونىنى، 1924 — 1925 - يىللىرى ھىجازنى ئىشغال قىلدى، 1932 - يىلى سەئۇدىي ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە ۋەھھابىي مەزھىپىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتتى. لېكىن كۆپ سانلىق ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى تەشكىلاتلار ئاساسەن غەربنىڭ سىياسىي شەكلىدە ئىپادىلەندى — ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان جەڭگىۋارلىققا ئىگە ئىسلام قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى دىنىي تەقۋادارلىق ھالىتىگە ۋە تەشكىلىي شەكلىگە قايتىش خاھىشىنى بىلدۈردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

لېكىن، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئەرەبلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ غەربنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى تېخى يۈزەكى ھالەتتە بولۇپ، ھەقىقىي ئىجتىمائىي ئاساسى تېخى تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش قىلمىغانىدى. فېئوداللىق ئىمتىياز قانۇن جەھەتتە بىكار قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن يەر ئىگىلىرى بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ھېچقانچە ئۆزگىرىش بولمىغانىدى. يەر ئىگىلىرى سىنىپى ئەمەلىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تېخىچە ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى. سودىگەرلەر سىنىپى ئومۇمەن تېخى غەيرىي مۇسۇلمانلار ئىدى، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ بۇ كۆرەش بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. ھۆكۈمرانلار سىنىپى تېخىچە ئەسلىي ھالىتىدە ئىدى، ئۇلار ئاساسىي جەھەتتىن ئىلگىرىكى ئىدىيىسى ۋە مەنپەئەتىنى يەنىلا ساقلاپ كېلىۋاتقان بولۇپ، پەقەت غەربنىڭ تەييار سىياسىي ۋاستىسىنىلا (يەنى پارلامېنت، سايلام، پارتىيە ـ گۇرۇھ، پارتىيە نىزامنامىسى، گېزىت ۋە جامائەت پىكرىنى قولغا كەلتۈرۈش قاتارلىقلارنىلا) قوبۇل قىلغان ھەمدە بۇ نەرسىلەرنى ھاكىمىيەتنىڭ مەنبەسى دەپ قاراپ، ئۇلارنى خاراكتېرى زادىلا ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي رېئاللىققا زورمۇزور تەتبىق قىلىۋاتاتتى. شۇ سەۋەبتىن، كىچىك گۇرۇھنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن ھەرىكەتلەر مۇقەررەر ھالدا كۈچلۈك دىنىي تۈسكە ئىگە بولغانىدى. ھەتتا 1908 ـ يىلىدىكى ياش تۈركلەر ئىنقىلابىي ئوسمان ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئەرەبلەرگە قارىتا مەلۇم چەكتىلا تەسىر كۆرسەتكەنىدى، تۈرك مىللەتچىلىكىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ ئۇنى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاساسىي قىلىش پىلانى، شۇنىڭدەك دۆلەتنى تۈركلەشتۈرۈش پروگراممىسى سۈرىيىدە

ئانچە ـ مۇنچە ئىنكاس پەيدا قىلغاندىن باشقا، ئىراق ۋە ئەرەب يېرىم ئارلىدا ھېچقانداق ئىنكاس قوزغىيالمىدى.

1914 ـ يىلى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندا، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي ھېسسىياتى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. زور كۆپچىلىك ئەرەب مۇسۇلمانلىرى تۈركلەرگە سادىق ئىدى، ھەتتا ئەنگلىيىنىڭ ئىشغالىيىتىدىكى مىسىرمۇ تۈركىيىگە بەكمۇ ھېسداشلىق قىلغانىدى. لېكىن ئۇرۇش يىللىرىدىكى بېسىم ۋە كېلىشىم تۈزۈشكەن دۆلەتلەر تەرەپنىڭ پائالىيىتى سەۋەبىدىن، ئەرەب مىللەتچىلىكى تېزدىن ئەۋج ئالدى. 1916 ـ يىلى ئەنگلىيىلىكلەر ھىجاز توپىلىڭىنىڭ مەشئىلىنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن يورۇتتى. ئەنگلىيىنىڭ بىۋاستە ماددىي ياردىمىگە ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن ئەرەبلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا رۇخسەت قىلغان ۋەدىسىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، بەدەۋىيلەرنىڭ بېقىندى قوشۇنى ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ سۈرىيىنى ئىستېلا قىلىشىنى قوللىدى.

پارىژ سۈلھى كېڭىشى ئەرەبلەرنى بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندۈردى، لېكىن يەنە بەزى نەرسىلەرنىمۇ بەردى. ئىراق، سۈرىيە، لىۋان، تاشقى ئىئوردانىيە ۋە پەلەستىن قاتارلىق جايلاردا يېڭى دۆلەتلەر قۇرۇلدى؛ تۈركىيىنىڭ ئۇ يەرلەردىكى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى كېلىشىم تۈزۈشكەن دۆلەتلەر تەرىپىدىن بىتچىت قىلىپ تاشلاندى. ئەمما ئۇلار ئۈمىد كۈتكەن مۇستەقىللىق ئەينى چاغدا ئەمەلگە ئاشماي قالدى، ئىشقا ئاشقان مۇستەقىللىق بولسا ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىلەرنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇش تۈزۈمى بولۇپ چىقتى. ئەرەبلەرنىڭ ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ كۈنسايىن كۈچىيىپ بارغان ئۈمىدسىزلىنىش كەيپىياتى جۇش ئۇ-

www.uyghurkitap.com

روپ ئەۋج ئېلىۋاتقان بىر قاتار مىللىي ھەرىكەت بولۇپ ئىپادى-
لەندى. بۇ ھەرىكەتلەر يەنىلا ئىلگىرىكى ھەرىكەتلەرنىڭكىگە ئوخ-
شاش خاراكتېرگە ۋە دىنىي تۈسكە ئىگە ئىدى، سىياسەت ۋە
رەھبەرلىك جەھەتتە كونا ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرى-
غانىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بەلكىم شۇنداق بولغانلىق-
تىن بولسا كېرەك، بۇ ھەرىكەتلەر يەنىلا ئەينى ۋاقىتتىكى ھەق-
قىي خەلق ھەرىكىتى ئىدى. ئۇنىڭ تەسىرى سىياسىي ئاڭغا ۋە
مەدەنىيەت تەربىيىسىگە ئىگە ئاز سانلىق زىيالىيلاردىن تارتىپ
نادان ۋە ھوقۇقى يوق كەڭ دېھقانلارغىچە — ئەرەب جەمئىيىتى-
نىڭ ھەرقايسى بۆلۈك - پۇچقاقلىرىغا تارقىلىپ كەتتى. ئاز
ساندىكى زىيالىيلار دېھقانلارنى ئىدىيىۋى قورال ۋە تالانتلىق
رەھبەرلەر بىلەن تەمىن ئەتتى ھەمدە دېھقانلارنىڭ جارچىسى سۈ-
پىتىدە ئۇلارنىڭ سىرتتىن كەلگەن ۋە چۈشەنگىلى بولمايدىغان بۇ
تاجاۋۇزچى كۈچلەر ئالدىدا تۇغۇلغان، شۇنىڭدەك ۋەھىمە بىلەن
ئۆچمەنلىك ئارىلىشىپ كەتكەن كەيپىياتىنى ئىپادىلىدى. چۈن-
كى، بۇ تاجاۋۇزچى كۈچلەر ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي تۇرمۇ-
شىنى قولىدىن كەلگەنلىكى چارە - ئاماللار بىلەن قالايمىقانچى-
لىققا پاتۇرۇپ قويماقچى بولۇۋاتاتتى.

كۈرەش جاپالىق بولدى ۋە ئۈزۈلمەي داۋام قىلدى. مىللەت-
چىلەر ئۆزىنىڭ سىياسىي مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن
ئېلىپ بارغان كۈرەشتە ئاساسىي جەھەتتىن مۇۋەپپەقىيەت قازان-
دى. مىسىر بىلەن ئىراق ئۇزاق ئۆتمەي شەكلى جەھەتتىكى
مۇستەقىللىققا ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئەرەب خەلقىنىڭ جاھان-
گىرلىككە قارشى كۈرىشى ئاساسەن سۈرىيە، لىۋان ۋە پەلەستىن-
لەرگە مەركەزلەشتى. پەلەستىندە ”يەھۇدىي مىللىتى ئائىلىسى“نىڭ

كۆپىيىشى نەتىجىسىدە، ئەھۋال تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى.
ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى سۈرىيە بىلەن لىۋاننى مۇستەقىل ئە-
رەب دۆلەتلىرى قاتارىغا كىرگۈزدى. ئۇزاق ۋاقىت كېڭىشىش
ئارقىلىق 1945 - يىلى 3 - ئايدا ئەرەب ئىتتىپاقى قۇرۇلدى.
ئەينى چاغدا ئۇنىڭغا ئەزا بولغان دۆلەتلەر مىسىر، ئىراق، سۈرى-
يە، لىۋان، سەئۇدىي ئەرەبىستانى، يەمەن ۋە تاشقى ئىيوردانىيە-
نى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. 1946 - يىلى 3 - ئايدا، ئىيوردانىيە
مۇستەقىل دۆلەتكە ئايلاندى. 1948 - يىلى ئەنگلىيە پەلەستىننى
ۋاكالىتەن باشقۇرۇش تۈزۈمىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگە-
شىپ، "ئەرەبلەر - يەھۇدىيلار ئۇرۇشى" پارتلىدى، نەتىجىدە
پەلەستىننىڭ كۆپ قىسىم زېمىنى يېڭىدىن قۇرۇلغان يەھۇدىيلار
دۆلىتى — ئىسرائىلىيىگە ئايرىپ بېرىلدى، قالغان قىسمى (كىچىككىنە
بىر پارچىسىدىن باشقىسى) ئىيوردانىيىگە قوشۇۋېتىلدى. 1951 -
يىلى لىۋىيە مۇستەقىل بولغانلىقىنى ئېلان قىلغان ۋە 1956 -
يىلى سۇدان، تۇنىس ۋە ماراكەش مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن،
يەنىلا چەت ئەللەرنىڭ بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇۋاتقان ئەرەب
رايونلىرىدىن پەقەت ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى
ئەنگلىيە ھامىيلىقىدىكى رايون① شۇنىڭدەك شىمالىي ئافرىقىدىكى

① ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىكى جەنۇبىي يەمەن ئەينى چاغدا
ئەنگلىيىنىڭ ھامىيلىقىدا ئىدى. 1963 - يىلى 10 - ئايدا جەنۇبىي
يەمەن قوراللىق كۈرەش قوزغاپ، 1967 - يىلى 11 - ئاينىڭ 30-
كۈنى ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىچى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىپ،
جەنۇبىي يەمەن خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. 1968 - يىلى 1 -
ئايدا ئاخىرقى بىر تۈركۈم ئەنگلىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنى ئەدىن ۋە
ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن چېكىنىپ كەتتى.
1971 - يىلى 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى دۆلەت نامى يەمەن دېموكرا-
تىك خەلق جۇمھۇرىيىتى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

فرانسىيە بېقىندى قىلىۋالغان يەر① بىلەن ئىسپانىيە بېقىندى
قىلىۋالغان يەرلا② قالغانىدى.
ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى يەنە باشقا ئۆزگىرىشلەرنىمۇ ئې-
لىپ كەلگەنىدى. ئەرەب ئەللىرى بۇ ئۇرۇشتا ئاكتىپ رول

---

① فرانسىيىنىڭ شىمالىي ئافرىقىدىكى بېقىندىسى ئاساسەن ئالجىرىيە-
نى كۆرسىتىدۇ. ئالجىرىيە 1962 - يىلى مۇستەقىل بولۇپ،
ئالجىرىيە دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. بۇنىڭدىن
باشقا، فرانسىيىنىڭ غەربىي - شىمالىي ئافرىقىدىكى مۇستەملىكى-
سى ماۋرىتانىيە 1960 - يىلى 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى مۇستەقىل
بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى، كېيىن ئىسمىنى ماۋرىتانىيە ئىسلام
جۇمھۇرىيىتى دەپ ئۆزگەرتتى، 1973 - يىلى 11 - ئاينىڭ 26-
كۈنى ئەرەب ئىتتىپاقىغا ئەزا بولۇپ كىردى.
② ئىسپانىيىنىڭ غەربىي شىمالىي ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىسى مارا-
كەشنىڭ زېمىنى بولغان سەبتە بىلەن مەلىلەدىن باشقا، ئاساسەن
غەربىي سەھرانى كۆرسىتىدۇ. چەت ئەل گېزىتلىرىنىڭ خەۋەر قى-
لىشىچە، 1975 - يىلى 11 - ئايدا ئىسپانىيە غەربىي سەھرادىن
چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ماراكەش،
ئالجىرىيە ۋە ماۋرىتانىيىلەر ئوتتۇرىسىدا بۇ يەرنىڭ تەۋەلىكى مەس-
لىسىدە ئىختىلاپ چىقىپ قالدى. ئىسپانىيە غەربىي سەھرانىڭ يەر-
لىك مەمۇرىيەت ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدا ماراكەش
ۋە ماۋرىتانىيە بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلدى، ئۇنىڭ جەنۇبتىكى
بىر ئۆلكىسىنى ماۋرىتانىيىگە بەرگەندىن باشقا، قالغان كۆپ قىسىم
يېرىنى ماراكەشكە بۆلۈپ بەردى. لېكىن ئالجىرىيە ماراكەش بىلەن
ماۋرىتانىيىنىڭ قىلغىنىغا قوشۇلماي، غەربىي سەھرا فرونتىنىڭ
ئۆز ئىشىنى ئۆزى ھەل قىلىش تەلىپىنى قوللىدى. ئالجىرىيىدە
ئىزچىل ھەرىكەت قىلىپ كېلىۋاتقان غەربىي سەھرا خەلق ئازادلىق
فرونتى غەربىي سەھرانىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ كەل-
دى ھەمدە 1976 - يىلى 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سەھرا ئەرەب
خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى، شۇنىڭدىن كې-
يىن، ئۇلار ئۈزلۈكسىز تۈردە ماراكەش ۋە ماۋرىتانىيە بىلەن قورال-
لىق توقۇنۇشۇپ كەلدى، بۇ ئىش تېخى ئەۋج ئالماقتا.

ئوينىمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىرگە
ئۇچرىدى. ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن ئوق مەركىزى بولغان
ئەللەرنىڭ تەشۋىقاتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا
سېلىپ، ئەرەبلەر بىلەن دوست بولۇشقا تىرىشتى. ھەر ئىككى
تەرەپنىڭ ئارمىيىسى ئوخشاشلا ئەرەب تۇپرىقىدا تۇردى ۋە كۈرەش
قىلدى ھەمدە مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن ئەرەبلەرنى ياللاپ، تەمىنات
يەتكۈزۈش ۋە كۈتۈش خىزمىتىگە سالدى. ئۇ ئەرەبلەرنىڭ بىر
قىسمى ئۇرۇش پۇرستىدىن پايدىلىنىپ بېيىدى. يەنە بىر قىسمى
بولسا تۇرمۇشنى ئورۇنلاشتۇرالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى.
ئۇرۇش شارائىتى پەيدا قىلغان ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي كرىـ
زىس بارغانسېرى كۆپلىگەن كىشلەرنى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي
تۇرمۇش مەسىلىسىنى يېڭى شارائىتقا قاراپ ئويلاشقا مەجبۇر
قىلدى. سانائەت ۋە ئۇرۇش ئېلىپ كەلگەن ئىقتىسادىي ئۆزگىـ
رىش، شۇنىڭدەك مائارىپنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى بىلەن
كېلىپ چىققان مەدەنىيەت ئامىلى يېڭى قىزىقىش، يېڭى پىكىر
ۋە يېڭى رەھبەرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇ يېڭى رەھبەرلەر
نوقۇل سىياسىي ئازادلىققا قانائەت قىلمىدى، ئۇلار ئىچىدىكى
نۇرغۇن كىشى بۇنى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ بىر خىل ھىيلە -
مىكىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس دەپ قارىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار
تېخى ئاغدۇرۇپ تاشلانمىغان كونا ھۆكۈمرانلار ۋە كونا رەھبەرـ
لەرنىڭ ھوقۇقىغا قارىتا جەڭ ئېلان قىلدى. بىر مەزگىل ناھايىـ
تى خەۋپلىك دەپ قارالغان ناتسىست نېمىس كۈچلىرى ئۇرۇشتا
مەغلۇب بولۇپ يوقالدى؛ ئەمما ھەرقايسى چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىـ
سىدىكى تىل بىرىكتۈرۈشلەر ۋە رىقابەتلەر شەرقنى بىر - بىرىگە
زىت مەنپەئەتلەر ۋە پىكىرلەر توقۇنۇشىغا يەنە بىر قېتىم كۆمۈـ
ۋەتتى، ۋاقىتلىق سىياسىي مۇۋەپپەقىيەتكە پايدىلىق يېڭى پۇرـ
سەتنىمۇ يارىتىپ بەردى ھەمدە كىشلەرنىڭ نەزىرىنى بىر ئۆتكۈنـ

چى جەمئىيەت دۇچ كېلىدىغان ھەر خىل رېئال مەسىلىلەرگە دىققەت قىلمايدىغان باشقا تەرەپكە بۇرىۋەتتى.

ئىلگىرى ئەرەبلەر ئىستېلاچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بارغاندا ئىسلام دىنى ئەقىدىسىنى قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتى بىلەن ئورگا-نىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، مەزمۇنى مول ۋە رەڭگارەڭ بىر خىل يېڭى مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. بۈگۈنكى كۈندىكى ئىسلام دىنى بولسا سىرتتىن كىرگەن باشقا بىر خىل مەدەنىيەت-نىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلمەكتە، ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان ئاساسىي قىممىتى خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە، ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان مۇخلىس-لىرى يولدىن ئازدۇرۇلماقتا. لېكىن بۇ قېتىم ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىدىغان كۈچ ئىلگىرىكىدىن كۆپ كۈچلۈك بولدى، ئىسلام دىنىمۇ ئەمدى ئەرەبلەرنىڭ يۇقىرى ھارارەتلىك ئوچىقى-دىن يېڭىلا تاۋلىنىپ چىققان يېڭى ئېتىقاد ئەمەس، بەلكى بىرقان-چە ئەسىرنىڭ ئەنئەنە ۋە ئادەتلىرىنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن، ھەرىكەتلىرى مۇقىملاشقان ۋە ئەقىدىسى قېلىپلاشقان قەدىمىي دىن بولۇپ قالغانىدى.

ئەمما، مىتال قانچە قاتتىق بولسا، بازغانمۇ شۇنچە قاتتىق بولىدۇ — چۈنكى بۈگۈنكى ئىسلام دىنى دۇچ كېلىۋاتقان ئىغۋا-گەرلىكنىڭ كۈچلۈكلۈكى، تاجاۋۇزچىلىقى ۋە ئومۇمىيلىقىنى ئىلگىرىكىسىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىغۋاگەرلىك ئۇرۇشتا مەغلۇب بولغۇچىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ-رۇشتا يېڭىپ چىققۇچىدىن كېلىۋاتاتتى. غەرب مۇستەملىكىچى-لىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاتالمىش ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى بىلەن، مەسىلەن، تۆمۈريول ۋە باسما ماشىنىسى، ئايروپىلان ۋە كىنوخا-نا، زاۋۇت ۋە ئۇنىۋېرسىتېت، نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرگۈچىلەر ۋە ئارخېئولوگلار، پىلىموت ۋە يېڭى پىكىرلەر بىلەن ئەرەبلەر-

نىڭ ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تۈپتىن بىتچىت قىلىپ تاشلىغان، يەنە كېلىپ بۇلار ئارقىلىق ھەربىر ئەرەبنىڭ تىرىكچىلىكى ۋە ئارام ئېلىشىغا، شەخسىي ۋە كوللېكتىپ تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەنىدى. بۇ ھال ئۇلاردىن ئەنئەنىۋى ئەرەب جەمئىيىتىنى، سىياسەت ۋە مەدەنىيەتىنىڭ فورمىسىنى بىر قېتىم ئۈزۈل - كېسىل تەرتىپكە سېلىشنى تەلەپ قىلاتتى.

بۇ يەردە ئەرەبلەر تاللىۋالسا بولىدىغان بىرنەچچە يول بار ئىدى: بىرىنچىسى، كۆز ئالدىدا تۇرغان ئۆزئارا قارىمۇقارشى ۋە ھەر خىل بولغان ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى ۋە ئىدىيىسىنىڭ ياخشىسىنى تاللىۋېلىپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى، ئىدىيىسى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ بولغان ھەم يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە ئىچىگە يۇغۇرۇۋېتىش؛ ئىككىنچىسى، غەربنى ۋە ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، قولدىن كەتكەن ئىلاھىي ھوقۇق غايىسىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ شېرىن خىيالىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەمدە غەربتىن يۆتكەپ كەلگەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش، ئېزىش تۈزۈمىدىن ۋە كەمسىتىش، تەسكىرىي قاراش بىلەن تولغان چۇۋالچاق قائىدە - قانۇنلاردىن پايدىلىنىپ، مەزمۇنى ئۆزگەرمەي شەكلى ئۆزگەرگەن ئىستىبدات ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدىن بىرنى ياساپ چىقىش؛ ئۈچىنچىسى، غەربنىڭ مۇستەملىكىچى ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغان ئاساستا، ئەرەبلەر ئۆزىنىڭ جەمئىيىتىنى ئىچكى جەھەتتىن يېڭىلاپ، باشقا ئەللەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، سەمىمىي مۇناسىۋەتتە بولۇپ، شەكىلدىلا ئەمەس، بەلكى ماھىيەتتە غەربتىن ھەم بەزى پەن - تېخنىكىلارنى ئۆگىنىپ، ھەم گۇمانىزمنىمۇ ئاز - تولا قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ئەرەب مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئەنئەنىسى بىلەن قوشۇپ يۇغۇرۇپ، تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# چوڭ ئىشلار يىلنامىسى

(مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى) 853 ـ يىلى ”ئەرەبلەر“ دېگەن ئىسىم تۇنجى قېتىم شەلمەناسىر Ⅲ نىڭ ئابىدىسىدە تىلغا ئېلىنغان.

65 ـ يىلى پومپېيۇس پېترادا زىيارەتتە بولغاندا، رىملىقلار نەبەت پادىشاھلىقى بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان.

25 — 24 ـ يىللىرى ئېلىئاس گاللۇس ئەرەبىستاننىڭ جەنۇبىغا يۈرۈش قىلغان.

(مىلادىيىدىن كېيىنكى) 105 — 106 ـ يىللىرى نەبەت پادىشاھلىقى مۇنقەرىز بولغان، ئۇنىڭ بىر قىسمى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالغان.

250 ـ يىلى (تەخمىنەن) پالمىرا ”پادىشاھلىقى“ قۇرۇلغان.

273 ـ يىلى ئورېلىيان پالمىرانى ئىستېلا قىلغان.

525 ـ يىلى ھىمىيەر پادىشاھلىقى مۇنقەرىز بولغان، ھەبەشلەر جەنۇبىي ئەرەبىستاننى بېسىۋالغان.

575 ـ يىلى پارسلار جەنۇبىي ئەرەبىستاننى ئىستېلا قىلغان ۋە بىر نەچچە يىلغىچە ئۇنى ئۆزىنىڭ بىر ئۆلكىسى قىلىۋالغان.

602 ـ يىلى ئىراق بىلەن ئەرەبىستان چېگرىسىدى-

كى ئەرەب پادىشاھلىقى بولغان ھىيرە پادىشاھلىقى مۇنقەرىز بولغان.

622 - يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان (كۆچۈپ بارغان)، ئىسلام يىلنامىسى شۇنىڭدىن باشلانغان.

630 - يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىنى ئىشغال قىلغان.

632 - يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتكەن، ئەبۇ بەكرى تۇنجى خەلىپە بولغان.

633 — 637 - يىللىرى ئەرەبلەر سۇرىيە بىلەن ئىراقنى ئىستىلا قىلغان.

639 — 642 - يىللىرى ئەرەبلەر مىسىرنى ئىستىلا قىلغان.

656 - يىلى خەلىپە ئوسمان ئۆلتۈرۈلگەن — ئىسلام دىنىدىكى تۇنجى ئىچكى ئۇرۇش باشلانغان.

657 — 659 - يىللىرى سىففىن ئۇرۇشى بولغان.

661 - يىلى خەلىپە ئەلى ئۆلتۈرۈلگەن — ئۇمەۋىيىە سۇلالىسى باشلانغان.

680 - يىلى ئىمام ھۇسەين بىلەن ئەلى تەرەپدارلىرى كەربالادا شېھىت بولغان.

683 — 690 - يىللىرى ئىسلام دىنىدىكى ئىككىنچى ئىچكى ئۇرۇش پارتلىغان.

685 — 687 - يىللىرى مۇختار ئىراقتا قوزغىلاڭ كۆ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇرگەن — شىئەلەرنىڭ رادىكاللىرى مەيدانغا كەلگەن.

696 ـ يىلى ئابدۇلمەلىك ئەرەب پۇلىنى قويۇشنى ئۇمەۋىييە ئىمپېرىيىسىنىڭ يېڭى تۈزۈمى قاتارىغا كىرگۈزگەن.

709 ـ يىلى مۇسۇلمانلار ئىسپانىيىدە قۇرۇقلۇققا چىققان.

750 ـ يىلى ئۇمەۋىييە سۇلالىسى مۇنقەرىز بولغان، ئابباسىيلار سۇلالىسى قۇرۇلغان.

751 ـ يىلى ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدا ئاسىيادا جۇڭگو-لۇق قەغەز ياسىغۇچى ئۇستىلارنى ئەسىرگە ئالغاندىن كېيىن، قەغەز ياساش تېخنىكىسى ئىسلام ئىمپېرىيىسى ئارقىلىق غەربكە تارقىلىشقا باشلىغان.

756 ـ يىلى ئۇمەۋىييە سۇلالىسى شاھزادىسى ئابدۇراھمان قۇرتۇبە (كوردوۋا) دە مۇستەقىل باش ۋالىي بولغان.

762 — 763 ـ يىللىرى مەنسۇر باغداد شەھىرىنى قۇرۇپ چىققان.

788 ـ يىلى ماراكەشتە مۇستەقىل ئىدرىس خانىدانلىقى قۇرۇلغان.

799 — 800 ـ يىللىرى تۇنىستا مۇستەقىل ئەغلەب خانىدانلىقى قۇرۇلغان.

803 ـ يىلى ھارۇن رەشىد بەرمەك جەمەتىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئېلىپ تاشلىغان.

809 — 813 - يىللىرى ئەمىن بىلەن مەئمۇن ئوتتۇرىسىدا پۈت تېپىشىش يۈز بەرگەن.

813 — 833 - يىللىرى خەلىپە مەئمۇن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋردە ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە ئىلمىي ئىشلار تەرەققىي قىلغان.

816 — 837 - يىللىرى بابەك قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەن.

825 - يىلى تۇنىستىكى ئەغلەبىيلەر سىتسىلىيە ئارىلىنى ئىستېلا قىلىشقا باشلىغان.

833 — 842 - يىللىرى خەلىپە مۇئتەسىم ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە تۈركلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئورنىغا چىقىشقا باشلىغان.

836 - يىلى سامەررا شەھىرى بىنا قىلىنغان.

868 - يىلى تۈرك ئوفىتسېرى ئەھمەد ئىبنى تۇلۇن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مىسىر ۋە سۈرىيىدە تۇلۇن خانىدانلىقىنى قۇرغان.

869 — 883 - يىللىرى ئىراقنىڭ جەنۇبىدا زەڭگىلەر قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەن.

871 - يىلى ساففارىيلار ئىراندا باش كۆتۈرۈپ چىققان.

877 - يىلى قەدىمكى يۇناننىڭ ئىلىم - پەنگە دائىر ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئۇستاز ھۇنەين ئىبنى ئىسھاق ۋاپات بولغان.

890 - يىلى قەرمەتلەر تۇنجى قېتىم ئىراقتا باش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈپ چىققان.

901 — 906 ـ يىللىرى قەرمەتلەرنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى سۈرىيە، پەلەستىنلەردە ۋە ئىككى دەريا ۋادىسىدا ھەرىكەت ئېلىپ بارغان.

910 ـ يىلى فاتىمىيە سۇلالىسى شىمالىي ئافرىقىدا قۇرۇلغان.

929 ـ يىلى ئابدۇراھمان III قۇرتۇبەدە خەلىپە نامىنى قوللانغان.

932 ـ يىلى ئەرەب تېبابەت ئالىمى ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ئىبنى زەكەرىييا رازى ۋاپات بولغان.

932 ـ يىلى بۇۋەيھىلار ئىراندا بۇۋەيھى خاندانلىقىنى قۇرغان.

935 ـ يىلى "ئەمىرۇل ئۇمەرا"لىق ياكى ئالىي گېنېراللىق ۋەزىپە بارلىققا كەلگەندە، مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ تۈركىيلىك گېنېرالى مۇشۇ ۋەزىپىگە قويۇلغان ھەمدە ئۇ ئاbbاسىيلار ئىمپېرىيەسىنىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمرانى بولۇپ قالغان.

945 ـ يىلى بۇۋەيھىلار باغدادنى ئىشغال قىلغان.

969 ـ يىلى فاتىمىيلار مىسىرنى ئىشغال قىلغان، قاھىرە شەھىرىنى بىنا قىلغان.

970 ـ يىلى (تەخمىنەن) سالجۇق تۈركلىرى شەرق تەرەپتىن خەلىپىلىك دۆلەتنىڭ زېمىنىغا كىرگەن.

1030 - يىلى ئىسپانىيە خەلىپىلىك دۆلىتى پارچىلانغان ۋە "كىنەزلەر" نىڭ بۆلۈنمىچىلىكى كېلىپ چىققان.

1037 - يىلى ئىبنى سىنا ئالەمدىن ئۆتكەن.

1048 - يىلى ئەبۇ رەيھان بىرونى ئالەمدىن ئۆتكەن.

1055 - يىلى سالجۇقىيلار باغدادنى ئىشغال قىلغان.

1056 — 1057 - يىللىرى ھىلال رايونىدىكى بەدەۋىيلەر قەيرۇۋاننى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان.

1061 - يىلى نورمانلار مېسسىنانى ئىشغال قىلىپ، سىتسىلىيە ئارىلىغا كىرىشكە باشلىغان.

1070 — 1080 - يىللىرى سالجۇقىيلار سۈرىيە بىلەن پەلەستىننى ئىشغال قىلغان.

1085 - يىلى ياۋروپالىق خرىستىئانلار تولېدو شەھىرىنى ئىشغال قىلغان.

1086 - يىلى مۇرابىتلار زەللاقە ئۇرۇشىدا غەلىبە قازانغان.

1090 - يىلى ھەسەن ئىبنى سەبباھ ئالمۇت قورغىنىنى ئىشغال قىلغان.

1094 - يىلى فاتىمىيە سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى مۇستەنسىر ئالەمدىن ئۆتكەن — ئىسمائىلچىلار پارچىلانغان — ھەسەن ئىبنى سەبباھ بۇ گۇرۇھتىكى رادىكاللار (ھەششاشۇنلار) نىڭ داھىيسى بولۇپ قالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| 1096 ـ يىلى | ئەھلىسەلىپ يېقىن شەرققە يېتىپ بارغان. |
| 1099 ـ يىلى | ئەھلىسەلىپ يېرۇسالىمنى بېسىۋالغان. |
| 1111 ـ يىلى | غەززالى ئالەمدىن ئۆتكەن. |
| 1127 ـ يىلى | سالجۇقىيلارنىڭ سەركەردىسى زەنگى مەۋسىلنى ئىشغال قىلغان — مۇسۇلمانلار ئەھلىسەلىپنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشقا باشلىغان. |
| 1171 ـ يىلى | سالاھىددىن ئەييۇبى فاتىمىيە سۇلالىسىنى مۇنقەرىز قىلىپ مىسىردا ئەييۇبىيلار سۇلالىسىنى تىكلىگەن. |
| 1187 ـ يىلى | ھىتتىن ئۇرۇشىدا سالاھىددىن ئەھلىسەلىپنى مەغلۇب قىلىپ، يېرۇسالىمنى ئىشغال قىلغان. |
| 1220 ـ يىلى | موڭغۇللار خەلىپە دۆلىتىنىڭ شەرقىي قىسمىغا بېسىپ كىرگەن. |
| 1236 ـ يىلى | خرىستىئانلار قۇرتۇبەنى بېسىۋالغان. |
| 1250 — 1260 ـ يىللىرى | مىسىر ۋە سۈرىيىدىكى ئەييۇبىيلار سۇلالىسىنىڭ خارابىسىدە مەملۇك سۇلالىسى باش كۆتۈرۈپ چىققان. |
| 1254 ـ يىلى | ئارفانسو X سېۋىلىيىدە ئەرەبچە ـ لاتىنچە مەكتەپ قۇرغان. |
| 1258 ـ يىلى | ھىلاكۇ موڭغۇل قوشۇنىنى باشلاپ باغدادنى بېسىۋالغان، ئابباسىيلار سۇلالىسى مۇنقەرىز بولغان. |
| 1260 ـ يىلى | مەملۇكلار پەلەستىندىكى ئەينى جالۇتتا |

موڭغۇللارنى مەغلۇب قىلىپ، مىسىر بىلەن سۇرىيىنى قۇتقۇزۇپ قالغان.

1348 ـ يىلى گرانادادىكى قىزىل ئوردىغا "ھەققانىيەت دەرۋازىسى" ئورنىتىلغان.

1400 — 1401 ـ يىللىرى ئاقساق تۆمۈر سۇرىيىنى سۇرۇپ توقاي قىلغان.

1406 ـ يىلى ئىبنى خەلدۇن ئالەمدىن ئۆتكەن.

1492 ـ يىلى خرىستىئانلار گرانادانى ئىشغال قىلغان — مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ئىسپانىيىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان.

1498 ـ يىلى ۋاسكو. دا. گاما ياخشى ئۈمىد تۇمشۇقىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ھىندىستانغا يېتىپ بارغان.

1517 ـ يىلى ئوسمانلار مىسىر بىلەن سۇرىيىنى ئىستېلا قىلىپ، مەملۇك خانلىقىنى مۇنقەرىز قىلغان.

1535 ـ يىلى ئوسمانلار ئالدى بىلەن فرانسۇزلارغا ئىمتىياز بەرگەن.

1639 ـ يىلى ئوسمانلار ئاخىردا پارسلارنىڭ قولىدىن ئىراقنى تارتىۋالغان.

1792 ـ يىلى ۋەھھابىيلارنىڭ ئاساسچىسى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب ئالەمدىن ئۆتكەن.

1798 — 1801 ـ يىللىرى فرانسىيە مىسىرنى ئىگىلىۋالغان.

1809 ـ يىلى ھىندىستان بىلەن سۇۋەيش قانىلى ئوت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۆرىسىدا قەرەللىك قاتناش باشلانغان.

1820 - يىلى ئەنگلىيە پارس قولتۇقى بويلىرىدىكى ئەرەب قەبىلە باشلىقلىرى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن — ئەنگلىيە بۇ رايوننىڭ زومىگىرى بولۇشقا باشلىغان.

1822 - يىلى مۇھەممەد ئەلى مىسىردا باسما زاۋۇتى قۇرۇشقا باشلىغان.

1830 - يىلى فرانسىيە ئالجىرىيەگە بېسىپ كىرگەن.

1831 — 1840 - يىللىرى مىسىر سۈرىيىنى بېسىۋالغان.

1836 - يىلى ئەنگلىيىنىڭ ھور تۇربىنىلىق پاراخوتلىرى ئىراقنىڭ ئىچكى دەريالىرىدا قاتناشقا باشلىغان؛ ئەنگلىيە مىسىر بىلەن سۈرىيە ئوتتۇرىسىدا قەرەللىك قاتناش لىنىيىسى ئاچقان.

1839 - يىلى ئەنگلىيە ئەدەننى بېسىۋالغان.

1851 — 1857 - يىللىرى ئىسكەندەرىيە - قاھىرە - سۇۋەيش تۆمۈريول رېلىس ياتقۇزۇلغان.

1861 - يىلى لىۋان ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئېرىشكەن.

1869 - يىلى سۇۋەيش قانىلىدا قاتناش باشلانغان.

1881 - يىلى فرانسىيە تۇنىسنى بېسىۋالغان.

1882 - يىلى ئەنگلىيە مىسىرنى بېسىۋالغان.

1901 - يىلى ئىبنى سەئۇد نەجد رايونىدا سەئۇدىيە ئەمىرلىكىنى قۇرغان.

1908 - يىلى تۈركىيىدە ياش تۈركلەر ئىنقىلابى يۈز

بەرگەن.

1911 — 1912 - يىل- لىرى ئىتالىيە لىۋىيىنى بېسىۋالغان.

1916 - يىلى هىجازدىكى ئەرەبلەر قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن، شەرىف هۇسەين ئۆزىنى پادىشاهدەپ ئاتىغان.

1918 - يىلى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەرەب ئەللىرىدىكى هۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقان.

1920 - يىلى سۈرىيە بىلەن لىۋاننى فرانسىيە ۋاكالىتەن باشقۇرۇشقا باشلىغان؛ پەلەستىن، تاشقى ئىئوردانىيە بىلەن ئىراق ئەنگلىيىنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلغان.

1924 — 1925 - يىل- لىرى ئىبنى سەئۇد هىجازنى بويسۇندۇرغان.

1932 - يىلى ئىراقنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ئاخىرلاشقان؛ ئىبنى سەئۇد سەئۇدىي ئەرەبىستانى پادىشاهلىقىنى قۇرغانلىقىنى جاكارلىغان.

1934 - يىلى ئىبنى سەئۇد قىسقا مۇددەتلىك ئۇرۇشتا يەمەننى مەغلۇب قىلىپ، تائىف شەرتنامىسىنى ئىمزالىغان.

1939 - يىلى ئەنگلىيە - مىسىر شەرتنامىسى ئىمزالىنىپ، مىسىرنىڭ مۇستەقىللىقى ئېتىراپ قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

1941 - يىلى سۈرىيە بىلەن لىۋاننى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ئاخىرلىشىپ، ھەر ئىككىلىسى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت بولۇپ قۇرۇلغان.

1945 - يىلى ئەرەب ئىتتىپاقى قۇرۇلغان.

1946 - يىلى ئەنگلىيە تاشقى ئىئوردانىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلغان، تاشقى ئىئوردانىيە پادىشاھلىققا ئايلانغان.

1948 - يىلى پەلەستىننى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش تۈزۈمى ئاخىرلاشقان — ئىسرائىلىيە دۆلەت بولۇپ قۇرۇلغان — ئەرەب - يەھۇدىي ئۇرۇشى پارتلىغان.

1951 - يىلى لىۋىيە مۇستەقىل پادىشاھلىق بولۇپ قۇرۇلغان.

1953 - يىلى مىسىر جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان؛ ئابدۇلئەزىز ئىبنى سەئۇد ۋاپات بولغان.

1954 - يىلى پولكوۋنىك جامال ئابدۇناسىر مىسىرنىڭ داھىيسى بولغان.

1955 - يىلى ئەنگلىيە سۈۋەيش قانىلىدىن چېكىنىپ چىققان؛ باغداد شەرتنامىسى ئىمزالانغان.

1956 - يىلى سۇدان، تۇنىس ۋە ماراكەش مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىغان؛ مىسىر سۈۋەيش قانىلىنى دۆلەت ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋالغان؛ ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىسرائىلىيە بىرلىشىپ مىسىرغا

تاجاۋۇز قىلغان.

1958 - يىلى ئەرەب بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇل-غان؛ ئىراق جۇمھۇرىيەتكە ئايلانغان.

1959 - يىلى لىۋىيىدە ئىنقىلاب يۈز بېرىپ، ئىد-رىس خاندانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلانغان ۋە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان.

1960 - يىلى ماۋرىتانىيە فرانسىيىنىڭ مۇستەملى-كىچى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىپ، مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىغان.

1962 - يىلى ئالجىرىيە قوراللىق كۆرەش ئارقىلىق مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن. يەمەندە فې-ئودال خاندانلىق ئاغدۇرۇپ تاشلى-نىپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان.

1967 - يىلى جەنۇبىي يەمەن ئىنقىلاب ئارقىلىق ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىچى ھۆكۈم-رانلىقىغا خاتىمە بېرىپ، مۇستەقىل-لىققا ئېرىشكەن.

1971 - يىلى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي قىس-مىدىكى ئەبۇزەبى، دۇبەي قاتارلىق يەتتە ئەمىرلىك بىرلىشىپ، ئەرەب بىرلەشمە ئەمىرلىكىنى قۇرغان.

www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتىنىڭ 1979 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، 1981 - يىل 3 - ئاي بېيجىڭدا 2 - قېتىم بېسىلغان خەنزۇچە نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىر : ياقۇپ مۇھەممەتروزى
مەسئۇل كوررېكتور : رىشىت ۋاھىدى

# تارىختىكى ئەرەبلەر

تەرجىمە قىلغۇچى: هاجى غوجائابدۇللا ئوسمان

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 - قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013 تېلېفون نومۇرى : 64290862—010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2006 - يىل 6 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2015 - يىل 4 - ئايدا 2 - قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 11.25
باھاسى : 20.00 يۈەن

ISBN 978-7-105-07714-4/K. 370. 8

本书根据中国社会科学出版社 1979 年 8 月第 1 版 1981 年 3 月北京第 2 次印刷的汉译版本译出。

责任编辑：牙库甫
责任校对：热西提·瓦依提

图书在版编目（CIP）数据

历史上的阿拉伯人/（英）路易著；霍加阿布都拉·乌斯满译：维吾尔文一北京：民族出版社，2006 年 5 月（2015.4 重印）
ISBN 978-7-105-07714-4

Ⅰ.历… Ⅱ.①路…②霍…Ⅲ.阿拉伯人—民族历史—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.K370.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2006）第 052435 号

出版发行：民族出版社　http://www.mzcbs.com
社　　址：北京市和平里北街 14 号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2006 年 6 月第 1 版　2015 年 4 月第 2 次印刷
开　　本：850×1168 毫米 32 开
印　　张：11.25
定　　价：20.00 元

ISBN 978-105-07714-4/K.370.8

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن



ISBN 978-7-105-07714-4

定价：20.00 元

扫一扫获得更多资讯